


# دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ

# 50 خىل تەپەككۇر

تەپەككۇر توغرا بولمىسا ھەرقانچە كۆپ تىرىشچانلىقمۇ بىكار كېتىدۇ

تەپەككۇر بولغاندىلا چىقىش يولى بولىدۇ .توغرا تەپەككۇر ھاياتلىق يولىڭىزنى يورۇتقۇچى نۇرلۇق چىراقدۇر.ئۇ سىزگە نىشاننى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ 50 خىل تەپەككۇر

# تەپەككۇر - تىرىشچانلىقتىنمۇ مۇھىمدۇر

تەپەككۇر يولى گەرچە سانسىز بولسىمۇ،ئەمما بۇ كىتابتا ئەڭ ئۇنۇملۇك 50خىل تەپەككۇر ئۇسۇلى قىزىقارلىق ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق بايان قىلىندى.بۇلار بەلكىم سىزگە دەرھال ئۇنۇم بەرمەسلىكى مۇمكىن،ئەمما مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغان بىر نۇقتا شۇكى،بۇ تەپەككۇر ئۇسۇللىرى ھامان بىر كۈنى سىزگە مۆۋەپپەقىيەتنىڭ تەمىنى تېتىتىدۇ.

- سۇنزىنىڭ تەپەككۇرى:ئۆزىنىمۇ،ئۆزگىنىمۇ بىلىش
- ناپولېئوننىڭ تەپەككۇرى:دۇنيانى ئۆزىنىڭ كۆزى ئارقىلىق كۆزىتىش
- ئىمپىراتور ئالېكساندىرنىڭ تەپەككۇرى:چوڭ ئىشلارنى قىلماقچى بولغاندا،كونا قائىدە-تۈزۈمنى بۇزۇپ تاشلاش كېرەك
- كولۇمبونىڭ تەپەككۇرى:ئويلىغاننى ھامان قىلىش كېرەك
- روكفېللېرنىڭ تەپەككۇرى:پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ،ئەڭ ئاز بەدەل ئارقىلىق ئەڭ زور مەنپەئەتكە ئېرىشىش كېرەك
- ئېدىسوننىڭ تەپەككۇرى:ھاماقەتلەر ھامان شەكىلگە ئەھمىيەت بېرىدۇ،چېچەن كىشىلەر ماھىيەتكە ئېتىبار بېرىدۇ

سودا قىلىشتا كەم بولىدىغىنى پۇل ئەمەس ،بەلكى تەپەككۇر يولىنىڭ بولماسلىقىدۇر.
— يىلى سۇتچىلىك گۇرۇھىنىڭ مۇئاۋىن لىدىرى نيۇ گېنشىڭ

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

ISBN 978-7-5372-6211-8



# دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ

# 50 خىل تەپەككۇر

تەرجىمە قىلغۇچى : مەمەت ئىمىن

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

世界上最伟大的50种思维方法 ：维吾尔文 / 雷燕青编 ；麦麦提·依敏译. — 乌鲁木齐 ：新疆人民卫生出版社，2015.7 (2016.6重印)

ISBN 978-7-5372-6211-8

Ⅰ. ①世… Ⅱ. ①雷… ②麦… Ⅲ. ①思维方法－通俗读物－维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①B804-49

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第155654号

书　　名：世界上最伟大的50种思维方法
策　　划：西尔尼江·艾沙
翻　　译：麦麦提·依敏
责任编辑：西尔尼江·艾沙，左丽皮亚·艾买尔
责任校对：玛依努尔·吐尔逊
制　　版：阿卜杜艾尼·阿巴斯
封面设计：艾尼瓦·卡森木
出　　版：新疆人民出版总社
　　　　　新疆人民卫生出版社
地　　址：乌鲁木齐市龙泉街196号
网　　址：http://www.xjpsp.com
印　　刷：新疆兴华夏彩印有限公司
发　　行：新疆新华书店
版　　次：2015年7月第1版
印　　次：2016年6月第4次印刷
开　　本：787×1092毫米 1/16开本
印　　张：21.625
书　　号：ISBN 978-7-5372-6211-8
印　　数：8001—10000
定　　价：45.00元

发行科联系电话：(0991)2500384　邮编：830001

# تەپەككۇر ئەڭ قىممەتلىك بايلىقتۇر

ئېلىمىز سۇتچىلىك ساھەسىدىكى داڭدار شەخس نيۇگىنشىڭ ئەپەندى ھازىرقى زامان سودا ساھەسىدىكى داڭلىق سەركە بولۇپ، ئۇ بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلىگىنىدە ئىختىيارسىز ھالدا مۇنداق تەسىراتقا كېلىدۇ: «مېنىڭ ئەمەلىي تەسىراتىمغا ئاساسلانغاندا، سودا قىلىشتا كەم بولىدىغىنى پۇل ئەمەس، مۇھىمى تەپەككۇر يولىنىڭ بولماسلىقىدۇر». يىلى سۇتچىلىك گۇرۇھىنىڭ مۇئاۋىن لىدىرى بولغان بۇ كاتىباش، ئەينى يىللىرى ئەسلىدە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان كىشى بولۇپ، بىرنەچچە مىليونلۇق ئازغىنە مەبلىغى بىلەن بازارغا كىرىپ ئۇزۇكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىش نەتىجىسىدە جۇڭگو سۇتچىلىك ساھەسىدىكى ئىككىنچى چوڭ غوجايىنغا ئايلىنىپ، يىللىق سېتىش سوممىسى نەچچە ئون مىلياردقا يېتىدۇ. بىز ئۇنىڭ مۇشۇنداق زور سودا مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە نەزەر سالغان ۋاقتىمىزدا، ئۇ ئېيتقان «تەپەككۇر يولى بولغاندىلا ئاندىن بېيىش يولى بولىدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى ئويلانماي تۇرالمايمىز.

قەھرىمانلارنىڭ كۆزقارىشى ھەقىقەتەنمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئامېرىكىلىق گېئولوگىيە ئالىمى ۋالىس ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتلىرىنى خۇلاسە قىلىپ يازغان «نېفىت ئىزدەش پەلسەپىسى» ناملىق ئەسىرىدە: «نېفىت چىقىدىغان يەر كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە بولىدۇ» دەپ يازغان ئىكەن. ئۇ مۇنداق بىر مەشھۇر كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ: ئادەمنىڭ مېڭىسىدە سانسىزلىغان مول بايلىق كانى ساقلانغان، ئەمما تەپەككۇر قىلىش شەكلى بولسا بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قىممەتلىك بولغان بايلىق مەنبەسىدۇر.

بىر ئەما كىشى كېچىدە سىرتقا چىقىپتۇ، ئۇ بىر دانە پانۇس كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ يولىنى يورۇتۇپ مېڭىپتۇ. ئۆتكەن - كەچكەن كىشىلەر ئۇنىڭ پانۇس يورۇقىدىمۇ يولنى سىيپاشتۇرۇپ مېڭىۋاتقان ھالىتىنى كۆرۈپ ھەممىسى كۈلكىلىك ھەم قىزىقارلىق ھېس قىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرەيلەن بۇ ئىشقا ھەيران بولغىنىچە

ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:
— سىزنىڭ كۆزىڭىز كۆرمەيدىغان تۇرسا، يەنە پانۇس كۆتۈرۈۋېلىپ نېمە قىلىسىز؟ بۇنىڭ سىزگە پايدىسى بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئەلۋەتتە پايدىسى بار، قانداقسىگە پايدىسى بولمىسۇن، — دەپتۇ هېلىقى ئەما كىشى ناهايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن.
— قېنى قانداق پايدىسى بار؟ دەپ بېقىڭە ئاڭلاپ باقايلى؟ سىز ياكى كۆرەلمىسىڭىز؟ — دەپتۇ هېلىقى كىشى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدىغان گەپنى قىلىشتىنمۇ ئەيمەنمەستىن.
بۇ ۋاقىتتا ئەتراپتا بۇ ئىشقا قىزىقىپ قاراپ تۇرغانلار تېخىمۇ يېقىن كېلىشىپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ پارىڭىدىن بىرەر قىزىقارلىق گەپ ئاڭلىماقچى بولۇپ قاراپ تۇرۇشۇپتۇ. ئەمما كىم ئويلىغان دەيسىز. هېلىقى ئەما كىشى ئۇنىڭغا مۇنداق دەپلا جاۋاب بېرىپتۇ:
— شۇ ئەمەسمۇ، دەل مەن سىلەرنى كۆرەلمەيدىغانلىقىم ئۈچۈنلا بۇ پانۇسقا ئېھتىياجلىقمەن، بۇنداق بولغاندا سىلەردەك كۆرەلەيدىغانلارنى ئاگاهلاندۇرۇپ تۇرالايمەن ۋە سىلەرنىڭ بۇ قاراڭغۇ كېچىدە مېنى كۆرمەي قېلىپ ماڭا سوقۇلۇپ كېتىشىڭلارنىڭ ئالدىنى ئالالايمەن.
بۇ گەپنى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆڭلىدىكى تۈگۈن يېشىلىپ كاللىسى پاللىدە يورۇپ كېتىپتۇ. كۆپچىلىك بۇ ئەما كىشىنىڭ ئۆزگىچە ئەقىل ـ پاراسىتىگە قايىل بولماي تۇرالماپتۇ.
بۇ ئەما كىشىنىڭ قولىدا پانۇس كۆتۈرۈۋېلىپ يولىنى يورۇتۇپ مېڭىشىمۇ بىر خىل ياخشى بولغان تەپەككۇر شەكلى ئىدى.

مەلۇم بىر پىروفېسسور ئوقۇغۇچىلىرىدىن مۇنداق بىر سوئالنى سوراپتۇ: بىر گاس ـ گاچا ئادەم بەش خىل مىتال دۇكىنىغا كىرىپ مىخ سېتىۋالماقچى بولۇپتۇ، ئۇ سول قولىنىڭ ئىككى دانە بارمىقىنى مىخ تۇتقان هالەتتە تۈگۈپ تۇرۇپ، ئاندىن ئوڭ قولىنى بولقا تۇتۇپ ئۇرۇۋاتقان شەكلىنى چىقىرىپتۇ، مال ساتقۇچى ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ، ئۇنى بولقا سېتىۋالماقچى ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا بولقا ئېلىپ بېرىپتۇ، هېلىقى كىشى بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ مىخ تۇتقان شەكلىنى چىقارغان قولىنى كۆرسىتىپتۇ (دېمەكچى بولغىنى مىخ سېتىۋېلىش ئىكەن)، مال ساتقۇچى ئۇنىڭ مەقسىتىنى ئاخىر چۈشىنىپ يېتىپتۇ ۋە مىخ ئېلىپ بېرىپتۇ. هېلىقى گاس ـ گاچا كىشى ناهايىتى خۇشال هالدا

ئۆزى سېتىۋالماقچى بولغان نەرسىنى سېتىۋاپتۇ. بۇ ۋاقىتتا يەنە بىر ئەما خېرىدار دۇكانغا كىرىپ كەپتۇ. ئۇ قايچا سېتىۋالماقچى ئىكەن..... پىروفېسسور سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بىر ئاز توختاپتۇ ۋە مۇنداق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ: كۆپچىلىك ئويلاپ باقىڭلارمۇ - يوق، ئەما كىشى قانداق قىلغاندا ئەڭ ئاددىي ئۇسۇلنى ئىشلىتىپ قايچا سېتىۋالالايدۇ؟ پىروفېسسورنىڭ بايىقى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان بىر ئوقۇغۇچى دەرھال قولىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: «ناھايىتى ئاددىي، ئۇ پەقەت ئىككى دانە بارمىقىنى چىقىرىپ قايچىنىڭ رەخت كەسكەن ھالىتىنى كۆرسەتسىلا بولىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پۈتۈن سىنىپتىكى ساۋاقداشلار بۇ ساۋاقدىشىنىڭ جاۋابىنى توغرا دەپ قاراپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ھېلىقى پىروفېسسور كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ: «ئەمەلىيەتتە، ھېلىقى ئەما ئادەم ئۆزىنىڭ قايچا سېتىۋالماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتسا بولىدۇ، چۈنكى ئەما كىشىنىڭ گەپ قىلالماسلىقى ناتايىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاغزىنى ئىشقا سالسا تامامەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇ بارمىقىنى ئىشلىتىپ رەخت كەسكەن شەكلىنى چىقارسا ئۇنى ئۆزىمۇ كۆرەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا، كۆپچىلىك شۇ نەرسە ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ھەرقانچە ئەقىللىق ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئەگەر تەپەككۇردىكى خاتا رايونغا كىرىپ قالىدىكەن، ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ مەسىلىنىڭ يېشىش ئۇسۇلىنى تاپالمايدۇ.»

تەپەككۇر يولى توغرا بولمىغاندا، سىز ھەرقانچە ئەقىللىق بولسىڭىزمۇ بەرىبىر ئەسقاتمايدىغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا سىز قانچىكى كاللا ئىشلەتكەنسېرى ئۇنۇملۇك بىرەر ئامال تېپىشىڭىز شۇنچە تەسكە توختايدۇ، ئەمما ياخشى بولغان تەپەككۇر كىشىلىك ھايات سەپىرىنى نۇرلاندۇرالايدىغان بولۇپ، ھەربىر خىل ياخشى بولغان تەپەككۇر شەكلىنىڭ ھەممىسى ھاياتلىق مۇساپىمىزدىكى بىر نۇرلۇق ماياكقا ئوخشاش سىزنى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ قارشى قىرغاقلىرىغا يېتەكلەپ ماڭالايدۇ.

ياخشى تەپەككۇر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مەزكۇر كىتابتا ئەڭ كېرەك-لىك بولغان 50 خىل تەپەككۇر شەكلى ئەڭ قىزىقارلىق شەكىل بىلەن چۈشەندۈرۈلۈپ بېرىلدى. گەرچە بىز بۇ ئۇسۇللارنىڭ شۇ ھامان ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ دەپ كېسىپ ئېيتالمىساقمۇ، ئەمما شۇنداق بىر نۇقتىنى مۇ-ئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ: بۇ تېپىك بولغان تەپەككۇر شەكلى سىزگە ھا-مان بىر كۈنى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ تاتلىق تەمىنى تېتىتىپ قويىدۇ.

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم، ئەڭ تېپىك بولغان تەپەككۇر

1. تەڭرىنىڭ تەپەككۇرى ........ 3
2. سىماگۇاڭنىڭ تەپەككۇرى ........ 8
3. سۇنزىنىڭ تەپەككۇرى ........ 12
4. ناپولېئوننىڭ تەپەككۇرى ........ 14
5. ئىمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ تەپەككۇرى ........ 17
6. كولۇمبۇنىڭ تەپەككۇرى ........ 21
7. لاكونىيانىڭ تەپەككۇرى ........ 24
8. ئوكام تەپەككۇرى ........ 27
9. فېرمى تەپەككۇرى ........ 30
10. روكفېللېر تەپەككۇرى ........ 35
11. ئېدىسوننىڭ تەپەككۇرى ........ 39
12. بۇبكا تەپەككۇرى ........ 43
13. ھەييارلار تەپەككۇرى ........ 45
14. كىيىم تىككۈچىنىڭ تەپەككۇرى ........ 47
15. مەھبۇسنىڭ تەپەككۇرى ........ 50
16. سەرگەردانلارنىڭ تەپەككۇرى ........ 53
17. دومىنو تەپەككۇرى ........ 57

## ئىككىنچى قىسىم، ئەڭ ئۈنۈملۈك تەپەككۇر

18. گۇمانىي تەپەككۇر ........ 69
19. تەتۈر يۆنىلىشلىك تەپەككۇر ........ 77
20. توغرا يۆنىلىشلىك تەپەككۇر ........ 95
21. ئورۇن ئالماشتۇرۇش تەپەككۇرى ........ 102
22. ئالماشتۇرۇش شەكلىدىكى تەپەككۇر ........ 108

23. چاچما تەپەككۇر ........ 125
24. يىغىلىش شەكلىدىكى تەپەككۇر ........ 134
25. ئېلىش شەكلىدىكى تەپەككۇر ........ 138
26. قوشۇش شەكلىدىكى تەپەككۇر ........ 143
27. سىستېمىلىق تەپەككۇر ........ 147
28. كۆچۈرۈش شەكلىدىكى تەپەككۇر ........ 159
29. خۇلاسە چىقىرىش شەكلىدىكى تەپەككۇر ........ 166
30. ھالقىش شەكلىدىكى تەپەككۇر ........ 173
31. ئۈنۈملۈك تەپەككۇر ........ 183
32. ئاجرىتىش شەكلىدىكى تەپەككۇر ........ 188
33. «خېتىيەن»چە تەپەككۇر ........ 192


## ئۈچىنچى قىسىم، ئەڭ ئەمەلىي قوللىنىشچان تەپەككۇر


34. ئاددىي تەپەككۇر ........ 209
35. ئاشۇرۇلما تەپەككۇر ........ 221
36. ئىستېرېئولۇق تەپەككۇر ........ 225
37. U شەكىللىك تەپەككۇر ........ 236
38. يۇقىرى چەكلىك تەپەككۇر ........ 242
39. تۆۋەن چەكلىك تەپەككۇر ........ 249
40. ئىنتىلمە تەپەككۇر ........ 254
41. ھەرىكەتچان تەپەككۇر ........ 260
42. چوڭقۇرلاشتۇرۇلغان تەپەككۇر ........ 263
43. ھالقىما تەپەككۇر ........ 281
44. نۇرلۇق تەپەككۇر ........ 283
45. ھاماقەتلەرچە تەپەككۇر ........ 290
46. ئوبرازلىق تەپەككۇر ........ 295
47. تەسەۋۋۇرلۇق تەپەككۇر ........ 306
48. ئىلھاملىق تەپەككۇر ........ 310
49. خىيالى تەپەككۇر ........ 324
50. ئۆز ئارا ھەرىكەتلەندۈرۈش شەكلىدىكى تەپەككۇر ........ 331

# بىرىنچى قىسىم، ئەڭ تىپىك بولغان تەپەككۇر





# 1. تەڭرىنىڭ تەپەككۇرى

تەڭرى مۇنداق دەيدۇ: «باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلگەنلىك ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكتۇر»، ئومۇمەن جەننەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا مۇشۇنداق دەپ قارايدۇ. ھاياتلىقتا ئەگەر كىشىلەر مۇھەببەتكە تولغان پىكىر قىلىش ئۇسۇلىغا ئىگە بولالىسا، مەيلى قەيەردىلا بولمىسۇن خۇددى جەننەتتە ياشىغاندەكلا بەختلىك ياشىيالايدۇ.

بۇرۇن بىر دىن تارقاتقۇچى جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ پەرقىنى بىلمەكچى بولۇپ تەڭرىنىڭ قېشىغا بېرىپ سوراپتۇ، تەڭرى ئۇنىڭ سوئالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا دەرھال جاۋاب بەرمەي ئۇنى ئالدى بىلەن بىر ئېغىز ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قازاندا گۆش پۇرۇقلاپ قايناپ تۇرغان بولۇپ، بىر توپ كىشىلەر قاپاقلىرىنى ساڭگىلاتقان ھالدا قازاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان ئىكەن، ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ھەربىرىدە بىر تالدىن قوشۇق بولغان بولسىمۇ، ئەمما قوشۇق سېپى بەك ئۇزۇن بولغاچقا شورپىنى ئۆزىنىڭ ئاغزىغا ئاپىرىشقا ئامالسىز قالغان، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتكەن بولسىمۇ ئەمما شورپىغا پەقەت ئاغزىنى ئاچقىنىچە قاراپ تۇرۇشتىن باشقا ئىش قىلالمىغانىكەن.

تەڭرى ھېلىقى دىن تارقاتقۇچىنى ئۇ يەردىن ئېلىپ چىقىپ يەنە بىر ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ، بۇ يەردىكى ئەھۋالمۇ ئاۋۋالقى ئۆيدىكىگە ئوخشاش بولۇپ، قازاندا گۆش پۇرۇقلاپ قايناپ تۇرغان، بىر توپ كىشىلەر قازاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىمۇ ئوخشاشلا بىر تالدىن ئۇزۇن ساپلىق قوشۇق بار ئىدى، ئەمما ئوخشىمايدىغىنى شۇكى بۇ ئۆيدىكى كىشىلەرنىڭ چىرايىدا بەختكە چۆمگەن مەمنۇنلۇق كۆلكە تەبەسسۇمى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. دىن تارقاتقۇچى بۇنى كۆرۈپ تەئەججۇپلەنگەن ھالدا تەڭرىدىن بۇ ئىككى ئۆيدىكى كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىنىڭ نېمىشقا بۇنچىلىك پەرقلىنىدىغانلىقىنى سوراپتۇ.

تەڭرى كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: «ئەجەبا سەن ئىككىنچى ئۆيدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دىگۈدەك ئۆزئارا ياردەملىشىۋاتقانلىقىنى بايقىمىدىڭمۇ؟»

ئەسلىدە ئىككىنچى ئۆيدىكى كىشىلەر ئۆزئارا ياردەملەشكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ قولىدىكى ئۇزۇن ساپلىق قوشۇق بىلەن قارشى تەرەپكە شورپا ئىچۈرۈشكەن، شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى شورپىنى ئىچەلىگەن ئىكەن، مانا بۇ جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ پەرقىدۇر.

تەڭرى مۇنداق دەيدۇ: «باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلگەنلىك ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكتۇر»، ئومۇمەن جەننەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا مۇشۇنداق دەپ قارايدۇ.ھاياتلىقتا ئەگەر كىشىلەر مۇھەببەتكە تولغان پىكىر قىلىش ئۇسۇلىغا ئىگە بولالىسا، مەيلى قەيەردىلا بولمىسۇن خۇددى جەننەتتە ياشىغاندەكلا بەختلىك ياشىيالايدۇ.

روبېرت دىفانچانىو ئارگېنتىنادىكى ئەڭ ئۇلۇغ گولف توپ ماھىرى بولۇپ، ئۇ بىر قېتىملىق لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە يەنە بىر قېتىم چېمپىيونلۇققا ئېرىشىدۇ، ئۇ نەق مەيداندىلا پۇل چېكىگە ئېرىشكەندىن كېيىن كۈلۈمسىرىگەن قايتىپ كەتمەكچى بولىدۇ. ئۇ مۇسابىقە مەيدانىنىڭ يېنىدىكى ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا كېلىپ تۇرۇشىغا بىر ياش ئايال ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مۇسابىقىدە چېمپىيون بولغانلىقىنى تەبرىكلەيدۇ، ئاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىر قىزىنىڭ بارلىقىنى، ھازىر سەكرات ئۈستىدە جان تالىشىۋاتقانلىقىنى، ئەمما ئۆزىنىڭ زور سوممىدىكى داۋالاش چىقىمىنى قانداق تۆلەشنى بىلەلمەيۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. دىفانچانىو بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ناھايىتى ھېسداشلىق قىلىدۇ ھەمدە ئارتۇقچە گەپ قىلمايلا مۇسابىقىدە ئېرىشكەن پۇل چېكىنى ئۇنىڭغا بېرىپ «ئامراق قوزىڭىزنى بىرنەچچە كۈن ياخشىراق بېقىڭ» دەيدۇ.

ئىككىنچى ھەپتىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئۇ سەھرا كۇلۇبىدا چۈشلۈك تاماق يەۋاتقاندا كەسپىي گولف توپ ئويۇنچىسىنىڭ بىر خىزمەتچىسى ئۇنىڭ قېشىغا كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا: «ئالدىنقى ھەپتە بەزىلەر سىز پۇل بەرگەن ھېلىقى ئايالنى كۆرۈپتۇ» دەيدۇ.

دىفانچاننو بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ،باشقا ئىنكاس قايتۇرماپتۇ.

ھېلىقى ئادەم يەنە:

— بۇرادەر مەن سىزگە دېسەم، ئۇ دېگەن بىر ئالدامچى، ئۇنىڭ ئەزەلدىن بالىسى يوق، ئۇ ھەتتا تېخى تويمۇ قىلمىغان، سىز ئالدىنىپ قالدىڭىز، — دەپتۇ.

— سىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭىز، ئەزەلدىنلا سەكرات ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بىچارە بالا يوقكەندە؟ — دەپ سوراپتۇ دىفانچاننو.

— شۇنداق، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى ئىنتايىن مۇئەييەنلەشتۈرگەن ھالدا.

دىفانچاننو كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ناھايىتى ياخشى، بۇ مەن بۇ بىر ھەپتىدىن بېرى ئاڭلىغان ئەڭ ياخشى خەۋەر بولدى، — دەپتۇ.

مۇھەببەتكە تولغان پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بۇ ئۇلۇغ تەنھەرىكەتچىنى تېخىمۇ ئالىيجانابلاشتۇرۇۋەتكەنىدى.

ماشىنىنى (خەت ئۇرۇش ماشىنىسى) كەشىپ قىلغۇچى شورىس ئەسلىدە ئامېرىكىدا بىر تاماكا شىركىتىدە خىزمەت قىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتى بىلەن ماشىنىنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى، ئۇ مۇھەببەتكە تولغان پىكىر قىلىش ئۇسۇلىغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا بۇ تۈردىكى پاتېنتنىڭ ئىگىسى بولالىغان.



بۇ توغرىسىدا سۆزلىسەك گەپ ئۇزۇن، ئۇ ۋاقىتلاردا شورىسنىڭ ئايالى بىر شىركەتتە كاتىپلىق خىزمىتى قىلاتتى، رەتلەشكە تېگىشلىك بولغان ماتېرىياللار بەك كۆپ بولغانلىقتىن ئۇ ھەمىشە نۇرغۇن ماتېرىياللارنى ئۆيىگە ئېلىپ

كېلىپ كېچىچە يېزىپ چىقىدىغان بولۇپ، كۈنلىرى بەك جاپالىق ئىدى، شورىسمۇ بەزىدە ئايالىغا ياردەملىشىپ خەتلەرنى كۆچۈرۈشۈپ بېرەتتى، ئىككىيلەن مۇشۇ سەۋەبلىك ھەر كۈنى يېرىم كېچىگىچە ئىشلەپ، پۇت ـ قوللىرى تېلىپ ئاغرىپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن شورىسنىڭ كاللىسىدا خەت ئۈرگۈچ لايىھەلەش ئويى پەيدا بولىدۇ. ئۇ ئايالى ئۈچۈن تېز سۈرئەتتە خەت باسقىلى بولىدىغان بىر ئۈسكۈنە ياساپ بېرىشنى قارار قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ داڭلىق ئۇستىلارنى زىيارەت قىلىپ كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىدۇ. دەسلەپتە ئۇ بۇ ئىشنى قىلىشنىڭ بەك قىيىنلىقىنى، بەزىلەرنىڭ بۇنى ئون نەچچە يىل تەتقىق قىلىپ باشقا ئېلىپ چىقالمىغانلىقى ئۈچۈن ئاخىر تاشلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى بايقايدۇ، ئەمما خوتۇنىغا ئىچى ئاغرىغان شورىس باشقىلارنىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سالمايدۇ، ئۇ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ باشقىلار تاشلىۋەتكەن ماشىنكىنىڭ مودېلىنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ ئەستايىدىل كۆزىتىدۇ ـ دە، ئۇزۇنغا سوزۇلغان جاپالىق تەتقىقاتنى باشلىۋېتىدۇ.

شورىس ئۈچرىغان بىرىنچى قىيىنچىلىق ماشىنكىنىڭ خەت ئۈرۈش يەلكىسىنى قانداق لايىھەلەشتىن ئىبارەت بولدى. شورىس بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قاتتىق كاللا قاتۇرۇپ، دەسلەپتە ئۇ تامغا بېسىش ئۇسۇلىنىڭ ناھايىتى ئاددىي ھەم ئەمەلىي قوللانغىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئەمما ئۇنىڭ بۇ تەپەككۇرى ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى چۈشەپ قويغان بولۇپ، ئۇ: خەت كۇنۇپكىسى بىلەن خەت مۆھۈرىنىڭ ئارىلىقى بەك يىراق بولسا مۇۋاپىق بولمايدۇ، ئەڭ ياخشىسى خەت كۇنۇپكىسى ئۈستىدە، مۆھۈر ئاستىدا بولغىنى ياخشى، بۇنداق بولغاندا بىر قېتىم بېسىش بىلەنلا خەتنى خۇددى تامغا باسقانغا ئوخشاش ئۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ ھەم ئۈسكۈنىنىڭ ھەجىمىمۇ كىچىكلەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمما ھەرقانداق قىلغان بىلەنمۇ تەجرىبە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمايدۇ، بۇنداق بولۇشىدا، خەت كۇنۇپكىسى ئۈستىدە، مۆھۈر ئاستىدا قېلىپ لايىھەلەشتە خەت ئۈرۈش يەلكىسى بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتسە بولمايتتى ؛ ئەمما خەت ئۈرۈش يەلكىسى بەك قىسقا بولۇپ كەتسىمۇ ئەپچىل بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ بىر مەزگىللىك ئىزدىنىشلەردىن كېيىن شورىس قىيىنچىلىق ئىچىدە قايمۇقۇپ قالىدۇ.

بىر كۈنى كېچىدە شورىس چارچاپ كەتكەن كاللىسىنى ئارام

تاپقۇزۇش ئۇچۇن ھويلىدا سەيلە قىلىدۇ، ئۇ بىشىنى كۆتۈرۈپ تۇيۇقسىز ئايالىنىڭ بىلىنى ئېگىپ ئۇستەلگە ئېڭىشىپ خەت يېزىۋاتقان گۈزەل ھالىتىنى كۆرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ كاللىسىدا تۇيۇقسىز ئىلھام پەيدا بولىدۇ، ۋاھ، بۇ دەل ئۇنىڭ كىچە ـ كۈندۈز ئويلاپ يۈرگەن خەت ئۇرۇش يەلكىسىنىڭ ئەندىزىسى ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئايالىنىڭ بىشىنى خەت كۇنۇپكىسى، ئېگىلىپ تۇرغان بىلىكىنى خەت ئۇرۇش يەلكىسىگە ئوخشىتىدۇ. «بەك ياخشى بولدى» شورىس شۇ گەپنى دېگىنىچە ئىزىدا تاقلاپ كېتىدۇ ۋە دەرھال بۇ خىيالىنى دەپتەرگە خاتىرىلىۋېلىپ ماشىنكىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىدۇ. تۆت يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق 1867 ـ يىلى قىش پەسلىنىڭ بىر كۈنى ئۇ ئاخىر دۇنيادىكى بىرىنچى ماشىنكىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ياساپ چىقىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئايالىغا قىلغان ئەڭ ياخشى سوۋغىسى بولۇپ قالىدۇ. تۆت يىللىق جاپالىق ئەجىر ئاخىر مەڭگۈلۈك مۇۋەپپەقىيەت نەتىجىسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. مانا بۇ مۇھەببەتنىڭ ئەڭ ئالىي مۇكاپاتى ۋە ئۇنىڭغا قايتۇرغان جاۋابىدۇر.

# 2. سىماگۇاڭنىڭ تەپەككۇرى

**بۇزۇپ تاشلىغاندىلا ئاندىن ھاياتلىق پۇرسىتى بولىدۇ، بۇ دەل سىماگۇاڭ تەپەككۇرىنىڭ جەۋھىرىدۇر: پەقەت كونا قاتمال ئىدىيەيىڭىزنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغاندىلا ئاندىن يېڭىچە پىكىر يولىڭىز ئېچىلىدۇ.**

سىماگۇاڭ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق سىياسىيون شۇنداقلا زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن تارىخشۇناس ئىدى. ئۇ يازغان «ئەلنى باشقۇرۇش ئۈرنەكلىرى» دۆلىتىمىزنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسىدۇر.

سىماگۇاڭ كىچىكىدىن باشلاپلا ئەقىل - پاراسەت جەھەتتە باشقىلاردىن ئۇستۇن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىدىشنى چېقىپ ئادەم قۇتقۇزۇشتەك ھەرىكىتى تاكى ھازىرغىچە ئەل ئارىسىدا تارقىلىپ كەلمەكتە. ئۇ ئىش مۇنداق بولغانىكەن: بىر كۈنى كىچىك سىماگۇاڭ دوستلىرى بىلەن ھويلىدا مۆكىمۆكۈلەڭ ئويۇنى ئويناپتۇ، شۇ ۋاقىتتا بىر كىچىك بالا دوستلىرىنىڭ ئۆزىنى تاپالماسلىقى ئۈچۈن بىر چوڭ ئىدىشقا يامىشىپ چىقىپلا ئىچىگە سەكرەپتۇ، كىم بىلسۇن، بۇ ئىدىشتا لىققىدە سۇ بولۇپ، ئۇ ئىدىشقا چۈشۈپلا سۇغا چۆكۈپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ جېنىنىڭ بارىچە سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقىپ «قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ۋارقىراپتۇ، ئەتراپتىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى بۇ تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئەھۋالدىن ھودۇقۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالىدۇ، بۇ ۋاقىتتا كىچىك سىماگۇاڭنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كېلىدۇ - دە دەرھال يېقىن ئەتراپتىن بىر يوغان تاشنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئىدىشنىڭ ئاستى تەرىپىگە ئۇرۇپ تۆشۈك ئاچىدۇ، نەتىجىدە ئىدىشتىكى سۇ تۆشۈكتىن ئېقىپ چىقىپ كېتىدۇ - دە، ھېلىقى بالا قۇتقۇزۇۋېلىنىدۇ.

بۇزۇپ تاشلىغاندىلا ئاندىن ھاياتلىق پۇرسىتى بولىدۇ، بۇ دەل



سىماگوۋاڭ تەپەككۇرىنىڭ جەۋھىرىدۇر: پەقەت كونا قاتمال ئىدىيەڭىزنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغاندىلا ئاندىن يېڭىچە پىكىر يولىڭىز ئېچىلىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا كىچىك سىماگوۋاڭ ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ ئىدىشنى چېقىپ ئادەم قۇتقۇزغان. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ چېقىۋەتكىنى رېئال تۇرمۇشتا كۆرگىلى، تۇتقىلى بولىدىغان بىر ئىدىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر خىل كونىچە تەپەككۇر قىلىش شەكلىنى بۇزۇۋېتىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىز كونىچە تەپەككۇردىن قۇتۇلۇپ يېڭىچە تەپەككۇر ئۇسۇلىنى تاپالىساقلا چوقۇم ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەيمىز.

بىر كۈنى بىر مۇتەخەسسىس ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر گۈل تەشتىكىنى چېقىپ قويۇپتۇ، ئۇ بۇ گۈل تەشتىكىنىڭ پارچىلىرىنى چوڭ - كىچىكلىكى بويىچە تۈرگە ئايرىپ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەپ بېقىپتىكەن، نەتىجىدە شۇنى ھەيرانلىق بىلەن بايقاپتۇكى، بۇنىڭ ئىچىدىكى10 — 100 گىرامغىچە بولغانلىرى ئەڭ ئاز؛ 1 — 10 گىرامغىچە بولغانلىرى سەل كۆپرەك؛ 0.1 — 1 گىرام ۋە 0.1 گىرامدىن تۆۋەن بولغانلىرى ئەڭ كۆپ بولۇپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە بۇ پارچىلارنىڭ ئېغىرلىقلىرى ئارىسىدا بىر قىزىقارلىق ھەسسىلىك سان مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بايقىغان، يەنى، چوڭراق بولغان پارچىلارنىڭ ئېغىرلىقى كىچىكرەك پارچىلارنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ 16 ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن، كىچىكرەك پارچىلارنىڭ ئېغىرلىقى كىچىك پارچىلارنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ 16 ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن، كىچىك پارچىلارنىڭ ئېغىرلىقى بولسا ئۇششاق پارچىلارنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ 16 ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن... مۇشۇ سەۋەبتىن، ئۇ «گۈل تەشتىكى پارچىسى نەزەرىيەسى» نى بايقىغان.

ئۇنىڭ بۇ نەزەرىيەسىنىڭ ئارخېئولوگلار ۋە ئاسمان جىسىملىرىنى تەتقىق قىلغۇچىلارغا زور ياردىمى بولغان. چۈنكى ئۇنىڭ نەزەرىيەسىنى قوللىنىش ئارقىلىق مەدەنىي يادىكارلىق، مېتوروئىت قاتارلىق ئەسلىدىكى ھالىتىنى بىلگىلى بولمايدىغان جىسىملارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم بەرگىلى بولاتتى، بۇ كىشى دەل دانىيەلىك مەشھۇر فىزىكا ئالىمى ياكوب بولدۇر.

كونىچە ئىدىيەدىن قۇتۇلغان ھامان، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا يوپيورۇق بىر داغدام يول پەيدا بولىدۇ.

ياۋروپادا پەمىدۇر ئۈزۈش ماشىنىسى كەشىپ قىلىنغاندىن باشلاپلا نۇرغۇنلىغان مۇتەخەسسىسلەر ئىزچىل ھالدا ئۇنى ياخشىلاشنىڭ كويىدا يۈرگەن ئىدى. گەرچە خىلمۇخىل ئۆزگەرتىشلەر ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا مۇنداق بىر ئەھۋالدىن خالىي بولالمىغان، يەنى، پەمىدۇر ئۈزۈلۈش جەريانىدا ھەمىشە ئېزىلىپ كېتەتتى. كېيىنچە، بەزىلەر مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى پەمىدۇر ئۈزۈش ماشىنىسىنىڭ بەك ئېغىرلىقىدا ئەمەسلىكىنى، ئەكسىچە پەمىدۇر پوستىنىڭ بەك نېپىز ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن چوقۇم ئۆسۈملۈكشۇناسلارنى تەكلىپ قىلىپ بىر خىل يېڭى سورت يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، پەمىدۇرنىمۇ خۇددى مېۋىگە ئوخشاش قېلىن پوستقا ئىگە قىلماقچى بولىدۇ. بۇ خىل ئوي ـ پىكىر تەپەككۇردىكى بىر چوڭ بۆسۈش ئىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا نيۇيورك شەھىرى ئېغىر دەرىجىدىكى سۇ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىگە دۇچ كېلىدۇ، كىشىلەر سۇ ئىشلىتىشنى ئويلىسىلا كۆڭلى غەش بولاتتى. نوپۇسنىڭ ئۈزۈكسىز كۆپىيىشى ۋە قۇرغاقچىلىق يىللىرىنىڭ ئۇدا داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ شەھەر ھەر كۈنى ئۆلچەمدىن 340000 كۇب مېتىر سۇنى كۆپ ئىشلىتىشكە (تەخمىنەن پۈتۈن شەھەرنىڭ سۇ ئىشلىتىش مىقدارىنىڭ 70% ىدىن كۆپرەك) ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

ئەگەر ئادەتتىكى پىكىر قىلىش يولى بويىچە بولغاندا شەھەر مەمۇرىيىتى ئەمەلدارلىرى1 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىپ خۇدسون دەرياسى ئەتراپىغا يېڭىدىن بىر سۇ پونكىتى ياسىسىلا بولاتتى. ئەمما بەزىلەر، نۆۋەتتىكى سۇغا بولغان ئېھتىياجنى ئازايتىشتىن ئىبارەت ئەپچىل ئامالنى ئويلاپ چىققان ئىدى.

شۇنداق قىلىپ تېخىمۇ تۆۋەن تەننەرخلىق بىر پىكىر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

بۇنىڭ ئۇچۇن نىيۇيورك شەھەرلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى 1994 ـ يىلى بىر تۇرلۇك نۆۋەتتىكى تەرەت قاچىسىنىڭ ئورنىغا سۇ تېجەيدىغان تەرەت قاچىسىنى ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئېتىبار بېرىش سىياستىنى يولغا قويغان بولۇپ، بۇ تۈرگە 2.95 مىليارد دوللار ئاجرىتىش، ئېتىبار بېرىش دەرىجىسى بىر مىليون 500 مىڭ دوللارغا يەتكۈزۈلۈش، سۇ تېجەيدىغان تەرەت قاچىسىنى پۈتۈن شەھەردىكى 1/3 قىسىم نۆۋەتتىكى تەرەت قاچىسىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇش پىلانلانغان ئىدى. چۈنكى نۆۋەتتە ئىشلىتىلىۋاتقان تەرەت قاچىسى ھەر قېتىم ئىشلىتىلگەندە 20 لىتىر سۇ كېتەتتى، ئەمما كېيىنكىسىگە بولسا پەقەت 6 لىتىرلا سۇ كېتەتتى. شۇ چاغدىكى ھەرقايسى دائىرىلەر مەزكۇر پىلانىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق كۆپ قىسىم سۇنى تېجەش مەقسىتىگە يېتىشنى ئۈمىد قىلىشقان ئىدى.

بۇ پىلانغا نىيۇيورك شەھەر ئاھالىلىرى ناھايىتى ئاكتىپچانلىق بىلەن ئاۋاز قوشۇپ تۇشمۇتۇشتىن قاتنىشىدۇ. پىلان باشلىنىپ ئۈچىنچى كۈنىگە كەلگەندە شۇ ۋاقىتتىكى دائىرىلەر قوبۇل قىلغان ئىلتىماس 20 مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ. 1997 ـ يىلى پىلان تاماملىنىپ بولغان ۋاقىتتا سۇ تېجەش تىپىدىكى تەرەت قاچىسى 110 مىڭدىن ئارتۇق بىنادىكى 1 مىليون 330 مىڭدىن ئارتۇق تەرەت قاچىسىنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. نەتىجىدە ھەر يىلى ھەر كورپۇس بىنادىن 29% سۇ تېجىلىپ قېلىنىدۇ، شۇ ۋاقىتتىكى دائىرىلەرنىڭ ھېسابلىشىغا ئاساسلانغاندا پۈتۈن شەھەردىكى سۇ تېجەش تىپىدىكى ھاجەتخانىدىن ھەر كۈنى 270 ـــ340 مىڭ كۇب لىتىر ئەتراپىدا سۇ تېجەپ قالغان بولۇپ، بۇ ئامال ھەقىقەتەن ئۈنۈمىنى كۆرسەتكەن ئىدى. گەرچە نىيۇيورك شەھىرىنىڭ نوپۇسى يىلدىن ـ يىلغا ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما نىيۇيورك شەھىرىنىڭ ھەر كۈنلۈك كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە سۇ ئىشلىتىش مىقدارى 1991 ـ يىلىدىكى 734 لىتىردىن1999 ـ يىلىغا كەلگەندە 639 لىتىرغا چۈشكەن بولۇپ، سۇ تېجەش خىزمىتى ئەڭ ئاخىرى ئۈنۈمىنى كۆرسەتكەن ئىدى.

# 3. سۇنزىنىڭ تەپەككۇرى

ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلىش سۇنزى تەپەككۇرىنىڭ جەۋھىرىدۇر. بۇ خىل تەپەككۇر ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تەپەككۇر قىلىشنىڭ ئۆزگىرىشىدۇر.

سۇنزى مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزۇڭنىمۇ ھەم ئۆزگىنىمۇ بىلسەڭ ھەرقانداق جەڭدە يېڭىلمەيسەن». بۇ ھېكمەتلىك سۆز بىر خىل ئىنتايىن قىممەتلىك بولغان پىكىر قىلىش شەكلىنى ئىپادىلەپ بەرگەن بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ: رەقىبىمىزنى يېڭىمەن دەيدىكەنمىز، چوقۇم رەقىبىمىزنى بىلىشىمىز كېرەكتۇر.



ژۇكوف مارشال ھەربىي تالانت ئىگىسى بولۇپ، ئۇ ئۆز ئۆمرىدە نۇرغۇن ناملارغا ئېرىشكەن.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ ئاۋانگارت قىسمى بېرلىنغا يىراق بولمىغان ئورۇندىكى ئودىر دەرياسىغا يېتىپ كەلگەندە جىددىي ئەھۋالغا يولۇقۇپ كەينىدىكى ھىماتچى قىسىم بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، ھەم ماددىي ئەشيا تەمىناتىمۇ يېتىشمەيدۇ.

بۇ ۋاقىتتا ژۇكوف مارشال ئۆز قىسمىدىكى تانكا گۇرۇپپىۋى ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى كارتۇكوف گېنېرالنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىدۇ، ژۇكوف مارشال قول ئاستىدىكى بۇ ئەمەلدارىدىن: «ئەگەر سەن گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ بېرلىن شەھەر مۇداپىئە قوماندانلىق ئىشتاب باشلىقى

گۇدرىئان بولۇپ، قولۇڭدا 23 شى قوشۇن بولسا، بۇنىڭ ئىچىدە 7 تانكا شىسى ۋە موتوسىكلىت شىسى بولسا، سوۋېت ئارمىيەسى شەھەرگە يېقىنلاپ قالغان، ئەمما ئارقا سەپتىكى ھىماتچى قىسىم بېرلىنغا يەنە 150 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولغان بولسا سەن قانداق قىلاتتىڭ؟» دەپ سورايدۇ.

كارتۇكوف: «ئەگەر مۇشۇنداق بولغان بولسا، مەن تانكا قىسمىنى ئىشقا سېلىپ شىمال تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ سىزنىڭ ھۇجۇمچى قوشۇنىڭىزنى يوقىتاتتىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ژۇكوف بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خۇرسەنلىك بىلەن: «توغرا ئېيتتىڭ، بۇ دەل گۇدرىئاننىڭ بىردىنبىر پۇرسىتى» دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆز قىسمىدىكى تانكا ئارمىيەسىنى دەرھال شىمالغا ئاتلىنىشقا بۇيرۇق قىلىپ ئىككى يان قاناتتىكى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەن گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ تانكا قىسمىنى مەغلۇپ قىلىپ بېرلىن جېڭىنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ژۇكوف ئورۇن ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلىتىپ دۈشمەن بىلەن «ئورۇن ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ بېقىش» تەك ئۇسۇلنى قوللىنىپ، كارتۇكوفنى قارشى تەرەپنىڭ رولىنى ئالغۇزۇپ دۈشمەن ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى قىلىپ ئورۇن ئالماشتۇرۇش شەكلىدە ئىزدىنىش ئارقىلىق دۈشمەن ئارمىيەسىنىڭ ئەسكەر ئىشلىتىش ئىستراتېگىيەسىنى بىلىۋالغان ھەم شۇ ئارقىلىق خەۋپ ـ خەتەرنى غەلىبىگە ئايلاندۇرغان.

ئەنگلىيەلىك مارشال مونتگومېرى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ھەر قېتىملىق جەڭ باشلىنىشتىن بۇرۇن، ھەمىشە دۈشمەن ئارمىيەسى مارشالىنىڭ رەسىمىنى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا چاپلاپ قويىدىكەن. ئۇنىڭ دىققىتى ئۇ ھەمىشە رەقىبىنىڭ رەسىمىگە قاراپ تۇرۇپ ئۆزىدىن: «ئەگەر مەن ئۇنىڭ ئورنىدا بولغان بولسام قانداق قىلاتتىم، مەن ھازىر نېمە قىلىشىم كېرەك؟» دەپ سوئال سورايدىكەن.

مونتگومېرى مارشال ئۆزىنىڭ بۇنداق قىلىشىنىڭ ئۆزىنىمۇ ھەم ئۆزگىنىمۇ چۈشىنىشتە پايدىسى كۆپ دەپ قارىغان.

# 4. ناپولېئوننىڭ تەپەككۇرى

**ناپولېئوننىڭ تەپەككۇرى بولسا جۇرئەتلىك بولۇش، تاشقى ئامىلنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىق، ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ باشتىن ـ ئاخىر ئۆز كۆزقارىشىنى ساقلاپ قېلىش، دۇنيانى ئۆزىنىڭ كۆزى ئارقىلىق كۆزىتىش، مەسىلىلەرنى ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ھەل قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.**

ناپولېئون قەيسەر، جەڭگە ماھىر بولۇپ، بىر ئۆمۈر جەڭ قىلىپ ئۆتكەن ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ باشقىلاردىن ئېشىپ كېتىدىغان ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقى شۇكى، ئۇ جۇرئەتلىك بولۇپ، ئادەتتىكى قائىدىلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايتتى. گەرچە ئۇنىڭ بويى پاكار بولسىمۇ ئەمما ھەممە يەردە باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغايتتى.

ئەينى يىللىرى پارىژدا بىر گېنېرال بولۇپ، ئۇ ھەمىشە ناپولېئونغا قايىل بولمايتتى، بىر قېتىملىق يىغىلىشتا بۇ قەددى ـ قامەتلىك گېنېرال قەستەن ھالدا ناپولېئوننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بويىنىڭ ئېگىز ـ پاكارلىقىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆزىنىڭ بەدەن جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى بىلەن ناپولېئوننى چۈشۈرمەكچى بولىدۇ.

ناپولېئون ئۇنىڭ بۇ ئەلپازىنى كۆرۈپ مۇنداق بىر مەشھۇر سۆزنى قىلىدۇ: «ئەگەر مەن خالىسام، ھازىرلا قىلىچىمنى چىقىرىپ ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى يوق قىلالايمەن». مانا بۇ ناپولېئوننىڭ تىپىك بولغان تەپەككۇرىدۇر.

ناپولېئون تەپەككۇرىدا گەۋدىلەنگىنى ئەركىن بولغان، ھەرقانداق ئىشقا كەسكىنلىك بىلەن جۇرئەت قىلالايدىغان ئىشلەش ئۇسۇلى ئىدى.

1987 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ سۇ ـ 27 تىپلىق كۈرەشچى ئايروپىلانى دۆلەت چېگراسى ئىچىدە نورۋېگىيەنىڭ p38 تىپلىق رازۋېتكا ئايروپىلانىنى ئىككى قېتىم

توسۇپ قالىدۇ.

نورۋېگىيەلىك ئۇچقۇچى ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى ئىشارەت قىلىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ سۇ ـ 27تىپلىق كۈرەشچى ئايروپىلانى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن p38 تىپلىق رازۋېتكا ئايروپىلان ئۈچىنچى قېتىم يەنە كېلىدۇ. كىم بىلسۇن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇچقۇچىلىرى ناھايىتى تېزلا نورۋېگىيەلىك بۇ ئۇچقۇچىنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتىكى خەلقئارالىق ۋەزىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، نورۋېگىيەلىك ئۇچقۇچى قارشى تەرەپنى ئۆزىگە ئوت ئاچالمايدۇ، دەپ قارايدۇ. دېگەندەك، ئەھۋالمۇ ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولىدۇ، ئەمما ھېلىقى سوۋېت ئىتتىپاقى ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ سۇ ـ 27تىپلىق كۈرەشچى ئايروپىلانى تۇيۇقسىزلا p38 تىپلىق رازۋېتكا ئايروپىلانىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئەپچىللىك بىلەن ئۇچۇپ ئۆتۈپ يۆنىلىشىنى توغرىلىۋالغاندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا يۇقىرى سۈرئەتتە سۈركىلىپ ئۆتۈپ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر تىك قۇيرۇقى بىلەن p38 تىپلىق رازۋېتكا ئايروپىلان موتورىنىڭ قاپقىقىنى يېرىۋېتىدۇ. ئىككى ئايروپىلاننىڭ ئۆزئارا سۈركىلىشى بىلەن تەڭلا ئايروپىلان شامالدۇرغۇچىنىڭ چاقپىلەك قاناتلىرى ئۈزۈلۈپ، قالدۇقلىرى p38 تىپلىق رازۋېتكا ئايروپىلانغا سانجىلىپ قالىدۇ.

زەخىملەنگەن نورۋېگىيە ئايروپىلانى مىڭ تەسلىكتە ئۆز بازىسىغا قايتىپ كېلىۋېلىپ بالا ـ قازادىن ئامان قالىدۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ سۇ ـ 27تىپلىق كۈرەشچى ئايروپىلانىنى چۆچۈپ كەتكەن غەربلىكلەر «بوشلۇقتىكى ئوپېراتسىيە پىچىقى» دەپ ئاتىشىدۇ. ئاۋىياتسىيە ساھەسىدە بۇ ئىش تىلغا ئېلىنىسىلا ئۇچقۇچىلارنىڭ ھەممىسى «ۋاستىنىسى قاتتىق، تېخنىكىسى ۋايىغا يەتكەن، قورقماس، قەيسەر» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تەرىپلىشىدۇ.

مۇنەۋۋەر ئۇچقۇچىلار ھەممە يەردە ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ئىچىدىكى قانچىلىكى ئاشۇنىڭغا ئوخشاش بىر قانچە ئونمىڭ مېتىر ئېگىزلىكتە ئاشۇنداق يېقىن ئارىلىقتا سۈركىلىش ھەرىكىتىنى قىلالايدۇ؟ بىلىشىمىز كېرەككى، سائەتلىك سۈرئىتى 80 كىلومېتىر بولغان ئىككى ماشىنىنىڭ ئارىلىقى5 مېتىرچىلىك قالغاندا شوپۇر جىددىيلىشىپ خۇدىنى يوقىتىدۇ، ئۇ دېگەن ئاۋازدىن تېز سۈرئەتتە ئۇچۇۋاتقان ئىككى

ئايروپىلاننىڭ ئىككى مېتىر ئارىلىقتىن سۈركىلىشى تۇرسا.

شۇ ۋاقىتتا، نورۋېگىيە ئايروپىلان گورۇپپىسىدىكىلەر سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇچقۇچىسىنىڭ ھەرىكەت قوللىنىشتىن بۇرۇنقى سوغۇققان، ئەمما قەتئىي ئىپادىسىنى سۈرەتكە ئېلىۋالغان بولۇپ، كېيىن ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ئۇلار ھېچنېمىنى ھېس قىلالمىغان، بەلكىم بىرەر ئىش يۈز بەرگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغان ئىدى. ئۇلار توسقۇچى ئايروپىلاننى چوقۇم ئۆزىنىڭ ئايروپىلانىنىڭ ئالدىدىن بىرنەچچە مىڭ مېتىر يىراقلىقتا بىرنەچچە پاي ئاگاھلاندۇرۇش ئوقى ئېتىشى مۇمكىن دەپ قارىغان، ئەمما كىم بىلسۇن، ھېلىقى سوۋېت ئىتتىپاقلىق ئۇچقۇچى دۇنيا بويىچە دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز ئورۇندا تۇرۇپ بىر قېتىملىق «تاشقى كېسەللىك ئوپېراتسىيەسى» قىلغان.

ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، بىز ناپولېئون تەپەككۇرىنىڭ جۈرئەتلىك بولۇش، تاشقى ئامىلنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىق، ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ باشتىن ـ ئاخىر ئۆز كۆزقارىشىنى ساقلاپ قېلىش، دۇنيانى ئۆزىنىڭ كۆزى ئارقىلىق كۆزىتىش، مەسىلىلەرنى ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ھەل قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز.



# 5. ئىمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ تەپەككۇرى

ئۇنىڭدا بىر خىل زومىگەرلىك يوشۇرۇنغان بولۇپ، تەرىپلەشكە تېخىمۇ ئەرزىيدىغىنى ئۇنىڭ تەپەككۇر قىلىش شەكلى ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، چوڭ ئىشلارنى قىلغۇچىلار ھەرگىزمۇ كونا قائىدە - تۈزۈملەرنىڭ ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالماسلىقى كېرەك.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى333 - يىلى ماكېدونىيە پادىشاھى ئالېكساندىر چوڭ قوشۇننى باشلاپ گوردىئۇم قۇرۇپ چىققان قىشلىق بارگاھقا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ يەردە ئالېكساندىر بۇ شەھەر توغرىسىدىكى مەشھۇر «گوردى ئارغامچا تۈگۈنى» رىۋايىتىنى ئاڭلايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ ئارغامچا تۈگۈننى گىرېتسىيە ئەپسانىلىرىدىكى فىلكىنىيە پادىشاھى گوردى ئۆز قولى بىلەن چىگىپ قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ چىگىلىشى ناھايىتى مۇرەككەپ ئىكەن، ئىلاھىي يارلىقتا ئاساسلانغاندا ئەگەر كىم بۇ «گوردى ئارغامچا تۈگۈنى» نى يېشەلىسە ئۇ پۈتكۈل ئاسىيانىڭ ھۆكۈمرانى بولارمىش.

ئالېكساندىر بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ناھايىتى قىزىقىدۇ، ئۇ باشقىلارنى ئۆزىگە يول باشلاشقا بۇيرۇپ ھېلىقى «گوردى ئارغامچا تۈگۈنى» نى ئۆز قولى بىلەن يېشىپ باقماقچى بولىدۇ.



ئالېكساندىر بۇ ئارغامچا تۈگۈنى بىلەن يېرىم كۈن ھەپىلەشسىمۇ ئۇنىڭ چىگىلگەن ئۇچىنى تاپالمايدۇ - دە، ئۆزىدىن: «مەن قانداق قىلسام بۇ ئارغامچا تۈگۈننى

يېشەلەيمەن؟» دەپ سوئال سورايدۇ، توۋۇقسىز ئۇنىڭ كۆز ئالدى پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولۇپ، بىر قاراملارچە خىيال كاللىسىدا پەيدا بولىدۇ، يەنى ئۇ «مەن بۇنى ئۆزۈمنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ھەل قىلسام بولامدۇ؟» دەپ ئويلاپ، بىلىگە ئېسىۋالغان شەمشىرىنى چىقىرىپ بۇ تۈگۈنچەكنى بىر چېپىپلا ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە قىلىپ تاشلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئالېكساندىر نۇرغۇن جەڭ قىلىپ ھەممىسىدە نۇسرەت قازىنىپتۇ، دېگەندەك ئۇ ئاخىر ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپتۇ.

ئىتتىك شەمشەر بىلەن مۇرەككەپ ئارغامچا تۈگۈنىنى كېسىۋېتىش بۇ ھېكايىنىڭ يۈزەكى مەنىسىدۇر، ئەمما چوڭقۇر ئويلىنىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا بىر خىل زومىگەرلىك يوشۇرۇنغان بولۇپ، تەرىپلەشكە تېخىمۇ ئەرزىيدىغىنى ئۇنىڭ تەپەككۇر قىلىش شەكلى. يەنى، چوڭ ئىشلارنى قىلغۇچىلار ھەرگىزمۇ كونا قائىدە ـ تۈزۈملەرنىڭ ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالماسلىقى كېرەك.

فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق مەكتەپ مۇدىرى يافۇجىيا ئەپەندى بىر قېتىملىق ئىجادىي تەپەككۇر قىلىش توغرىسىدىكى نۇتقىدا، ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر قىلغان مۇنداق بىر ئىشنى تىلغا ئالغان ئىدى.

بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ئامېرىكىدا ئوتتۇرا مەكتەپ فىزىكا تەجرىبىسى بويىچە بىر قېتىملىق زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ قېتىمقى زېھىن سىناش مۇسابىقىسى مۇئەييەن ئۇسكۈنە ۋە قەدەم ـ باسقۇچلار بويىچە ئۆتكۈزۈلمەستىن، بەلكى تەجرىبە تېمىسى، تەجرىبە ۋە خۇلاسىنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى ئويلىشىپ بېكىتىش تەلەپ قىلىنغان ئىدى.

بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئوقۇغۇچىنىڭ تەجرىبە تېمىسى: «ئادەمنىڭ يېمەكلىكلەرنى يۇتۇشى يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولامدۇ؟» دېگەن تېما ئىكەن.

ئۇنىڭ بەزى ساۋاقداشلىرى ئۇنى مازاق قىلىپ بۇنى بەلكىم ئالەم كېمىسىدىكى ئېغىرلىقىنى يوقاتقان ئۇچقۇچىلار ئىشلىيەلىشى مۇمكىن، دېيىشىپتۇ.

ئەمما ئۇ، بۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپتۇ. ئۇنىڭ تەجرىبە لايىھەسى مۇنداق بولۇپ، ئۇچ نەپەر ئوقۇغۇچىنى تامغا يۆلەپ بېشىنى

تۆۋەنگە، پۈتىنى ئاسمانغا قارىتىپ تىك تۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۇلارغا بولكا بېرىپ ئۇلارنىڭ يۇتالايدىغان ـ يۇتالمايدىغانلىقىنى كۆزىتىشتىن ئىبارەت ئىكەن. نەتىجىدە ئۈچ نەپەر ساۋاقداشنىڭ ھەممىسى بولكىنى چايناپ يۇتالايتتۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر نەپەر ساۋاقداش تېخى ئۆزىنىڭ بۇ بولكىنى ئۆرە تۇرغان ۋاقىتتىدا يېگىنىگە قارىغاندا تېخىمۇ تېتىپ كەتكەنلىكىنى دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ تەجرىبىدىن ئېرىشكەن خۇلاسە«ئادەمنىڭ يېمەكلىكلەرنى يۇتۇشىنىڭ يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولىدىغانلىقى» دىن ئىبارەت بولغان.

تەجرىبە تېيىمىسى، خۇلاسىمۇ تولۇق بولدى، ھەم بۇ تەجرىبىنى ئىشلەش ئۈچۈن ئاسمانغا چىقىشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى قالمىغان ئىدى، شۇڭا بۇ ئوقۇغۇچى بىرىنچىلىككە ئېرىشتى.

1988 ـ يىلى10 ـ ئاينىڭ27 ـ كۈنى پېرونىڭ بىر سۇ ئاستى پاراخوتى ئوچۇق دېڭىزدا ياپونىيەنىڭ بىر سودا پاراخوتى بىلەن سوقۇلۇپ كېتىپ چۆكۈپ كېتىپتۇ. پاراخوت باشلىقى ۋە باش ياردەمچى قاتارلىق ئالتە كىشى قازا قىلىدۇ، 24 ئادەم قېچىپ چىقىدۇ، يەنە 22 ئادەم پاراخوت بىلەن بىرلىكتە چوڭقۇر دېڭىز ئاستىغا چۆكۈپ كېتىدۇ.

جىددىي پەيتتە كۆپچىلىك كونا ماتروس جېتېرسنى ۋاقىتلىق پاراخوت باشلىقلىقىغا سايلاپ، ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇش پىلانىنى تېپىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىشىدۇ.

ۋاقىت بىر مىنۇت، بىر سېكۇنتتىن ئۆتۈۋاتاتتى، سۇ ئاستى پاراخوتى داۋاملىق تۆۋەنگە قاراپ چۆكۈپ كېتىۋاتقان بولۇپ، بەزىلەر ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىغان ئىدى.

جېتېرس تورپېدا قويۇپ بېرىشتەك ئۇسۇلنى ئويلاپ چىققان بولۇپ، ئۇ خەۋپ ـ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ تورپېدا قويۇپ بېرىش شەكلىدە ئادەملەرنى بىر ـ بىرلەپ ئېتىپ چىقىرىشنى قارار قىلىدۇ.

ئەمما بۇنداق قىلىش بەك خەتەرلىك ئىدى، چۈنكى ئادەمنى بۇنداق ئۇسۇلدا سىرتقا ئېتىپ چىقارغاندا زور بېسىمغا دۇچ كېلىدىغان بولۇپ، ئەگەر ئەپلەشمەي قالسا ئۆمۈر بويى ساقايتقىلى بولمايدىغان كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالاتتى.

بۇ ۋاقىتتا سۇ ئاستى پاراخوت ئاللىقاچان33 مېتىر چوڭقۇرلۇققا

چۈكۈپ بولغان بولۇپ، ئەمدى يەنە ئىككىلىنىپ ئولتۇرۇشقا بولمايتتى.
جېتېرس كۆپچىلىككە: «تورپېدا ئېغىزىغا كىرىشتىن بۇرۇن ئامال بار ئېغىز بوشلۇقۇڭلاردىكى ھاۋانى چىقىرىۋېتىڭلار، بولمىسا ئۆپكەڭلەر خۇددى ھاۋا شارىغا ئوخشاش پارتلاپ كېتىدۇ» دەيدۇ.
نەتىجىدە 22 ئادەمنىڭ ئىچىدە بىر ئادەمدە مېڭە قاناش كۆرۈلگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۆلۈم گىردابىدىن ساق - سالامەت قېچىپ قۇتۇلىدۇ.

# 6. كولۇمبۇنىڭ تەپەككۇرى

ئويلىغاننى ھامان قىلىش كېرەك. مانا بۇ كولۇمبۇ تەپەككۇرىنىڭ قىممەتلىك تەرىپىدۇر. ئەلمىساقتىن تارتىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق يولى بولۇپ كەلگەن بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەت كۆپىنچە ھاللاردا باشقىلار مۇمكىن بولمايدۇ دەپ قارىغان مانا مۇشۇنداق يەرلەردىن مەيدانغا كېلىدۇ.

كولۇمبۇ ئۇلۇغ دېڭىزچى. ئەينى يىللىرى ئۇ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ ئاتلانتىك ئوكياندىن كېسىپ ئۆتۈپ ئامېرىكا قىتئەسى چوڭ قۇرۇقلۇقىنى بايقىغان، بىر ئۇتۇق بىلەنلا ئىسپانىيە خان ئوردىسىنىڭ ئەزىز مېھمىنىغا ئايلانغان ئىدى.

بەزىلەر ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيدۇ. بىر قېتىملىق يىغىلىشتا ئۇلار كولۇمبۇنى تەڭقىسلىقتا قالدۇرماقچى بولۇشۇپ ئۇنىڭدىن: «سىز مۇنۇ تۇخۇمنى تىك تۇرغۇزالامسىز؟» دەپ سورايدۇ، ئەتراپتا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئىسپانىيەنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى داڭلىق زاتلار بولۇپ، بەزىلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كولۇمبۇنى مازاق قىلماقچى بولۇشىدۇ.



بۇ ۋاقىتتا، كولۇمبۇ قىلچىمۇ ھودۇقماستىن ھېلىقى كىشىنىڭ قولىدىن تۇخۇمنى ئالىدۇ ــ دە، قولىدا دەڭسەپ بېقىپ ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە بىر قويۇپلا تىك

تۇرغۇزۇپ قويىدۇ.

بۇزمىسا تۇرغۇزغىلى بولماسلىق بۇ ھېكايىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ئەمەس، ئويلاشقا ۋە قىلىشقا جۈرئەت قىلىش، ئويلىغاننى قىلىش كېرەك، مانا بۇ كولۇمبۇ تەپەككۇرىنىڭ قىممەتلىك تەرىپىدۇر. ئەلمىساقتىن تارتىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق يولى بولۇپ كەلگەن بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەت كۆپىنچە ھاللاردا باشقىلار مۇمكىن بولمايدۇ دەپ قارىغان مانا مۇشۇنداق يەرلەردىن مەيدانغا كېلىدۇ.

ئامېرىكىلىق ئېگىزگە سەكرەش تەنتەربىيەتچىسى رىچارد فوسبور 1968 ـ يىلى مېكسىكا ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا «ئارقىچىلاپ ئۆتۈش» شەكلىدىكى ئۆزگىچە ئېگىزگە سەكرەش ئۇسۇلى بىلەن 2.24 مېتىرلىق ئېگىزلىكنى بويسۇندۇرغان بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدىكى ئېگىزگە سەكرەش رېكورتىنى يېڭىلاش بىلەن بىرگە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىپ خەلقئارا ئولىمپىك ساھەسىدىكى ئەڭ ئالقىشقا ئېرىشكەن دەرىجىدىن تاشقىرى چولپانغا ئايلانغان ئىدى. «ئارقىچىلاپ ئۆتۈش» شەكلىدىكى ئېگىزگە سەكرەش ھەرىكىتىنى فوسبور 11 ياش ۋاقتىدىلا ئىشلەپ باققان ھەرىكەت ئىدى، شۇ ۋاقىتتا ئوقۇتقۇچى تەنھەرىكەت دەرسى ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېگىزگە سەكرەش نەتىجىسىنى باھالاۋاتقان بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا باھالاشتىن ئۆتۈپ بولغان ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى 1.15 مېتىرلىق ئېگىزلىكتىن ئۆتەلمەيۋاتاتتى. بۇ ۋاقىتتا فوسبور بۇ 1.15 مېتىر ئېگىزلىكتىن قانداق قىلىپ سەكرەپ ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتقان بولۇپ، جىددىيچىلىك ئىچىدە ئۇنىڭ كاللىسىغا «مەن نېمىشقا ئارقىچىلاپ سەكرەش شەكلىدە ئۆتۈپ باقمايمەن» دېگەن خىيال پەيدا بولىدۇ. ئۇ بۇ خىيالنى قىلىش بىلەنلا دەرھال شۇ بويىچە سەكرەپ بېقىشنى قارار قىلىدۇ ۋە ئوقۇتقۇچىسىغا يۈزلىنىپ توغرا خادىغا ئارقىسىنى قىلىپ تەتۈر كەلگىنىچە «تاققىدە» بىر سەكرەپلا 1.15 مېتىر ئېگىزلىكتىن مۆجىزىلەرچە سەكرەپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئۇ ناھايىتى قاملاشمىغان ھالەتتە قۇم دۆۋىسىگە ئوڭدىچىلاپ يىقىلىدۇ ۋە ئەمدى ئوقۇتقۇچۇمدىن تەنقىد ئاڭلايدىغان بولدۇم، دەپ ئويلايدۇ، ئەتراپىدىكى ساۋاقداشلارمۇ ئۇنىڭ بۇ خىل «غەلىتە» سەكرەش

ھالىتىنى مازاق قىلىپ كۈلۈشىدۇ، ئەمما ھېلىقى باشلانغۇچ مەكتەپ تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭ بۇ خىل تالانتىنى كۆرۈپ يېتىدۇ ۋە ئۇنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھىنى ماختايدۇ، بىر تەنتەربىيە چولپىنى مانا مۇشۇنداق مەيدانغا كېلىدۇ.

بىر قېتىم ياپونىيە سونىي شىركىتى مۇدىرىيەت باشلىقى فۇكايى ئەپەندى چاچ ياساتقاچ، ئالدىدىكى ئەينەكتىن ئارقىسىدىكى تېلېۋىزورنى كۆرۈۋاتقان بولۇپ، ئەينەكتىكى تېلېۋىزور ئېكرانىدىكى كۆرۈنۈشلەر ئوڭ ـ سولى ئالمىشىپ كۆرۈنۈۋاتاتتى، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ كاللىسىغا تۇيۇقسىز: «كۆرۈنۈشنىڭ ئوڭ ـ سولىنى تەتۈر چىقىرىپ بېرىدىغان بىر تېلېۋىزور ياساپ چىقىشقا بولامدۇ ـ يوق؟ بۇنداق بولغاندا ئەينەكتىنمۇ تېلېۋىزور نومۇرلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟» دېگەن خىيال پەيدا بولىدۇ. بۇ خىلدىكى تېلېۋىزورنىڭ ئارتۇقچىلىقى: بىرىنچىدىن، ئۆينىڭ ئىچى كىچىك بولغاندا ئەينەك ئارقىلىق تېلېۋىزور كۆرگەندە ئادەم بىلەن تېلېۋىزورنىڭ ئارىلىقىنى يىراقلاشتۇرغىلى بولۇپ، كۆزنى ئاسراش مەقسىتىگە يەتكىلى بولاتتى؛ ئىككىنچىدىن، كېسەللەر ۋە بىر تەرەپتىن گىرىم قىلىپ، بىر تەرەپتىن تېلېۋىزور كۆرىدىغانلار ئۈچۈن قولايلىق ياراتقىلى بولاتتى. بۇ خىلدىكى تېلېۋىزور بىلەن ئادەتتىكى تېلېۋىزورلارنىڭ ئەسلىدە بار بولغان زاپچاسلىرى ۋە مەشغۇلاتى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ، پەقەت بىر تال ئالاھىدە قوشۇمچە دېتال سەپلەنسىلا بولاتتى.

ئەمما شۇ ۋاقىتتا شىركەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر فۇكايى ئەپەندىنىڭ خىيالىنىڭ سودا قىممىتىگە گۇمان بىلەن قارىشىدۇ، ئەمما ئۇ شۇنداقتىمۇ باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىگە قۇلاق سالماي دېگىنىنى قىلىدۇ، نەتىجىدە يېڭى بىر مەھسۇلات بازارغا سېلىنىشى بىلەنلا قارشى ئېلىنىدۇ.

# 7. لاكونىيانىڭ تەپەككۇرى

ئىخچاملىق ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي مەنىدىكى تويۇنغان مولluqتۇر، پەقەت ئەڭ ئاددىي نەرسىلا ئەڭ چوڭ يارىتىشچانلىققا ۋە تەسەۋۋۇر بوشلۇقىغا ئىگە بولىدۇ، ھەم «لاكونىيا» تەپەككۇر قائىدىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

لاكونىيا (laconia) بولسا قەدىمكى گىرېتسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى بىر پادىشاھلىق بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا مىلادىيە4 ـ ئەسىردە تەڭداشسىز ماكېدونىيە پادىشاھى فىلىپ ئۇنىڭ لاكونىيا پايتەختى سىپارتاغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغايدۇ ھەمدە مۇھاسىرىدە قالغان شەھەر دۆلىتى پادىشاھىغا بىر پارچە خەت يېزىپ ھەيۋە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ (if we capture your city, we will bum it to the ground) بۇنىڭ مەنىسى: « ئەگەر مەن شەھىرىڭنى ھۇجۇم قىلىپ ئالالىسام ئۇنى تۈپتۈز قىلىۋېتىمەن» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي فىلىپ جاۋاب خەت تاپشۇرۇۋالىدۇ، خەتتە (if) ئەگەر..... دېگەن بىرلا سۆز يېزىلغان ئىدى.

كېيىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. بۈگۈنگە قەدەر بىزنىڭ ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان بىر سۈپەت سۆزىمىز (laconia) بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «ئىخچام ۋە مەزمۇنلۇق» دېگەندىن ئىبارەت. ئومۇمەن مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەن تەپەككۇر «لاكونىيا تەپەككۇرى» دەپ قارىلىپ كەلمەكتە.

20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا گۇاڭجۇ ئۆلكىسىدە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كىيىم ـ كېچەك لايىھەلەش كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلغان مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك ناھايىتى ئالىي، سالاپەتلىك، يېڭىچە بولۇپ، ھەر خىل رەڭ بېرىش ۋە ئىنچىكە ئىش قوشۇشقىمۇ ئېرىنمىگەن ئىدى. ئەمما ئەڭ ئاخىرىدا بارلىق مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلارنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، پۈتۈن مەيدان مۇسابىقىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى

ئەڭ ئادەتتىكى بىر لايىھە بولۇپ چىققان. ئۇنىڭدا بىر پارچە رەختتىن ئۈچ تال تۆشۈك ئېچىلىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ياقا ۋە قولتۇق قىلىنغان ھەم بىر پارچە رەڭلىك لېنتىنى بەلباغ قىلىپ باغلىغان بىر كۆڭلەك ئىدى. كىچىك قىزلار بۇ كۆڭلەكنى كىيىپ خۇددى «ھۆر پەرىلەردەك» گۈزەللىشىپ كېتىدۇ، بۇ لايىھە ھەم ئاددىي ھەم گۈزەل بولۇش تەلىپىگە يەتكەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە كاتتا لايىھەگە ئايلانغان ئىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرى شاڭخەيدە بىر قېتىملىق ئەل ئارىسىدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك لايىھەسى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، سانسىزلىغان نەپىس ھۈنەر ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ئىچىدە ئاددىي ۋە ئىخچام كەلگەن لايىھە ھەممەيلەننىڭ دىققەت ـ نەزىرىنى ئۆزىگە قارىتىدۇ: ئۇنىڭدا ئاشخانىدا يەپ ئېشىپ قالغان پورتۇن قىسقۇچپاقىسىنى ئارزاقلا تۇتاشتۇرۇپلا بىرنەچچە تال ناھايىتى جانلىقلىقتا ئىگە بولغان چىپار بۇغا ئوبرازى يارىتىلغان بولۇپ، ئۇ رەختتىن ئىشلەنگەن يېشىل چىم ئۈستىگە تەكشىسىز ھالدا نەپىسلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى، كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىشىدۇ. بۇ ئەسەردە پورتۇن قىسقۇچپاقىسىنىڭ ئۆزىگە خاس شەكلىدىن پايدىلىنىپلا قالماستىن بەلكى يەنە ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغىنى شۇكى ئۇنىڭ پىشۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئۆزگىچىلىككە ئىگە رەڭلىرى ھەمدە رەتسىز كەلگەن ئاق چېكىتچىلىرى چىپار بۇغىنىڭ بەدىنىدىكى ئاق چېكىتچىلەرگە ئەينەن ئوخشىغان بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ ماھىرلىق بىلەن لايىھەلەنگەن ئىدى. بۇ ئەسەرمۇ شۇ چاغدىكى مۇسابىقىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشىدۇ.

مانا بۇ دەل ئاددىيلاشتۇرۇلغان تەپەككۇردۇر. ئەڭ ئاددىي شەكىل ئارقىلىق ئەڭ مول مەزمۇن ئىپادىلەنگەن. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندىمۇ ئىخچاملىق ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي مەنىدىكى تويۇنغان موللۇقتۇر، پەقەت ئەڭ ئاددىي نەرسىلا ئەڭ چوڭ يارىتىشچانلىققا ۋە تەسەۋۋۇر بوشلۇقىغا ئىگە بولىدۇ، ھەم «لاكونىيا» تەپەككۇر قائىدىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ھەممەيلەنگە ئايان، ئەنگلىيە مۆتىۋەرلەر ئەڭ كۆپ چىقىدىغان جاي، مۆتىۋەرلەر شىلەپىگە بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىلگىرى لوندوندا بىر شىلەپە دۇكىنى يېڭىدىن تىجارەت باشلىغان بولۇپ، غوجايىن باشقىلارنى دۇكانغا جەلپ قىلىش ئۈچۈن دۇكاننىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئالايىتەن بىر

ۋىۋىسكا چىقىرىپ ئۈستىگە «بۇ دۇكاندا مەخسۇس شىلەپە سېتىلىدۇ» دەپ يېزىپ قويىدۇ.

مەلۇم بىر خېرىدار بۇ ۋىۋىسكىنى كۆرۈپ ئۇ غوجايىنغا: « بۇ ۋىۋىسكىڭىزدىكى سۆزلەر بەك ئۇزۇن بولۇپ قاپتۇ» دەيدۇ.

بۇ دۇكاننىڭ غوجايىنىمۇ ناھايىتى كەمتەر ئادەم ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېلىقى خېرىدارنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ باقماقچى بوپتۇ.

ھېلىقى خېرىدار: « بۇ دۇكان ئەسلىدىنلا سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە تۇرسا، ئۇنىڭغا يەنە ئارتۇقچە ھالدا ‹بۇ دۇكان› دەپ يېزىپ قويغىنىڭىز ئوشۇق ئىش قىلغانلىقىڭىز ئەمەسمۇ؟» دەپتۇ.

غوجايىن ئۇنىڭ گېپىنىڭ ناھايىتى ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپتۇ ۋە شۇ ھامان ۋىۋىسكىنى چۈشۈرۈپ ئۈستىدىكى «بۇ دۇكان» دېگەن خەتنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، پەقەت «مەخسۇس شىلەپە سېتىلىدۇ» دېگەن خەتنىلا قالدۇرۇپ قويۇپتۇ، بۇ ۋىۋىسكا ئالدىنقىسىغا قارىغاندا كۆزگە سەل چېلىقىدىغان بوپتۇ.

كېيىن يەنە بىرەيلەن بۇ ۋىۋىسكىنى كۆرۈپ يەنە رازى بولمىغان ھالدا: «سىزنىڭ بۇ ۋىۋىسكىڭىزدىكى سۆزلەر خۇددى يىلانغا پۇت سىزىپ قويغاندەك ئارتۇقچە بوپقاپتۇ» دەپتۇ.

غوجايىن ئۇنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىنى سوراپتىكەن، ئۇ كىشى: «مەخسۇس شىلەپە ساتىمىز دېگەن جۈملىدىكى ‹مەخسۇس› دېگەن خەتنى چىقىرىۋەتسىڭىز تېخىمۇ ئېنىق بولمامدۇ؟»دەپتۇ.



غوجايىن ئويلاپ كۆرسە بۇ گەپمۇ ئورۇنلۇق تۇرغۇدەك، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋىۋىسكىنى چۈشۈرۈۋېلىپ، ئۇ-نىڭدىكى ھېلىقى ئوشۇقچە سۆز «مەخسۇس» نى چىقىرىۋېتىپ «شىلەپە ساتىمىز» دېگەن سۆزنىلا قالدۇرۇپ-تىكەن، دەرۋەقە تېخىمۇ جەلپ قىلار-لىق بولۇپ كېتىپتۇ.

# 8. ئوكام تەپەككۇرى

ئوكام تەپەككۇرىدا، بارلىق قالايمىقان ھېسسىي ئوبرازلار چىقىرىپ تاشلىنىپ، مەسىلىنىڭ ماھىيىتى بىۋاستە كۆرسىتىلگەن. بۇ خىل تەپەككۇرنىڭ قىممەتلىك تەرىپى شۇكى، ئۇ رېئاللىقتىكى مۇنداق بىر ناچار ھالەتنى يەنى، بۈگۈنكى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى بەك كۆپ بىلىمگە ئىگە دەپ قاراپ ئىشلارنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىدىغان ئىللەتكە رەددىيە بېرىلگەن.

600 يىل ئىلگىرى پاپا جون ئىلاھىيەت ساھەسىدىكى بىر بىدئەت ئۇنسۇرنى زىندانغا تاشلايدۇ، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئۇنىڭ ئىدىيەسىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى. بۇ بىدئەت ئۇنسۇرنىڭ ئىسمى ۋىليام ئوكام بولۇپ، ئۇ زىنداندىن قېچىپ چىقىدۇ ھەمدە پاپىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان گېرمانىيە پادىشاھى لۇيسنىڭ قويىنغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. ئۇ پادىشاھ لۇيسقا: «سىز شەمشىرىڭىز ئارقىلىق مېنى قوغداڭ، مەن قەلىمىم ئارقىلىق سىزنى تەرىپلەي» دەيدۇ.

ئوكام پۈتۈن ئۆمرىدە نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، ئەمما ئەڭ مەشھۇر بولغىنى پەقەت: «ئەگەر زۆرۈر بولمىسا ئەمەلىي گەۋدىنى چوڭايتما» دېگەن بىر جۈملە سۆزدىن ئىبارەت بولغان. يەنى بۇ دېگەنلىك، ئەگەر زۆرۈرىيىتى بولمىسا، شەيئىلەرنىڭ ئەمەلىي مەۋجۇت بولغان مىقدارىنى ئۆزگەرتمەڭ دېگەندىن ئىبارەتتۇر. بۇ گەپنى باشقىچە ئۇسۇلدا چۈشەندۈرسەك ئۇنىڭ ئەسلىي مەنىسى: پەقەت بىر ئەمەلىي مەۋجۇت بولغان نەرسىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك، ئومۇمەن



بۇ كونكرېت مەۋجۇت بولغان شەيئىگە دەخلى قىلىدىغان تاينىنى يوق ئومۇمىيلاشقان ئۇقۇملارنىڭ ھەممىسى ئارتۇقچە ۋە قۇرۇق گەپ بولۇپ، بۇ پرىنسىپقا ئاساسەن ئۇلارنى بىردەك ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت. بۇ قارىماققا سەل ـ پەل ئاشۇرۇۋېتىلگەن ئۆز بېشىمچىلىقتىكى تەپەككۇر شەكلىدەك قىلىدۇ، كېيىنچە كىشىلەر بۇنى «ئوكام ئۇستىرا پرىنسىپى» دەپ ئاتاشقان.

«ئوكام ئۇستىرا پرىنسىپى» لوگىكا ئىلمىدە يەنە «ئىقتىساد پرىنسىپى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ پرىنسىپقا ئاساسلانغاندا، ھەرقانداق شەيئىگە بولغان توغرا چۈشەندۈرۈش ئومۇمەن ئاشۇ خىل «ئەڭ ئاددىي» لىق بولۇپ، ئەكسىچە ھېلىقىدەك «ئەڭ مۇرەككەپ» لىك ئەمەس. بۇ خۇددى ماشىنا يولدا كېتىۋېتىپ كاشىلا كۆرۈلگەندە بىزنىڭ ئالدى بىلەن ماي تۈگىگەن ياكى تۈگىمىگەنلىكىنى تەكشۈرمەستىن بىۋاستە ھالدىلا ماشىنىنىڭ ئاستى قىسمىغا ئۆمىلەپ كىرىپ قايسى قىسىمدىكى زاپچاسلىرىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرگىنىمىزگە ئوخشايدۇ.

600يىلدىن بېرى نۇرغۇنلىغان ئۇلۇغ ئالىملار بۇ «ئۇستىرا» نى بىلەپ ئۇنى بارغانسېرى ئۆتكۈرلەشتۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرى ئۇنى ئىلمىي تەپەككۇر قىلىشتىكى چىقىش نۇقتىسىنىڭ بىرى قىلىپ كەلمەكتە.

«قۇياش مەركەز تەلىماتى» قانداق قىلىپ «يەر مەركەز تەلىماتى» نىڭ ئورنىنى ئالالىغان؟

ئەجەبا 300 يىل ئىلگىرىكى كوپېرنىك يەر شارىنىڭ قۇياشنى چۆرىدەپ ئايلىنىدىغانلىقىنى كۆرگەنمىدى؟ ياق، ئۇ پەقەت يەر شارى مەركەز تەلىماتىنىڭ بەك مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان.80 دىن ئارتۇق يۇمىلاق شارلار كۇنبويى يەر شارىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرسە ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قارىغان.

كوپېرنىك شۇنداق قىلىپ «ئوكام ئۇستىرىسى» نى كۆتۈرۈپ چىقىپ ھېلىقىدەك ئوشۇقچە شارلارنى «چۈشۈرۈپ» تاشلىدى ھەمدە ئۇنىڭ بىر خىل تەسەۋۋۇرى بولغان «كوپېرنىك ئالىمى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش بىلەن بىرگە يەنە قۇياشنى چۆرىدەپ ئايلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۇ كەڭ تەبىئەتنىڭ ھېچقانداق ئارتۇقچە ئىش قىلمايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ بۇ «ئۇستىرىسى» يېقىنقى زامان ئىلىم ـ پېنىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى «ياساپ» چىققان ئىدى.

ئوكام تەپەككۇرى ئاددىيلاشتۇرۇلغان تەپەككۇر بولۇپ، ئۇسۇل نەزەرىيەسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ ئۇ بارلىق ھېسسىي خىياللارنى چۆرۈپ تاشلاپ مەسىلىنىڭ نەق ماھىيىتىنى كۆرسەتكەن ئىدى. ئەپسۇس، ھازىرقى زامان كىشىلىرى كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزىنى بەك بىلىمدار دەپ قاراپ بىر ئىشنى كۆپىنچە ھاللاردا مۇرەككەپ تەرەپتىن ئويلىشىدۇ.

سەييۇەنپېي بىر قېتىملىق دەرسىدە دەرس ئاڭلاپ ئولتۇرغان بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچىلىرىدىن: «2+2=?» بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ، شۇ ۋاقىتتا ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن بىر ئادەممۇ بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىشكە پېتىنالمايدۇ.

نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى بۇ دەل ئابرۇي خۇراپاتلىقى ۋە مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىش كېسىلىدۇر.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، خېلى كۆپ قىسىم كىشىلەر: «مىسىردىكى ئەلئېھرامنىڭ ئۇلى نېمە ئۈچۈن 365 دانە تاشتىن قوپۇرۇلغان، بۇ ساننىڭ يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش ۋاقتى بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ - يوق؟» دېگەندەك قايمۇقۇشلاردا بولۇپ كەلمەكتە. يۇقىرىدىكى مەسىلىگە قارىتا بىز پەقەت «ئوكام ئۇستىرىسى»نى كۆتۈرۈپ چىقىش ئارقىلىقلا جاۋاب بېرىمىز، يەنى، ئۇنىڭ ئۇلىنى 365 دانە تاش ئىشلىتىپ قوپۇرۇپ چىقىشىدا ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چوڭلۇقتىكى تاش كېرەكلىك بولغان، ئۇستى قىسمىدىكى28 دانە تاشتىن قۇيۇپ چىقىلىشىدىمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك تاش كېرەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى مەسىلە ئەسلىدىمۇ بەلكىم شۇنچىلىك ئاددىي بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بىز ئۇنى زورمۇزور ھالدا مۇرەككەپ تەرەپتىن ئويلايدىغان بولساق، ئۇ ھالدا ئۇنىڭغا ھەرقانداق چۈشەندۈرۈشنى قوشۇمچە قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئەينى ۋاقىتتا مىسىرلىقلار ئەلئېھرامنىڭ ئۇلىغا 555 دانە تاش خىش ياتقۇزغان بولسا، ئۇ ھالدا كىشىلەر ئوخشاشلا ئادەمنى ئىشەندۈرىدىغان سانسىزلىغان مۇناسىۋەتلەرنى تېپىپ چىقىپ شۇ ئارقىلىق مىسىرلىقلارنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكىنى ئىسپاتلىغان بولاتتى. شۇڭلاشقا، بۇ چۈشەندۈرۈشلەرنى پىرىنسىپ جەھەتتىن «ئوكام ئۇستىرىسى ئارقىلىق چۈشۈرۈۋېتىش» كە تامامەن بولىدۇ.

# 9. فېرمى تەپەككۇرى

ئاددىيلاشتۇرغاندىلا ئاندىن ئەڭ ئىقتىسادچىللىققا، ئەڭ ئەۋزەللىككە يەتكىلى بولىدۇ. فېرمى تەپەككۇرى ئەڭ ئاددىي، ئەڭ ئېنچەشلىك، ئەڭ توغرا بولغان تەپەككۇر ئۇسۇلى بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىشچانلىققا ئىگە.

هازىرقى زامان فىزىكا ئاتىسى فېرمى نەزەرىيەۋى فىزىكا ۋە تەجرىبە فىزىكىسى قاتارلىق ئىككى جەھەتتىن دۇنياۋى شۆھرەتكە ئېرىشكەن ئالىم بولۇپ، ئۇنىڭ مەسىلىلەرنى چۈشىنىشىدە ئۆزىگە خاس خاراكتېرى بار ئىدى. ئۇ مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ئوڭاي بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدىغان بىر قانچە ئاددىي مەسىلىگە ئايرىۋېتىشكە ماھىر ئىدى، ئۇنىڭ تېخىمۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان تەرىپى شۇكى، ئۇ ھەر خىل مۇرەككەپ ئۇقۇم ۋە بەلگىلەر ئىچىدىن مۇستەسنا بولۇپ چىقىشقا ئالاھىدە ئادەتلەنگەن بولۇپ، شەيئىلەرنىڭ ئەسلىي مەنبەسىنى بىۋاسىتە كۆرسىتىپ بېرەلەيتتى.

فېرمى مىچىگان ئۇنىۋېرسىتېتىدا دەرس سۆزلىگەن ۋاقتىدا، ئوقۇغۇچىلاردىن مۇنداق غەلىتە بىر سوئالنى سورىغان: «مىچىگاندا قانچە نەپەر رويال تەڭشەش ئۇستىسى بار؟»

فېرمى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمەي تاتىرىپ تۇرۇشقىنىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا مەسىلىنى ھەل قىلىشقا بولىدىغان مۇنداق بىر ئۇسۇلنى دەپ بېرىدۇ: « ئەگەر مىچىگان نوپۇسىنى ئۈچ مىليون دەپ پەرەز قىلساق، ھەربىر ئائىلە ئوتتۇرىچە تۆت نوپۇستىن تەركىب تاپقان بولسا، پۈتۈن شەھەردىكى ئائىلىلەر ئىچىدە ئۈچتىن بىر قىسمىنىڭ ئۆيىدە رويال بار، شۇنداق بولغاندا بۇ شەھەردە250 مىڭ دانە رويال بار بولغان بولىدۇ. ئەگەر ھەربىر رويالنى ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم تەڭشەش

كېرەك بولسا، ئۇ هالدا بىر يىلدا تەخمىنەن50 مىڭ قېتىم رويال تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئەگەر هەربىر رويال تەڭشەش ئۇستىسى بىر كۈندە تۆت دانە رويال تەڭشىيەلىسە، ئۇنىڭ بىر يىل ئىچىدىكى خىزمەت كۈنى 250 كۈن بولىدۇ، شۇنداق بولغاندا ئۇ بىر يىل ئىچىدە1000 دانە رويال تەڭشەپ چىقالايدۇ. دېمەك مۇشۇ ئاساستا قىياسەن ھېسابلىغاندىمۇ پۈتۈن شەھەر بويىچە 50 نەپەر رويال تەڭشەش ئۇستىسى بار بولغان بولىدۇ.»

هەرقانداق مەسىلىنىڭ مۇرەككەپلىشىپ كېتىشىدە ئۇنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ماھىيىتى تۇتۇلمىغان بولىدۇ، ئەڭ ئاساسلىق قانۇنىيەت بىلەن مەسىلە ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ قىسقا بولغان باغلىنىشنى ئېچىپ بېرەلمىگەندە، پەقەت شۇ مەسىلىنىڭ سىرتقى قىسمىدىكى مۇرەككەپلىكىدىلا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قېلىپ مەسىلىنى هەل قىلىشتىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىپ قالىمىز. پەقەت ئاددىيلاشقان تەپەككۇرلا ئەڭ ئىقتىسادچان، ئەڭ ئەۋزەل بولغان تەپەككۇر بولۇپ، ئۇ بىر خىل ئەڭ ئاددىي، ئەڭ تېجەشچان، ئەڭ توغرا بولغان تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىدۇر، ئۇ ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىشچانلىققا ئىگە، مانا بۇ فېرمى تەپەككۇرىدۇر.

تۆۋەندىكىسى سىم يولى ۋە تۇرۇبا لىنىيەسى ھەققىدىكى ھېكايە بولۇپ، بۇنىڭدا فېرمى تەپەككۇرىنىڭ ئۇچقۇنلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

مەلۇم بىر جاينىڭ يەر ئاستىغا ئەگرى ـ بۈگرى هالدا بىر تۇرۇبا لىنىيەسى ياتقۇزۇلغان بولۇپ، بۇ تۇرۇبىلارنىڭ دىيامېتىرى 0.05 مېتىر ئىكەن، قانداق قىلغاندا بۇ تۇرۇبىلارنىڭ ئىچىدىن بىر تال ئېلېكتىر سىمىنى ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ؟

بۇ مەسىلىگە قارىتا ئا ئەپەندى «مىكرو ماشىنا ئادەمنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ئۆتكۈزۈش كېرەك» دېگەن تەكلىپنى بېرىپتۇ.

ب ئەپەندى بولسا «ئۇنداق قىلساق بەك ئاۋارىچىلىك بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە بىر تال چاشقان تۇتۇپ كېلىپ ئۇنىڭ بەدىنىگە ئېلېكتىر سىمىغا چىگىلگەن نىلون يىپچىنى باغلاپ قويۇپ تۇرۇبىنىڭ بۇ بېشىدىن قويۇپ بېرىپ چۇقان ـ سۈرەن سالساق ئۇ قورققىنىدىن شۇ يۈگۈرگىنىچە تۇرۇبىنىڭ ئۇ بېشىدىن چىقىدۇ، شۇنداق قىلىپ بىزمۇ سىمنى ئۆتكۈزۈش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز» دەپتۇ.

دۆلىتىمىز ئىسلاھات ئېلىپ بارغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، مەلۇم سانائەت ئورنى ئامېرىكىدىن بىر تۈركۈم نىمكەش ئۈسكۈنىلەرنى ئەڭ تۆۋەن باھا بىلەن سېتىۋاپتۇ، ئارىلىقتا بەزىلەر ئۇلارنى قەستەن قىيىنماقچى بولغانمۇ ـ قانداق، بۇ ئۈسكۈنىلەرنىڭ چېرتيوژلىرى يوقاپ كېتىپتۇ. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى سانسىزلىغان ئالىيېشىل كەلگەن ئىنچىكە ـ توم بولغان سىم يوللىرىغا قاراپ ئاغزىنى ئاچقىنىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇشۇپ قاپتۇ. بۇ ئۈسكۈنىلەرنى چۇۋۇغاندىن كېيىن قانداق قىلىپ قۇراشتۇرۇش كېرەك؟

ئامېرىكىلىقلار ئۇلارنى مازاق قىلىپ: «بۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇنداق مۇرەككەپ توك يولى تاختىسىنى چۈشىنەلىگىنىنى بىر كۆرۈپ باقايلى، بەلكىم ئۇلار بۇ ئۈسكۈنىلەرنى ئەكەتكەندىن كېيىن بىر دۆۋە كېرەكسىز تۆمۈر ـ تەسەككە ئايلاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىشىپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئامېرىكىلىقلار ئون نەچچە جۇڭگولۇق تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئۈسكۈنىنىڭ ئاستىغا ئۆمىلەپ كىرىپ ـ چىقىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ بىر ئاز غەلىتىلىك ھېس قىلىپتۇ، ئەجەبا مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق بۇ ئۈسكۈنىنىڭ توك يولىنى ئېنىقلاپ چىقالارمۇ، بۇ خۇددى ئۇخلىماي چۈش كۆرگەنلىكتە.

20 نەچچە كۈندىن كېيىن، جۇڭگو تەرەپ ئامېرىكا تەرەپكە بارلىق توك يوللىرىنى ئېنىقلاپ بولغانلىقىنى، ئۈسكۈنىنى چۇۋۇشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئامېرىكىلىقلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئانچە ئىشەنمەپتۇ، ئەمما، جۇڭگو تەرەپتىكىلەر ئامېرىكىلىقلارغا جۇڭگو تەرەپتىكىلەرنىڭ ئالاھىدە چارىسىنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىنلا، مەيداندىكى بارلىق ئامېرىكىلىقلار ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ ئاغزىنى ئېچىشىپلا قاپتۇ، چۈنكى بارلىق تۇتاشتۇرغۇچى سىملارنىڭ ھەممىسىگە ھەر خىل رەڭدىكى رېزىنكە يېلىم چاپلانغان بولۇپ، ئۈستىگە رەقەم يېزىلىپ ئىزاھلانغان، بىر قاراپلا ھەممىنى چۈشەنگىلى بولاتتى.

ئامېرىكىلىقلار بۇنى كۆرۈپ باشمالتىقىنى چىقىرىپ «سىلەر بەك قالتىس ئىكەنسىلەر، جۇڭگولۇقلار ھەقىقەتەن بەك ئەقىللىق ئىكەن» دەپ ئۇلارنى ماختاپ كېتىپتۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، بىر قېتىم جۇڭگودىكى مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ بىر تەتقىقات ئىشخانىسى بىر قىيىن مەسىلىگە يولۇقىدۇ. ئۇلار بىر ئىمپورت قىلغان ئۈسكۈنىنىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشىنى بىلمەكچى بولىدۇ، ئەمما پايدىلانغۇدەك ھېچقانداق چېرتيوژ ماتېرىيالىنى تاپقىلى بولمايدۇ. بۇ ئۈسكۈنىنىڭ ئىچىدە100 نەچچە تالدەك ئەگمە تۆرۈبا بىلەن مۇقىملاشتۇرۇۋېتىلگەن قۇرۇلما بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر تال ئەگمە تۆرۈبىنىڭ كىرىش ۋە چىقىش ئېغىزىنى ئېنىقلاش ھەقىقەتەنمۇ بەك تەسكە توختايدۇ.

تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇل خادىمى مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى چاقىرتىپ كېلىپ، بۇ ۋەزىپىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى، چوقۇم قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەڭ ئاز تەننەرخ بىلەن بۇ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، قانداق ئامال قوللىنىشىدىن قەتئىينەزەر بۇ ئۈسكۈنىنىڭ پىرىنسىپىنى ئېنىقلاپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇ يىغىندا قاتناشقۇچىلار بەس ـ بەس بىلەن كاللا قاتۇرۇپ ئامال ئىزدەشكە باشلاپ، ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ ئەپچىل چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ، مەسىلەن: ھەربىر ئەگمە تۆرۈبىنىڭ ئىچىگە سۇ قۇيۇپ بېقىش، نۇر ئارقىلىق يورۇتۇپ بېقىش، دېگەندەك. ھەتتا بەزىلەر چۈمۈلە قاتارلىق كىچىك ھاشاراتلارنى ھەربىر ئەگمە تۆرۈبىدىن ئۆمىلىتىپ ئۆتكۈزۈپ بېقىش تەكلىپىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئاماللىرىنى گەرچە قوللىنىشقا بولىدىغان بولسىمۇ ئەمما ھەممىسى بەك ئاۋارىچىلىك بولۇپ، ۋاقىت ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتكەننىڭ ئۈستىگە تۆلىنىدىغان بەدەلمۇ كۆپ بولۇپ كېتەتتى.

كېيىن، بۇ مەكتەپتىكى بىر ياشانغان ئىشچى پەقەت ئىككى تال بور ۋە بىر نەچچە تال كاپىيەن تاماكا بولسىلا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق بولۇپ، تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ راسا بىر شورىغاندىن كېيىن ئۇنى تۆرۈبىغا قارىتىپ پۈۋلەش، پۈۋلىگەن ۋاقىتتا پۈۋلەش ئېغىزىغا «1» دېگەن رەقەمنى يېزىپ قويۇش، بۇ ۋاقىتتا يەنە بىر ئادەم تۆرۈبىنىڭ يەنە بىر بېشىدا تۇرۇپ، تاماكا ئىسى قايسى تۆرۈبىدىن چىققان بولسا شۇ ئېغىزغا «1» دېگەن رەقەمنى يېزىش، باشقا تۆرۈبىلارغىمۇ مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا بەلگە سېلىش

ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىخىزلىرىنىڭ كىرىش ۋە چىقىش ئۇچىنى تېپىشتىن ئىبارەت بولغان. شۇنداق قىلىپ بۇ مۇرەككەپ مەسىلە ئىككى سائەتكە قالمايلا ھەل قىلىنىپ، 100 تالدەك ئەگمە تۇرۇبىنىڭ كىرىش ۋە چىقىش ئىخىزلىرى تېپىپ چىقىلغان.

مۇشۇنىڭغا ئاساسلانغاندا بىز قىلچىمۇ ئىككىلەنمەستىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرالايمىزكى: ئەڭ ئاددىي بولغىنى كۆپىنچە ھاللاردا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغىنىدۇر.



# 10. روكفېللېر تەپەككۇرى

**ھەر ۋاقىت تەشەببۇسكار بولۇپ، ھەممە يەردە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئەڭ ئاز بەدەل ئارقىلىق ئەڭ زور مەنپەئەتكە ئېرىشىش كېرەك. مانا بۇ روكفېللېر تەپەككۇرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتىدۇر.**

بىر كۈنى پۈرۈر كىيىنگەن سالاپەتلىك بىر كىشى بانكىنىڭ خېرىدارلارنى كۈتۈۋېلىش ئىشخانىسىغا كىرىپ مەغرۇرانە ھالدا ئولتۇرۇۋېتۇ.

بۇ دەل بانكا دىرېكتورىنىڭ خېرىدارلارنى ئۆزى كۈتۈۋالىدىغان كۈنى بولۇپ، دىرېكتور بۇ ئەپەندىدىن: «ئەپەندىم، سىزگە قانداق ياردىمىمىز كېرەك؟» دەپ سورىغاچ بۇ كىشىنىڭ ئۇستىبېشىغا سەپسالىتۇ. قارىسا بۇ كىشى داڭلىق ماركىلىق كاستۇم ـ بۇرۇلكا، ئالىي دەرىجىلىك خۇرۇم ئاياغ، داڭلىق ماركىلىق قول سائەت تاقىۋالغان بولۇپ، ھەتتا بويىنىدىكى گالىستۇكىغىمۇ كۆك ياقۇت ئورنىتىلغان ئىكەن.

ئۇ كىشى:

— مەن ئازراق قەرز ئالاي دېگەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— تامامەن بولىدۇ، سىزگە قانچىلىك قەرز پۇل كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ، دىرېكتور كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بىر ئامېرىكا دوللىرى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى كىشى.

دىرېكتور بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاغزىنى ئېچىپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قاپتۇ.

— مەن پەقەت بىر ئامېرىكا دوللىرىلا قەرز ئالاتتىم، بولارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى كىشى مۇلايىملىق بىلەن.

دىرېكتور كۆڭلىدە: «بۇ ئادەم مۇشۇنداق ئالىي كىيىنگەن تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن بىر دوللار قەرز ئالىدىغاندۇ؟ ئەجەبا ئۇ بىزنىڭ خىزمەت ئۇنۇمىمىزنى سىناۋاتقانمىدۇ يە؟» دەپ ئويلاپتۇ ۋە ناھايىتى خۇشال بولغان قىياپەتتە:

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، سىزنىڭ پەقەت كېپىل بولىدىغان ئادىمىڭىز بولسىلا، قانچىلىك قەرز دېسىڭىز بىز شۇنچىلىك بېرىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئۇنداقتا ياخشى، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى ھەمدە سومكىسىدىن بىر تۇتام پايچېكى، زايوم، ئاكسىيە چېكى قاتارلىقلارنى چىقىرىپ ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ:

— مۇشۇلارنى كېپىللىككە قويسام بولارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

دىرېكتور ئۇلارنى ھېسابلاپ بېقىپتىكەن كەم ئەمەس نەق500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى چىقىپتۇ.

— بۇلار كېپىل قىلىشقا يەتكۈدەك، ئەمما سىز راستىلا بىر دوللار قەرز ئالماقچىمۇ ئەپەندى؟ — دەپ سوراپتۇ دىرېكتور.

— شۇنداق، مەن پەقەت بىر دوللارلا قەرز ئالماقچى، — ھېلىقى كىشى ھېچقانداق ئىپادىسىزلا مۇشۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— بولىدۇ، ئۇنداقتا ئاۋۇ ياققا بېرىپ رەسمىيەت بېجىرىڭ. يىللىق ئۆسۈمى 6% بولىدۇ، بىر يىلدىن كېيىن قايتۇرالىسىڭىز، بىز بۇ كېپىل قىلىنغان چەك ۋە ئاكسىيەلىرىڭىزنى قايتۇرۇپ بېرىمىز، — دەپتۇ دىرېكتور سىپايىلىك بىلەن.

ھېلىقى كىشى بارلىق رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بولۇپ، چىقىپ كېتىش ئالدىدا:

— رەھمەت سىزگە، — دەپتۇ.

دىرېكتور بۇ ئادەمنىڭ ناھايىتى غەلىتە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ:

— كەچۈرۈڭ ئەپەندى، سىزدىن بىر سوئال سورىسام بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

— نېمىنى سورىماقچى ئىدىڭىز؟ — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

— مەن ھېچ چۈشەنمىدىم، سىزنىڭ500 مىڭ دوللارلىق مۈلكىڭىز تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىشقا بىر ئامېرىكا دوللىرى قەرز ئالىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ دىرېكتور.

— بولىدۇ، سىز بۇنچىلىك قىزغىن بولغان يەردە، مەنمۇ سىزگە ئەمەلىي ئەھۋالنى ئېيتىپ بەرمىسەم بولماس، مەن بۇ يەرگە بىر ئىشنى بېجىرگىلى كەلگەن ئىدىم، ئەمما يېنىمدا ئېلىۋالغان بۇ چەك ۋە زايوملارنى ساقلىماق بىر ئاز بىئەپ بولۇپ قالدى، مەن ئەسلىدە بۇلارنى

ساقلاش ئورنىدا ساقلاتماقچى بولغان ئىدىم، ئەمما ئۇلارنىڭ بىخەتەر ئىشكاپلىرىنىڭ ئىجارە ھەققى بەك قىممەت ئىكەن. مەن سىلەرنىڭ بانكاڭلارنىڭ ئامانلىق ساقلاش ئەھۋالىنىڭ ئوبدان ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، شۇڭلاشقا مەن بۇ نەرسىلەرنى كېپىل قىلىش شەرتى بىلەن سىلەرنىڭ بانكاڭلارغا ساقلاشقا قويۇپ قويدۇم، سىز ماڭا ۋاكالىتەن ساقلاپ بېرىدىغان تۇرسىڭىز، مەن يەنە نېمىدىن ئەندىشە قىلاتتىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆسۈمى يىلىغا ئاران ئالتە سىنت دەڭە، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى كىشى.

دىرېكتور شۇندىلا بۇ ئەپەندىنىڭ قەرز ئېلىشتىكى مەقسىتىنى چۈشىنىپ ئۇنىڭ ئەقىللىقلىقىغا قايىل بوپتۇ.

بۇ كىشى دەل ئامېرىكىلىق داڭلىق كارخانىچى روكفېللېردۇر. ھەر ۋاقىت تەشەببۇسكار بولۇپ، ھەممە يەردە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئەڭ ئاز بەدەل ئارقىلىق ئەڭ زور مەنپەئەتكە ئېرىشىش كېرەك. مانا بۇ روكفېللېر تەپەككۇرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتىدۇر.

بىر تال قەغەز قىسقۇچقا بىر داچىنى ئالماشتۇرۇش ھەرگىزمۇ ئەپسانە ئەمەس، بەلكى ئۇ يۈز بەرگىنىگە ئانچە ئۇزاق بولمىغان بىر رېئاللىقتۇر. بۇ ئاجايىپ ھېكايىدىكى باش قەھرىمان بىر ئامېرىكىلىق ياش بولۇپ، پۈتۈن ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق بولغان ئىدى.



دەسلەپتە بۇ يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە بولغان يىگىت بىر تال چوڭ قەغەز قىسقۇچنى چىرايلىق بېزىگەندىن كېيىن ئۇنى ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق ياۋروپادىكى بىر خانقىز بىلەن بىر دانە قەلەمگە ئالماشتۇرىدۇ،

ئاندىن كېيىن ئۇ يەنە بۇ قەلەمنى تور ئارقىلىق قىممىتى تېخىمۇ چوڭراق بولغان نەرسىگە ئالماشتۇرىدۇ..... مانا مۇشۇنداق ئۆزۈكسىز ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ قولىدىكى پۇل بارغانسېرى كۆپىيىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ بىر كومپوزىتور تېخى يېڭىلا ئىجاد قىلغان ناخشىنى قولغا چۈشۈرىدۇ، ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ توردا ياخشىراق ناخشا ئىزدەپ يۈرگەن بىر ناخشىچى بىلەن تونۇشىدۇ، ناخشىچى نام قازىنىشقا ناھايىتى تەقەززا بولۇپ، ئۆزىنىڭ داچىسى بىلەن يىگىت قولىدىكى ناخشىنى تېگىشىپ، داڭلىق ناخشا چولپىنىغا ئايلىنىدۇ، يىگىتمۇ ئاخىر مۇرادىغا يېتىدۇ.

# 11. ئېدىسوننىڭ تەپەككۇرى

هاماقەتلەر تاشقى شەكىلگە ئېسىلىپ كەتكەچكە ئاسانلا سىرتقى ئامىل تەرىپىدىن قايمۇقۇپ قالىدۇ؛ چېچەن كىشىلەر ماھىيەتكە ئېتىبار بېرىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ نەزىرى ئۆتكۈر بولىدۇ. ئېدىسون تەپەككۇرىنىڭ ئۆزىگە خاس يېرى شۇكى، ئۇ ئەركىن ۋە بىمالال ھالدا بىۋاستىلا نىشانغا قاراپ ئاتلىنىدۇ، كىشىلەر ئارىسىدىكى تۈرلۈك ھادىسىلەرنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچراپ قالمايدۇ.

ئېدىسون ئامېرىكىلىق داڭلىق كەشپىياتچى بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىق كەشپىياتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ جانلىق تەپەككۇر قىلىشىدىن ئايرىلغان ئەمەس.

بىر كۈنى ئېدىسون تەجرىبىخانىدا ئىشلەۋېتىپ، لامپۇچكىنىڭ ھەجمى توغرىسىدىكى سانلىق مەلۇماتنى بىلىشكە جىددىي ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ئۇ ئالدىراش ئىشلەۋاتقان بولغاچقا، ئاغزى ھىملانمىغان بىر دانە لامپۇچكىنى ياردەمچىسىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا بۇ لامپۇچكا ھەجمىنى ھېسابلاپ چىقىشنى تاپىلايدۇ. بىردەمدىن كېيىن ئېدىسون قولىدىكى ئىشنى ئىشلەپ پۈتكۈزىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ياردەمچىسى سانلىق مەلۇماتنى تېخىچە ھېسابلاپ ئەكەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئېدىسون ئۆزى ياردەمچىسىنى ئىزدەپ بارىدۇ، ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا ياردەمچىسىنىڭ تېخىچە ئالدىراشلىق ئىچىدە ھېسابلاش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، ئۈستەل ئۈستىدە سانلىق مەلۇمات يېزىلغان قەغەزلەرنىڭ دۆۋىلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ بىر ئاز ئاچچىقى كېلىدۇ ۋە قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە ياردەمچىسىدىن يەنە قانچىلىك ۋاقىتتا ھېسابلاپ چىقالايدىغانلىقىنى سورايدۇ.

ياردەمچىسى:

— ھېسابلاشنىڭ يېرىمى قالدى ئەپەندى، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئېدىسون بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ ياردەمچىسى باياتىن بىرى مېتىر ئارقىلىق لامپۇچكىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى ۋە يانتۇلۇق دەرىجىسىنى ئۆلچەپ چىقىپ مۇرەككەپ فورمۇلا ئارقىلىق ھېسابلاش ئېلىپ بارغان ئىكەن ئەمەسمۇ!

ئۇنىڭ بۇ ياش ياردەمچىسى بىر قاتار ھېسابلاش فورمۇلالىرىنى ئېدىسونغا ھەدەپ چۈشەندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ھېسابلاشتىكى پىكىر يولىنىڭ خاتا ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىپتۇ.

ئېدىسون ئۇنىڭ گېپىنىڭ تۈگىشىنى كۈتمەستىنلا :

— بولدى، قۇرۇق ئاۋارە بولماڭ يىگىت، مېنىڭ ئىشلەش ئۇسۇلۇمغا قاراپ بېقىڭ ھە، — دېگىنىچە لامپۇچكىنىڭ ئىچىگە سۇ توشقۇزۇپ ئاندىن ئۇنى ياردەمچىسىگە تۇتقۇزۇپ:

— بۇنىڭ ئىچىدىكى سۇنى ئىستاكانغا تۆكۈپ ئۇنىڭ ھەجمىنى ماڭا دەرھال ئېيتىپ بېرىڭ، — دەپتۇ.

ئۇنىڭ ياردەمچىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ كېتىپتۇ.

ھاماقەتلەر تاشقى شەكىلگە ئېسىلىپ كەتكەچكە ئاسانلا سىرتقى ئامىل تەرىپىدىن قايمۇقۇپ قالىدۇ؛ چېچەن كىشىلەر ماھىيەتكە ئېتىبار بېرىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ نەزىرى ئۆتكۈر بولىدۇ. ئېدىسون تەپەككۇرىنىڭ ئۆزىگە خاس يېرى شۇكى، ئۇ ئەركىن ۋە بىمالال ھالدا بىۋاسىتىلا نىشانغا قاراپ ئاتىلىدۇ، ئەكسىچە كىشىلەر ئارىسىدىكى تۈرلۈك ھادىسىلەرنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچراپ قالمايدۇ.



ئېدىسوننىڭ بۇ خىل تەپەككۇرىنىڭ دۆلىتىمىزدە تېخىمۇ ئېپىك بولغان بىر خىل قەدىمىي شەكلى بولغان.

غەربىي خەن سۇلالىسى زامانىسىدا سۈن باۋ پايتەخت بېگى بولغان ئىكەن.

بىر كۈنى قاينىغاق بىر كوچا

رەستىسىدە بىر دېھقان ئېھتىياتسىزلىقتىن ساڭزا يايمىسىغا پۇتلىشىپ كېتىپ، يايمىدىكى بارلىق ساڭزا يەرگە چېچىلىپ چۇۋۇلۇپ كېتىپتۇ. ھېلىقى نەس باسقان بىچارە دېھقان 50 دانە ساڭزىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرەي دەپتۇ، ئەمما ساڭزا ساتقۇچى قوشۇلماپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ بۈگۈن300 دانە ساڭزا سالغانلىقىنى، ئەمما ھەممىسىنىڭ چۇۋۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقاچقا ئۇنىڭ دېگىنىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن چۇۋۇلۇپ كەتكەن ساڭزىلارنى ساناپ چىقىشقا مۇمكىن بولماپتۇ. ھەر ئىككىيلەن بىر مەھەللىگىچە ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپتۇ، ئەتراپتا تۇرغانلارمۇ بۇنىڭغا بىرەر نەرسە دېيەلمەپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا سۇن باۋ دەل بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىكەن. ئۇ بۇ ئىشنى ئاڭلاپ دەرھال بىرەيلەننى بۇيرۇپ ساڭزا ئەكەلدۈرۈپ ئۇنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېسابلاپ چىقىپتۇ، ئاندىن يەردىكى چېچىلىپ كەتكەن ساڭزىلارنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەپ چىقىپتۇ ۋە يەردىكى چېچىلىپ كەتكەن ساڭزىلارنىڭ ئېغىرلىقىغا ئاساسەن ئۇنىڭ سانىنى ھېسابلاپ چىقىپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ ھېلىقى دېھقانغا ئۆلچەپ چىققان ساڭزىنىڭ سانىغا ئاساسەن يايمىكەشكە تۆلەم بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. سۇن باۋنىڭ بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشى ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىپتۇ، ھەتتا ھېلىقى يايمىكەشمۇ بۇنىڭغا قايىل بوپتۇ.

بىر يىلى يىل ئاخىرىدا، بىر كىچىك سودىگەر مىڭبىر جاپادا بىر تۈركۈم مال ئەكېلىپ خېرىدارغا تاپشۇرۇپتۇ. ئەمما خېلى ئۇزاق ساقلىسىمۇ ھېلىقى خېرىدار مال پۇلىنى ئەۋەتمەپتۇ.

ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن سودىگەرنىڭ تاقىتى ـ تاق بوپتۇ ۋە ئاخىر كېچىلىك نۆۋەتچى پويىزغا ئولتۇرۇپ مال سېتىۋالغان خېرىدارنىڭ شىركىتىگە بېرىپتۇ، بىرنەچچە سائەت ساقلىغاندىن كېيىنلا قارشى تەرەپ ئاندىن ئۆزىنى كۆرسىتىپتۇ.

ھېلىقى سودىگەر خېلى بىر ھازا ئاۋارە بولغاندىن كېيىنلا ئاندىن نەچچە يۈز مىڭ يۈەنلىك پۇل چېكىگە ئېرىشىپتۇ ۋە دەرھال بانكىغا بېرىپ بۇ چەكنى نەق پۇلغا ئالماشتۇرۇپ چاغانلىق جىددىي ئېھتىياجىغا ئىشلەتمەكچى بوپتۇ.

كىم بىلسۇن، بۇ سودىگەر ھېلىقى چەكنى بانكىغا نەقلەشتۈرگىلى

بارغاندا، خېرىدارنىڭ مەزكۇر ھېسابات نومۇرىدا مەبلەغ ئوبوروتى قىلمىغىنىغا ناھايىتى ئۇزاق بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ھېساباتتىكى پۇل سوممىسى نەقلەشتۇرۇشكە يەتمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

بۇ چاغدا سودىگەر ھەممىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ، ئەسلىدە ھېلىقى مەككار خېرىدار ئۇنى قەستەن ئەخمەق قىلغان ئىكەن. شۇ چاغدا ئۇ ھېلىقى خېرىدارنىڭ شىركىتىگە ئۇدۇللا بېرىپ ھېلىقى ئەبلەخ بىلەن بىر ھېسابلاشماقچى بوپتۇ. ئۇ بانكىدىن ئايرىلىش ئالدىدا ئۆزىنى سەل - پەل بېسىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقىنى بانكا خادىمىغا ئېيتىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن قارشى تەرەپنىڭ ئامانەت قويغان پۇلى نەقلەشتۇرۇشكە يەنە قانچىلىك كەملەيدىغىنىنى سوراپتۇ.

ئۇنىڭ سەممىيلىكىنى كۆرۈپ بانكا خىزمەتچىسىمۇ ئۇنىڭغا قىزغىنلىق بىلەن ياردەم بېرىپتۇ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە قارشى تەرەپنىڭ ھېسابىدىكى پۇل98 مىڭ يۈەن بولۇپ، چەكنى نەقلەشتۇرۇشكە يەنە 2000 يۈەن كەملەيدىكەن.

دەرۋەقە ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك، ھېلىقى خېرىدار ئۇنىڭ بىلەن قەستەن قېرىشقان ئىكەن. قارىغاندا بۇ قەرز پۇلى سەل - پەل ئىشەنچسىزدەك قىلاتتى.

ھېلىقى سودىگەر ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ ئاخىر كاللىسىغا بىر ئەقىل كەپتۇ - دە، يېنىدىن 2000 يۈەن چىقىرىپ،بانكا خادىمىغا بۇ پۇلنى خېرىدارنىڭ ھېساباتىغا قويۇپ، چەكتىكى كەم قالغان پۇلنى تولۇقلاپ ئاندىن ھېلىقى پۇل چېكىنى نەقلەشتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاخىر ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەجرى بەدىلىگە كەلگەن مال پۇلىنى ئوڭۇشلۇق ھالدا قولىغا ئاپتۇ.

# 12. بۇبكا تەپەككۇرى

ئۇمۇمەن ئازراق ئىمكانىيەت قالدۇرۇپ قويۇش، ھەممە كۈچنى ئىشلىتىۋەتمەسلىك كېرەك، قولىدىكى نەرسىلەردىن ئاستا - ئاستا ھۇزۇر ئېلىشنى چۈشىنىش كېرەك. مانا بۇ، بۇبكا تەپەككۇرىنىڭ ئېسىل تەرىپىدۇر.

بۇبكا ئۇكرائىنانىڭ دۇنياغا داڭلىق خادىغا تايىنىپ ئېگىز سەكرەش تەنھەرىكەتچىسى بولۇپ، 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۇ ئىزچىل ھالدا تەنتەربىيە ساھەسىدىكى قەھرىمان، دەپ تەرىپلىنىپ كەلگەن، ھەمدە ئۆزۈكسىز مۆجىزە ياراتقان. ھەر قېتىملىق خەلقئارالىق مۇسابىقىلەردە، مەسىلەن: ئولىمپىك تەنتەربىيە يىغىنى، خەلقئارالىق لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ياكى خەلقئارالىق يېنىك ئاتلېتىكا بىرلەشمە مۇسابىقىسى بولسۇن، ئۇ ھەممىسىدە دۇنيا رېكورتىنى يېڭىلىغان ئىدى.

قىزىقارلىق بولغىنى شۇكى، بۇ ماھىر يېڭى رېكورتنى ئازمۇ - كۆپمۇ ئەمەس، نەق بىر سانتىمېتىر يۇقىرى كۆتۈرۈۋېتەتتى.

بۇ ئىش كېيىنچە بارغانسېرى كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاشقا باشلايدۇ. بەزىلەر : «بۇ سولتەك نېمە ئۈچۈن ھەر قېتىمدا بىر سانتىمېترلا ئېگىز سەكرەيدىغاندۇ؟» دەپ غودۇرىشاتتى. ئەمما سەل - پەل كۆزىتىدىغان بولساق شۇنىسى ئېنىقكى، پىشقان بۇبكا ھەر قېتىم توغرا خادىدىن ھالقىپ ئۆتكەن ۋاقىتتا ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە تېخىمۇ چوڭ رېكورت يېڭىلاش بوشلۇقى قالدۇرۇپ قوياتتى.



خېلى كۆپ مۇخبىرلار بۇ مەسىلە توغرىسىدا بۇبكادىن سوئال سورىغان بولسىمۇ ئەمما ھېچقايسىسى جاۋابقا ئېرىشەلمىگەنىدى، چۈنكى بۇ ماھىر بۇنداق سوئاللار سورالغاندا ھەمىشە كۈلۈپلا ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئازراقمۇ سىر بەرمەيتتى، تاكى ئۇ پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۆزىنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ.

ئەسلىدە، توغرىسىنى ئېيتقاندا خەلقئارا دەرىجىلىك مۇسابىقىلەردە رېكورت بۇزغاندا ھەمىشە زور سوممىلىق مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشكىلى بولىدىغان بولۇپ، ئەقىللىق بۇبكا ئامىتىنىڭ داۋاملىق كېلىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ھەر قېتىملىق مۇسابىقىدە باشقىلار بۇزالمايدىغان رېكورتنى ئازراق يېڭىلاپلا قويىدىكەن، قاراڭلار بۇ سولتەك نېمىدېگەن ئەتراپلىق چوت سوققان ـ ھە!

ئومۇمەن ئازراق ئىمكانىيەت قالدۇرۇپ قويۇش، ھەممە كۈچىنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك، قولىدىكى نەرسىلەردىن ئاستا ـ ئاستا ھۆزۈر ئېلىشنى چۈشىنىش كېرەك. مانا بۇ، بۇبكا تەپەككۇرىنىڭ ئېسىل تەرىپىدۇر.

# 13. ھەييارلار تەپەككۇرى

ئەڭ خەتەرلىك جايلا ئەڭ بىخەتەر جايدۇر، بۇ خىل ھەييارلار تەپەككۇرى شەيئى چېكىگە يەتسە ئەكسىگە يانىدۇ، دەيدىغان بىر خىل پەلسەپىۋى ئىدىيەنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ خىلدىكى تەپەككۇرغا ئىگە بولغان ئادەم ئادەتتىن تاشقىرى باتۇرلۇقىمۇ ئىگە بولىدۇ.

مەلۇم بىر ھايۋاناتلار باغچىسىدىكى ئۈستى ئوچۇق سەھنىدە بېشىغا گۈللۈك دوپپا كىيىۋالغان قىزىل بۇرۇنلۇق بىر ھەييار قىزىقچىلىق ئويۇنى كۆرسىتىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بىر دەھشەتلىك ھۇۋلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، ئۇ ئارقىسىغا شۇنداق قاراپ ئارقا تەرىپىدىكى بىر شىرنىڭ قەپەسىدىن چىقىپ ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

پەستە تاماشا كۆرۈۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى قىيا - چىيا ئىچىدە باغچە ئىشىكى تەرەپكە قاراپ قېچىشىپتۇ، بۇنى كۆرگەن شىرنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپتۇ - دە، كىشىلەر توپىنى قوغلاپ يۈرۈپ نۇرغۇن ئادەملەرنى يارىلاندۇرۇپتۇ. پەقەت باغچە ساقچىسى يېتىپ كېلىپ شىرنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىنلا، بۇ بىر مەيدان كۆتۈلمىگەن قورقۇنچلۇق ۋەقە تىنجىپتۇ.

كىشىلەر تۇيۇقسىز ھېلىقى ھەييارنىڭ يوقلىقىنى بايقاپتۇ. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئالاقزەدە بولۇپ: «ۋاي تەڭرىم، ئۇنى شىر تىرىك پېتى يۇتۇۋەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ ئازاب چېكىشكە باشلاپتۇ. كۆپچىلىك ئۇيان - بۇيان ئىزدەپ يۈرۈپ ئۇنى ئاخىر تېپىپتۇ.

ئويلاپ بېقىڭە، ئۇ نەگە مۆكۈنۈۋالغاندۇ؟

ئەسلىدە كۆپچىلىك باغچە دەرۋازىسىغا قاراپ قاچقان ۋاقىتتا ئۇ ئەكسىچە شىر قەپىسىگە كىرىۋالغان بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى بايقىغان ۋاقىتتا ئۇ شىر قەپىسىنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ قويۇپ ئىچىدە خاتىرجەم

ئارام ئېلىۋاتقان ئىكەن.

ئەڭ خەتەرلىك جايلا ئەڭ بىخەتەر جايدۇر، بۇ خىل ھەييارلار تەپەككۇرى شەيئى چېكىگە يەتسە ئەكسىچە يانىدۇ، دەيدىغان بىر خىل پەلسەپىۋى ئىدىيەنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ خىلدىكى تەپەككۇرغا ئىگە بولغان ئادەم ئادەتتىن تاشقىرى باتۇرلۇققىمۇ ئىگە بولىدۇ.

# 14. كىيىم تىككۈچىنىڭ تەپەككۇرى

كۆز ئالدىدىكى رەقىبلا ھەقىقىي رەقىبتۇر؛ رېئاللىقتىكى مەسىلىلا ئەڭ ئەھمىيەتلىك مەسىلىدۇر. مانا بۇ كىيىم تىككۈچىنىڭ تەپەككۇرىنىڭ ئاساسىي مەقسىتىدۇر. كىشىلەر پەقەت رېئاللىقتىكى مەسىلىلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغاندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.

ئەنگلىيەدە ھەممە ئادەم بىلىدىغان مۇنداق بىر ھېكايە بار. لوندوندىكى بىر كوچىدا ئۈچ كىيىم تىكىش دۇكىنى بولۇپ، بۇ ئۈچ دۇكاننىڭ ھەممىسى داڭلىق دۇكانلار ئىكەن. خېرىدارلارنى تېخىمۇ كۆپرەك جەلپ قىلىپ تىجارەت سوممىسىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ئۈچ دۇكاننىڭ خوجايىنلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز دۇكىنىنىڭ ئالدىغا بىر دانىدىن ئېلان تاختىسى چىقىرىپتۇ.

شۇ ۋاقىتتا ئەڭ ئالدى بىلەن ئېسىلغان ئېلان تاختىسىغا كۆزگە چېلىقىدىغان قىلىپ: «بۇ دۇكاندا لوندون بويىچە ئەڭ ياخشى كىيىم تىككۈچى بار» دېگەن خەت يېزىلىپتۇ.

يەنە بىر دۇكاننىڭ خوجايىنى بۇ ئېلان تاختىسىنى كۆرۈپ، ئۆز سودىسىنىڭ كاساتلىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپتۇ ۋە ئۇمۇ ئۆز دۇكىنىنىڭ ئالدىغا ئوخشاش چوڭلۇقتىكى ئېلان تاختىسىدىن بىرنى ئېسىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا: «بۇ دۇكاندا ئەنگلىيە بويىچە ئەڭ ياخشى كىيىم تىككۈچى بار» دېگەن خەتنى يېزىپ قويۇپتۇ.

بۇنى كۆرگەن كىشىلەر، ئۈچىنچى دۇكاننىڭ خوجايىنىمۇ چوقۇم مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئېلان تاختىسى چىقىرىپ، ئۈستىگە : «بۇ دۇكاندا پۈتۈن دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى كىيىم تىككۈچى بار» دېگەن خەتنى يازىدۇ، دەپ پەرەز قىلىشىپتۇ.

ئەمما بۇ دۇكاننىڭ خوجايىنى ئەقلىنى سەل - پەل ئىشقا سېلىپتۇ. ئۇ ئۇنچىۋالا چوڭ گەپ قىلماستىن ئەكسىچە سەل - پەل تۆۋەنرەك يەردىن

گەپ باشلاپتۇ. ئۇنىڭ چىقارغان ئېلان تاختىسى قارىماققا سەل ئاددىيدەك قىلسىمۇ ئەمما ئەپچىل بولۇپ، ئۇنىڭغا: «بۇ دۇكاندا مۇشۇ كوچا بويىچە ئەڭ ياخشى كىيىم تىككۈچى بار» دېگەن خەتنى يېزىپ قويۇپتۇ. بۇ ئېلان تاختىسى چىقىرىلىش بىلەنلا كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپتۇ.

كۆز ئالدىدىكى رەقىبلا ھەقىقىي رەقىبتۇر؛ رېئاللىقتىكى مەسىلىلا ئەڭ ئەھمىيەتلىك مەسىلىدۇر. مانا بۇ كىيىم تىككۈچىنىڭ تەپەككۇرىنىڭ ئاساسىي مەقسىتىدۇر. كىشىلەر پەقەت رېئاللىقتىكى مەسىلىلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغاندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.

ئىلگىرى فىرانسىيەنىڭ پارىژ شەھىرىدە بىر ياش رەسسام ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ كۈنبويى ئىشكىنى تاقىۋېلىپ رەسىم سىزىدىكەن، ئەمما تازا نام قازانمىغانلىقى ئۈچۈن تۇرمۇشى سېرىقتال ئۆتىدىكەن.

بىر كۈنى، ئۇ بىر كىچىك كوچىدىكى ئېرىقتىن باشقىلار تاشلىۋەتكەن بىر جۈپ كونا ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ تېپىۋاپتۇ. ھەممە ئىشقا سەزگۈرلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بۇ رەسسام ئۆزىنى تەقدىر ئاشۇ كىچىك ئېرىققا تاشلىۋەتكەن بەختسىز ئادەمدەك ھېس قىلىپتۇ ۋە ئۇھسىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ چوڭقۇر خىيالغا پاتقان شۇ دەقىقىدە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى تۇرمۇشىنى بىر قۇر ئەسلىگەندىن كېيىن كۆز ئالدى پاللىدە يورۇپ كېتىپتۇ ۋە كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىق نەزىرى ئىچىدە ھېلىقى كونا ئېگىز پاشنىلىق ئاياغنى قويىنىغا سالغىنىچە ئۆز تۇرالغۇسىغا قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ.



ئۇ ئۆيگە كىرىپلا ھېلىقى كونا ئېگىز پاشنىلىق ئاياغقا ئىش قوشۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەم

يۈزىنىڭ ئوبرازىنى سىزىپ چىقىپتۇ، ئۇ ئەسكى - تۈسكىلەرنى سەنئەت ئەسىرىگە ئايلاندۇرۇشنى قارار قىلىپ كونا ئاياغقا ئىش قوشۇپ ئادەملەرنىڭ ھەر خىل يۈز شەكىللىرىنى چىقىرىپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ مۇشۇ ئىشنى كەسىپ قىلىپتۇ. بىر قانچە يىل ئىچىدە نەچچە مىڭلىغان كونا ئاياغلارنى ھەر خىل شەكىلدىكى سەنئەت ئەسىرىگە ئايلاندۇرۇپتۇ، بەزىلىرىدە مەسخىرە ئارىلاش كۈلكە ئىپادىلەنگەن بولسا، بەزىلىرىدە ناچار ئىللەتلەرنى ئەيىبلەپتۇ، بەزىلىرىگە سىياسەتۋازلار، ئايال راھىبلار، شوخ كەپسىز باللار... قاتارلىق ھەر خىل ئوبرازلارنى سىزىپتۇ. دەرۋەقە ئۇنىڭ ئەجرى يەردە قالماپتۇ، بۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان سەنئەت ئەسەرلىرى ئاستا - ئاستا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا باشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ رەسسام ئۆزىنىڭ بۇ ئەسەرلىرىنى پارىژ، توكيو، لوندون، سيۇرىخ قاتارلىق جايلاردا كۆپ قېتىم كۆرگەزمە قىلىپ سېتىپتۇ. ھەربىر سەنئەت بۇيۇمىنىڭ باھاسى بارغانسېرى ئۆسۈپ ھەتتا 3000 ئامېرىكا دوللىرىغىچە سېتىلىپتۇ. شۇڭلاشقا ئۇ «ئاياغقا يۈز رەسىمى سىزغۇچى تالانت ئىگىسى» دەپ ئاتىلىپتۇ، ئۇنىڭ ھەربىر كونا ئاياغقا سىزغان ئادەم يۈزى رەسىم ئەسىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزگىچە بولۇپ، ھەربىرسىدە ئۆزىگە خاس«روھىي قىياپەت» ئەكس ئېتىپ تۇرىدىكەن.

# 15. مەھبۇسنىڭ تەپەككۇرى

مەھبۇسنىڭ تەپەككۇرى بىزگە مۇنداق بىر ئۇچۇرنى يەتكۈزىدۇ: ئادەم باشقىلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىشنى بىلىش كېرەك، ئۆزى مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشقا قۇربى يەتمىگەندە، ئامال قىلىپ قابىل كىشىلەرنى ياردەملىشىشكە تەكلىپ قىلىش كېرەك؛ ئۆزىنىڭ قۇربى يەتكەن تەقدىردىمۇ، بەزى ۋاقىتتا تېخىمۇ ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق بەزى ئىشلارنى تېخىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك قىلىشنى ئويلىشىپ بېقىش كېرەك.

بۇرۇن فىرانسىيەدە بىر دېھقان باشقىلارنىڭ تۆھمەت قىلىشىغا ئۇچراپ، پادىشاھنىڭ مەرۋايىتىنى ئوغرىلىغان دېگەن جىنايەت بىلەن زىندانغا تاشلىنىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ دېھقان ئاۋارىچىلىككە قاپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭ بىر پارچە ياڭيۇ ئېتىزى بار بولۇپ، ئۇنىڭ تېنى ئاجىز، كېسەلچان خوتۇنىنىڭ ئېتىزلىقنىڭ ئىشىنى ئۆزى يالغۇز قىلىشقا ئەسلا قۇربى يەتمەيدىكەن، ئەگەر بۇ يەر ئۆز ۋاقتىدا يۇمشىتىلمىسا بىر نەرسە تېرىش مۇمكىن بولمايدىكەن. تېرىقچىلىق پەسلىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ بۇ بىچارە مەھبۇسنىڭ ئىچى تىتىلداشقا باشلاپتۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز قاتتىق ئويلىنىپمۇ پەقەت ئامال تاپالماپتۇ. ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە خىيال سۈرۈپ يېتىپ ئۇنىڭ كاللىسىغا مۇنداق بىر ئەقىل كەپتۇ، ئۇ يوشۇرۇنچە بىر پارچە خەت يېزىپتۇ ۋە گۇندىپايغا ياخشى گەپلەرنى قىلىپ يۇرۇپ ئايالىغا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. خەتتە مۇنداق يېزىلغان ئىكەن: «سۆيۈملۈكۈم، بۇگۈن مەن ئەڭ چوڭ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ بۇ خەتنى يېزىپ سىزگە بىر مەخپىيەتلىكنى ئېيتىپ بېرىپ سىزنى بۇنىڭدىن كېيىن ئەڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرگۈزمەكچىمەن..........»، ئۇ مەھبۇسنىڭ خەتتە تىلغا ئالغان

مەخپىيەتلىكى بولسا، ھېلىقى ئىتىزلىقتا بىر پارچە «گۆھەر» كۆمۈلگەن ئىكەن.

دەرۋەقە، ھېلىقى گۇندىپاي بۇ خەتنى زىندان باشلىقىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ خىزمەت كۆرسەتمەكچى بوپتۇ.

بۇ خەتنى كۆرۈپ زىندان باشلىقىنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ ۋە بىر بىرىگادا ئەسكەرنى بۇ مەھبۇسنىڭ ئېتىزلىقىغا ئەۋەتىپ ئۇ يەرنى قېزىپ ئۇگىتەي ـ توگىتەي قىلىۋېتىپتۇ، نەتىجىدە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي قۇرۇق قول قايتىپ كەپتۇ، ئەسلىدە ھېلىقى كالىلىسى ئىشلىمەيدىغان قاپاقباش ئەسكەرلەر ھېلىقى ئەقىللىق مەھبۇسقا خۇددى ئات ـ كالىلار يەرنى ئاغدۇرغاندەك يەرنى ئاغدۇرۇپ بېرىپتىكەن ئەمەسمۇ.

مەھبۇسنىڭ تەپەككۇرى بىزگە مۇنداق بىر ئۇچۇرنى يەتكۈزىدۇ: ئادەم باشقىلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىشنى بىلىش كېرەك، ئۆزى مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشقا قۇربى يەتمىگەندە، ئامال قىلىپ قابىل كىشىلەرنى ياردەملىشىشكە تەكلىپ قىلىش كېرەك؛ ئۆزىنىڭ قۇربى يەتكەن تەقدىردىمۇ، بەزى ۋاقىتتا تېخىمۇ ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق بەزى ئىشلارنى تېخىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك قىلىشنى ئويلىشىپ بېقىش كېرەك.

ئەڭ چېۋەر غوجايىنىڭمۇ قايمۇقۇپ قالىدىغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ، 1952 ـ يىلى ياپونىيە توشىبا ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى شىركىتىدە كۆپ مىقداردىكى شامالدۇرغۇچ سېتىلماي بېسىلىپ قالىدۇ، غوجايىن ئامال تاپالمايدۇ ـ دە، شىركەتتىكى70 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىنى بىرلىكتە سېتىش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە سەپەرۋەر قىلىدۇ.

بىر ئاددىي خىزمەتچى شىركەت غوجايىنىدىن: «بىزنىڭ شامالدۇرغۇچلىرىمىزنى باشقا رەڭلەردە ئىشلەپچىقارساق بولمامدۇ؟» دەپ سوراپتۇ.

غوجايىن ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا ئىنتايىن ئېتىبار بېرىپتۇ، ھەتتا بۇ سوئالنى مۇدىرىيەت يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپتۇ، ئەڭ ئاخىرىدا مۇدىرىيەت ئۇنىڭ بۇ پىكرىنى قوبۇل قىلىپتۇ.

ئىككىنچى يىلى يازدا، توشىبا ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى ھەر خىل رەڭدىكى شامالدۇرغۇچلارنى بازارغا سېلىپتۇ، بۇ شامالدۇرغۇچلار بازارغا سېلىنىشى بىلەنلا خېرىدارلار تالىشىپ سېتىۋاپتۇ، شۇنداق قىلىپ بىرنەچچە ئاي ئىچىدىلا بۇ خىلدىكى شامالدۇرغۇچلاردىن نەچچە ئونمىڭى سېتىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن دۇنيانىڭ ھەر قانداق جايىدىكى شامالدۇرغۇچلار بۇرۇنقىدەك بىر خىل قارا رەڭدىلا ئىشلەپچىقىرىلمايدىغان بولۇپتۇ.



# 16. سەرگەردانلارنىڭ تەپەككۇرى

بىر قەدەر تۆۋەن بولغان مۆلچەرلەش ئارقىلىق تېخىمۇ چوڭ بولغان تەرەققىيات بوشلۇقى يارىتىش كېرەك. مانا بۇ سەرگەردانلار تەپەككۇرىنىڭ ماھىيەتلىك قىسمىدۇر. مەلۇم بىر خىل ماھارەت قاتلىمىدىن ئېيتقاندا بۇ خىل تەپەككۇر ئۇسۇلىدا تۇزاق قۇرۇش ھىدى پۇراپ تۇرىدۇ.

بۇ بىر ئاپئاق قارلىق كېچە بولۇپ، قايتىدىغانغا ئۆيى يوق بىر سەرگەردان ياش بىر كەنتتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئاچلىق ۋە سوغۇق دەستىدىن ماگالماي قالىدۇ، ئۇ ئامالسىز يېقىن ئەتراپتىكى بىر دېھقاننىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چېكىدۇ، ئىشىكنى چىرايىدىن مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرىدىغان بىر ياشانغان ئايال ئاچىدۇ.

— ۋاي - ۋۇي،قاراڭ توڭلاپ كەتكىنىڭىزنى، تېز ئۆيگە كىرىپ ئىسسىنىۋېلىڭ، — دەيدۇ ياشانغان ئايال ۋە بۇ يىگىتنىڭ ئەپتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا بەك ئىچى ئاغرىغان ھالدا خۇددى ئۆز ئوغلىغا مۇئامىلە قىلغاندەك كۆيۈنۈپ كېتىدۇ.

ئاچلىق ۋە سوغۇق دەستىدىن ھالىدىن كەتكەن بۇ ياش ئىشىكتىن كىرىپلا مەشنىڭ يېنىغا يېقىن كېلىپ ئولتۇرىدۇ، ئوتنىڭ ئىسسىقى ۋە ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسى ئۇنىڭغا ھەقىقىي بىر ئۆينىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

— بالام، سىز ئاۋۋال ئىسسىنغاچ تۇرۇڭ، مەن سىزگە چاي دەملەپ چىقاي.

بۇ مېھرىبان ئايال شۇنداق دېگەچ بۇ بالىنىڭ ئۇستىبېشىغا سەپسالىدۇ. ئۇ قاش - كۆزلىرى جايىدا، زېرەكلىكى چىقىپ تۇرىدىغان بىر بالا ئىدى.

بۇ يىگىت قازاندىكى پۇرۇقلاپ قايناۋاتقان سۇغا قارىۋېدى قورسىقىنىڭ ئاچلىقى تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئاشقازىنىنى بىرسى خۇددى

ئامبۇر بىلەن قىسىپ تارتىۋاتقاندەك ئېچىشىپ كېتىدۇ ـ دە، ئىختىيارسىز ئاغزىنى ئۆمەللەپ قويىدۇ، ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ھېلىقى مېھرىبان ياشانغان ئايالنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغاندى.

— قورسىقىڭىز ئېچىپتۇ ـ دە؟ ئۆيدە قوناق مومىسى بار. بۇ ياشانغان ئايال شۇنداق مېھرىبانلىق قىلىدۇ، ئەمما كۆڭلىدە: «بۇ بالا بىكار تەلەپ ئاقلانچىلاردىن ئەمەستۇ ـ ھە؟ مەن ئۇنىڭغا بىر تاللا قوناق مومىسى بېرەي» دەپ ئويلايدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ئويلىشىنىڭمۇ ئاساسى بار ئىدى، چۈنكى بۇ زاماندا تەييارغا ھەييار بولۇپ، بىكارغا تاماق يەيدىغانلار كۆپ ـ دە.

— مەن، شورپا ئىچەي دېگەن، — دەيدۇ بالا ئۇ ئايالنىڭ قولىدىكى ھەم كىچىك، ھەم قاتتىق قوناق مومىسىغا قاراپ قويۇپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھېلىقى ياشانغان ئايال چۆچۈپ كېتىدۇ: « مانا دېمىدىممۇ، نەپسى بەك چوڭكەن بۇنىڭ. تاماققا بولغان تەلەپپىنىڭ يۇقىرىلىقىنى قاراڭ» دەپ ئويلايدۇ.

ئۇ ئايالنىڭ ھەيرانلىق ئىچىدە داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغان تۇرقىنى كۆرگەن بالا تېخىمۇ تەمكىنلىشىپ كېتىدۇ، ئۇ قويىنىدىن بىر تال قوناق مومىسىچىلىك چوڭلۇقتىكى تاشنى چىقىرىدۇ ۋە:

— قازىنىڭىزدا بۇ گۆھىرىمنى قاينىتىپ بىر قازان تاش شورپىسى قىلىۋالسام بولامدۇ، — دەپ سوراپتۇ.

— تاش شورپىسىما؟

بۇ ئايال تېخىمۇ ھەيران قالىدۇ، بۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى يېڭىچە ۋە غەيرىي تۇيۇلىدۇ، ئۇ كۆڭلىدە: «مۇشۇ ياشقىچە كېلىپمۇ بۇنداق ئىشنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، ئۇنى قانداق ئېتىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ، بۇ ئايال ئۆزى ياشانغىنى بىلەن ھەممە ئىشقا قىزىقىدىغان بولۇپ، بۇ بالىنىڭ گەپلىرى ئۇنى ناھايىتى ھەيران قالدۇرۇپتۇ.

سەرگەردان يىگىت ئۇ ئايالنىڭ قوشۇلغانلىقىنى كۆرۈپ قولىدىكى تاشنى قازانغا سېپتۇ.

بىر دەمدىن كېيىن سۇ قايناپتۇ. بىر چەتتە چەكچىيىپ قاراپ تۇرغان ياشانغان ئايال تاشنىڭ سۇ ئىچىدە بۇلدۇقلاپ قايناپ تۇرغىنىغا قارىغىنىچە كۆڭلىدە: «مەن بۈگۈن بۇ تاش شورپىسىنى ئېتىشنى ياخشىراق ئۆگىنىۋېلىپ كېيىن ئۆزۈم ئېتىپ باقمايمەنمۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

— ئازراق تۇز سېلىشىم كېرەك. يىگىت ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق

دىگىنىچە تۇز كومزىكىنى ئىزدەپتۇ.

ھېلىقى ياشانغان ئايال بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇز كومزىكىنى سۇنۇپ بېرىپتۇ.

— ئازراق قارىمۇچ تالقىنى بولغان بولسا تەمى تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى، — دەپتۇ ھېلىقى يىگىت سوئال تەلەپپۇزىدا.

— مېنىڭچىمۇ شۇنداق، — دەپتۇ ياشانغان ئايال قوشۇلۇش تەلەپپۇزىدا.

— ئەگەر ئازراق گۆش تالقىنى بولغان بولسا تېخىمۇ قالتىس بولغان بولاتتى، — دەپتۇ سەرگەردان يىگىت.

— ئۇنداق بولسا بۇنى سېلىڭ. ياشانغان ئايال شۇنداق دېگىنىچە گۆش تالقىنىنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ.

— يېسىڭىزلەك بارمۇ؟ چۈنكى بۇنىڭغا يەنە ئازراق يېسىڭىزلەك يوپۇرمىقى سالغاندا تەمى ناھايىتى ئوبدان بولىدۇ، — دەپتۇ يىگىت. شۇنداق قىلىپ بۇ يىگىت ئاخىر شورپا ئىچىش مەقسىتىگە يېتىپتۇ.

سەرگەردان يىگىت ئاتالمىش تاش شورپىسىنى مەززە قىلىپ ئىچىۋاتقان ۋاقىتتا، خېلىدىن بېرى ھەيرانلىق ئىچىدە بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ياشانغان ئايال ھەممىنى چۈشىنىپ يېتىپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ـ دە:

— ۋاييەي، ئەسلىي مەن سىزنىڭ دامىڭىزغا چۈشۈپتىكەنمەن ـ دە، — دەپتۇ.

بىر قەدەر تۆۋەن بولغان مۆلچەرلەش ئارقىلىق تېخىمۇ چوڭ بولغان تەرەققىيات بوشلۇقى يارىتىش كېرەك. مانا بۇ سەرگەردانلار تەپەككۇرىنىڭ ماھىيەتلىك قىسمىدۇر. مەلۇم بىر خىل ماھارەت قاتلىمىدىن ئېيتقاندا بۇ خىل تەپەككۇر ئۇسۇلىدا تۇزاق قۇرۇش ھىدى پۇراپ تۇرىدۇ.

ئەمەلىي تۇرمۇشتا سەرگەردانلار تەپەككۇرى ئارقىلىق كۆپىنچە ھاللاردا ئويلىمىغان ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئامېرىكىدا چىقىدىغان«سودا ھەپتىلىك ژۇرنىلى» دا 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ماقالىدە، ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيە دائىرىلىرى، پارلامېنتنىڭ ھەربىي خىراجەت ئاتچوت چەكلىمىسىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئەپچىل تەدبىر قوللىنىپ «باھاغا سۇندۇرۇپ سېتىۋېلىش» شەكلى بىلەن ئۆزىگە 20 دانە F-22 «يىرتقۇچ قۇش» ناملىق كۆرۈنمەس كۈرەشچى ئايروپىلان تولۇقلاپ سېتىۋالغانلىقىدەك خەۋەر بېسىلغان ئىدى. ئىشنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق

بولغان ئىدى F-22 :ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ قىممەت ئايروپىلان بولۇپ، ئۇنىڭ يەككە ياسىلىش باھاسى130 مىليون ئامېرىكا دوللىرى (خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا تەخمىنەن بىر مىليارد يۈەن خەلق پۇلى بولىدۇ)ئىدى، ئەگەر بىر قېتىمدىلا بۇ خىلدىكى ئايروپىلاندىن20 دانە ۋە ئۇنىڭ سەپلىمە ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋالغاندا 3 مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرى كېتەتتى. ئەمما ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيە دائىرىلىرى پارلامېنتقا بۇ تۈردىكى ھەربىي سىنتۇپلەش چىقىمى ئۈچۈن 2 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى ئاجرىتىپ بەرسىلا2007 ـ يىلى ئىچىدە بۇ ئايروپىلانلارغا ئىگە بولۇپ بولىدىغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ.

بىر پارلامېنت ئەزاسى: «ھەربىي تەرەپ نېمىشقا كەسكىنرەك بولۇپ، قانچىلىك ئايروپىلان سېتىۋالماقچى بولسا شۇنىڭغا كېتەرلىك بولغان پۇلنى تەلەپ قىلمايدىغاندۇ؟» دەپ گۇمان قىلىدۇ.

ئەسلىدە ھەربىي تەرەپ زور سوممىلىق ھەربىي خىراجەت سەۋەبىدىن بۇ تۈردىكى ھەربىي سىنتۇپلەش پىلانىنىڭ پارلامېنت يىغىنىدا ماقۇللۇقتىن ئۆتمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ شۇنداق قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى، ئاۋۋال ئايروپىلاننىڭ تاشقى گەۋدىسىگە ئېرىشىش، ئايروپىلاننىڭ ئىچكى ئۈسكۈنىلىرىنى كېيىنچە بىر ئامال قىلىشنى ئويلاشقان ئىكەن. چۈنكى بۇنىڭ ئىچىدە بەزى ئۈسكۈنىلەرنى ياساشقا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كېتەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ ئاچقۇچلۇق بولغىنى شۇكى بەرىبىر ئايروپىلانلارنىڭ گەۋدىسى ياسىلىپ بولغاندا ھېچكىممۇ بۇ يېرىم ـ يارتا ياسالغان ئايروپىلانلارنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ ـ دە.

بۇنىڭغا قارىتا ھېلىقى پارلامېنت ئەزالىرى يەنە نېمىمۇ دېيەلەيتتى.

سەرگەردانلار ئەر ـ كىندۇر، سەرگەردانلار تەپەككۇرى تېخىمۇ بەك ـ رەك ۋەيران قىلىش كۈ ـ چىگە ئىگەدە!



# 17. دومىنو تەپەككۇرى

سان ئۆزگىرىشى سۈپەت ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مانا بۇ دومىنو تەپەككۇرىدا ئېيتىلماقچى بولغان ئاساسلىق قائىدىدۇر. بۇ دۇنيادا، سىز ھەرقانداق ئۇششاق تەپسىلاتلارغىمۇ سەل قارىماسلىقىڭىز كېرەك، چۈنكى كۆپىنچە ھاللاردا ئەڭ كىچىك نەرسىمۇ زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

دومىنو تاختىسى تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىللىك بولۇپ، ئۇلارنى مۇۋاپىق ئارىلىق بويىچە رەتلىك تىزىپ بىرىنچى تاختىنى يىقىتقاندا ئۇ ئىككىنچى تاختىغا سوقۇلىدۇ، ئارقىدىنلا ئىككىنچى تاختىمۇ ئۈچىنچى تاختىنى سوقۇپ چۈشۈرۈۋېتىدۇ... مانا مۇشۇنداق قىلىپ ناھايىتى تېزلا بىر قاتار رەتلىك تىزىلغان تاختىلارنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا سوقۇشۇپ ئۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ھادىسە ئادەتتە «دومىنو تاختىسى ھادىسىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەلۋەتتە، دومىنو تاختىسى ھادىسىسى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ تېخىمۇ ھەيران قالارلىق تەرىپى شۇكى، ئۇنىڭدا بىر خىل يوشۇرۇن ھالدىكى «مىكرو مىقدارلارنى چوڭايتىش تەرتىپى» نىڭ بولغانلىقىدۇر.

بۈيۈك بىرىتانىيە كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا ئالىمى ۋېيت ئىلگىرى بىر گۇرۇپپا دومىنو تاختىسى ياسىغان بولۇپ، بۇ تاختا جەمئىي 13 تالدىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە بىرىنچى تاختا ئەڭ كىچىك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 9.53 مىللىمېتىر، كەڭلىكى 4.76 مىللىمېتىر، قېلىنلىقى 1.9 مىللىمېتىر بولۇپ، چىمچىلاق بارماقچىلىكمۇ كەلمەيتتى. كېيىنچە ھەربىرىنىڭ چوڭلۇقىنى 1.5 ھەسسىچىلىك چوڭايتىپ ياسالغان ئىدى. بۇ سانلىق مەلۇماتلار بولسا بىرىنچى تاختا يىقىلغان ۋاقىتتا ئۆزىدىن 1.5 ھەسسە چوڭلۇقتىكى تاختىنى سوقۇپ يىقىتىش پرىنسىپىغا ئاساسەن ياسالغان ئىدى. ئەڭ

چوڭ بولغان 13 ـ تاختىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 61 مىللىمېتىر، كەڭلىكى 30.5 مىللىمېتىر، قېلىنلىقى 7.6 مىللىمېتىر بولۇپ، تاختا يۇزىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئادەتتىكى تاختىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىچىلىك بولۇپ، قېلىنلىقى ئۇنىڭ قېلىنلىقىنىڭ 20 ھەسسىسىچىلىك كېلەتتى. بۇ تاختىلارنى مۇۋاپىق ئارىلىق بويىچە تىزىپ بولغاندىن كېيىن بىرىنچى تاختىنى يېنىككىنە چېكىپ قويغاندا ئۇ 13 ـ تاختىغىچە تەسىر قىلاتتى. تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، 13 ـ تاختا يىقىلغاندا كېلىپچىققان زەربە كۈچى بىرىنچى تاختا يىقىلغاندىكى كۈچتىن چوڭ بولىدۇ. ئۇنداقتا ئۇ قانچىلىك چوڭ بولىدۇ؟ ۋېيتىنىڭ ھېسابلىشىغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ سوقۇلۇش كۈچى 2 مىليارد ھەسسىدىن كۆپرەك بولغانىكەن. چۈنكى دومىنو تاختىسى تەسىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئېنېرگىيە كۆرسەتكۈچ سان شەكلىدە ئېشىپ بارىدىغان بولۇپ، ئەگەر بىرىنچى تاختىنى ئىتتىرگەندە ئىشلەتكەن كۈچ 0.024 مىكروجوئۇل بولغان بولسا، يىقىلغان 13 ـ تاختىنىڭ ئېنېرگىيەسى51 جوئۇلغا يېتىدۇ، ئەمما ئوخشاش نىسبەت بويىچە ياسالغان32 ـ تاختا يىقىلغان ۋاقىتتا قويۇپ بېرىدىغان ئېنېرگىيە بولسا 10× 1.24 جوئۇلغا يېتىپ يەنە 20 نەچچە تىرىليون ھەسسە كېڭىيىدۇ. بۇنداق ھېسابلىغاندا دومىنو تاختىسى تەسىرى كامالەتكە يەتكەن بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، ۋېيت بەرىبىر 32 ـ تاختىنى ياساپ چىقالمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 415 مېتىر بولۇپ، نيۇيوركتىكى ئىمپېرىيە بىناسىنىڭ ئىككى ھەسسىسىچىلىك كېلىدۇ. ئەگەر ھەقىقەتەن بۇنچىلىك چوڭلۇقتىكى تاختىنى ياساپ چىققىلى بولسا، ئويلاپ باقايلى، كۆككە تاقاشقان بىنالارنى بىر بارماقچىلىك كۈچ بىلەنلا ئىتتىرىپ ئۆرۈۋېتىش نەقەدەر ھەيۋەتلىك مەنزىرە ھاسىل قىلاتتى ـ ھە.

ئەمەلىيەتتە دومىنو تەسىرى كەڭ تەبىئەت ئالىمىدە ئىلىۋورۇن لايىھەلەپ قويغان مەۋھۇم پىروگراممىدا بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئۇ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ھەر ۋاقىت، ھەر سائەت ئېلىپ بېرىلىۋاتقان جەريان بولۇپ، بۇنىڭ يەنە بىر نامى بولسا ھەممەيلەنگە تونۇشلۇق بولغان «كېپىنەك ئېففېكتى» دۇر.

2000 ـ يىلى3 ـ ئايدا پۈتۈن يەر شارىدىكى يانفون بازىرىدىكى بىر «كېپىنەك» كە ئوت كېتىدۇ، يەنى ئامېرىكا يېڭى مېكسىكا ئىشتاتىدىكى

بىر يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىغا چاقماق چۈشۈپ ئوت كېتىدۇ. گەرچە ئوت پەقەت 10 نەچچە مىنۇتلا داۋاملاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ شىمالىي ياۋروپادا بىر مەيدان شىركەت كىرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ ياۋروپادىكى ئىككى چوڭ ئېلېكترون شىركىتىنىڭ كۈچ جەھەتتىكى تەڭپۇڭلۇقىنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئېرىكسون ئېلېكترون شىركىتىنىڭ ھەرىكىتى بىر قەدەر ئاستا بولغانلىقى سەۋەبتىن ئېھتىياجلىق بولغان ئۆزەكنى تەمىنلەيدىغان باشقا تەمىنلەش سودىگەرلىرىنى تاپالمايدۇ ـ دە، ئامالسىز پۈرسەتتىن ۋاز كېچىپ يانفون بازىرىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى رەسمىي ھالدا جاكارلايدۇ، ئەمما نوكىيا شىركىتى يىراقنى كۆرەرلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن جىددىي تۈتۈش قىلىپ ئېرىكسون ئېلېكترون شىركىتىگە ئوخشاش خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ساقلىنىپ قالىدۇ ـ دە، ياۋروپا ئېلېكترون تېخنىكا ساھەسىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالىدۇ.

كىشىلەرنى قايمۇقتۇرىدىغىنى نەتىجە بولماستىن بەلكى باشلىنىش نۇقتىسىدۇر. ئاچقۇچلۇق بولغىنى قانداق قىلىپ بىرىنچى تال دومىنو تاختىسىنىڭ يەنى، ئىشلارغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدىغان كېپىنەك قانىتىنىڭ قايسى ۋاقىتتا، قايسى جايدا قانات قاقىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشتۇر. شۇڭلاشقا خەيئېر گورۇھىنىڭ تۇنجى ئىجرائىيە ئەمەلدارى جاڭرۇيمىننىڭ ئەڭ ئېتىبار بېرىدىغىنى «چوڭ ۋەزىيەتكە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغان ئۇششاق ئىشلار» ئىدى. چۈنكى، دەل مۇشۇنداق «ئىنتايىن مۇھىم بولغان تارىخىي تەپسىلاتلار» مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تارىخنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغان بىرىنچى تال دومىنو تاختىسى بولۇپ قالىدۇ.

دومىنو تاختىسى تەسىرى بىزگە شۇنى ئېيتىپ بېرىدۇكى، بىر كىچىككىنە ئۆزگىرىشچان مىقدار مۇۋاپىق شەرت ئاستىدا بىر پۈتۈن سىستېمىدا زەنجىرسىمان تەسىر پەيدا قىلىۋېتىشى ھەمدە تەسىر كۆرسىتىش جەريانىدىكى ھەربىر ھالقىدىمۇ چوڭىيىپ كېتىش تەسىرىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. بۇ خىل ئوبيېكت بولغان قاتار سان بويىچە بۆلۈنۈش ھادىسىسىنى تەپەككۇر ساھەسىدە ئەكس ئەتتۈرسەك، ئۇ ھالدا بىز لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلىش جەريانىدا يېڭى بىر خىل تەپەككۇرغا



ئەگە بولالايمىز.

ئەگەر بىر مەھبۇس ئەڭ ئېگىز بولغان بىر تاش مۇنارنىڭ ئۈستىدە قامالغان بولۇپ، مۇنارغا چىقىدىغان بارلىق ئىشىكلەرمۇ ئېتىۋېتىلگەن، ئۇ ئادەمدە مۇنار ئۈستىدىن سىيرىلىپ چۈشكۈدەك باشقا ھېچقانداق نەرسە بولمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى نازارەت قىلىپ قارايدىغانغا ئەسكەرمۇ بولمىغان، بۇ ئادەم قانات ياساپمۇ چۈشۈپ كېتەلىشى مۇمكىن بولمىسا، ئۇنىڭ ئايالى ئۇنى قۇتقۇزماقچى بولسا قانداق قىلىشى كېرەك؟ (قېنى20 مىنۇت ئويلىنىپ بېقىڭ)، ئەگەر ۋاقتىڭىز بىرەر ئامال تاپالمىغان بولسىڭىز ئۇنداقتا تۆۋەندىكى مەسىلىگە قاراڭ، بەلكىم تەپەككۇر يولىڭىزنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىغا ياردىمى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي ئېگىزلىكىدىكى كالاخارى ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتلاقلارنىڭ يىللىق يامغۇر مىقدارى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، سۇ مەنبەسىمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ قۇرغاقچىلىق پەسلى يېتىپ كەلگەندە شۇ جايدىكى كىشىلەر سۇ قىس بولغانلىقتىن ناھايىتى تەستە كۈن ئۆتكۈزەتتى. قانداق قىلغاندا سۇ مەنبەسىنى تاپقىلى بولىدۇ؟ شۇ جايدىكى كىشىلەر مۇنداق بىر قىزىقارلىق ھادىسىنى بايقايدۇ. شۇ جايدا ياشايدىغان ئىتباش مايمۇن بۇ يەردە سۇ قىس بولسىمۇ باشقا جايغا كۆچۈپ كەتمەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر ئىلھاملىرى قوزغىلىپتۇ يەنى: قۇرغاقچىلىق بولغاندا ھايۋانلار بۇ يەردە ھايات كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالىدۇ - دە، باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىدۇ، ئىتباش مايمۇنلار باشقا جايغا كۆچمىگەن ئىكەن دېمەك بۇ جايدا سۇ مەنبەسىنىڭ كەم ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ، سۇ مەنبەسىنىڭ كەم ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدىكەن، ئۇنداقتا چوقۇم سۇ مەنبەسىنى تاپقىلى بولىدۇ، دېگەن گەپتە. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئىتباش مايمۇنلارنى تۇتۇپ كېلىپ ئۇلارغا تۇز يېگۈزگەندىن كېيىن ئۇلارنى قويۇپ بېرىپتۇ، تۇز يەپ

ئىچى قىزىپ ئۇسساپ كەتكەن مايمۇنلار قويۇپ بېرىلىش بىلەنلا ئەگرى - بۈگرى چىغىر يولنى بويلاپ جىنىنىڭ بارىچە يۈگۈرگىنىچە بىر يىپىق شەكىلدىكى تاغ ئۆڭكۈرىگە چىپىپ بېرىپتۇ - دە، شۇ يەردىكى بىر يەر ئاستى بۇلاق ئېقىنىغا بېشىنى تىققانچە سۇ ئىچىشىپ كېتىپتۇ، كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن كىشىلەر مانا مۇشۇنداق ئەپچىل ئامال بىلەنلا سۇ مەنبەسىنى تېپىۋاپتۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاش بولغان تەپەككۇر يولى ئارقىلىق، ئالدىنقى مەسىلىنىڭ جاۋابىنى ئوڭايلا چۈشەنگىلى بولىدۇ: يەنى مەھبۇس ئۆزى ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بىر ئامالنى ئويلاپ تاپىدۇ يەنى، ئۇ ئايالىغا ياپونىيە ماي قوڭغۇزى دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ھاشاراتنى تاپقۇزۇپ ئەكەلدۇرۇپتۇ ۋە بۇ ھاشاراتنىڭ بېشىغا سېرىق ماي سۈركەپ قويۇپتۇ، بۇ ھاشارات ئالدىمدا سېرىق ماي بار دەپ ئويلىغىنىچە مۇنار ئۈستىگە قاراپ ئۆمىلەپتۇ، بۇ ھاشارات مۇنار ئۈستىگە ئۆمىلەشكە باشلىغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ پۇتىغا بىر تال ئىنچىكە مەشۇت چىگىپ قويۇلۇپتۇ، ئىككىنچى بۆلەككە كەلگەندە يەنە سەل تومراق كەلگەن مەشۇت چىگىپ قويۇپتۇ، ئاندىن كېيىنكىسىگە يەنە سەل تومراق بولغان مەشۇت چىگىپ قويۇپتۇ، ئاندىن كېيىن سەل تومراق كەلگەن پاختا يىپ چىگىپ قويۇپتۇ، ئاندىن كېيىن يەنە سەل تومراقىنى چىگىپتۇ........ مانا مۇشۇنداق قىلىپ ئەڭ ئاخىرىغا كاناپ ئارغامچىنى ئۇلاپتۇ - دە، ھېلىقى مەھبۇس مۇشۇ ئارغامچىغا يامىشىپ بۇ مۇناردىن چۈشۈپ قېچىپ كېتىپتۇ.

مەھبۇسنىڭ چارىسى ئۇنىڭ تاشقى جەھەتتىكى تاسادىپىي ئەقلىگە كېلىپ قالغانلىقىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئاشۇ خىل ئەقلىلىقلىقىنىڭ كەينىگە بىر خىل «دومىنو» چە شەكىلدىكى ھەسسىلىك جەريان تەپەككۇرى يوشۇرۇنغان. دەل مۇشۇ خىلدىكى ئەڭ كىچىك مىكرو مىقداردىن باشلاپ تەدرىجىي چوڭايتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىنغان تەپەككۇرلا ئاندىن بىزنىڭ تەپەككۇردىكى قايمۇقۇشىمىزدىن قۇتۇلۇپ چىقىشىمىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ. شۇڭا، بىز شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، دومىنو تەپەككۇرىمۇ بىر خىل ئۇنۇملۇك بولغان ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى ئىگە تەپەككۇردۇر. بۇ خىل تەپەككۇرنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى بولسا: ئەڭ كىچىك بولسىمۇ ھەل قىلغۇچ بولغان بۆسۈش ئېغىزىنى تۇتۇۋېلىش، ئاندىن كېيىن

قەدەممۇقەددەم ئىلگىرى سۈرۈپ تاكى ئۇنىڭ تەسىرى ئەڭ چوڭ چەككە يەتكۈچە ئىلگىرى سۈرۈشتۇر.

تۆۋەندىكى مىسال دەل دوممىنو تەپەككۇرىنىڭ ئەپچىل چۈشەندۈرۈلۈشى بولالايدۇ.

بىر ئورمانلىقتا بىر قانچە ياۋا توخگۇز بولۇپ، ئۇلار ئەتراپتىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ناھايىتى ئېغىر تەھدىت سالىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغۇچىلار يەنىلا شۇ ئورمانلىقتىكى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىچارە يولۇچىلار بولىدۇ. كەنتتىكى نەپەر ئوۋچىلار بۇ ياۋا توخگۇزلارنى تۇتۇشقا ئاتلىنىپتۇ، گەرچە بۇ ئوۋچىلار ناھايىتى تەجرىبىلىك بولغان بولسىمۇ ئەمما ھېلىقى توخگۇزلارمۇ ناھايىتى ھىيلىگەر بولۇپ، زادىلا تۇتتۇق بەرمەپتۇ.

بىر كۈنى، بىر بوۋاي ئېشەك ھارۋىسىنى يېتىلەپ ياۋا توخگۇزلار قۇتراپ كەتكەن بۇ كەنتكە كىرىپ كەپتۇ، ئۇنىڭ ھارۋىسىغا ياغاچ ۋە ئاشلىق بېسىلغان ئىكەن. ئۇ كىشى شۇ جايدىكى كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ئۇلارغا ياردەم قىلىپ ياۋا توخگۇزنى تۇتۇشۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەمما ئاللىبۇرۇنلا بۇ ياۋا توخگۇزنى تۇتۇشتىن ئۈمىد ئۈزگەن كىشىلەر بۇ بوۋاينىڭ گېپىگە ئىشەنمەپتۇ، ھەتتا ئۇنى مازاق قىلىپ كۈلۈپتۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئۇ ياۋا توخگۇزلارنى شۇنچە قاۋۇل، كۈچتۈڭگۈر كەلگەن ياش ئوۋچىلار تۇتالمىغان يەردە، كۆز ئالدىدىكى بۇ دۆمچەك قېرى بوۋاينىڭ تۇتالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ھېلىقى بوۋاي بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ گەپ ـ سۆز قىلمايلا ئورمانلىققا كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئالدى بىلەن ياۋا توخگۇزلار دائىم ئوزۇقلۇق ئىزدەيدىغان جاينى تېپىپتۇ ـ دە، ئاندىن كېيىن بوش يەرگە ئازراق ئاشلىق چېچىپ ئۇنى يەمچۈك قىلىپتۇ. دەسلەپتە ھېلىقى ياۋا توخگۇزلار ناھايىتى قورقۇپتۇ ۋە يىراق جايلارغا قېچىپ بېرىپ يوشۇرۇنۇۋاپتۇ، ئەمما مەززىلىك يېمەكلىك يولغا چېچىلىشى بىلەنلا ئۇلار نەپسىنى يىغالماي قاپتۇ ـ دە، قىزىقىسىنىش ئىچىدە بىر ـ بىرلەپ بۇ يەرگە كېلىشكە باشلاپتۇ، ئالدى بىلەن باشلامچى ياۋا توخگۇز ئەتراپنى پۇراپ بېقىپ ھېلىقى داننى شۇنداق چىشلىگەن ئىكەن ھېچنېمە بولماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن باشقا ياۋا توخگۇزلارمۇ تۇشمۇتۇشتىن كېلىشىپتۇ.



ئىككىنچى كۈنى ھېلىقى بوۋاي يەنە ئازراق دان قوشۇپ قويۇپتۇ

ھەمدە بىر قانچە مېتىر يىراقلىقتا بىر تال ياغاچ قاداپ قويۇپتۇ. بۇ ياغاچ قادىلىشى بىلەنلا بارلىق ياۋا توخۇلار ئۈركۈپ يىراقلارغا قېچىپ كېتىپتۇ، ئەمما داننىڭ مەززىلىك پۇرىقىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەن ياۋا توخۇلار ئۇزاق ئۆتمەي قايتىپ كېلىشىدۇ. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق بۇ بوۋاي ھەر كۈنى دان ئەتراپىغا بىر تالدىن ياغاچ قاداۋېرىپتۇ، ھەر قېتىمدا ياۋا توخۇلار سەل نېرىراق قېچىپ كېتىپ قاراپ تۇرۇشىدىكەن، ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي يەنە قايتىپ كېلىدىكەن.

ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ياغاچ قاشامۇ پۈتۈپ قاپتۇ، ئەمما ھېلىقى ياۋا توخۇلار يەنىلا بۇنى ھېس قىلماي بەخىرامان ھالدا ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ چېچىلغان دانلارنى مەززە قىلىپ يېيىشكە باشلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى بوۋاي ئەڭ ئاخىرقى ياغاچ قوزۇقنى قېقىپلا بۇ ياۋا توخۇلارنى تۇتۇۋاپتۇ.

ئەينى يىللىرى، ئامېرىكىدا چىقىدىغان بىر گېزىتكە بىر باغچىنىڭ زور سومىلىق ئاق تىرناقگۈل قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى ئېلانى بېسىلغان بولۇپ، شۇ يەردە زور غۇلغۇلا قوزغاپتۇ. بىر مەھەلگىچە كىشىلەر ئاشۇ زور سوممىلىق مۇكاپات پۇلى ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىپ سىناپ بېقىپتۇ، ئەمما بۇ كەڭ تەبىئەتتە تىرناقگۈل ئالتۇن رەڭلىكتىن باشقا يەنە قوڭۇر رەڭدە ئېچىلىدىغان بولۇپ، ئاق رەڭدە ئېچىلىدىغان تىرناقگۈل يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۇنچە ئاسانغا توختىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بىر مەزگىللىك قىزىقىشتىن كېيىن ئۇ ئېلاننى ئۇنتۇپ كېتىشىپتۇ.

ھەش ـ پەش دېگۈچە 20 يىلدەك ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى، ئېلان بەرگەن ھېلىقى باغچە كۈتۈلمىگەندە ئېلانغا ئاساسەن يېزىلغان جاۋاب خەت ۋە100 تالدەك ئاق تىرناقگۈلنىڭ ئۇرۇقىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. شۇ كۈنى بۇ ئىش تەرەپ ـ تەرەپكە پۇر كېتىپتۇ.

ئۇرۇقنى ئەۋەتكۈچى ئەسلىدە بىر يېشى يەتمىشتىن ئاشقان ياشانغان ئايال بولۇپ، ئۇ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق گۈل ھەۋەسكارى ئىكەن. شۇ يىلى ئۇ ھېلىقى ئېلاننى كۆرگەندىن كېيىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇ سەككىز قىزىنىڭ ھەممىسىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي يەنىلا بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلىپتۇ، دەسلىپىدە ئۇ ئادەتتىكى ئۇرۇقلارنى

تېرىپ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىپتۇ، بىر يىلدىن كېيىن تىرناقگۈل ئېچىلىپتۇ، ئۇ ھېلىقى ئالتۇن رەڭلىك ۋە قوڭۇر رەڭلىك گۈللەر ئىچىدىن رەڭگى ئەڭ سۇس بولغان بىر تۈپ گۈلنى تاللىۋاپتۇ ۋە ئۇنىڭ تەبىئىي قۇرۇپ كېتىشىنى كۈتۈپ ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى يىغىۋاپتۇ. ئىككىنچى يىلى ئۇ يەنە ھېلىقى ئۇرۇقنى تېرىپتۇ، ئاندىن كېيىن ئېچىلغان گۈللەر ئىچىدىن يەنە رەڭگى تېخىمۇ سۇس بولغانلىرىنى تاللىۋاپتۇ ۋە ئۇنى يەنە تېرىپ ئېچىلغانلىرىدىن يەنە تېخىمۇ سۇس بولغانلىرىنى تاللىۋاپتۇ، مۇشۇنداق تەكرار تېرىش ۋە يىغىۋېلىش ئارقىلىق 20 يىلدىن كېيىن ئۇ ئاخىر ئۆز گۈللۈكىدە ئاپئاق ئېچىلغان تىرناقگۈلنى كۆرۈپتۇ، ئۇ گۈل خۇددى قارغا ئوخشاش ئاپئاق بولۇپ، كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇرىدىكەن. مانا مۇشۇنداق قىلىپ خېلى داڭلىق مۇتەخەسسىسلەرمۇ ھەل قىلالمىغان بۇ مەسىلە ھېلىقى ياشانغان ئايالنىڭ قولىدا ھەل بوپكېتىپتۇ. دەپ بېقىڭچۇ، بۇ ئالەمچە چوڭ مۆجىزە ئەمەسمىكەن؟

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئىككى راھىب بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا قوشنا تاغدا تۇرىدىكەن، تاغ ئارىسىدا بىر كىچىك ئېرىق بولۇپ، ئۇلار ھەر كۈنى ئوخشاش ۋاقىتتا بۇ ئېرىققا سۇ ئالغىلى كېلىدىكەن، كۈنلەر ئۆتۈپ بۇ ئىككىسىمۇ خېلى تونۇشلاردىن بولۇپ قاپتۇ.

تۇيۇقسىز قوشنا تاغدىكى راھىب سۇ ئالغىلى كەلمەس بوپقاپتۇ، بىر ھەپتە ئۆتۈپتۇ، بىر ئايمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ يەنىلا قارىسى كۆرۈنمەپتۇ.

قوشنا تاغدىكى يەنە بىر راھىب ھېلىقى راھىبنىڭ قېشىغا بېرىپ زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقۇپ باقماقچى بولۇپتۇ. ئۇ ھېلىقى تاغدىكى ئىبادەتخانىغا بارغاندىن كېيىن ناھايىتى ھەيران قاپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ھېلىقى بۇرادىرى تەيجىچۈەن گۇمپىسى مەشىق قىلىۋاتقان، روھىي ھالىتىمۇ شۇنداق كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ بىرەر ئاي سۇ ئىچمىگەن ئادەمگە پەقەت ئوخشىمايتتى.

ھېلىقى راھىب گۇمپىسىنى مەشىق قىلىپ بولۇپ، بۇ بۇرادىرىنى ئارقا ھويلىغا باشلاپ چىقىپ بىر قۇدۇقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ بەش يىلدىن بېرى مەن ھەر كۈنى ئىشىمنى قىلىپ بولۇپ

ۋاقىت چىقىرىپ بۇ قۇدۇقنى كولاۋەردىم، بىر ئاي ئىلگىرى بۇ قۇدۇقتىن ئاخىر سۇ چىقتى، مەنمۇ ئەمدى تاغدىن چۈشۈپ سۇ توشۇمايدىغان بولدۇم، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت چىقىرىپ ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان تەيجى گۇمپىسىنى مەشىق قىلالايدىغان بولدۇم، — دەپتۇ. ھاياتلىق ئەسلىدىنلا بىر سېكۇنت، بىر مىنۇتتىن تەركىب تاپىدۇ، ھالقىلىق بولغىنى سىزنىڭ ئۇنىڭدىن قانداق يوسۇندا پايدىلىنالىشىڭىزدا.

كانادالىق دوختۇر ئوسلېرنىڭ تېببىي جەھەتتە نۇرغۇن تۆھپىسى بار ئىدى. مەسىلەن: ئۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۈچىنچى خىل قان ھۈجەيرىسىنى(قان پىلاستىنكىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)تەتقىق قىلىپ چىققان بولۇپ، تېببىي ساھەدە بۇنىڭغا ئۇنىڭ فامىلىسى قوللىنىلىپ: ئوسلېر كېسەللىكى، ئوسلېر تۈگۈنچىسى دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان ئىدى.

ئوسلېر بولسا ئۆزى يالغۇز كۆپ خىزمەتلەرنى قوشۇمچە ئىشلەۋېرىدىغان، يەنە كېلىپ ھەممە خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتىدىغان ئادەم بولۇپ، ئۇخلاش ۋە تاماق يېيىشتىن باشقا ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ھەر كۈنلۈك ۋاقتى ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇقلۇق ئىدى. ئەمما ئۇ كىتاب كۆرۈشكە بەكمۇ ئامراق بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ھەۋىسى بىلەن خىزمەت ۋاقتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا توقۇنۇش كېلىپچىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر كۈنلۈك ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ۋاقىت ئاجرىتىش ئۈچۈن ئۆزىگە مۇنداق بىر قائىدە تۈزۈۋالىدۇ، يەنى: ھەر كۈنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن چوقۇم 15 مىنۇت ۋاقىت چىقىرىپ كىتاب ئوقۇش. شۇنداق قىلىپ ئۇ بۇ قائىدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىدۇ، ھەتتا ئۆيگە بەك كەچ قايتقان بولسىمۇ، ھەتتا كېچە سائەت ئىككى ـ ئۈچلەر بولۇپ كەتسىمۇ چوقۇم 15 مىنۇت ۋاقىت چىقىرىپ كىتاب ئوقۇپ بولۇپ ئاندىن ئۇخلايدۇ.

ھەر كۈنى 15 مىنۇتتىن ۋاقىتنى يىغىپ قويۇش قانداق ئۈنۈمدىن دېرەك بېرىدۇ بۇنى بىلەمسىلەر؟

ئوسلېر مۇنداق ھېسابلىغان ئىدى: ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ خەت ئوقۇش سۈرئىتى تەخمىنەن ھەربىر مىنۇتتا300 خەت ئەتراپىدا بولىدۇ، بۇنداق بولغاندا 15 مىنۇتتا4500 خەتنى ئوقۇپ بولغىلى، بىر ھەپتىدە 31500 دانە خەت ئوقۇغىلى بولىدۇ، بۇنداق بولغاندا بىر ئايدا 126000 دانە خەتنى ئوقۇپ بولۇشقا تامامەن مۇمكىن بولىدۇ. ئۇنداقتا بىر يىل

ئوقۇغاندا بىر مىليون512 مىڭ خەتنى ئوقۇپ بولغىلى بولىدۇ. ئەگەر بىر كىتابتا ئوتتۇرىچە ھالدا75 مىڭ دانە خەت بار دەپ پەرەز قىلساق، ھەر كۈنى15 مىنۇت ۋاقىت چىقىرىپ كىتاب ئوقۇغاندا، بىر يىلدا 20 دانە كىتابنى ئوقۇپ بولغىلى بولىدۇ. ئەمما ئوسلېر ھەر كۈنى 15 مىنۇت ۋاقىت چىقىرىپ كىتاب ئوقۇشتەك بۇ ئادىتىنى تولۇق يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق داۋاملاشتۇرىدۇ، ھەمدە 82 مىليون350 مىڭ دانە خەت ئوقۇپ، 1098 دانە كىتابنى ئوقۇپ تۈگىتىدۇ.

ھەر كۈنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن 15 مىنۇت ۋاقىت چىقىرىپ كىتاب ئوقۇشتەك بۇ ئادەت ئوسلېرنى كەڭ بىلىمگە ئىگە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ تېببىي مۇتەخەسسىس ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تىل ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسىغا ئايلىنىدۇ. بۇ مۇقەددەس 15 مىنۇت ھاياتلىقتا يەنە باشقا بىر خىل مۆجىزە ئاتا قىلغان بولۇپ، بۇ مۆجىزىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە بىر خىل ئۇزۇكسىز يىغىلغان كۈچ بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ دومىنو تاختىسى شەكلىدىكى بىر پارچىدىن، بىر پارچىدىن ئىتتىرىش كۈچى ئىدى.

ئاكىيۇ موريتا (ياپونىيە سونىي شىركىتىنى قۇرغۇچى) مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەگەر سىز ھەر كۈنى باشقىلاردىن يېرىم قەدەم ئارقىدا قالسىڭىز، بىر يىلدا تەخمىنەن 183 قەدەم ئارقىدا قالىسىز، ئون يىلدىن كېيىن بولسا 108 مىڭ چاقىرىم كېيىن قالىسىز»، ئوتتۇرا ئەسىردىكى بىر ئاتاقلىق دىنىي پەلسەپىشۇناس مۇنداق دېگەن ئىكەن: «مىقدار ھەممىنى بەلگىلەپ قويىدىغان تۈپ مەنبەدۇر.»

بىز يۇقىرىقى پاكىتلارنى ئەسلىگىنىمىزدە، شۇنى بايقايمىز، ئەسلىدە دومىنو تەپەككۇرى بىزگە شۇنى دېمەكچى بولغانكى، سان ئۆزگىرىشى سۈپەت ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ دۇنيادا، سىز ھەرقانداق ئۇششاق تەپسىلاتلارغىمۇ سەل قارىماسلىقىڭىز كېرەك، چۈنكى كۆپىنچە ھاللاردا ئەڭ كىچىك نەرسىمۇ زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

# ئىككىنچى قىسىم، ئەڭ ئۈنۈملۈك تەپەككۈر



# 18. گۇمانىي تەپەككۇر

داڭلىق پەلسەپەشۇناس دېنىس دىدېروت ئىلگىرى مۇنداق دېگەن ئىكەن: گۇمان قىلىش پەلسەپىنىڭ بىرىنچى قەدىمىدۇر، يېڭىلىق يارىتىمەن دەيدىكەنمىز چوقۇم ئالدىنقىلارنىڭ ئوي - پىكىرلىرىگە قارىتا گۇمانىزىم نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك، ئالدىنقىلارنىڭ ھۆكۈمىگە قارىتا ئۆز گۇمانىمىزنى ئوتتۇرىغا قويغاندىلا ئاندىن ئالدىنقىلارنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى بايقىيالايمىز، شۇندىلا ئۆزىمىزنىڭ يېڭى كۆزقاراشلىرىمىز مەيدانغا كېلىدۇ.

كىمكى يۇيۇش ھەممەيلەن بىلىدىغان ئادەتتىكى بىر ئىش، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئادەتلىنىپ كەتكەچكە ئۇنىڭغا ناھايىتى پىششىق، شۇڭا ئۇنى تىلغا ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەمما ئاتاقلىق ئالىم ئارخىمېد دەل مۇشۇنداق ھەممە ئادەمگە تونۇشلۇق بولغان تۇرمۇش ھادىسىسىدىن «لەيلىتىش قانۇنىيىتى» دەك زور بايقاشقا ئېرىشكەن؛ شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئامېرىكىلىق ئالىم شىپىلو پىروفېسسورمۇ سۇ قايىنىمىنىڭ ئېقىش يۆنىلىش قانۇنىيىتىنى بايقىغان ئىدى.

بىر قېتىم، پادىشاھ زەرگەرلەرگە ساپ ئالتۇندىن تاج ياسىتىپتۇ، ئالتۇن تاج پۈتكەندىن كېيىن پادىشاھ زەرگەرلەرنى ئالتۇندىن ئوغرىلىۋېلىپ ئورنىغا باشقا ماتېرىيال ئىشلەتتىمىكىن دەپ گۇمان قىلىپتۇ، ئەمما ئادەمنى قايىل قىلغۇدەك بىرەر ئىسپات تاپالماپتۇ.

قانداق قىلغاندا بۇ ئالتۇن تاجنى بۇزمىغان ئەھۋال ئاستىدا يېتەرلىك دەلىل - ئىسپات تاپقىلى بولىدۇ؟ پادىشاھ بۇ مۇشكۇل ۋەزىپىنى ئارخىمېدقا تاپشۇرۇپتۇ.

ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى بويىچە بولغاندا، بۇ ئالتۇن تاجنىڭ ھەجمىنى ھېسابلىۋېلىپ ئاندىن ئېغىرلىقىنى ئۇنىڭ ھەجمىگە بۆلۈش ئارقىلىق ئالتۇن تاجنىڭ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى تېپىپ چىقىلىپ، ئاندىن ئۇنى ساپ ئالتۇننىڭ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقىغا

سېلىشتۇرۇلسا بولاتتى، ئەگەر سېلىشتۇرما ئېغىرلىق ئوخشاش چىقسا بۇ تاجغا باشقا نەرسە ئارىلاشتۇرۇلمىغانلىقىنى ئىسپاتلايتتى، ئەگەر سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى ئوخشاش چىقمىسا ئۇ ھالدا بۇ تاجغا چوقۇم باشقا نەرسىلەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان بولاتتى. ئەمما مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى شۇكى، بۇ ئالتۇن تاجنىڭ ھەجمىنى قانداق ھېسابلاش كېرەك؟ بۇ ئالتۇن تاجنىڭ ياسىلىشى شۇنچىلىك نەپىس، ناھايىتى كۆركەم بولۇپ، ئۇنىڭ مۇقىم بىر شەكلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئادەتتىكى گېئومېتىرىيە ئىلمى بويىچە ھېسابلىغاندا ناھايىتى ئوڭايلا خاتالىق كېلىپچىقاتتى، بۇنداق بولغاندا كىشىلەرنىمۇ قايىل قىلغىلى بولمايتتى.

شۇنداق قىلىپ ئارخىمىد بىر مەزگىلگىچە بۇنىڭ چارىسىنى تاپالماي قالىدۇ.

بىر كۈنى، ئارخىمىد ۋاننىدا يۇيۇنماقچى بولىدۇ، ئۇ سۇغا كىرىشىگىلا سۇنىڭ يۇقىرىغا ئۆرلەپ تېشىپ كەتكەنلىكىنى بايقايدۇ، بەدىنىنىمۇ يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ ـ دە، ئۆزىدىن بەدىنىم نېمە ئۈچۈن يەڭگىل بولۇپ قالىدۇ؟ دەپ سوئال سورايدۇ. ئارقىدىنلا ئۇ پادىشاھنىڭ ئالتۇن تاجىسىنىڭ ھەجمىنى ئۆلچەپ چىقىشتەك بىر ئۇسۇلنى ئويلاپ چىقىدۇ.

ئۇ مۇنچىدىن چىقىپ كىيىمىنىمۇ كىيمەستىن: «مەن تاپتىم، مەن ئۇنىڭ ئامالىنى تاپتىم» دەپ ۋارقىراپ يۈگۈرۈپ كېتىدۇ.

ئەتراپتىكى كىشىلەر بۇنىڭدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، ئۇنى ھارغىنلىق يېتىپ نېرۋىسىدىن ئادىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، دېيىشىدۇ.

ئارخىمىد ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە پەرۋا قىلماي دەرھال ھېلىقى ئالتۇن تاج ئاران پاتقۇدەك بىر تال كوزا تېپىپ كېلىپ ئىچىگە لىق سۇ تولدۇرۇپتۇ، ئاندىن پادىشاھقا ھېلىقى ئالتۇن تاجنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ئوخشاش ئېغىرلىقتىكى ساپ ئالتۇن بېرىشنى ئېيتىپتۇ.

تەجرىبە باشلىنىپتۇ، ئارخىمىد ھېلىقى ئالتۇن تاج بىلەن پادىشاھ بەرگەن ساپ ئالتۇننى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سۇ توشقۇزۇلغان ھېلىقى كوزىغا سېلىپ چۆكتۈرۈپتىكەن، ئالتۇن تاجنى سالغاندا تېشىپ چىققان سۇ ھېلىقى ساپ ئالتۇننى سالغاندا تېشىپ چىققان سۇدىن كۆپرەك چىقىپتۇ، بۇ ئالتۇن تاجنىڭ ھەجمىنىڭ ھېلىقى ساپ ئالتۇننىڭ ھەجمىدىن كۆپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان بولۇپ، راست ـ يالغان

شۇ زامان ئايرىلىپتۇ. ئارخىمېد شۇ ھامان : «بۇ تاجغا ساختىلىق ئىشلىتىلىپتۇ، ئۇنىڭغا ساپ ئالتۇنىنىڭ سىلىشتۇرما ئىېغىرلىقىدىن كىچىكرەك بولغان باشقا نەرسە ئارىلاشتۇرۇلۇپتۇ» دەپتۇ.

فىزىكا بىلىملىرىگە پىشقان ئارخىمېد شۇنى بىلەتتى: ساپ ئالتۇنىنىڭ سىلىشتۇرما ئىېغىرلىقى ھەرقانداق مېتاللاردىن چوڭ بولۇپ، باشقا ھەرقانداق مېتاللارنىڭ سىلىشتۇرما ئىېغىرلىقى ساپ ئالتۇنىنىڭ سىلىشتۇرما ئىېغىرلىقىدىن كىچىك بولىدۇ، ئەگەر پادىشاھنىڭ تاجىغا باشقا مېتاللار ئارىلاشتۇرۇلمىغان بولسا، ئۇنداقتا، ھەر ئىككىلىسىنى سۇغا چۆكتۈرگەندە تېشىپ چىققان سۇ ئوخشاش بولاتتى؛ پەقەت ئالتۇن تاجغا سىلىشتۇرما ئىېغىرلىقى كىچىكرەك بولغان مېتاللارنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەندىلا تاجنىڭ ھەجمىنى چوڭايتقىلى بولاتتى، بۇ پادىشاھنىڭ تاجىغا چوقۇم ساختىلىق ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى.

سۇغا چۆمۈلگەندە بەدىنىنىڭ يېنىكلەپ قالغانلىقىنى ھەممە ئادەم ھېس قىلالايدۇ. ئارخىمېد ھەممە ئادەم بىلىدىغان بۇ خىلدىكى چۈشەنچىدىن لەيلەش كۈچى قانۇنىيىتىنى بايقىيالىشىدىكى سەۋەب، ئۇ گۇمان قىلىشقا جۈرئەت قىلالىغان. يەنى ئادەم بەدىنى نېمە ئۈچۈن يېنىك بولۇپ قالىدۇ؟ بۇنىڭ ئىچىدە قانداق مەخپىيەتلىك بار؟ دەپ سوئال قويۇشقا جۈرئەت قىلالىغانلىقىدىندۇر.

ئارخىمېد دەل مۇشۇ سوئالدىن باشلاپ ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئادەتتىكى ھادىسىدىن لەيلىتىش كۈچى قانۇنىيىتىنى يەنى: ئادەم بەدىنى سۇ ئىچىدە مۇئەييەن ھەجمىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ھەجمى ئۇ سىقىپ چىقارغان سۇنىڭ ھەجمى بىلەن ئوخشاش بولىدىغانلىقىدەك قانۇنىيەتنى بايقىيالىغان. ئادەم بەدىنى سۇغا كىرگەندە كېمىيىپ كەتكەن ئېغىرلىق دەل ئۇ سىقىپ چىقارغان سۇنىڭ ئېغىرلىقىدۇر. بۇ خىل لەيلىتىش كۈچى پىرىنسىپى ھەرقانداق سۇيۇق جىسىمغا ماس كېلىدۇ.

گۇمان قىلىشقا جۈرئەت قىلىش تەپەككۇردا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدۇر، بۇ ھەم ئارخىمېدنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى مەخپىيەتلىكتۇر. ئارخىمېدنىڭ قالتىسلىقى شۇ يەردىكى، ئۇ شەكىلسىز كەلگەن تاجنى سۇغا سېلىپ، سۇدىن ئىبارەت بۇ ئادىل ھۆكۈمانى ھۆكۈم چىقارغۇزغان يەنى، ئالتۇن تاجنىڭ ھەجمى كوزىدىن

سىقىپ چىقىرىلغان سۇنىڭ ھەجمىگە تەڭ بولىدۇ.

بۇ خىل ئامال ھەم ئەپچىل ھەم ئاددىي بولۇپ، ئادەمنى ھەقىقەتەنمۇ قايىل قىلىدۇ.

ئامېرىكىلىق ئالىم شىپىلو پىروفېسسورمۇ كىر يۇيۇش جەريانىدا مۇنداق بىر قىزىقارلىق مەسىلىنى بايقىغان: يەنى، ھەر قېتىم كىر يۇغىلى سۇ قۇيغان ۋاقىتتا سۇ ھەمىشە سولغا ئايلانغان، يەنى سائەت ئىستىرېلكىسىنىڭ ئايلىنىش يۆنىلىشىگە قارشى يۆنىلىشتە ئايلانغان.

نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدۇ؟ شىپىلو ھەرقانچە ئويلىسىمۇ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدۇ.

ئۇ بۇ مەسىلىگە كىرىشىپلا قالىدۇ. بۇ خىل ھادىسىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان ئىلىم ـ پەن مەخپىيەتلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، شىپىلو پىروفېسسور كۆپلىگەن تەجرىبىلەرنى ئىشلەيدۇ. ئۇ ئاستى تەرىپىگە تۆشۈك ئېچىلغان تەخسە شەكىللىك قاچىنىڭ تۆشۈكلىرىنى پوگەت بىلەن ئېتىپ قويۇپ، قاچىغا سۇ توشقۇزۇپ سۇ ئېقىش ھادىسىسىنى تەكرار تەجرىبە قىلىدۇ.

شىپىلو پىروفېسسور قاچا ئاستىدىكى پوگەتنى ئېلىۋېتكەندە ئۇ يەردىن ئېقىپ چۈشكەن سۇنىڭ ئوخشاشلا سائەت ئىستىرېلكىسىنىڭ يۆنىلىشىگە قارشى يۆنىلىشتە قاينام شەكلىدە چۈشىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىدۇ. بۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، كىر يۇيۇش ئۈچۈن قۇيۇلغان سۇدىن ھاسىل بولغان قاينامنىڭ سول تەرەپكە ئايلىنىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ھادىسە ئەمەس بولۇپ، ئەكسىچە ئۇ بىر خىل قانۇنىيەتلىك تەبىئىي ھادىسە ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك قايتا ـ قايتا ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق، شىپىلو پىروفېسسور ئاخىر سۇ قاينىمىنىڭ سولغا ئايلىنىشىدىكى مەخپىيەتلىكنى تېپىپ چىقىدۇ. ئۇ ماقالە ئېلان قىلىپ مۇنداق كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ: سۇ قاينىمىنىڭ ئايلىنىش يۆنىلىش ھادىسىسى بىر خىل فىزىكىلىق ھادىسە بولۇپ، يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئەگەر يەر شارى ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشتىن توختاپ قالىدىغان بولسا، تۆشۈك قاچىنىڭ ئاستىدىكى پوگەتنى ئېلىۋەتكەندە سۇدىن قاينام ھاسىل بولمايدۇ، ئىنسانلار ياشاۋاتقان

بۇ يەر شارى غەربتىن شەرققە توختىماستىن ئايلىنىدۇ، ئەمما ئامېرىكا شىمالىي يېرىم شارغا جايلاشقانلىقتىن يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشىدىن كېلىپچىققان كۈچ بۇ يەردىكى كىر سۇيىدە سائەت ئىستىرېلكىسىنىڭ ئەكس يۆنىلىشىدىكى قاينامنى ھاسىل قىلغان.

شىپىلو پىروفېسسور يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: شىمالىي يېرىم شاردىكى تەيفېڭ بورىنىنىڭ ھەممىسى سائەت ئىستىرېلكىسىغا قارشى يۆنىلىشتە ئايلىنىدۇ، ئۇنىڭ سەۋەبىمۇ سۇنىڭ قاينام يۆنىلىشى بىلەن ئوخشاش. ئۇ مۇشۇنىڭغا ئاساسەن مۇنداق ھۆكۈم قىلغان: يەر شارىنىڭ جەنۇبىي يېرىم شارىدا بولسا ئەھۋال دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ، يەنى، سۇنىڭ قاينام يۆنىلىشى دەل سائەت ئىستىرېلكىسىنىڭ يۆنىلىشى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئەمما ئېكۋاتوردا قاينام ھاسىل بولمايدۇ.

شىپىلو پىروفېسسورنىڭ ماقالىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ھەرقايسى دۆلەت ئالىملىرىنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغايدۇ، ئۇلار ھەرقايسى جايلاردا تۇشمۇتۇشتىن تەجرىبە ئېلىپ بارىدۇ، تەجرىبە نەتىجىسى شىپىلو پىروفېسسورنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

شىپىلو پىروفېسسور باشقىلار ئادەتتە تولا كۆرۈپ كۆنۈپ كەتكەن، ئادەتتىكى ھادىسە دەپ قاراپ كېلىۋاتقان ھادىسىلەردىن زور بايقاشقا شۇ سەۋەبتىن ئېرىشكەنكى، ئۇنىڭ «كىر يۇغاندىكى سۇنىڭ قاينام يۆنىلىشى ھادىسىسى» گە قارىتا گۇمان قىلىشقا جۈرئەت قىلالىغانلىقىدا، يەنى، «قاينام يۆنىلىشىنىڭ ئارقىسىغا قانداق سىرلار يوشۇرۇنغاندۇ؟» دەپ ئۆزىگە سوئال قويالىغانلىقىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ گۇمانىدىن باشلاپ كىشىلەر تولا كۆرۈپ كەتكەن قاينام ھادىسىسىگە قارىتا چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە ئۇنى يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش ھادىسىسى، تەيفېڭ بورىنىنىڭ قاينام يۆنىلىشى قاتارلىقلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىدۇ، تەجرىبە ئارقىلىق لوگىكىغا ئۇيغۇن بولغان خۇلاسە چىقىرىدۇ ۋە ئىسپاتلاش ئېلىپ بېرىپ، بۇ خىل ھادىسىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان سىرنى ئېچىپ بېرىدۇ.

شىپىلو پىروفېسسورنىڭ كىشىلەر تولا كۆرۈپ كۆنۈپ كەتكەن ھادىسىدىن ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان ئىلىم ـ پەن سىرلىرىنى بايقىغانلىقىدەك ئەمەلىي مىسال كىشىلەرگە شۇنى دەپ بېرىدۇكى، يېڭىلىق يارىتىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن گۇماننى ئوتتۇرىغا

قويۇشقا جۈرئەت قىلالىشىمىز كېرەك.

ئارىستوتىل بولسا قەدىمكى ياۋروپادىكى بىر مەشھۇر مۇتەپەككۇر بولۇپ، ئۇنىڭ مۇنداق بىر ناھايىتى داڭلىق ھۆكمى بار: جىسىمنىڭ يەرگە چۈشكەندىكى سۈرئىتى ئۇنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ئوڭ تاناسىپ تۇزىدۇ، جىسىم قانچە ئېغىر بولغانسېرى ئۇنىڭ يەرگە چۈشۈش سۈرئىتى شۇنچە تېز بولىدۇ. بىر دانە 10 قاداق ئېغىرلىقتىكى تۆمۈر شار بىلەن بىر دانە1 قاداق ئېغىرلىقتىكى تۆمۈر شارنى ئوخشاش ئېگىزلىكتىن تاشلىغاندا، 10 قاداق ئېغىرلىقتىكى تۆمۈر شار 1 قاداق ئېغىرلىقتىكى تۆمۈر شارغا قارىغاندا ئاۋۋال يەرگە چۈشىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ چۈشۈش سۈرئىتىمۇ 1 قاداق ئېغىرلىقتىكى شار سۈرئىتىنىڭ 10 ھەسسىسىچىلىك بولىدۇ. ئۇ يەنە مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دېگەن، تۆمۈر شارنىڭ يەرگە چۈشۈش سۈرئىتى قۇشلارنىڭ پېيىگە قارىغاندا تېز بولىدۇ، شۇڭا كۆز پەسلىدىكى غازاڭلار يەرگە لەيلەپ چۈشكەن بولسا، پىشقان ئالمىلار يەرگە تېز سۈرئەتتە چۈشىدۇ.

ئارىستوتىلنىڭ بۇ «نوپۇزلۇق ھۆكمى» ۋە تۇرمۇشتىكى بەزى بىر قىسىم پاكىتلىرىغا قارىتا، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى مىڭ يىل ئىچىدە ھېچكىم بۇ «ھەقىقەتلەر» دىن گۇمان قىلمايدۇ.

ئاخىر بىر كۈنى، بىر ياش يىگىت بۇنىڭغا قارىتا ئۆز گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ كىشى دەل ئۇلۇغ شەخس گالىلېي ئىدى. ئۇ كۆڭلىدە مۇنداق ئويلايدۇ: ئەگەر100 قاداق ئېغىرلىقتىكى تۆمۈر شار بىلەن 1 قاداق ئېغىرلىقتىكى تۆمۈر شارنى بىر ـ بىرسىگە باغلاپ قويۇپ ئۇلارنى يۇقىرىدىن تاشلىغاندا، ئەھۋال قانداق بولۇپ كېتەر؟

شۇنىڭ بىلەن گالىلېي پىسا قىيسىق مۇنارىنىڭ ئۈستىدە ھېلىقى مەشھۇر بولغان، جىسىملارنىڭ ئەركىن چۈشۈش تەجرىبىسىنى ئىشلەيدۇ، تەجرىبە ئارقىلىق، ئېغىر ـ يېنىكلىكى ئوخشاش بولمىغان جىسىملار ئوخشاش شەرت ئاستىدا ئوخشاش ۋاقىتتا يەرگە چۈشىدىغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. ئارىستوتىلنىڭ نەزەرىيەسىگە ئاساسلانغاندا ئۆزئارا قارىمۇقارشى بولغان ئىككى خۇلاسىگە ئېرىشكىلى بولىدىغان بولۇپ، بىرىنچىسى، قۇشلارنىڭ پېيىنىڭ ھەجمى بىر قەدەر چوڭ بولغانلىقتىن يەرگە چۈشۈش جەريانىدا ئۇنىڭ بىرلىك ئېغىرلىقى ئۇچرايدىغان ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچى تۆمۈر شار ۋە ئالمىنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ، شۇڭلاشقا

تۆمۈر شار تېز چۈشىدىغان، قۇش پېيى ئاستا چۈشىدىغان، ئالما تېز چۈشىدىغان، غازاڭلار ئاستا چۈشىدىغان ھادىسە يۈز بەرگەن ئىدى. ئەمما بۇ گالىلېينىڭ جىسىملارنىڭ ئەركىن چۈشۈش قانۇنىنىڭ توغرىلىقىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

گالىلېي گۇماننى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلالىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئارىستوتېلنىڭ «نوپۇزلۇق ھۆكمى» نى ئاغدۇرۇۋەتكەن بىرىنچى كىشى بولالىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە فىزىكا ساھەسىدىكى جىسىملارنىڭ ئەركىن چۈشۈش قانۇنىيىتىنى بايقىغۇچىغا ئايلانغان ئىدى.

پىسا قىيسىق مۇنارىدىكى بۇ مەشھۇر تەجرىبە گالىلېينى بىردىنلا فىزىكا ساھەسىدىكى كۆزنى چاقنىتىدىغان چولپانغا ئايلاندۇرغان ئىدى.

يېڭىلىق يارىتىمەن دەيدىكەنمىز چوقۇم ئالدىنقىلارنىڭ ئوي - پىكىرلىرىگە قارىتا گۇمانىزم نۇقتىسىدىن قارىشىمىز كېرەك، ئالدىنقىلارنىڭ ھۆكمىگە قارىتا ئۆز گۇمانىمىزنى ئوتتۇرىغا قويغاندىلا ئاندىن ئالدىنقىلارنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى بايقىيالايمىز، شۇندىلا ئۆزىمىزنىڭ يېڭى كۆزقاراشلىرىمىز مەيدانغا كېلىدۇ.

غەرب پەلسەپشۇناسى دېنىس دىدېروت ئىلگىرى مۇنداق دېگەن ئىكەن: گۇمان قىلىش پەلسەپىنىڭ بىرىنچى قەدىمىدۇر.

ئەمەلىيەتتە پەقەت پەلسەپە ئۆگىنىشتىلا مۇشۇنداق قىلىش كېرەك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بارلىق بىلىملەرنى ئۆگىنىشتىمۇ مۇشۇنداق قىلىش كېرەك. ئەگەر ئۆزى ئۆگەنمەكچى بولغان بىلىملەرگە گۇمان نۇقتىسىدىن قارىمايلا ھەممىنى قارىغۇيۇق ئۆگىنىپ ئۆز سوئالىمىزنى ئوتتۇرىغا قويمىساق، ئۇ ھالدا بىز بۇ خىل پەننى ھەقىقىي چۈشەنگەن بولالمايمىز. ھەم بۇ خىل پەننىمۇ ئەمەلىي تۇرمۇشتا قوللىنالمايمىز. گۇمانى نۇقتىدىن قارىمايلا ھەممىنى قارىغۇيۇق ئۆگەنگەنسەك ئاخىر بېرىپ بىر قۇرۇق كىتاب خالتىسىغىلا ئايلىنىپ قالىمىز.

بىز ئۆزىمىزنىڭ سوئالىمىزنى، ئۆز گۇمانىمىزنى ئوتتۇرىغا قويالىساق، بۇ بىزنىڭ بۇ ئىشقا قارىتا مۇستەقىل پىكىر قىلىۋاتقانلىقىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، مانا مۇشۇلا كىتاب ئوقۇش جەريانىدىكى ئىلگىرىلىگەنلىكنىڭ بەلگىسىدۇر. بىر ئالىم: «مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش مەسىلىنى ھەل قىلىشقا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم» دېگەن ئىكەن. بىز ئالدى بىلەن گۇمان قىلالىساقلا ئاندىن سوئالىمىزنى ئوتتۇرىغا قويالايمىز، مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئاساسىدىلا ئاندىن

مەسىلىنى ھەل قىلالايمىز، يېڭى كۆزقاراشلارنى بايقىيالايمىز.

بۇ بىر خىل «ئادەتلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن كۆنۈپ قېلىش» تەك پوزىتسىيەنى بۇزۇپ تاشلايدىغان گۇمانىنى ئۆتتۈرىغا قويۇش مەشقى بولۇپ، چەت ئەللىك تەپەككۇر مەشقى ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇنى«جورجىيچە بەدەن قىزىتىش مەشقى» دەپ ئاتايدىكەن، ئۇ سىزنىڭ كۆندىلىك ئادىتىڭىزدىكى مۇۋاپىق قىسىم ۋە مۇۋاپىق بولمىغان قىسىملارنى تونۇۋېلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

(1) ئۆيدە قىزىقارلىق فىلىم كۆرگەن ۋاقتىڭىزدا سىز ئۈنلۈك ئاۋاز چىقىرىپ كۈلەمسىز؟ خۇددى كىنوخانىلاردا كىنو كۆرگەن ۋاقىتتىكىدەك توختىماستىن ئازادىچىلىك ئىچىدە قاقاھلاپ كۈلەلەمسىز؟ نېمە ئۈچۈن؟

(2) ئەگەر سىز ئادەتتە43 ـ نومۇرلۇق ئاياغ كىيىدىغان بولۇپ،42 ـ نومۇرلۇق بىر جۈپ ئاياغ پۇتىڭىزغا دەل كەپقالغان بولسا، سىز بۇ بىر جۈپ ئاياغنى سېتىۋېلىشنى رەت قىلامسىز؟ نېمە ئۈچۈن؟

(3) سىز تۇنجى قېتىم هاراق ئىچكەن ياكى تاماكا چەككەندە ئۆزىڭىز يالغۇزمىدىڭىز ياكى باشقىلار بىلەن بىرگە ئىدىڭىزمۇ؟



(4) سىز دوختۇردىن داۋالاش ۋە دورىگەرلىككە مۇناسىۋەتسىز بولغان مەسىلىلەر توغرىسىدا مەسلىھەت ئېلىپ باققانمۇ ـ يوق؟ نېمە ئۈچۈن؟

(5) سىز ئوپېرانى ياخشى كۆرەمسىز؟ نېمە ئۈچۈن؟

(6) ئەگەر ھۆكۈمەت سىزنىڭ 10% بايلىقىڭىزنى ئېلىپ كەتسە سىز قاتتىق ئاچچىقلىنامسىز؟

(7) سىزنىڭ كۆزقارىشىڭىز ۋە ئېتىقادىڭىز ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭكى بىلەن ئوخشاشمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

# 19. تەتۈر يۆنىلىشلىك تەپەككۇر

**تەتۈر يۆنىلىشلىك تەپەككۇر يەنە ئەكس تەپەككۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ، مەسىلە ئەكس تەرەپتىن(قارشى تەرەپتىن) ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان ۋە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلىدىغان جەريان بولۇپ، ئادەتتىكى تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىغا قارشى بولغان تەپەككۇر ئارقىلىق مەسىلە ھەل قىلىنىدىغان تەپەككۇر شەكلىدۇر.**

ئېلىمىزدىكى ئاتاقلىق تېز ھېسابلاش مۇتەخەسسىسى فىڭشۇنىڭ باشلانغۇچىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرى ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ دەرسخانىدا دەرس ئاڭلاۋېتىپ تۇيۇقسىزلا كاللىسىغا: «ماتېماتىكىلىق ھېسابلاشتا نېمە ئۈچۈن ئوڭدىن سولغا، تۆۋەن خانىدىن باشلاپ ھېسابلىنىدىغاندۇ؟ ئوقۇشتا ياكى يېزىشتا سولدىن ئوڭغا قاراپ ئوقۇپ يازىدىكەنمىز، ئەمما ھېسابلاشتىمۇ سولدىن ئوڭغا بولغان يۆنىلىشتە ئېلىپ بېرىشقىمۇ بولامدۇ - يوق؟» دېگەن سوئال كەپتۇ. ئۇ مۇشۇ خىيالى بويىچە ئۇزۇكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭگو - چەت ئەلگە داڭلىق بولغان فىڭشۇ تېز ھېسابلاش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلىپ چىقىپتۇ.

1938 - يىلى ۋېنگىرىيەلىك پىررى بىروت ماي قەلەمنى كەشىپ قىلىدۇ، ئەمما بۇ خىل قەلەمنىڭ ماي ساقىيدىغان ئەيىبى بولغاچقا پەقەت بىر قانچە يىل دەۋر سۈرۈپلا كىشىلەر تەرىپىدىن ئىشلىتىلمەيدۇ.

1945 - يىلى ئامېرىكىلىق رېينولدىز بىر خىل يېڭى تىپتىكى ماي قەلەمنى كەشىپ قىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭمۇ ماي ساقىيدىغان كەمچىلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىشكە ئېرىشەلمەيدۇ.

ماي قەلەمنىڭ ماي ساقىيدىغان بۇ خىل كەمچىلىكىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئادەتتىكى تەپەككۇر قىلىش شەكلى بويىچە

پىكىر يۈرگۈزىدۇ، يەنى، ماي قەلەمنىڭ ماي ساقىيدىغان سەۋەبىدىن باشلاپ تۈتۈش قىلىدۇ ۋە مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان چارە تاپماقچى بولىدۇ.

ماي قەلەمنىڭ ماي ساقىش مەسىلىسى ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ئاددىي مەسىلە بولۇپ، قەلەم شارچىسى 20000 دانىدىن ئارتۇقراق خەت يېزىپ بولغاندىن كېيىنلا تەبىئىي ئۇپراش سەۋەبىدىن چىقىپ كېتەتتى ـ دە، قەلەمنىڭ ئىچىدىكى مايمۇ شۇنىڭ بىلەن تەڭلا سىرتقا ساقىپ ئېقىپ چىقىپ كېتەتتى. شۇڭلاشقا كىشىلەرنىڭ ئالدى بىلەن ئويلىغىنىمۇ ماي قەلەمنىڭ ئۇچىدىكى شارچىنىڭ چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ.شۇنداق قىلىپ نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەردىكى ماي قەلەم سودىگەرلىرى نۇرغۇنلىغان مەبلەغ چىقىرىپ تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ، بەزىلىرى ھەتتا چىدامچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان داتلاشماس پولاتنى ۋە كۆك مەرمەر تاشنى ماي قەلەمنىڭ شارچىسى قىلىشنىمۇ سىناپ باقىدۇ.

قەلەم ئۇچىنىڭ چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇش مەسىلىسىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ھەل قىلىنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا يەنە يېڭى مەسىلە كېلىپچىقىدۇ: قەلەم ئۆزىكىنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ ئىككى تەرىپى بىلەن قەلەم شارچىسىنىڭ ئۇچراشقان قىسمى ئۇپراپ كېتىپ يەنىلا ماي ساقىپ چىقىپ كېتىدۇ.

كىشىلەر ماي قەلەمدىكى ماي ساقىپ كېتىش مەسىلىسى توغرىسىدا بېشى قېتىپ تۇرغان ۋاقىتتا، ياپونىيەلىك كەشپىياتچى ناكاتا فۇجىيامارو بۇ مەسىلىنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن ھەل قىلىۋېتىدۇ. ئۇ، ماي قەلەم بىلەن 20000 دانىدىن ئارتۇقراق خەت يازغاندا ماي ئېقىپ كېتىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئەگەر قەلەمدىكى ماي مىقدارىنى كونترول قىلىپ، ئۇنىڭغا قاچىلانغان ماي پەقەت 20000 دانە خەت يېزىشقىلا يېتىدىغان قىلىنسا، مەسىلەن: پەقەت 15000 دانە ئەتراپىدا خەت يازغىلىلا بولسا، ماي ئېقىش مەسىلىسى ھەل بولمامدۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ كۆپ قېتىم سىناق قىلىش ئارقىلىق ئاخىر ماي قەلەمدىكى ماي ئېقىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپتۇ.

ياپونىيە كەشپىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى تويوساۋا تويوۋا ئەپەندى مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇنى ماختاپ: «بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن ئەپچىل بولغان تەتۈر يۆنىلىشلىك تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى ئىكەن» دېگەن ئىكەن.



تەتۈر يۆنىلىشلىك تەپەككۇر يەنە ئەكس تەپەككۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ، مەسىلە ئەكس تەرەپتىن(قارشى تەرەپتىن) ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان ۋە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلىدىغان جەريان بولۇپ، ئادەتتىكى تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىغا قارشى بولغان تەپەككۇر ئارقىلىق مەسىلە ھەل قىلىنىدىغان تەپەككۇر ئۇسۇلىدۇر.

فىرانسىيەلىك مىكرو جانلىقلار پىروفېسسورى پاستېر تەتقىق قىلىش ۋە تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق مىكروبلارنى يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا يوقاتقىلى، يېمەكلىكلەرنى پىشۇرغاندىن كېيىن ساقلاشقا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان.

ئەنگلىيەلىك ئالىم تومسون ئەكس تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق، مىكروبلارنى تۆۋەن تېمپېراتۇرا شارائىتىدىمۇ يوقاتقىلى ياكى ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى توختاتقىلى بولىدۇ، يېمەكلىكلەرنىمۇ سوۋۇتۇش جەريانى ئارقىلىق ساقلىغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇ ئاخىر سوغۇق ساقلاشتەك يېڭى ھۈنەر ـ سەنئەتنى كەشىپ قىلىدۇ.

شىۋېيتسارىيە مەنگېخال شەھىرىدىكى بىر تاماقخانىدا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر تال سائەت ئېسىلغان بولۇپ، سائەت ئىچىدىكى ئىستىرېلكىنىڭ ئايلىنىش يۆنىلىشى ئادەتتىكى سائەتلەر بىلەن ئوخشاش ئىكەن، ئەمما سائەت تەگلىكىدىكى رەقەملەر تەتۈرسىچە تىزىلغان بولۇپ، سانلار1 دىن باشلاپ12 گىچە بولماستىن ئەكسىچە12 دىن1 گىچە تەرتىپتە تىزىلغان ئىكەن. بۇ سائەتتىكى بىر خىل قىسمەن ھالدىكى تەتۈر يۆنىلىشتۇر. نېمە ئۈچۈن سائەتكە بۇنداق تەتۈر يۆنىلىش بېكىتىپ قويىدۇ؟ تاماقخانىنىڭ خوجايىنىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كىچىككىنە نەيرىڭى بولۇپ. خېرىدارلار بۇ سائەتنى كۆرگەندىن

كېيىن ۋاقىتقا دىققەت قىلمايدىكەن ـ دە، تاماقخانىدا ئۇزاقراق ئولتۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىكەن.

يەر ئاغدۇرۇشمۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا كۈندۈزى ئېلىپ بېرىلىدۇ، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە گېرمانىيەنىڭ بەزى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا كېچىدە يەر ئاغدۇرۇش ئىنتايىن مودا بولۇپ، دېھقانلار ھەممىشە قاپقاراڭغۇ كېچىدە مەشغۇلات قىلىشنى تاللايدىكەن. بۇنىڭدا تىراكتورلارنىڭ بارلىق چىراغلىرىمۇ ئۆچۈرۈۋېتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەربىي ساھەلەر ئىشلىتىدىغان ئىنفىرا قىزىل نۇرلۇق كېچىدە كۆرۈش ئۈسكۈنىسى بىلەن نىشان پەرق ئېتىلىدىكەن. گەرچە كېچىدە يەر ئاغدۇرغاندا ئاز بولمىغان ئاۋارىچىلىككە ئۇچرايدىغان بولسىمۇ، ئەمما گېرمانىيە يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسى سولبىك مۇنداق بىر مەسىلىنى يەنى، ئادەتتە كېچىسى يەر ئاغدۇرغاندا ياۋا ئوت ـ چۆپلەر ئۇرۇقىنىڭ ئۆسۈپ چىقىشى 2% ئەتراپىدا بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر كۈندۈزدە يەر ئاغدۇرۇلغاندا بۇ ياۋا ئوت ـ چۆپلەر ئۇرۇقلىرىنىڭ ئۆسۈپ چىقىش نىسبىتىنىڭ 80% ئەتراپىدا بولۇپ، ئالدىنقىسىنىڭ 40 ھەسسىسىگە تەڭ بولىدىغانلىقىنى بايقايدۇ. سولبىك بۇنىڭغا قارىتا چۈشەندۈرۈش بېرىپ، كۆپ قىسىم ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۇرۇقلىرى يەر ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنكى بىرنەچچە سائەت ئىچىدە ئەگەر نۇرنىڭ (ئۇ نۇر ئەڭ قىسقا بولغاندا ئوندىن بىر سېكۇنت بولسىمۇ بولىدۇ)غىدىقلىشىغا ئېرىشەلمىسە ناھايىتى تەستە بىخلىنىپ چىقالايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مۇشۇ نەزەرىيەگە ئاساسلانغاندا ئەگەر مۇتلەق قاراڭغۇ مۇھىت ئاستىدا يەر ئاغدۇرغاندا ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۆسۈپ چىقىشىنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

سۈزگۈچلۈك تاماكىنىڭ ئېغىزى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئادەتتە سۈزۈش ئېغىزى ئۈستىدە بولۇپ، تاماكا چەككۈچىلەرگە قولايسىزلىق ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنداق بولۇشىدا: بىرىنچى، تاماكا چېكىدىغان ۋاقىتتا چوقۇم قول بىلەن سۈزۈش ئېغىزىنى بۇراش كېرەك بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن مۇشتەك ئاسانلا مەينەت بولۇپ كېتىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، چېكىپ بولغان تاماكىنى قارشى تەرەپكە تەڭلىگەندە مۇشتەكنى تۇتۇش قولاي ئەمەس؛ ئۈچىنچىدىن، تاماكا قېپىدىن تاماكا ئالغان ۋاقىتتا يەنە يېپىشقا توغرا كېلەتتى. بەزىلەر تاماكا چەككەن ۋاقىتتا تاماكىنى تەتۈر قويۇپ قويۇپ،

ئاستىدىن ئېلىپ چىقىشقا ئادەتلەنگەن. بۇمۇ بىر خىل ئەپچىل بولغان تەتۈر تەپەككۇردۇر.

تەتۈر تەپەككۇرنىڭ ئىككى خىل كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى بار بولۇپ:

(1) گەۋدىلىك بولغان ئىجادچانلىق خاراكتېرىگە ئىگە. ئۇنىڭدا مەسىلە ئەنئەنىگە، ئادەتتىكى قائىدىگە، مۇقىملاشقان ھالەتكە قارشى شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ۋە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلىدۇ ھەم ھەل قىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە ھەل قىلىنغان مەسىلە كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان بولۇپ، ناھايىتى گەۋدىلىك بولغان يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرىگە ئىگە. مەسىلەن: ئامېرىكىدىكى ئالياسكا ۋىلايىتىدىن تەبىئىي قوغداش رايونىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى بۇغا تۇپىنىڭ ساغلام بولۇشى ئۈچۈن يېيىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى كېسەل بۇغىغا بەرمەستىن بەلكى بۆرىنى دوختۇرلۇققا تەكلىپ قىلىدىكەن. چۈنكى بۆرىلەر يېتىپ كەلگەندە بۇغىلار تېخىمۇ يۈگۈرگەك بولۇپ كېتىدىكەن.

(2) قائىدىگە تەتۈر بولغان تەپەككۇر قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە. تەتۈر تەپەككۇر بولسا ئادەتتىكى قائىدىگە تەتۈر بولغان شەكىل بىلەن تەپەككۇر قىلىنىپ، مەسىلىلەر ھەل قىلىنىپ ئىجاد قىلىش ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، ئادەتتىكى قائىدىلىك تەپەككۇر بىلەن ئىجاد قىلغىلى بولمىغاندا، تەتۈر يۆنىلىشلىك تەپەككۇر ئارقىلىق ئىجاد قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: بىز كۆپ ئىشلىتىدىغان بىلىق پىشۇرۇش قازىنىنىڭ ھەممىسىدە ئىسسىقلىق مەنبەسى تۆۋەنگە يەتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، ئادەتتىكى تەپەككۇر شەكلى بىلەن بېلىق پىشۇرۇش قازىنىدىكى ئىسسىقلىق مەنبەسىنى يۇقىرىغا يەتكۈزگىلى بولمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنى تەتۈر يۆنىلىشلىك تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇش ناھايىتى ئوڭاي بولىدۇ.

ئايروپىلاننىڭ ئىچىدىكى يولۇچىلار ئورۇنىدۇقىنىڭ ھەممىسى ئەزەلدىنلا ئالدىغا قارىتىلغان، يەنى، يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئايروپىلان بېشىغا قاراپ ئولتۇرىدۇ. ياپونىيەدىكى بىر قېتىملىق تەكشۈرۈش ۋە سىناق قىلىشتا ئىسپاتلىنىشىچە، يولۇچىلار ئايروپىلان بېشىغا ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرسا تېخىمۇ بىخەتەر بولىدىكەن.

ئەمما، ئايروپىلان مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن تەتۈر ئۆچالمايدۇ ـ دە.

قىسمەن جايلىرىنى تەتۈر قىلىش ناھايىتى ئاسان، يەنى ئورۇندۇقنى ئايلاندۇرۇپ تەتۈر يۆنىلىشتىكى ئورۇندۇق قىلساقلا كۇپايە.

ياپونىيەدىكى ئايروپىلان بىخەتەرلىكىنى تېخنىكىلىق تەكشۈرۈش ھەيئىتى كۆپ قېتىملىق ئايروپىلان ھادىسىسىگە قارىتا تېخنىكىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ھەمدە تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق مۇنداق بىر خۇلاسىنى چىقارغان: ئادەم بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ 16 ھەسسىسىچىلىك زەربە كۈچىگە ئۇچرىغان ۋاقىتتا ئالدىغا قارىتىلغان ئورۇندۇقنىڭ ئۇچرايدىغان زەربە ماسسىسى111 كىلوگىرام بولىدىكەن، ئەمما تەتۈر يۆنىلىشتىكى ئورۇندۇقنىڭ بولسا ئاران ئۇنىڭ 1/10 ىچىلىك بولىدىكەن، بولۇپمۇ ئادەمنىڭ باش قىسمى زەربىگە ئۇچرىغان ۋاقىتتا تەتۈر يۆنىلىشتىكى ئورۇندۇقنىڭ قوغداش رولى تېخىمۇ كۆپ بولىدىكەن.

ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ ھەممىسى باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى ئالدىغا قاراپ ئاتىدۇ. بىر قانچە يىللار ئىلگىرى كەلگۈسىدىكى ھاۋا ئۇرۇشى تەسۋىرلەنگەن فىلىمدە ئالىملار باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى ئارقىغا قويۇپ بېرىدىغان كۈرەشچى ئايروپىلاننى تەسەۋۋۇر قىلىشقان ئىدى. شۇ ۋاقىتتا، ھەربىي مۇتەخەسسىسلەر بۇ خىل تەسەۋۋۇرنى «خام خىيال» دەپ قارىغان. ئەمما بىرنەچچە يىلدىن كېيىن رۇسىيە ئالىملىرى بۇ خام خىيالنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ ئارقىسىغا قارىتا ھاۋادىن ھاۋاغا باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىدىغان SU-35 بەلگىلىك كۈرەشچى ئايروپىلاننى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىدۇ.

كۈرەشچى ئايروپىلاننى ئارقىسىغا قارىتا باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىدىغان قىلىپ لايىھەلەش بولسا قىسمەن تەتۈر يۆنىلىشلىك بولىدۇ.

كۈرەشچى ئايروپىلاننىڭ بۇ بىر قىسمەن تەتۈر يۆنىلىشلىك قىلىنىشى ئاجايىپ قالتىس بولىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا SU-35 نىڭ بۇ خىل ماھارىتىگە ئامېرىكىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىدارى ئەڭ ياخشى بولغان F-15E بەلگىلىك كۈرەشچى ئايروپىلانىمۇ تەستە تاقابىل تۇرالايدىكەن.

راكېتامۇ ئادەتتە «يۇقىرىغا قويۇپ بېرىش» شەكلىدە بولىدۇ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئىنژېنېرى مىخايىل تەتۈر يۆنىلىشلىك تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق 1968 - يىلى ئەڭ ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا «تۆۋەنگە قاراپ قويۇپ بېرىش» شەكلىدىكى بۇرغىلاش راكېتاسىنى ياساپ چىقىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مۇشۇ ئاساستا باشقىلار بىلەن

ھەمكارلىشىپ يەنە مۇز قاتلىمىنى تەشكۈچى راكېتا، تاغ جىنسىنى تەشكۈچى راكېتا قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىدۇ.

كىشىلەر بۇ تۆۋەنگە قاراپ قويۇپ بېرىلىدىغان راكېتىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ يەر تەشكۈچى راكېتالار دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ يەر تەشكۈچى راكېتىلارنىڭ ئېغىرلىقى ئادەتتىكى ئوخشاش رولغا ئىگە بۇرغۇلاش ماشىنىسىنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ 1/17 ىچىلىك بولۇپ، خورىتىدىغان ئېنېرگىيەمۇ 2/3 قىسىم كېمەيتىلگەن، ئىش ئۈنۈمى 5 — 8 ھەسسىچىلىك ئاشقان ئىدى. ئېلىم ـ پەن ساھەسىدىكىلەر يەر تەشكۈچى راكېتانىڭ كەشىپ قىلىنىشىنى بىر مەيدان «يەر تېشىش ۋاستىسى» ئىنقىلابىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ قارىشىدۇ.

ئەسلىدىكى مۇز يارغۇچى پاراخوتنىڭ ئىش ئىشلەش پىرىنسىپىمۇ ئۈستىدىن ئاستىغا قارىتا بېسىش شەكلىدە بولۇپ، كېيىنچە ئالىملار تەتۈر تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق سۇ ئاستىدىن مۇز يارغۇچى پاراخوتنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىدۇ. بۇ خىل مۇز يارغۇچى پاراخوت«ئۈستىدىن ئاستىغا بېسىش» شەكلىدىن «ئاستىدىن ئۈستىگە كۆتۈرۈش» شەكلىگە ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، ھەم مۇز يېرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن ھەم ھەرىكەت كۈچىنىڭ خورىشىنى ئازايتقان.

پەن ـ تېخنىكا ئىجادىيىتىدە كونا پىكىر يولىنى ئالماشتۇرغاندا كۆپىنچە ھاللاردا يېڭى بىر مەھسۇلاتنى كەشىپ قىلىپ چىققىلى بولىدۇ.

قوش ئىشكىلىك توڭلاتقۇ سوۋۇتۇش بۆلۈمچىسى ۋە سوغۇق ساقلاش بۆلۈمچىسىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئەنئەنىۋى بولغان لايىھە قۇرۇلمىسىدا سوۋۇتۇش بۆلۈمچىسى ئۈستىدە، سوغۇق ساقلاش بۆلۈمچىسى ئاستىدا بولاتتى. بۇنداق لايىھەلەشتىكى ئاساس بولسا: سوغۇق ھاۋا بىر قەدەر ئېغىر بولۇپ، تەبىئىي ھالدىلا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئېقىپ چۈشەتتى. ئادەتتىكى قائىدە بويىچە قارىغاندىمۇ بۇ خىل تۈزۈلۈش بويىچە لايىھەلەش ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىدى. ئەمما، شارپ ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى بۇ خىل قۇرۇلمىغا قارىتا تەتۈر يۆنىلىشلىك تەھلىل قىلىش ئېلىپ بېرىپ، ئادەتتىكى قائىدىنى تەتۈر يۆنىلىشلىك قائىدە دەپ قاراپ مۇۋاپىقلىق ئىچىدىن نامۇۋاپىقلىقنى تېپىپ چىقىدۇ. چۈنكى سوۋۇتۇش بۆلۈمچىسى ئۈستىدە، سوغۇق ساقلاش بۆلۈمچىسى ئاستىدا بولغان بۇ خىل لايىھە، پەقەت سوغۇق ھاۋانىڭ

تەبىئىي هالدا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئېقىشتەك بۇ خىل نۇقتىدىن چىقىش قىلىپ تۇرۇپ لايىھەلەشكە ئۇيغۇن كېلىدۇ، ئەمما يەنە باشقا ئۈچ نۇقتىدىن ئويلايدىغان بولساق ئۇنداق بولمايدۇ: بىرىنچىدىن، ئادەتتىكى توڭلاتقۇلار ئەمەلىي ئىشلىتىش جەريانىدا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغىنى يەنىلا ئاستىدىكى سوغۇق ساقلاش بۆلۈمچىسى بولۇپ، ئەگەر سوغۇق ساقلاش بۆلۈمچىسىنى ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرغاندا، ئۇنىڭدىن نەرسىلەرنى ئالغاندا دائىم بەلنى ئېگىپ تۇرۇپ ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنداق بولغاندا تېخىمۇ ئەپسىز بولۇپ قالىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، سوۋۇتۇش بۆلۈمچىسى ئۈستىدە، سوغۇق ساقلاش بۆلۈمچىسى ئاستىدا بولغاندا، سوۋۇتۇش بۆلۈمچىسىنىڭ قىروۋلىشىش ۋاقتى ياكى توك كەتكەن ۋاقىت ئۇزۇن بولغاندا، ئاستى قىسمىدىكى سوغۇق ساقلاش بۆلۈمچىسىدىكى يېمەكلىكلەرنىڭ بۇلغىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، سوۋۇتۇش بۆلۈمچىسى ئۈستىدە، سوغۇق ساقلاش بۆلۈمچىسى ئاستىدا بولغاندا پۈتۈن ئۇسكۇنىنىڭ قۇرۇلمىسى ئىخچام بولمايدۇ. شارپ ئېلېكتىر ئۇسكۇنىلىرى شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى قۇرۇلما جەھەتتىكى تەتۈر تەپەككۇر قىلىش شەكلى ئارقىلىق تەتۈر تەقسىملەش تەلىپى بويىچە، بۇ خىل توڭلاتقۇنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەتۈرسىگە ئورۇنلاشتۇرغان. شۇنداق قىلىپ سوۋۇتۇش بۆلۈمچىسى توڭلاتقۇنىڭ ئاستى قىسمىغا، سوغۇق ساقلاش بۆلۈمچىسى توڭلاتقۇنىڭ ئۈستى قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. قۇرۇلمىسى تەتۈر قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىنكى توڭلاتقۇ ئىشلەتكۈچىلەرگە قولايلىق ئېلىپ كېلىپلا قالماستىن بەلكى يەنە ئۇ سوغۇق هاۋانىڭ تۆۋەنگە ئېقىش پىرىنسىپىدىن پايدىلىنىلغان بولغاچقا، يۇكلەنگەن تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىغا قايتا ئۆرلەش ۋاقتى ئادەتتىكى توڭلاتقۇنىڭكىدىن 1 ھەسسە ئاشقان، توك سەرپىياتىمۇ تۆۋەنلىتىلگەن بولۇپ، ئېنېرگىيەنى تېجەش مەقسىتىگىمۇ يەتكىلى بولغان.

چاڭ ـ توزان سۈمۈرگۈچ كەشىپ قىلىنىشتىن بۇرۇن كىشىلەر دەسمال، سۈپۈرگە قاتارلىقلار بىلەن چاڭ ـ توزاننى سۈپۈرەتتى. كېيىنچە ئەنگلىيەدە چاڭ ـ توزان پۈۋلىگۈچ كەشىپ قىلىنىپ، پۈۋلەش پىرىنسىپىدىن پايدىلىنىپ چاڭ ـ توزانلار چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. 1902 ـ يىلى كۆۋرۈك لايىھەلەش ئىنژېنېرى پېتېر چاڭ ـ توزان پۈۋلىگۈچنى

تەتۈر ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۈۋلەشنى سۈمۈرۈشكە ئۆزگەرتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن چاڭ - توزان سۈمۈرگۈچ كەشىپ قىلىنىدۇ. چاڭ - توزاننى پۈۋلىگىلىمۇ بولىدۇ، سۈمۈرگىلىمۇ بولىدۇ. پۈۋلەش بىلەن سۈمۈرۈش ئۆزئارا قارىمۇقارشىلىق ۋە بىردەكلىككە ئىگە بولىدۇ، ئەمما، ھەم چاڭ - توزان سۈمۈرگۈچ ھەم چاڭ - توزان پۈۋلىگۈچ بولمىغان ئاشۇ يىللاردا كىشىلەرنىڭ چاڭ - توزاننى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىدە ئالدى بىلەن ئويلىغىنى چاڭ - توزاننى پۈۋلەش بولغان، چۈنكى چاڭ - توزاننى پۈۋلەش ئۇنى سۈمۈرۈشكە قارىغاندا كۆپ ئاسان ئىدى.

ئەڭ ئاسان ئېرىشىلگەن جاۋابمۇ ئەڭ ياخشى جاۋاب ئەمەس، جاۋابمۇ باشتىن - ئاخىر ئەڭ ياخشى جاۋاب بولۇۋەرمەيدۇ؛ ئەڭ ئاسان كەشىپ قىلىنغان كەشپىياتمۇ ئەڭ ياخشى كەشپىيات ئەمەس، ئىجاد قىلىنغان نەرسىلەرمۇ باشتىن - ئاخىر ياخشى ئىجادىيەت بولۇۋەرمەيدۇ.

ئەنگلىيە ئەينى يىللىرى تۆمۈر يولدا ئىشلەتكەن چاڭ - توزان سۈمۈرگۈچتە يۇقىرى قۇۋۋەتلىك كومپرېسسور ئارقىلىق ۋاگون ئىچىگە ھاۋا پۈۋلىنىدىغان بولۇپ، ئەخلەتلەر بىۋاسىتە ھالدىلا دېرىزە سىرتىغا پۈۋلەپ چىقىرىۋېتىلەتتى، بۇنداق بولغاندا گەرچە ۋاگون ئىچى پاكىز بولغان بىلەن ۋاگون سىرتىدا يەنىلا ئەخلەتلەر ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى.

بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟

شۇنىڭ بىلەن بەزىلەر پۈۋلەشنى سۈمۈرۈشكە ئۆزگەرتىدۇ.

قانداق سۈمۈرىدۇ؟ يەنى پۈۋلىگۈچنىڭ ئىش ئىشلەش پىرىنسىپىنى تەتۈرسىچە ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

ئادەتتىكى رەسىم تارتىش ئاپپاراتى بىلەن رەسىم تارتقاندا، ھەممىسىدە دېگۇدەك سۈرەت لېنتىسى بىر تال، بىر تالدىن بىر تەرەپكە ئايلاندۇرۇلاتتى. ھەممە رەسىملەرنى تارتىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بارلىق سۈرەت لېنتىسىنى كەينىگە ياندۇرۇپ يۆگەپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن لېنتا قېپىدىن چىقىرىۋېلىناتتى. بىر يۆگەم سۈرەت لېنتىسىنىڭ ھەممىسىنى سۈرەت تارتىشقا ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى چىقىرىۋېلىپ يۇغۇزغىلى بېرىدىغان ۋاقىتتا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر لېنتىنى كەينىگە ياندۇرۇشنى ئۇنتۇپ قېلىشى سەۋەبىدىن لېنتا قېپىنى ئاچقان ھامانلا سۈرەت لېنتىسىنىڭ ھەممىسى نۇر تەسىرىدە قارىداپ كېتىدۇ. سۈرەت لېنتىسىنى ئاپتوماتىك ھالدا كەينىگە ياندۇرۇش

قۇرۇلمىسى ئۇرۇنلاشتۇرۇلغان سۈرەت تارتىش ئاپپاراتىدىمۇ بەزى ۋاقىتلاردا ئارقىغا ياندۇرۇش كۇنۇپكىسىنى بېسىشنى ئۇنتۇپ قېلىش سەۋەبىدىن بىر پۈتۈن سۈرەت لېنتىسىنى كېرەكتىن چىقىرىپ قويىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ قالاتتى.

قانداق قىلغاندا يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ؟

ياپونىيە فۇجى سۈرەت لېنتىسى ياساش شىركىتىنىڭ تەتقىقات ئىشخانىسىدىكىلەر تەرتىپنى تەتۈر قىلىشتەك مۇنداق بىر ئامالنى ئويلاپ تاپقان بولۇپ: سىز سۈرەت لېنتىسىنى ئاپپارات ئىچىگە قاچىلىغان ۋاقتىڭىزدا ئاپپارات ئۇ لېنتىنى ئاپتوماتىك ھالدا ئالدىن يەنە بىر يۆگىگۈچى ئوققا يۆگىۋالىدۇ، بۇنداق بولغاندا، سىز سۈرەتلەرنى تارتىپ بولغاندىن كېيىن سۈرەت لېنتىسى ئاپتوماتىك ھالدا ئەسلىدىكى سۈرەت قېپىغا يۆگىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، سىز سۈرەت تارتىش ئاپپاراتىنىڭ ئارقا قاپقىقىنىڭ ئېچىلىپ كېتىپ سۈرەت لېنتىسىنىڭ نۇر تەسىرىدە بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. بۇ خىلدىكى سۈرەت تارتىش ئاپپاراتىدا ئەسلىدىكى سۈرەت تارتىش ئاپپاراتىغا قارىتا كىچىككىنە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ تاللاپ سېتىۋېلىشىغا ئېرىشىدۇ.

ئادەم ئۇخلىغاندىن كېيىن بەدىنى ئىسسىقلىق تارقىتىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى %80 سۇ تەركىبىنى (تەخمىنەن 240 ـــ 400 گىرامغىچە) يوتقان ـ كۆرپىلەر سۈمۈرۈۋالىدىكەن. نەم يوتقان ـ كۆرپىلەرنىڭ كىشىلەرگە ھۆزۈر بېغىشلىيالمايلا قالماستىن بەلكى يەنە رېماتىزم كېسەللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش مۇمكىنچىلىكى بار ئىدى. شۇڭا يوتقان ـ كۆرپىلەرنى ئۇزاق مۇددەت قۇرغاق ساقلاشقا تېگىشلىك بولۇپ، بۇنىڭدا قوللىنىشقا بولىدىغان ئامالمۇ يوتقان ـ كۆرپىلەرنى ئاپتاپقا سېلىش بولغان. ئەمما يوتقان ـ كۆرپىلەرنى ئاپتاپقا سېلىشتا ھاۋا چوقۇم ئوچۇق بولۇشى كېرەك. ئەگەر يوتقان ـ كۆرپىلەرنى قاقلاپ قۇرۇتقۇچ بولغان بولسا ئىدى، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە؟ چۈنكى بۇنداق بولغاندا ھاۋا رايىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ، يوتقان ـ كۆرپىلەرنى ھەر ۋاقىت قاقلاپ قۇرۇتۇشقا بولاتتى. ئېھتىياج بولغان ئىكەن بازار بار دېگەن گەپ، ياپونىيە توشىبا ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئالدى بىلەن ھەرىكەتلىنىدۇ ـ دە، يوتقان ـ

كۆرپىلەرنى قاقلاپ قۇرۇتالايدىغان بىر خىل ئۇسكۇنىنى ياساپ بازارغا سالىدۇ. بۇ قۇرۇتقۇچ يوغان بىر ساندۇقتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئىچىگە ئىككى تال توغرا تاياق ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. يوتقان ـ كۆرپىلەرنى ئاشۇ تاياقلا ئېسىپ قويغاندا ئىچىدىكى ئىسسىق شامال ئۇنى قۇرۇتاتتى، ئەمما بۇ خىل قۇرۇتقۇچنىڭ باھاسى يۇقىرى، ھەجمى چوڭ بولۇپ، ئۇنى يۆتكەش ۋە ئىچىگە يوتقان ـ كۆرپىلەرنى ئېسىش ئاسان ئەمەس ئىدى، شۇڭا بۇ خىل ئۇسكۇنە ئانچە بازار تاپالمايدۇ.

ياپونىيە مىتسۇبىشى ئېلېكتىر ئۇسكۈنىلىرى شىركىتىدىكى تېخنىكا خادىملىرىمۇ يوتقان ـ كۆرپە قۇرۇتقۇچ لايىھەلەۋاتقان بولۇپ، ئۇلار «توشىبا» شىركىتى ياسىغان قۇرۇتقۇچنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ خىل قۇرۇتقۇچتا يوتقان ـ كۆرپىلەر قۇرۇتقۇچنىڭ ئىچىگە سېلىنىدىغانلىقىنى بايقايدۇ، شۇنىڭ بىلەن مىتسۇبىشى شىركىتىدىكىلەر تەتۈر يۆنىلىشلىك تەپەككۇر قىلىپ: يوتقان ـ كۆرپىلەرنى قۇرۇتقۇچنىڭ ئارىسىغا قويۇپ، تورسىمان رېشاتكا ئارىسىدىن ئىسسىق شامال چىقىرىپ يوتقان ـ كۆرپىلەرنى بىر قېتىمدىلا قۇرۇتۇشتەك قۇرۇلمىنى لايىھەلەپ چىقىدۇ. نەتىجىدە بۇ خىل قۇرۇتقۇچنىڭ ھەجمى كىچىك، تەننەرخى تۆۋەن، ئىشلىتىش ئەپلىك بولۇپ، يوتقان ـ كۆرپىلەرنى ئېسىپ قۇرۇتۇش ھاجەتسىز بولغاچقا، بازارغا سېلىنغان تۇنجى يىلىلا بىر مىليون 700 مىڭ دانە سېتىلىپ شۇ يىلىدىكى ئۇنئالغۇنىڭ سېتىلىش سانىدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

«توشىبا» بىلەن «مىتسۇبىشى» دىن ئىبارەت ئىككى شىركەت ئىشلەپچىقارغان يوتقان ـ كۆرپىلەرنى قۇرۇتۇش ئۇسكۇنىسىنىڭ قۇرۇتۇش پىرىنسىپى ئوخشاش بولۇپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ قۇرۇلمىسىلا ئوخشىمايتتى خالاس. يەنى بىرىنچى خىل قۇرۇتقۇچتا يوتقان ـ كۆرپىلەر ئۇنىڭ ئىچىگە سېلىناتتى، يەنە بىرسىدە بولسا يوتقان ـ كۆرپىلەر قۇرۇتقۇچنىڭ سىرتىغا قويۇلاتتى. ئىجاد قىلىشتىكى ئەڭ چوڭ پەرق پىكىر قىلىشتىكى پەرقتۇر. پىكىر يولى ئوخشاش بولمىسا ئىجاد قىلىشمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. نىشان ئوخشاش بولۇپ، مەسىلەن: يوتقان ـ كۆرپىلەرنى قۇرۇتقۇچنى مىسالغا ئالساق، ئۇنى ئوخشاش بولمىغان ئىجادىيەت ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئوخشاش بولمىغان ئىجاد قىلىشتا پىرىنسىپىنىڭ چوقۇم ئوخشاش بولماسلىقى ناتايىن، كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ

قۇرۇلمىسى ئوخشاش بولمايدۇ. قۇرۇلمىسى تەتۈر بولۇش، ئەسلىدىكى قۇرۇلمىغا ئوخشاشمايدىغان بىر خىل قۇرۇلما، يەنى يېڭى بىر خىل قۇرۇلمىدىن ئىبارەتتۇر. قۇرۇلمىسىنى تەتۈر قىلىش بەلكىم ئەسلىدىكى قۇرۇلمىغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇۋاپىق، تېخىمۇ ئاددىي، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولۇشى مۇمكىن. مانا بۇ قۇرۇلمىسىنى تەتۈر قىلىشتىكى ئىجاد قىلىشنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىدۇر.

ياپونىيەدە بىر «يىپ ئېگىرىش زاۋۇتى» بار بولۇپ، ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا بىر قىيىن مەسىلىگە يولۇقىدۇ يەنى، ئېگىرىلگەن ھەر گورۇپپىدىكى بەش تال يىپنىڭ ئىنچىكە ـ توملۇقى بىردەك بولمايدۇ، تېخنىكا خادىملىرى ھەر قانچە كاللا قاتۇرغان بولسىمۇ بۇ مەسىلىنى پەقەت ھەل قىلالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن زور مىقداردىكى سۈپىتى ياخشى بولمىغان مەھسۇلاتلار شىركەتنىڭ پايدىسىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئىشلەپچىقىرىش سېخىنىڭ بىر نەپەر گورۇپپا باشلىقى مۇنداق بىر تەكلىپ بېرىدۇ يەنى، بەش تال يىپنى ئوخشاش قىلغىلى بولمىسا ئۇنداقتا نېمىشقا يىرىكرەك بولغان رەخت ئىشلەپچىقىرىپ ئەزەلدىنلا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان پارقىراق رەختلىك كىيىملەرگە ئامراق خېرىدارلارنى خۇش قىلىۋەتمەيمىز؟ دەيدۇ، شىركەت ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىدۇ. نەتىجىدە بۇ خىل سىرتقى قىسمى سەل يىرىك، ئەمما يۇمشاق كەلگەن يېڭى تىپتىكى رەخت بازارغا سېلىنىشى بىلەنلا خېرىدارلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپتۇ.

سۈپىتى ناچار مەھسۇلاتلارنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئەسلىي ئۇسۇل باھاسىنى چۈشۈرۈپ سېتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ياپونىيەدىكى ھېلىقى شىركەت پىكىر يولىنى ئۆزگەرتىپ ناچار مەھسۇلاتنى بىر ئۆزگەرتىپلا ئويلىمىغان ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ.

ئاپتوموبىللاردىن چىققان شاۋقۇن ئاۋازىمۇ كىشىلەرنى بەك بىئارام قىلىپ بىر ئاممىۋى زىيانداشقا ئايلىنىدۇ. كىشىلەر بۇ شاۋقۇن ئاۋازىنى كونترول قىلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇرىدۇ، ئەمما نۇرغۇنلىغان شاۋقۇن مەنبەسىنى يەنىلا كونترول قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەزىلەر تەتۈر تەرەپتىن ئوخشاش مەقسەتتە لايىھەلەش ئېلىپ بېرىپ، شاۋقۇن ئاۋازى ئارقىلىق شاۋقۇننى يوقىتىش ئۇسۇلىنى تېپىپ

چىقىدۇ. مەسىلەن: ئىتالىيە پىرۇگىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاۋاز ئىلمى تەجرىبىخانىسىدىكىلەر تەتۈر تەپەككۇر بويىچە پىكىر يۈرگۈزۈپ ماشىنىدىكى شاۋقۇن ئاۋازىنى يوقىتىدىغان بىر خىل ئۈسكۈنىنى ياساپ چىقىدۇ. بۇ خىل ئاۋاز يوقاتقۇچ بىر خىل داتلاشماس پولاتتىن ياسالغان قۇرۇلما بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئورنىتىلغان تۆت تال كاناي ئەكس ئاۋاز چىقىرىپ ماشىنا چىقارغان شاۋقۇن ئاۋازىنى پەسەيتەتتى. ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇ خىل قۇرۇلما ماشىنىنىڭ گاز چىقىرىش تۇرۇبىسىنىڭ ئۇچىغا ئورنىتىلاتتى. تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق بۇ خىل ئاۋاز يوقاتقۇچ ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ماشىنا يول يۈرۈۋاتقان ۋاقىتتا چىقارغان85 دېتسىبېل ئاۋازدىن 70 دېتسىبېلنى ئازايتىدۇ. بۇ خىل يېڭى قۇرۇلما ئورنىتىلغان ماشىنىدا يەنە 10% ماي تېجىلىدىغان بولۇپ، ماشىنىنىڭ ئات كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردىمى بولىدۇ.

1999 ـ يىلى3 ـ ئاينىڭ1 ـ كۈنى « خەلق كەچلىك گېزىتى» گە «كىچىككىنە پەم بىلەن مىليارد يۈەن تېجىلىپ قالدى، چوڭ تىپتىكى پاراخوت باۋشەن پورتىغا تەتۈرسىچە كىرىپ ـ چىقالىدى» سەرلەۋھىلىك خەۋەر بېسىلىپ، شاڭخەي پورتىدىكى بىر نەپەر ئالىي دەرىجىلىك يول باشلىغۇچىنىڭ پەم ـ پاراسىتى تونۇشتۇرۇلغان ئىدى، چۈنكى ئۇ تەتۈر تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق پاراخوتنىڭ بېشىنى بۇرىماستىنلا پورتقا ئارقىچىلاپ ئەكىرگەن ئىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شاڭخەي پورتىدىكى يۈك ساندۇقلىرىنى توشۇش كەسپىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، يۈك ساندۇقىنى قاچىلاپ چۈشۈرۈشتىكى ئاساسلىق رايون بولغان جاڭخۇابىڭ پىرىستانى ۋە ھەربىي رايون يولى پىرىستانى ئاساسەن تويۇنۇش باسقۇچىغا يېتىپ قالدۇ، ئەمما باۋشەن پورتى پاراخوتنى قايدۇرۇش رايونى ۋە بىر قىسىم سۇ يولى بۆلەكلىرىنىڭ تار بولۇشى سەۋەبلىك چەكلىمىگە ئۇچراپ، دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ تىپتىكى پاراخوتلار پورت سىرتىدا قاپسىلىپ تۇرۇپ قالغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تويۇنۇپ قېلىش دەرىجىسىگە يېتىپ قالغانلىقتىن يۈك ساندۇقلىرىنى چۈشۈرۈپ قاچىلاشمۇ كۈنسېرى قىيىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بۇنىڭغا قارىتا شاڭخەي شەھەرلىك ھۆكۈمەت مۇتەخەسسىسلەر يىغىنى ئېچىپ تەدبىرلەرنى قوبۇل

قىلغاندا كۆپلىگەن مۇتەخەسسىسلەر بۇ مەسىلىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولۇپ، ھەل قىلىشقا خىراجەت كۆپ كېتىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. شۇ ۋاقىتتا، ئالاھىدە سالاھىيەت بىلەن تەكلىپلىك ھالدا يىغىنغا قاتناشقان شاڭخەي پورتىدىكى يول باشلاش پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى، ئالىي دەرىجىلىك يول باشلىغۇچى ياڭشىكۇن تەتۈر يۆنىلىشلىك تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى بىلەن باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان كۆزقارىشىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، پاراخوتنى ئارقىچىلاپ ئەكىرىش ئۇسۇلى بويىچە دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ تىپتىكى يۈك ساندۇق پاراخوتىنى پورت ئىچىگە ئەكىرىش تەكلىپىنى بېرىدۇ. بۇنداق بولغاندا، بىر قەدەم بىلەنلا دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ تىپتىكى پاراخوتلارنىڭ پىرىستاندىكى ئايلىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولاتتى. بۇ خىل لايىھە ئارقىلىق پورتنى كېڭەيتىپ قۇرۇشقا كېتەرلىك بولغان زور سوممىلىق خىراجەتنى تېجەپ قالغىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە پاراخوت شىركەتلىرىنىڭ توشۇش ۋاقتىنىمۇ زور دەرىجىدە قىسقارتقىلى بولاتتى. شاڭخەي شەھەرلىك يۈك ساندۇق پىرىستانى چەكلىك شىركىتى بۇ «پەم» نى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق خۇشال بولۇپ كېتىدۇ ــ دە، لايىھەلەش ئورنىغا پاراخوتنى ئارقىچىلاپ ئەكىرىشتەك بۇ خىل لايىھە بويىچە پىلانلاشنى ھاۋالە قىلىدۇ. 1998 ــ يىلى12 ــ ئاينىڭ28 ــ يىلى باۋشەن پورتى پىرىستان رايونىدا دەرىجىدىن تاشقىرى پاراخوتلارنىڭ پورت ئىچىگە ئارقىچىلاپ كىرىش مۇمكىنچىلىك تەتقىقات تۈرىنى ئىسپاتلاش يىغىنىدا، مۇتەخەسسىسلەر ئارقىچىلاپ كىرىش مۇمكىنچىلىك تەتقىقات تېمىسى ئىجادىيەت روھىغا ئىگە بولۇپ، تەسەۋۋۇردا يېڭىلىق يارىتىلىپتۇ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى بارلىق پورتلارغا كېڭەيتىپ قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە ئىكەن، دەپ قارىشىدۇ.

ئاياغ كىيگەندە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل سايمان بار بولۇپ، ئۇ «ئاياغ كىيگۈچ» دەپ ئاتىلىدۇ. پۇتقا سەل چىڭراق كېلىپ قالغان ئاياغنى كىيگەندە، ئۇنى ئاياغ ئۆكچىسىگە سېلىپ تۇرۇپ يۇقىرىغا ئازراق كۆتۈرۈپ قويغاندا ئاياغنى ئوڭايلا كىيگىلى بولاتتى.

بەزىلەر مۇنداق ئويلىغان، ئۇنداقتا «ئاياغ سالدۇرغۇچ» ياساشقا بولامدۇ ــ يوق؟

ياپونىيەدىكى مېھمانخانا ۋە تاماقخانىلاردا، ئىشىك ئالدىغا ھەمىشە 100 مىللىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر تال رېزىنكە كالتەك قويۇپ قويۇلىدىغان بولۇپ، ئۇ ئاياغ سالغان ۋاقىتتا ئىشلىتىلەتتى. كېيىنچە ياپونىيە بېيخەي يولىدىكى بىر ئەپەندى يەنە بىر خىل ئاياغ سېلىش ئەسۋابى لايىھەلەپ چىقىدۇ، ئۇنىڭدا دولقۇنسىمان شەكىللىك رېزىنكە تاختاينىڭ ئاستى قىسمىغا چاپلانما باغ ئورنىتىلىپ، ئۇ ئىشىك ئالدىغا ئورنىتىلىپ قويۇلۇپ ئاياغ سېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. دەسلەپتە، ئۇ ئەپەندى ئۇ ئەسۋابنى ئۆز ئۆيىدە ئىشلىتىدۇ،كېيىنچە مەلۇم رېزىنكە ئىشلەپچىقىرىش شىركىتى بىلەن سودىلىشىپ ئۇنىڭ پاتېنتىنى ئىككى مىليون ياپونىيە يېنىغا سېتىپ بېرىدۇ.

يەنە بىر ياپونىيەلىكمۇ ئاياغ سېلىش ئەسۋابى كەشىپ قىلىدۇ، ئۇ مۇنچىدىكى ماغزاپ سۈمۈرۈش ئۈچۈن ياسالغان سەككىز ئاياغ شەكىلدىكى سۈمۈرگۈچتىن بىر پارچە كېسىۋېلىپ قوش يۈزلۈك پىلاستىر چاپلاپ ئىشىك ئالدىدىكى يەرگە چاپلاپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئاياغنى يېقىنلاشتۇرغان ھامان ئۇ ئاياغنى سۈمۈرۈپ سالدۇرۇۋالىدۇ، بۇنىڭ ئۈنۈمى ھېلىقى دولقۇنسىمان شەكىللىك ئاياغ سالدۇرۇش تاختىيىغا سېلىشتۇرغاندا ئاياغ سالدۇرۇشى تېخىمۇ ئەپچىل بولىدۇ. ياپونىيە كەشپىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى تويىوساۋا تويوۋا بۇ لايىھەنى خىلى ياخشى لايىھە ئىكەن، دەپ ماختاپ كېتىدۇ.

بولكا ئەزەلدىنلا ئالدى بىلەن پىشۇرۇلۇپ ئاندىن ئورىلىدىغان بولۇپ، ئۇنى ئالدى بىلەن ئوراپ ئاندىن پىشۇرۇش بولسا گېرمانىيەلىكلەرنىڭ ئىجادىيىتىدۇر. تەرتىپ تەتۈر قىلىنغاندىن كېيىن، خام بولكا ئالدى بىلەن ئەينەك قەغەزگە ئورىلىپ ئورالما ئاغزى ئۈچبۇلۇڭ شەكىلدە ھىملىنىدۇ، ئاندىن كېيىن ئادەتتىكى تېمپېراتۇرىدا قاقلاپ پىشۇرۇلۇپ سۈپەتتى ئېسىل بولغان بولكىغا ئېرىشىلىدۇ. تەرتىپ بىلەن تەتۈر تەرتىپنىڭ پەرقى شۇ بولدىكى، قاقلاپ پىشۇرۇش ۋاقتى بۇرۇنقىغا قارىغاندا بەش مىنۇت ئۇزۇن بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما تەرتىپ تەتۈر قىلىنغاندىن كېيىن پىشقان بولكىلارنى يەنە ئوراشنىڭ ھاجىتى يوق بولۇپ، ئۇ پىشقاندىن كېيىنلا ئەپچىقىپ سېتىشقا بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينەك قەغەز سۇ ھورىنى ۋە يۇقىرى ئېلېمېنتلىق خۇش پۇراق ماددىلارنى

ئۆتكۈزمەيدىغان بولغانلىقى ئۇچۇن بۇ خىل ئۇسۇلدا پىشۇرۇلغان بولكىلار تېخىمۇ يۇمشاق، تولۇق ۋە يېپىشلىك بولۇپ چىقىدۇ. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى بۇ خىلدىكى بولكىلار باشتىن ـ ئاخىر سىرتقى مۇھىت بىلەن ئۇچراشمىغانلىقى ئۇچۇن تېخىمۇ ساپ بولۇپ، تېخىمۇ ئۇزۇن ساقلىغىلى بولىدۇ.

بىر شەيئىنى تونۇغان ۋاقىتتا، بۇ شەيئى بىلەن قارىمۇقارشى ماس كېلىدىغان شەيئىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئويلاش كېرەك. بىز بىر شەيئىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تونۇش ئارقىلىق، شۇ شەيئىگە قارىمۇقارشى ماس كېلىدىغان، ئەمما كىشىلەر تېخى بايقىمىغان يەنە بىر شەيئىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىمۇ ئالدىن كۆرەلەيمىز ۋە پەرەز قىلالايمىز. نۇرغۇنلىغان بايقاشلار دەل مۇشۇ خىلدىكى پەرەز قىلىش ۋە ئىسپاتلاش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقان.

ماشىنىنى قانداق قىلىپ تار كوچىدا قانداق ئايلاندۇرۇش كېرەك؟ بۇنىڭدا كۆپىنچە ھاللاردا شوپۇر ئالدى ـ كەينىگە قاراش ئارقىلىق ماشىنىنى ئاستا ـ ئاستا ئايلاندۇرىدۇ. ئەگەر مەلۇم خىل ئۇسۇلنى قوللانغاندا، ماشىنىنى ئۆز ئورنىدا ھەرىكەتلەندۈرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ئۇنىڭ ئاستىدىكى يەرنى ھەرىكەتلەندۇرۇش ئارقىلىقمۇ ماشىنىنى ئايلاندۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇ دەل قارىمۇقارشىلىقتىكى ئوخشاشلىقتۇر. 20 ـ ئەسىرنىڭ80 ـ يىللىرىدا يېڭى زېلاندىيەنىڭ پايتەختى ۋېللىنگتون شەھەر مەمۇرىيىتى دائىرىلىرى مۇنداق بىر خىل قۇرۇلمىنى ياساپ چىققان بولۇپ، ئۇلار تار كوچىنىڭ باش تەرىپىگە بىر ھەرىكەتلىنىدىغان تاختاي ئورنىتىدۇ، شوپۇر ماشىنىسىنى بۇ تاختاينىڭ ئۈستىگە ھەيدەپ ئەپچىقاندىن كېيىن قوزغىتىش كۇنۇپكىسىنى بېسىپ قويسىلا ھېلىقى قۇرۇلما ئۆزلۈكىدىن ئايلىنىپ ماشىنىنى ئايلاندۇرۇپ بېرىدۇ. بۇنداق بولغاندا ھەم ماشىنىنى ئايلاندۇرۇشتىكى ۋاقىتنىمۇ تېجەپ قالغىلى، ھەم چاقنىڭ ئۇپرىشىنى ئازايتقىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماشىنىنى ئايلاندۇرۇش جەريانىدىكى ئاۋارىچىلىك ۋە بىخەتەرلىك ھادىسىلىرىنىڭمۇ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

تەتۈر يۆنىلىشلىك تەپەككۇر قىلىش ھەرگىزمۇ ئەسلىدىكى «يول» نى بويلاپ ئارقىغا قايتىش دېگەنلىك ئەمەس. ئەكسىچە ئۇ يەنە بىر يېڭى يولغا ھالقىپ چىقىپ قارشى يۆنىلىشكە قاراپ ئىلگىرىلەش، قارشى يۆنىلىش

ئارقىلىق ئوخشاش مەقسەتكە يېتىش ياكى يېڭى مەقسەتكە يېتىش ۋە ياكى تەتۈر تەرەپ ئارقىلىق باشقىلاردىن ئېشىپ كېتىش دېگەنلىكتۇر.

بىر ئىنچىكە ئىش قىلىدىغان ئوپېراتور بولۇپ، ئۇ ھەر قېتىم ئوپچە رەسىملەرنى تارتقاندا ھەممىشە بەزىلەرنىڭ دەل كۆزىنى يۇمغان ۋاقتىدا تارتىپ قالىدىغىنىنى، ھېلىقى كۆزى يۇمۇقلۇق ھالەتتە رەسىمگە چۈشۈپ قالغانلار بۇ رەسىمنى كۆرگەندىن كېيىن كۆڭلىدە، مەن كۆپ قىسىم ۋاقىتىمدا كۆزۈمنى ئېچىپ تۇرىدىغان تۇرسام، سەن نېمە دەپ مېنىڭ كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرغان ۋاقىتتىكى رەسىمىمنى تارتىپ قويىسەن؟ بۇ مېنىڭ ئوبرازىمنى خۇنۈكلەشتۈرگىنىڭ ئەمەسمۇ؟ دەپ ئويلايدىغىنىنى بايقاپتۇ.

رەسىمگە چۈشكەن ۋاقىتتا خېرىدارلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا رەسىمچىنىڭ «بىر، ئىككى، ئۈچ» دەپ توۋلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئەمما خېلى كۆپ ساقلىغان بولسىمۇ ئەڭ ئاخىرقى «ئۈچ» كە كەلگىچە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ ـ دە، كۆزى يۇمۇلۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئىنچىكە ئىش قىلىدىغان ئوپېراتور پىكىر يولىنى ئالماشتۇرۇپتۇ. ئۇ بارلىق خېرىدارلارنىڭ كۆزىنى يۇمغۇزۇپ ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاشنى ئېيتىپتۇ. يەنى ئۇ ئوخشاشلا«بىر، ئىككى، ئۈچ» دەپ توۋلايدىكەن، ئەمما «ئۈچ»كە كەلگەندە ھەممەيلەننىڭ كۆزىنى ئېچىشىنى تەلەپ قىلىپتۇ، دەرۋەقە، رەسىمنى يۇيۇپ قارىسا ھېچكىمنىڭ كۆزى يۇمۇلۇپ قالمىغان بولۇپ، ھەممەيلەن شۇنداق روھلۇق، تېتىك ھالدا چىقىپتۇ.

سۇ بىلەن ئوتنى ئۆچۈرۈش تەجرىبىدۇر، ئەمما ئوت بىلەن ئوتنى ئۆچۈرۈش بولسا كەشپىياتتۇر. بىر قېتىم ئامېرىكا قىتئەسىدىكى بىر ئوتلاقلىقتا ئوت كېتىپتۇ، ئوت يالقۇنى شامالغا ئەگىشىپ ئوتلاقتىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى رەھىمسىزلەرچە يۇتۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ كۈنى دەل بىر توپ ساياھەتچىلەر بۇ ئوتلاقتا ساياھەت قىلىۋاتقان ئىكەن. ئۇلار ئوتنى كۆرۈپلا قورققىنىدىن نېمە قىلارنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى ئۇلارنىڭ تەلىيىگە بىر ياشانغان ئوۋچى ئۇلار بىلەن بىرگە ئىكەن. ئۇ ئەھۋالنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ دەرھال كۆپچىلىككە قاراپ: «ئەگەر ھايات قالاي دېسەڭلار مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلىڭلار» دەپ ۋارقىراپتۇ. ياشانغان ئوۋچى كۆپچىلىككە ئالدىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى

پاكىز يۇلۇپ بىر پارچە بوش يەر ھاسىل قىلىشنى ئېيتىپتۇ. كۆپچىلىكمۇ جان قايغۇسىدا ئۇنىڭ دېگىنىنى بەجانىدىللىق بىلەن ئورۇنلاپتۇ. ئوت يالقۇنى بارغانسېرى يېقىنلاپ كەپتۇ، ئەمما ھېلىقى ياشانغان ئوۋچىنىڭ بۇ ئىشتا كۆڭلىدە سان بولۇپ، ئۇ كۆپچىلىكنى ھېلىقى بوش يەردە تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى ئوت يالقۇنى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان يەنە بىر تەرەپتە تۇرۇپتۇ، ئۇ ئوت يالقۇنىنىڭ خۇددى بوشلۇقتىكى ئەجدىھاغا ئوخشاش ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ دەرھال ئۆزى تۇرغان تەرەپتىكى ئوت - چۆپىلەرگە ئوت يېقىپتۇ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بۇ تەرەپتىكى ئوتمۇ كۆيۈپ ئاسمان - پەلەك ئوت يالقۇنىغا ئايلىنىپتۇ، ئەمما بۇ ئوت يالقۇنى شامالنىڭ يۆنىلىشىگە ئەگىشىپ بۇ تەرەپكە كەلمەستىن بەلكى مۆجىزىلەرچە ھېلىقى ئوت يالقۇنى كېلىۋاتقان تەرەپكە سۈرۈلۈپتۇ، ئىككى ئوت يالقۇنى ئاخىر ئۆز ئارا ئۇچرىشىپتۇ ۋە قوشۇلۇپ بىر يالقۇنغا ئايلانغاندىن كېيىن ئاستا - ئاستا پەسلەپ ئۆچۈپتۇ. ساياھەتچىلەر خەتەردىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ھېلىقى ياشانغان ئوۋچىدىن ئوت بىلەن ئوتنى ئۆچۈرۈشتىكى سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. ھېلىقى ياشانغان ئوۋچى كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ: «گەرچە ھېلىقى ئوت يالقۇنى شامالنىڭ يۆنىلىشىگە ئەگىشىپ بىز تەرەپكە قاراپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئوت كۆيگەن يالقۇننىڭ ئالدىدىكى ھاۋا ئېقىمى يەنىلا ئوت يالقۇنى تەرەپكە قاراپ ئاقىدۇ، مەن ئوت يالقۇنىنىڭ بىز تەرەپكە كەلگەن ۋاقتىدىكى مۇۋاپىق ئارىلىقنى مۆلچەرلەپ تۇرۇپ بۇ تەرەپكىمۇ ئوت ياقتىم، شۇنىڭ بىلەن بۇ تەرەپتىكى ئوت يالقۇنى ھاۋا ئېقىمىغا ئەگىشىپ قارشى تەرەپتىكى ئوت يالقۇنى تەرەپكە قاراپ سۈرۈلدى، ئىككى ئوت يالقۇنى ئۇچراشقان ۋاقىتتا ئەتراپىدا يەنە كۆيگىدەك ئوت - چۆپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ تەرەپتىكى ئوت بۇ ياققا كېلەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىز قۇتۇلۇپ قالدۇق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

# 20 . توغرا يۆنىلىشلىك تەپەككۇر

توغرا يۆنىلىشلىك تەپەككۇر بولسا تاشقى دۇنيادىكى كۆزىتىپ ئېرىشكەن غىدىقلاشنى نۆۋەتتىكى مۇلاھىزە قىلىۋاتقان مەسىلە بىلەن مەجبۇرىي ھالدا باغلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇشتۇر. يەنى، كۆپ خىل، ياكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتسىز بولغان ئامىللارنى بىر يەرگە جەملەپ مەسىلىگە نىسبەتەن ئوخشاشمايدىغان قاراشقا ئېرىشىشتۇر.



توغرا يۆنىلىشلىك تەپەككۇر بولسا تاشقى دۇنيادىكى كۆزىتىپ ئېرىشكەن غىدىقلاشنى نۆۋەتتىكى مۇلاھىزە قىلىۋاتقان مەسىلە بىلەن مەجبۇرىي ھالدا باغلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇشتۇر. يەنى، كۆپ خىل، ياكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتسىز بولغان ئامىللارنى بىر يەرگە جەملەپ مەسىلىگە نىسبەتەن ئوخشاشمايدىغان قاراشقا ئېرىشىشتۇر.

توغرا يۆنىلىشلىك تەپەككۇر بىزدىن مەسىلە ئۈستىدە ھەر خىل ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن ئىزدىنىشنى، ئاندىن كېيىن ئەڭ ياخشى ھەل قىلىش لايىھەسىنى تېپىپ چىقىش ۋە بېكىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەگەر بىز كۆزىمىزنى پەقەت بىر نۇقتىغىلا تىكىۋالساق، كۆپىنچە ھاللاردا تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ چىرايلىق بولغان ماتېرىياللارنى تېپىش پۇرسىتىمىزنى قولدىن بېرىپ قويىمىز، چۈنكى تەپەككۇرنىڭ ئېنېرتسىيەسى بىزنى ھەمىشە بىر ئالاھىدە بەلگىلەنگەن

مەسىلە ساھەسىدىلا ئايلانما ھالدا تەپەككۇر قىلغۇزۇپ قويىدۇ، بۇ ۋاقىتتا بىز بۇنداق دائىرىدىن ھالقىپ چىقىپ كېتىپ باشقا ساھەلەرگىمۇ قاراپ بېقىشىمىز، باشقا جايلاردىن ئۆزىمىزنى ئويغىتىدىغان ماتېرىياللارنى ئىزدىشىمىز كېرەك.

كۆپلىگەن مول ئىجادىي خاراكتېرگە ئىگە تەسەۋۋۇرلارنىڭ ھەممىسى كۆپ خىل ساھەلەرنى ئۆزىگە مەنبە قىلىدۇ ھەمدە بۇ ساھەلەر ئىچىدىكى مەلۇم بىر خىل ماتېرىيالنى ئۆز مەسىلىسىدىكى ساھەگە تەتبىقلايدۇ.

كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسى بىروكلىن بوغالتىرلىق ئىلمىدىكى «ئاقما ھېسابات» تىن ئىلھاملىنىپ مىكرو كومپيۇتېرنىڭ يۇمشاق دېتال سانائىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىكەن.

ماتېماتىك نېۋمان ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ قارتا ئويناش ھەرىكىتىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق قورشاۋ شاھمات نەزەرىيەسىدىكى ئىقتىساد ئەندىزىسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە بىر قورال مۇتەخەسسىسى پىكاسو ۋە بىراچىيۇنىڭ ئىستېرېئولۇق ئېقىمىدىكى سەنئەت ئەسەرلىرىدىن ئۆزىگە ئىلھام ئىزدەيدۇ، نەتىجىدە ئۇ زەمبىرەك ۋە تانكىنىڭ يوشۇرۇنۇش ئىقتىدارىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ياخشىلىيالايدۇ.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئامېرىكىلىقلار بىر خىل ئۆزگىچە بولغان ھىندىيانلار تىلىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈپ مەخپىي شىفىرنى يەشكىلى بولمايدىغان ئالاھىدە ئىقتىدارلىق تېلېگراممىنى كەشىپ قىلىدۇ.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كەشپىياتچىلارنىڭ باشقا ساھەدىكىلەرنىڭ بىلىم بايلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز ئىجادىيەتلىرىنى تاماملىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئېدىسونمۇ ئىلگىرى ئۆزىنىڭ خىزمەتداشلىرىغا مۇنداق دەپ نەسىھەت قىلغان ئىكەن: «باشقىلارنىڭ يېڭىچە بولغان قىزىقارلىق تەسەۋۋۇرلىرىغا دىققەت قىلىش كېرەك، پەقەت ئۇنى ھازىر ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلە ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالىساڭلا سېنىڭ تەسەۋۋۇرىڭ ئىجادىيەت خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ.»

ئىجادىي تەسەۋۋۇر كۆپىنچە ھاللاردا كىشىلەردىن ئوخشىمىغان ساھەلەردىكى شەيئىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. دەسلەپتە بۇ مۇناسىۋەتلەر قارىماققا ئانچە باغلىنىشچانلىققا ئىگە

ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ. بىز ئاڭلىق هالدا توغرا يۆنىلىشلىك تەپەككۇر ئېلىپ بېرىپ، تاشقى دۇنيادىن ئېرىشكەن غىدىقلاشنى مەجبۇرىي هالدا نۆۋەتتىكى مۇلاھىزە قىلىۋاتقان مەسىلە بىلەن باغلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇشىمىز كېرەك، يەنى، كۆپ خىل بولغان، ياكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتسىز بولغان ئامىللارنى بىر يەرگە جەملەپ مەسىلىگە بولغان ئوخشاشمايدىغان قاراشقا ئېرىشسەك بولىدۇ. مەسىلەن ئېيتايلۇق، سىز هازىر بىر تەرەپ قىلماقچى بولغان مەسىلە بولسا: مەلۇم خىزمەتنى مەلۇم خىزمەتچىگە بىر تەرەپ قىلدۇرماقچى بولۇپ ئۇنى هېچقانداق يەردىن تاپالمىغان بولسىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ كۆرسەتكەن باهانىسىمۇ ئادەمنىڭ گۇمانىنى قوزغىسا، ئۇنداقتا بۇ مەسىلىگە قانداق مۇئامىلە قىلىسىز؟ بەلكىم سىز باغچىدا سەيلە قىلىۋاتقاندا بالىلارنىڭ ئىلەڭگۈچ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈشىڭىز مۇمكىن. ئىلەڭگۈچنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن هازىر سىز باش قاتۇرۇۋاتقان مەسىلىنى قانداق باغلاشتۇرىسىز؟ بەلكىم سىز بارلىق ئىلەڭگۈچلەرنىڭ پەقەت بىرلا ئوربىتىغا ئۇلانغانلىقىغا دىققەت قىلىشىڭىز مۇمكىن. مۇشۇنداق قىلىپ، ئىلەڭگۈچنىڭ ئايلىنىش دەرىجىسى قانچىلىك چوڭ بولسىمۇ ئۇ يەنىلا هېلىقى باغلانغان ئوربىتىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز قانداق قىلغاندا خىزمەتچىلەرگە مۇۋاپىق ئەركىن بولغان خىزمەت مۇهىتى يارىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇنى ئۆز خىزمەت ئورنىدىن خالىغانچە ئايرىلىپ كەتمەيدىغان قىلغىلى بولىدىغانلىقى هەققىدە ئويلايمىز. مۇشۇنداق ئويلاپ يۈرۈپ سۆزلىشىش ئاپپاراتى، چاقىرغۇ، كۆچمە تېلېفون قاتارلىق ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلىرىنى مەسىلىنى هەل قىلىش ۋاسىتىسى قىلىشنى ئويلاپ تاپىمىز.

يەنە بەزى يېڭىلىق ياراتقۇچىلار مۇنداق بىر ئەپچىل ئۇسۇلنى ئويلاپ تاپقان ئىدى، بۇنىڭدا ئاساسلىق جەرياننلار بىر قاتار غىدىقلاش خاراكتېرىدىكى جىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ(بۇنىڭ مەسىلە بىلەن مۇناسىۋىتى يوق)، بۇ ماددىلارنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق جاۋابقا ئېرىشىش. بۇنىڭ كونكرېت قەدەم ـ باسقۇچى تۆۋەندىكىدەك:

(1) 10 دانە كونكرېت جىسىمنى كۆرسىتىش؛

(2) تەرتىپ بويىچە هەربىر جىسىمنى كۆزىتىش، ئۇنىڭ ئىپادىلەشكە

بولىدىغان ئالاھىدىلىكىنى ئايرىپ چىقىش(قۇرۇلمىسى، ئاساسلىق پرىنسىپى، ئالاھىدە ئۇقۇمى قاتارلىقلار)؛

(3) ھەربىر جىسىمنىڭ ھەربىر تۈرلۈك ئالاھىدىلىكىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تەھلىل قىلىش ئارقىلىق غىدىقلاش ئېھتىماللىقىنى ئىزدەش كېرەك. بەلكىم بىز ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىلەر مۇشۇ خىلدىكى غىدىقلاش ئاساسىدا ھەل قىلىنىشى مۇمكىن.

(4) بۇ تەرتىپنى تاكى بارلىق جىسىملار ھەممە ئۇلارنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكىنىڭ ھەممىسىنى تەتقىق قىلىپ بولغۇچە قەدەر داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

(5) ھەل قىلىش لايىھەسىنى تەتقىق قىلىپ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئېھتىماللىقى ئەڭ چوڭ بولغان لايىھەنى تاللاپ چىقىش كېرەك.

مىسال ئېلىپ ئېيتساق، ئەگەر ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلە، خىزمەتچىلەرنىڭ مەسىلىسىنى قانداق قىلغاندا يەنىمۇ ياخشى ھالدا ھەل قىلغىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلە بولسا، بۇنىڭغا قارىتا بىز تۆۋەندىكى ئون خىل جىسىمنى تاللىۋالساق بولىدۇ: ئاشخانا سايمانلىرى، تەڭگە، تورۇبا، چىراغ، كىرلىك، ئالەم كېمىسى، چېچەكسەي، ۋېلىسىپىت، پولات قەلەم،ئەۋرەز يولى قاتارلىقلار. ئالدى بىلەن بىز ئاشخانا سايمانلىرىنى كۆزىتىمىز. ئۇنىڭ ھالىتىنى مۇنداق تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ: قىزىتقۇچى تەگلىك، ئوچاق، توك خورىتىدۇ، پولاتتىن ياسىلىدۇ، تاماق ئەتكىلى بولىدۇ. مۇشۇ ئاساستا بىز تەدرىجىي ھالدا بۇلارنىڭ خاراكتېرى بىلەن بىز ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلە ئارىسىدىكى باغلىنىشنى كۆزىتىمىز.

A قىزىتقۇچى تەگلىك — بۇ بىزنىڭ بەزى نورمال بولمىغان مەسىلىلەرگە قارىتا بىر خىل قىزغىنلىق پوزىتسىيەسى بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىزغا ئىلھام بېرىدۇ ھەممە ھېلىقىدەك ئىش تېرىغۇچىلارغىمۇ «قىزىقلىق نۇقتىسى» يەتكۈزۈپ ئۇلارنى قازاندىكى چۈمۈلىگە ئوخشاش قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ؛

B پولاتتىن ياسىلىشى — بۇ بىزنىڭ بەزى ئىشلارنى ئادىل ئېلىپ بېرىشىمىزغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن چوقۇم بىر خىل قاتتىق، قەتئىي بولغان پوزىتسىيەدە بولۇشىمىزغا ئىلھام بېرىدۇ.

C تاماق ئەتكىلى بولۇشى — بىزگە تىرىشىپ خىزمەت قىلىش،

تەشكىل ئىچىدىكى ھەرقايسى ئەزالارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە تەربىيەلەش توغرىسىدا ئىلھام بېرىدۇ. شۇڭا چوقۇم بىر خىل تېخىمۇ چوڭقۇر بولغان ھەقىقىي كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ئورنىتىپ چىقىشىمىز كېرەك، چۈنكى ساغلام، مۇكەممەل بولغان كىشىلىك مۇناسىۋەت دەل قازاندىكى پىشىپ تەييار بولغان تاماققا ئوخشايدۇ.

مۇشۇ خىل شەكىل بويىچە قالغان توققۇز خىل جىسىمغا قارىتا تەرتىپ بويىچە تەھلىل يۈرگۈزۈپ چىقىپ، ئاندىن كېيىن يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەڭ ياخشى بولغان لايىھەگە قارىتا تاللاش ئېلىپ بارىمىز. مۇشۇ خىل تەپەككۇرلار ئارقىلىق بىز يېڭىلىق يارىتىشتىكى ئىلھامغا ئېرىشەلەيمىز.

توغرا يۆنىلىشلىك تەپەككۇردا يەنە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تەڭداش ھالدا مەسىلىغا ئېلىنغان شەيئىلەرنى گىرەلەشتۈرۈپ، ئىككىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇنى يېڭى بىر شەيئىگە ئايلاندۇرۇپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. ئەڭ ئەپلىك ئامال بولسا مۇئەييەن بىر ساھەدىكى مۇتەخەسسىسنى تېپىش ھەمدە ئۇنىڭغا مۇنداق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك: ئەگەر ئۇنىڭغا باشقا ساھەدىكى بىلىمنى ياكى تېخنىكىسىنى ئىشلىتىپ دۇچ كەلگەن مەسىلىسىنى ھەل قىلغۇزغاندا ئۇ قانداق ئامال قوللىنىشى كېرەك؟ ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ قانداق قىلىپ باشقا ساھەدىكى ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئۆزى يولۇققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدۇ؟

تۆۋەندە بىز بىر ئاممىۋى قۇرۇلۇش جەريانىدىكى مەسىلىنى مىسال ئېلىش ئارقىلىق بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىش جەريانىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز: بىز ھازىر بىر سازلىقنى كېسىپ ئۆتىدىغان ماشىنا يولى ياسىماقچى بولۇۋاتىمىز، يول ياساش جەريانىدىكى بەزىبىر تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىز بىر نەپەر قۇش مۇتەخەسسىسنى تەكلىپ قىلدۇق، ئۇ قۇشلارنىڭ سازلىقتىكى ئۇۋا سېلىش جەريانىنى بەش قولدەك بىلىدۇ، بەلكىم ئۇ تاشيول قۇرۇلۇشىدىكى مەسىلىلەر توغرىسىدا ھېچنېمە بىلمەسلىكى مۇمكىن، ئەمما ئۇ قۇشلارنىڭ سازلىقتىكى ئۇۋا سېلىش ئەھۋالىنى بىلىشتىكى تەجرىبىسىگە ئاساسەن بىزگە تۆۋەندىكىدەك تەكلىپلەرنى بېرىشى مۇمكىن يەنى، بەزى سۇنئىي لەيلەش خاراكتېرىدىكى ئاراللارنى ياساشقا بولىدۇ،

بۇنداق بولغاندا ماشىنا ماڭىدىغان يولنى لەيلىمە شەكىلدە ياساپ بۇ سازلىقتىن ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ.

پايدىلىنىشتىكى مەقسەتمۇ ئىككى خىل شەيئىنى گىرەلەشتۈرۈشتۈر يەنى، ئىككىدىن ئارتۇق مەھسۇلاتنى مەجبۇرىي ھالدا باغلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغان تەسەۋۋۇرنى مەيدانغا كەلتۈرۈش، قارىماققا مۇناسىۋەتسىز بولغان ئىككى خىل مەھسۇلاتنى ئۆزئارا باغلاشتۇرۇپ، چوڭراق قەدەم ئېلىش، تەجرىبىنىڭ چەكلىمىسىنى يېڭىش، يېڭى بىر تەسەۋۋۇرنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئېچىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

مەسىلەن: ئىسسىق سۇ ساقلاش بوتۇلكىسى بىلەن ئىستاكاننى مەجبۇرىي ھالدا باغلاشتۇرۇپ چايداننى كەشىپ قىلىش؛ ئۇنىڭدىن باشقا ماي قەلەم بىلەن ئېلېكتىرونلۇق سائەتنى باغلاشتۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلىپ ئېلېكتىرونلۇق سائىتى بار ماي قەلەم ياساش؛ ماي قەلەم بىلەن رادىيونى باغلاشتۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلىش ئارقىلىق رادىيولۇق ماي قەلەم ياساش؛ شامالدۇرغۇچ بىلەن قول چىراغنى باغلاشتۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلىش ئارقىلىق كىچىك شامالدۇرغۇچى بار بولغان ماي قەلەم ياساش قاتارلىقلار.

يەنە مەسىلەن: ئامېرىكا كالىفورنىيە ئىشتاتىدىكى بىر بىيولوگىيە ئالىمى پىلىموت بىلەن ئۇرۇق سېلىش ماشىنىسىنى باغلاشتۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلىش ئارقىلىق، پىلىموت شەكلىدىكى ئۇرۇق سېلىش ماشىنىسىنى كەشىپ قىلغان ئىدى، ئوق مىشىكى ئېرىتىشكە بولىدىغان كاپسۇل بولۇپ،كاپسۇل تەركىبىدە مۇئەييەن مىقداردا ئوغۇت ۋە قۇرت ئۆلتۈرۈش دورىسى بار، كاپسۇل ئىچىگە سورتلۇق ئۇرۇقلار قاچىلانغان ئىدى. ئايروپىلان كەڭرى ئېتىز يۈزىنى سىيپاپ ئۆتكەندە پىلىموتنىڭ ئېتىلغان ئاۋازىغا ئەگىشىپ ئۇرۇقلار يەرگە ئېتىپ كىرگۈزۈلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يەر يۈزىدىكى ئۇرۇق سېلىش ماشىنىسىنىڭ سۈرئىتى ئاستا بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ بوشلۇقتا ئۇرۇق سېلىش تېخنىكىسى پاتقاق يەرلەرگە ئۇرۇق سېلىش تەس بولۇشتەك بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپ، تۈزلەڭلىك، ئېدىرلىق، تاغلىقلارنى ياپيېشىللىقلا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

تەپەككۇرنىڭ تېز سۈرئەتتىكى ئىلگىرى سۈرۈلۈشى ئاساسلىقى توغرا يۆنىلىشلىك ئالماشتۇرۇشقا تايىنىدىغان بولۇپ، تاكى مۇۋاپىق ئۇسۇلنى تاپقانغا قەدەر بىر تارماقتىكى پىكىر يولىدىن يەنە بىر تارماق پىكىر يولىغا ئۇزۇكسىز ھالدا ئاتلاپ ئۆتۈلىدۇ.

پاۋلو بولسا ئامېرىكىدىكى بىر يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش سودىگىرى بولۇپ، ئۇ كونسېرۋالىق يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن داڭ قازانغان. بىر قېتىملىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يېمەكلىك باھالاش يىغىنىدا، ئۇ ئۆز شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «يېسىسىۋېلەك كونسېرۋاسى» نىڭ ئاغزىنى ئېچىپ مۇتەخەسسىسلەرنى تېتىپ باھالاپ بېرىشكە تەكلىپ قىلماقچى بولىدۇ. ئۇ كونسېرۋانىڭ ئاغزىنى شۇنداق ئېچىپلا يېسىسىۋېلەك يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا بىر تال كىچىك چېكەتكىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ چوقۇم سەي ئارىلاشتۇرغۇچىلارنىڭ بىخۇدلۇق قىلىشى سەۋەبىدىن كېلىپچىققان ئىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاۋارىچىلىك كۆرۈلۈشكە باشلاپتۇ، چۈنكى بۇ چېكەتكە قارىماققا كىچىك بولغىنى بىلەن ئۇ شۇ تۇرقى بىلەنلا بۇ شىركەتنىڭ ئىناۋىتىنى يەرگە ئۇراتتى.

قانداق قىلىش كېرەك؟

مۇتەخەسسىسلەر تېخى دىققەت قىلمىغان شۇ دەقىقىدە پاۋلونىڭ كاللىسىغا مۇنداق بىر قانچە تۈرلۈك جىددىي تاقابىل تۇرۇش چارىلىرى كەپتۇ: .... مۇتەخەسسىسلەرگە بۇ كىچىك چېكەتكىنىڭ سەي كونسېرۋاسىغا ئارىلىشىپ قېلىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈش... كىچىك چېكەتكە بولسا بىر خىل ئالاھىدە بولغان تەم تەڭشىگۈچ دېيىش... كىچىك چېكەتكە بولسا بىر خىل ئوزۇقلۇق تولۇقلىغۇچ دېيىش... كىچىك چېكەتكىنى سېلىپ قويۇشتىن مەقسەت مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈش ئىقتىدارىنى سىناپ بېقىش دېيىش... قەستەنلىك بىلەن مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق قىزىقچىلىق قىلماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىش... مۇتەخەسسىسلەرگە كىچىك چېكەتكىنى كۆرسەتمەسلىك... كىچىك چېكەتكىنى دەرھال كونسېرۋانىڭ ئاستى تەرىپىگە ئىتتىرىپ كىرگۈزۈۋېتىش... بۇ كونسېرۋانى قەستەن قولىدىن چۈشۈرۈۋېتىپ تاشلىۋېتىش... ئامال قىلىپ يەنە بىر قۇتا كونسېرۋاغا ئالماشتۇرۇش... قاتارلىقلار.

ئەمما ئەڭ ئاخىرىدا پاۋلو تېزلىكتە جىددىي ئۇسۇل قوللىنىپ ھېلىقى كىچىك چېكەتكىنى قوشۇق بىلەن ئاغزىغا ساپتۇ ۋە مەززە قىلىپ چاينىغاچ يۇمۇرىستىك قىلىپ، بۇنداق ئېسىل كونسېرۋانى كىمنىڭ يېگۈسى كەلمىسۇن، ئالدى بىلەن ئۆزۈم تېتىپ باقايچۇ، دەپتۇ.

# 21. ئورۇن ئالماشتۇرۇش تەپەككۇرى

ئورۇن ئالماشتۇرۇش تەپەككۇرى بولسا ئۆزىنى قارشى تەرەپنىڭ ئورنىدا قويۇپ، قارشى تەرەپنىڭ نۇقتىسىدىن دۇنيانى كۆزىتىش بولۇپ، بۇ ئىنتايىن ئەسقاتىدىغان ھەم ئىنتايىن ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقا ئىگە بولغان تەپەككۇردۇر.

بۇرۇن بىر ياشانغان پادىشاھ بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ مىجەزى ناھايىتى غەلىتە بولۇپ، بىر كۈنى تۇيۇقسىز ئۆزىنىڭ شاھلىق تەختىنى ئىككى ئوغلىغا ئۆتۈنۈپ بەرمەكچى بوپتۇ. ئۇ مۇسابىقە ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلىپ مۇنداق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ: كىمنىڭ ئېتى ئەڭ ئاستا چاپالىسا شۇ شاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئىككى ئوغۇل قارشى تەرەپنىڭ ساختىلىق ئىشلىتىپ ئۆز ئېتىنى ئەمەلىي يۈگۈرۈش ئىقتىدارىدىنمۇ ئاستا چاپتۇرۇشىدىن ئەنسىرەپتۇ ۋە ئوردىدىكى قىزىقچى ۋەزىرنى ئىزدەپ بېرىپ (ئوتتۇرا ئەسىردە خانلىق ئوردىدا ياكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئائىلىسىدە قىزىقچىلىق قىلىدىغان كىشى) ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپتۇ. بۇ قىزىقچى ۋەزىر مۇسابىقىنىڭ ئادىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن «ئىككىيلەننىڭ ئېتىنى ئالماشتۇرۇۋېتىش كېرەك» دېگەن ئىككى سۆزنىلا دەپ بېرىپتۇ.

ئورۇن ئالماشتۇرۇش تەپەككۇرى بولسا ئۆزىنى قارشى تەرەپنىڭ ئورنىدا قويۇپ، قارشى تەرەپنىڭ نۇقتىسىدىن دۇنيانى كۆزىتىش بولۇپ، بۇ ئىنتايىن ئەسقاتىدىغان ھەم ئىنتايىن ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقا ئىگە بولغان تەپەككۇردۇر.

روي ئىسىملىك بىر ساقچى بولۇپ، ئۇ چارلاشقا چىققاندا ھەمىشە 500 كىۋادرات مېتىرلىق بىر داچىدىكى بىر بوۋاينى زىيارەت قىلىشنى ئادەت قىلىۋالغان ئىكەن. ئۇ داچىدىن سىرتقا قارىغاندا جىمجىت تاغ قاپتىلىنى كۆرگىلى بولىدىكەن، بۇ بوۋاي ھاياتىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك

بۇ يەردە ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئۇ بۇ يەردىكى تاغ قاپتىلىنى، ياپيېشىل دەرەخلەرنى، سۈپسۈزۈك سۇلارنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىكەن......

روي بۇ بوۋاينى ھەپتىدە ئىككى قېتىم يوقلايدىكەن، ئۇ كەلگەندە بۇ ياشانغان بوۋايمۇ ئۇنى چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلىدىكەن. ئۇلار چاي ئىچىشكەچ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىدىكەن ياكى گۈللۈكتە بىر ئاز ئايلىنىدىكەن. بىر قېتىمقى كۆرۈشۈش ھەر ئىككىيلەننى ئازابلاپتۇ، ھېلىقى بوۋاي ياش تۆكۈپ ئازابلانغان ھالدا ئۆزىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ ئىنتايىن ناچارلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا بۇ چىرايلىق تۇرالغۇسىنى سېتىۋېتىپ ياشانغانلار ساناتورىيەسىگە كەتمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

تۇيۇقسىز روينىڭ كاللىسىدا بىر تەلۋىلەرچە ئوي پەيدا بولۇپتۇ ۋە ئىجادىيەت خاراكتېرلىك ئۇسۇل بىلەن بۇ چوڭ تۇرالغۇنى سېتىۋالماقچى بوپتۇ.

بوۋاي بۇ تۇرالغۇغا300 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى باھا قويۇپتۇ، ئەمما روينىڭ قولىدا 3000 ئامېرىكا دوللىرىلا بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئايدا تېخى500 دوللار ئىجارە ھەققى تۆلەيدىكەن. گەرچە ساقچىلارنىڭ تەمىناتى خېلى ياخشى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۇ سودىنى قىلىشقا يەنىلا قۇربى يەتمەيدىكەن.

بۇ ۋاقىتتا روي بوۋاينىڭ ئۆزىگە بۇرۇن ئېيتقان مۇنداق بىر ئېغىز گېپىنى ئەسكە ئاپتۇ: «سېتىۋالغۇچىغا ھەقىقىي ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىنى بېرىش كېرەك.»

ئۇ ئۇزاق ئويلىنىش ئارقىلىق بۇنىڭ جاۋابىنى تېپىپتۇ، بوۋاينىڭ ئەڭ چىدىمايدىغان ئىشى ھېلىقى گۈللۈكتە يەنە قايتا سەيلە قىلالماسلىق ئىكەن.

روي بوۋايغا ئەگەر بۇ تۇرالغۇسىنى ئۆزىگە سېتىپ بەرسە ئۆزىنىڭ ھەر ئايدا ئۇنى ئىككى قېتىم ئەكېلىپ بۇ يەردە بۇرۇنقىغا ئوخشاش سەيلە قىلدۇرۇپ پاراڭلىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان بوۋاينىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپتۇ، ئۇنىڭ كۆلكىسىدە مۇھەببەت ۋە خۇشاللىق تەڭلا ئەكس ئېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بوۋاي شۇ ھامان رويغا ئۆزى ئادىل بولدى دەپ قارىغان ئاساستا بىر پارچە كېلىشىم يېزىپ چىقىپ بۇ تۇرالغۇنىڭ بارلىق پۇلىنى تۆلىسىلا ئۆزىنىڭ

ئۇنىڭغا ئىمزا قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، رويمۇ بارلىق پۇللارنى تۆلەشكە قوشۇلۇپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ يانچۇقىدا پەقەت3000 دوللارلا بار ئىكەن. قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ تۇرالغۇنىڭ سېتىلىش باھاسى300 مىڭ دوللار تۇرسا. روي بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن كېلىشىمنى مۇنداق يېزىپتۇ: ساتقۇچى297 مىڭ دوللارنى سېتىۋالغۇچىغا رەنە قويىدۇ، سېتىۋالغۇچى تەرەپ ھەر ئايدا بۇنىڭغا قارىتا500 دوللار ئۆسۈم تۆلەيدۇ.

بوۋاي ناھايىتى خۇشال بولۇپ، تۇرالغۇسىدىكى بارلىق قەدىمكى ئۆي جاھازلىرىنى رويغا ئىئانە قىلىۋېتىپتۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تېخى كىچىك باللار چېلىپ ئوينايدىغان بىر دانە پىيانىنومۇ بار ئىكەن.

روي مانا مۇشۇنداق قىلىپ ئىقتىساد جەھەتتە پايدىغا ئېرىشىپتۇ، ئەمما ھەقىقىي پايدا ئالغۇچى بولسا خۇشاللىقتا چۆمگەن بوۋاي ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى ئىناق مۇناسىۋەت ئىكەن.

ئورۇن ئالماشتۇرۇش شەكلىدىكى تەپەككۇرنى ھەممە ئادەم قىلالايدۇ، ئۇ بىر خىل مۇرەككەپ ماھارەت بولماستىن بەلكى بىر خىل كىشىلىك ھايات پوزىتسىيەسى بولۇپ، پەقەت سىز خالىسىڭىزلا ئۇنى ئىشقا ئاشۇرالايسىز.

ئامېرىكىدا بىر ئوتتۇرا ياشلىق مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ، ئەگەر قايسى ئوقۇغۇچى مەكتەپ ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلسا ئۇ بۇ ئوقۇغۇچىنى مۇدىر ئىشخانىسىغا چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغۇزۇپ ئۆزى ئەكسىچە مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدىغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدىكەن - دە، ئاندىن كېيىن ئۇ ئوقۇغۇچى بىلەن سۆھبەتلىشىدىكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە بۇنداق قىلغاندا ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپ مەسئۇلىنىڭ ئورنىدا تۇرغۇزغىلى ھەم شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆز خاتالىقىنى تېخىمۇ ياخشى تونۇۋېلىشىغا ياردەم بەرگىلى بولىدىكەن.

كىشىلەر ئورۇن ئالماشتۇرۇش شەكلىدىكى تەپەككۇرنى ئۆگىنىۋالغاندا ھەر ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئويلىنىدۇ، بۇنداق بولغاندا ناھايىتى كۆپ قىيىن مەسىلىلەرنى ئاسانلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

20 - ئەسىرنىڭ70 - يىللىرىدا ئېلىپ بېرىلغان مىسىر بىلەن ئىسرائىلىيەنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىدە ھەر ئىككى تەرەپ سىناي يېرىم

ئارىلى مەسىلىسىدە بەكرەك زىغىرلىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۆھبەت دەماللىققا قاتمال ھالەتكە كىرىپ قالىدۇ. ئىسرائىلىيە تەرەپ سىناي يېرىم ئارىلىنىڭ بىر قىسمىنى ئىگىلەش تەلىپىدە چىڭ تۇرىدۇ، ئەمما مىسىر تەرەپتىكىلەر يېرىم ئارالنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ بۇ مەسىلە ئۈستىدە بىر - بىرىگە ئازراقمۇ يول قويمايدۇ. كېلىشتۈرۈشكە مەسئۇل بولغان ئامېرىكىلىقلار گەرچە خەرىتىگە قايتا - قايتا چېگرا سىزىپ ئايرىپ بەرگەن بولسىمۇ يەنىلا ھەر ئىككى تەرەپنى رازى قىلالمايدۇ.



كېيىن ياراشتۇرغۇچى تەرەپ كۆپ قېتىم تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئاخىر ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تالاش - تارتىش قىلىشىدىكى پەرقىنى تېپىپ چىقىدۇ. ئىسرائىلىيە ئۆز دۆلىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ، مىسىر ھەربىي كۈچلىرىنىڭ ئۆزىگە بەك يېقىن تۇرۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن، شۇ سەۋەپتىن سىناي يېرىم ئارىلىدىن ۋاز كەچكىلى ئۇنىمىغان ئىكەن؛ ئەمما مىسىر تەرەپ ئۆز دۆلەت تېررىتورىيەسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ساقلاشتا چىڭ تۇرىدىكەن. مانا مۇشۇنداق قىلىپ مەسىلىنىڭ تۈگۈنى تېپىلغاندىن كېيىن ئۇنى ھەل قىلغىلى بولىدىغان پۇرسەتمۇ تېپىلىپتۇ. كېيىن ھەر ئىككى تەرەپ مۇنداق بىر ئورتاق تونۇشقا كەپتۇ: ئىسرائىلىيە تەرەپ يېرىم ئارالنىڭ ھەممىسىنى مىسىر تەرەپكە قايتۇرۇپ بېرىپ مىسىرلىقلارنىڭ «دۆلەت تېررىتورىيەسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ساقلاش» تەك تەلىپىنى قاندۇرۇش؛ ئەمما مىسىر تەرەپ سىناي يېرىم ئارىلىنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىنى ھەربىيسىزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىسرائىلىيەلىكلەرنىڭ «چېگراسى بىخەتەر بولۇش» تەلىپىنى قانائەتلەندۈرۈش.

شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ بۇ كېلىشىمدىن مەمنۇن بوپتۇ.

ناپولېئوننىڭ رۇسىيەگە بېسىپ كىرگەن مەزگىلى ئىكەن. بىر قېتىم ئۇنىڭ قىسمى ئىنتايىن قاقاس بولغان كىچىك بازاردا جەڭ قىلىپتۇ.

شۇ ۋاقىتتا، ناپولېئون تاسادىپىيلا ئۆز قىسمىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ، بىر توپ كازاك ئەسكەرلەر ئۇنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئەگرى ـ بۈگرى تار كوچىدا ئۇنى قوغلاشقا باشلاپتۇ. قېچىش جەريانىدا ناپولېئون بۇ كوچىدىكى بىر تېرە سودىگىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قاپتۇ. ناپولېئون ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگىنىچە ھېلىقى ئۆيدىكى تېرە سودىگىرىدىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى ئۆتۈنۈپ يالۋۇرۇپتۇ.

تېرە سودىگىرى ناپولېئوننى ئامبارنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى بىر دۆۋە تېرىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا كازاك ئەسكەرلىرى ئۆيگە باستۇرۇپ كەپتۇ ـ دە : «تېز ئېيت، ئۇ قەيەردە، بىز ئۇنىڭ بۇ ئۆيگە كىرىپ كەتكىنىنى كۆردۇق» دەپتۇ.

كازاكلار تېرە سودىگىرىنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشىغا قارىماستىن ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋېتىپتۇ. ئۇلار ھېلىقى تېرە دۆۋىسىگە قىلىچلىرىنى سانجىپ بېقىپتۇ، ئەمما يەنىلا ناپولېئوننى تاپالماپتۇ. ئەڭ ئاخىرى ئۇلار ئامالسىز ئىزدەشتىن ۋاز كېچىپتۇ ـ دە، بۇ ئۆيدىن سالپايغىنىچە چىقىپ كېتىشىپتۇ.

بىر دەمدىن كېيىن ناپولېئوننىڭ ھىماتچى ئەسكەرلىرى كەلگەندىن كېيىنلا ناپولېئون ئاندىن تېرە دۆۋىسى ئاستىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھېلىقى تېرىچى ناھايىتى سەمىمىيلىك بىلەن:

— ئالىيلىرى، مېنىڭ ھۆرمەتسىزلىكىمنى كەچۈرگەيلا، سىلىدىن مۇنداق بىر سوئالنى سورىشىمغا ئىجازەت بەرگەيلا. قۇللىرى بايا سىلىنى تېرە دۆۋىسى ئاستىغا يوشۇرۇپ قويغاندا سىلىنىڭ جانلىرىنىڭ ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلگەن ئىدىم، سىلىدىن سوراپ باقسام، ئۇنداق ھېسسىيات قانداق بولىدىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ناپولېئون قەددىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن ناھايىتى غەزەپ بىلەن:

— سەن مەندەك بىر پادىشاھتىن مۇشۇنداق سوئالنى سوراشقا پېتىندىڭمۇ؟ مۇھاپىزەتچىلەر، بۇ ئۆزىنى بىلمەيدىغان يالاڭتۆشنى سۆرەپ ئەپچىقىپ كۆزىنى ئېتىپ قويۇپ ئېتىپ تاشلاڭلار! مەن ئۆزۈم مىلتىق بىلەن ئېتىش بۇيرۇقىنى بېرىمەن! — دەپتۇ.

مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر ھېلىقى بىچارە تېرىچىنى تۇتۇپ ئۇنى سىرتقا سۆرەپ ئەچىقىپ بىر تامغا يۆلەپ تۇرغۇزۇشۇپتۇ.

كۆزى ئېتىپ قويۇلغان ھېلىقى تېرىچى ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەپتۇ، ئەمما ئۇ مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەرنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىيالايدىكەن. مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر بىر قاتار بولۇپ تىزىلىپ مىلتىقلىرىنى بەتلەۋاتقان ۋاقىتتا ھېلىقى تېرىچى ھەتتا ئۆزىنىڭ كىيىمىنىڭ مەيىن شامالدا يېنىك يەلپۈنگەن ئاۋازىنىمۇ ئاڭلاپتۇ. ئۇ سوغۇق شامالنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى يېنىككىنە يەلپۈۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ مەڭزىنىڭ سوۋۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، پۇتىنىڭمۇ ئىختىيارسىز ھالدا تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىپتۇ. ئارقىدىنلا ئۇ ناپولېئوننىڭ كانىيىنى قىرقىپ قويۇپ ئاستا ـ ئاستا ھالدا «دىققەت، تەييارلان!» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ. شۇ دەقىقىدە تېرىچى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان بارلىق قايغۇ ـ ئەلەملىرىنىڭ ئۇنى مەڭگۈلۈك تاشلاپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپتۇ ـ دە، كۆز ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ چۇشۇشكە باشلاپتۇ، تەسۋىرلەش تەس بولغان بىر خىل سېزىم ئۇنىڭ بەدىنىدىن چىقىپ كېتىشكە باشلاپتۇ.

بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن، تېرىچى تۇيۇقسىز ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپتۇ، ئۇنىڭ يۈزىدىكى تېڭىق ئېلىۋېتىلىپتۇ، كۈچلۈك ئاپتاپ نۇرى ئۇنىڭ كۆزىنى ئاچقىلى قويماپتۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا ناپولېئوننىڭ ئۆتكۈر نەزىرى ئۆزىگە نەشتەردەك تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلالاپتۇ، قارىماققا ئۇ ئۆزىنىڭ روھىيىتىدىكى ھەربىر ئۆزگىرىشنى كۆزىتىۋاتقاندەك قىلاتتى. كېيىن ئۇ ناپولېئوننىڭ ئاستا ھالدا:

— بۇرادەر ئەمدى بىلگەنسىز؟ — دېگىنىنى ئاڭلاپتۇ.

بۇ ھېكايە گەرچە ئازراق يۇمۇرىستىكلىقتا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئورۇن ئالماشتۇرۇش شەكلىدىكى تەپەككۇرنىڭ قىزىقارلىقلىقىنى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

ئورۇن ئالماشتۇرۇش شەكلىدىكى تەپەككۇر ناھايىتى ئەسقاتىدىغان بىر خىل ماھارەت بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۇنى جانلىق ھالدا ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋالغان ۋاقتى ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە قاراپ قەدەم باسقان ۋاقتىدۇر.

# 22. ئالماشتۇرۇش شەكلىدىكى تەپەككۇر

ئالماشتۇرۇش شەكلىدىكى تەپەككۇر بولسا ئىنتايىن ئۇنۇملۇك بولغان ئىجاد قىلىش قورالى بولۇپ، مەلۇم تەپەككۇر يولى بىلەن مەقسىتىمىزگە يېتىشكە پەقەت ئىمكان بولمىغاندا بۇ خىل يۆنىلىشتىكى تەپەككۇر قىلىشتىن ئۆز ۋاقتىدا چىقىپ كېتىشىمىز بۆسۈش ھاسىل قىلىشتىكى ئاچقۇچتۇر.

ئالماشتۇرۇش شەكلىدىكى تەپەككۇر بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرۇش شەكلىدىكى تەپەككۇر گەرچە بىر خەت بىلەنلا پەرق قىلسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككىسى ئىككى خىل بولغان تەپەككۇر شەكلى بولۇپ، كېيىنكىسى ئۆز ئارا قوش تەرەپلىك مۇناسىۋەتكە ئىگە، ئەمما ئالدىنقىسى كۆپ ھاللاردا بىر يەككە تەرەپلىك ھەرىكەتتۇر.

ئالماشتۇرۇش شەكلىدىكى تەپەككۇرنى بىر قۇر ئاممىباب جۈملە بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ، يەنى، ئۇ تەپەككۇرنىڭ ئەسلىدىكى يۆنىلىشىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كېتىشى بولۇپ، تەپەككۇر يولىغا قارىتا تېخىمۇ چوڭ ھالقىش ئېلىپ بېرىشتۇر.



ئالماشتۇرۇش شەكلىدىكى تەپەككۇرنى ھېسسىي جەھەتتىن چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بىز تۆۋەندىكىدەك بىر پىكىر قىلىش ئويۇنى ئويناپ باقايلى:

ئىككى پويىز ھەر سائەتلىك سۈرئىتى 10 ئىنگلىز مىلى بولغان سۈرئەتتە 5 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىن ئۆزئارا قارشى يۆنىلىشتە

كېلىۋاتاتتى. بىر چىۋىن بۇ تەرەپتىكى پويىزدىن ھەر سائەتلىك سۈرئىتى 20 ئىنگلىز مىلى بولغان تېزلىكتە يەنە بىر پويىز بار تەرەپكە ئۇچۇپ بارغاندىن كېيىن يەنە ئارقىسىغا قايتقان بولۇپ، ئۇ ئارىلىقتا مانا مۇشۇنداق ئۇچۇپ بېرىپ كېلىۋەرگەن بولسا، سىزدىن سوراپ باقاي، ئىككى پويىز ئۆزئارا سوقۇشۇپ كەتكەن ۋاقىتتا بۇ چىۋىن قانچىلىك ئارىلىققا ئۇچقان بولىدۇ؟

سىناق نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، 80% ئادەم بۇ سوئالغا توغرا جاۋاب بېرەلمىگەن ئىكەن. چۈنكى ئۇلار ئىككى پويىز ئارىسىدىكى ئۆزگىرىپ قىسقىراۋاتقان ئارىلىقنى ھېسابلاپ تېپىش ئۇستىدىلا قايمۇقۇپ قالىدىغان بولۇپ، شۇ مەسىلە ئۈستىدىلا كالىلا قاتۇرۇپ ئەڭ ئاخىرىدا ھېچقانداق جاۋابنى تاپالمىغان ئىكەن.

ئەمەلىيەتتە، بىز ئىككى پويىز ئارىسىدىكى ئۆزگىرىپ قىسقىراۋاتقان ئارىلىقنى پۈتۈنلەي بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ (بۇ پۈتۈنلەي بىر خىل خاتا يېتەكلەش بولۇپ، ئارتۇقچە ئارىلاشما ئۇچۇرغا تەۋەدۇر)، پەقەت چىۋىننىڭ ئۇچقان ۋاقتى ۋە ئۇچۇش سۈرئىتىنىلا نەزەردە تۇتساق بولىدۇ.

يېڭىر قىلىش يولى ئالماشتۇرۇلىۋېدى، مانا قاراڭ مەسىلە شۇنچىلىك ئاددىيلىشىپ كەتتىغۇ.

ئالماشتۇرۇش شەكلىدىكى تەپەككۇر بولسا ئىنتايىن ئۈنۈملۈك بولغان ئىجاد قىلىش قورالى بولۇپ، مەلۇم يول بىلەن مەقسەتكە يېتىشكە پەقەت ئىمكان بولمىغاندا بۇ خىل يۆنىلىشتىكى تەپەككۇر قىلىشتىن ئۆز ۋاقتىدا چىقىپ كېتىشمۇ بۆسۈش ھاسىل قىلىشتىكى ئاچقۇچتۇر.

قەدىمكى مىسىردىكى ئەلئېھرام بولسا ئىنسانلار دۇنياسىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرىدۇر، شۇ يىللىرى، تاشچىلار كەلتۈرۈلگەن تاش ماتېرىياللىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندا بەزى تاشلارنىڭ ناھايىتى قاتتىق ئىكەنلىكىنى، تېشىشكە پەقەت ئامال بولمايدىغانلىقىنى بايقايدۇ. دەسلەپتە ئىسكىنە ياكى بولقا بىلەن بۇ تاشلارنىڭ ئۈستىدىن تۆشۈك ئېچىشنى سىناپ باقىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرى بىكارغا كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بەزىلەر بۇنى ھەل قىلىشتىكى

بىردىنبىر ئامال ئالماشتۇرۇپ تەپەككۇر قىلىش كېرەك ئىكەنلىكىنى: — قاتتىق تاشقا تۆشۈك تەشكىلى بولمىسا نېمىشقا يۇمشاققا ئالماشتۇرۇپ باقمايمىز، دېگەننى ھېس قىلىدۇ. يەنى، تۆمۈر ئىسكىنىنىڭ ئورنىغا ياغاچ پاننى ئالماشتۇرۇپ، بىر تال ياغاچ پاننى تاشنىڭ يېرىقىغا كىرگۈزۈپتۇ ۋە ئاندىن كېيىن ئۇنىڭغا سۇ قۇيۇپ نەمدەپتۇ. ياغاچ پاننىڭ ئاستا - ئاستا ھالدا كۆپۈپ يوغىنىشى بىلەن بۇ قاتتىق تاشلار ئاخىر يېرىلىپتۇ.

تەپەككۇرمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ، شەكىللىك ھالدىكى ھەرىكەتلىرىمىز ۋە زور داغدۇغىلىرىمىزنىڭ ھېچقايسىسى ئۈنۈم بەرمىگەندە، قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى كىچىككىنە بىر ئاۋاز ئەپچىل ئۆزگىرىشلەرنى باشلاپ چىقىدۇ، بۇ كۆپىنچە ھاللاردا كۈچنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالىدۇ. ئامىباب تىل بىلەن ئېيتقاندا، ئالماشتۇرۇش شەكلىدىكى تەپەككۇر بولسا ئەقلىمىزنىڭ تېخىمۇ جانلانغانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ماھىيىتى بولسا تەپەككۇردىكى مۇھىم نۇقتىنىڭ كېڭەيتىلگەنلىكى ۋە يۆتكەلگەنلىكىدۇر.

تەپەككۇرنى ئالماشتۇرۇش ئادەتتە ئەڭ تۆۋەن تەننەرخلىق مەبلەغ سېلىش بولۇپ، بەزى ۋاقىتلاردا ئازراق ئېغىپ كېتىشمۇ بولۇپ قالىدۇ، ئەمما ئومۇمىي ۋەزىيەت يەنىلا ئۆزگەرمەيدۇ.

«ۋېنجۇ شەھەر گېزىتى» نىڭ 2002 - يىلى4 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ۋېنجۇدا ھازىر گىرەلەشمە ۋاقىتلىق ئىشقا چىقىش ۋە ئىشتىن چۈشۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، شەھەر رايونىدىكى ئىشقا چىقىش ۋە ئىشتىن چۈشۈشتىكى قاتناشنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە قاتناش توسۇلۇپ قېلىش ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىنغان، بۇ 20 مىلياردتىن كۆپرەك پۇل خەجلەپ كونا شەھەر رايونىدىكى ئاساسلىق يول ئېغىزلىرىنى ۋە يول بۆلەكلىرىنى راۋانلاشتۇرغانغا باراۋەر بولغان. بۇ خىل «باشقۇرغۇچىلاردىن يول سوراش» تەك ئۇسۇل - چارە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشىدۇ ھەمدە روشەن ھالدىكى ئۈنۈمگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. بىلىشىمىزگە ئاساسلانغاندا، ۋېنجۇ شەھىرى يېقىنقى بۇ بىر قانچە يىللاردىن بۇيان قاتناش تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن بولۇپ، قاتناش

ئەسلىھەلىرى كۆنسېرى مۇكەممەللەشكەن، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە يول كۆلىمى 1993 ـ يىلىدىكى 4.7 كىۋادرات مېتىردىن 2001 ـ يىلىغا كەلگەندە 11.5 كىۋادرات مېتىرغا توغرا كەلگەن بولۇپ، 10 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 2.5 ھەسسە ئاشقان، ئەمما يول ياساش قۇرۇلۇشى يەنىلا قاتناش تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە يېتىشەلمىگەن. شەھەردىكى 400 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئىشقا بېرىپ كېلىدىغان بولۇپ، شۇ كۈندىكى ئومۇمىي قاتناش ئېقىمىنىڭ 6 /1 ىنى ئىگىلىگەن، بۇ مۇقەررەر ھالدا قاتناش قىستاڭچىلىقىنى پەيدا قىلاتتى. بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ۋېنجۇ شەھىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار كۆپ قېتىم ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ ۋە چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىنى شەھەر رايونىدىكى قاتناش باشقۇرۇش خىزمىتىنى پىلانلاپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ، ھەمدە 2002 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى پۈتۈن ئۆلكە بويىچە باشلامچىلىق بىلەن گىرەلەشمە ھالدىكى ئىشقا بېرىپ كېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ. مەزكۇر تۈزۈم يولغا قويۇلغاندىن كېيىن بىر ئاي ئىچىدە شەھەر رايونىدىكى قاتناش قىستاڭچىلىقى ئاساسىي جەھەتتىن راۋانلاشتۇرۇلۇپ ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىدۇ.

ئامېرىكىدىكى ئەركىنلىك ئىلاھى ھەيكىلىنى شامال ئۇزۇن يىل جەريانىدا ئۇپرىتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن نيۇيورك دائىرىلىرى ئۇنى بىر قېتىملىق چوڭ رېمونت قىلماقچى بولىدۇ. قۇرۇلۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، قۇرۇلۇش مەيدانىدا 200 توننىدىن ئارتۇقراق كېرەكسىز ماتېرىياللار قېپقالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دائىرىلەر ئاشكارا خېرىدار چاقىرىپ ھۆددىگەرلەرگە بۇ ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلغۇزۇپ توشۇتۇۋەتمەكچى بولىدۇ.

نۇرغۇنلىغان ھۆددە سودىگەرلىرى بۇ قۇرۇلۇش تۈرىدىن پايدا ئالالماسلىقىدىن قورقۇپ، سودىگەر چاقىرىش يىغىنىغا قاتناشمايدۇ.

ئەمما، ستاك ئىسىملىك بىر سودىگەر بۇ قۇرۇلۇش تۈرىنى سېتىۋالىدۇ. بۇ ئەھۋال باشقا سودىگەرلەرنىڭ چۈشەنمەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى، بۇ سولتەكنىڭ كاللىسىغا سۇ

كىرىپ قالدىمۇ - نېمە؟ دەپ ئويلىشىدۇ، ئەمما ئەڭ ئاخىرقى نەتىجە ئۇلارنى چۆچۈتۈۋېتىدۇ. چۈنكى، سىتاك بۇ ئەخلەتلەرنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يۆتكەپ كېتىپلا قالماستىن بەلكى يەنە بۇنىڭدىن زور پايدا ئالىدۇ. ئەسلىدە، سىتاك ئەخلەتلەرنى يۆتكەپ ئاپىرىپ شۇنداقلا تۆكۈۋەتمىگەن بولۇپ، ئۇ ئالدى بىلەن بۇ ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىپ ئوخشاش بولمىغان خاتىرە بۇيۇمى ياسايدۇ - دە، ئۇنى ساياھەتچىلەرگە سېتىپ بېرىپ، ئاردىن نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشىدۇ. مەسىلەن: ئۇ ئەسكى مىس مېتاللىرىنى قايتىدىن ئېرىتىپ تاۋلاپ «ئەركىنلىك ئىلاھى ھەيكىلىنىڭ يېڭى خاتىرە پۇلى» نى قۇيدۇرۇپ ساتىدۇ؛ كېرەكسىز قوغۇشۇن، كېرەكسىز ئاليۇمىن قاتارلىقلاردىن خاتىرە سىزغۇچ ياساپ ساتىدۇ. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق قارىماققا ئانچە قىممىتى يوقتەك كۆرۈنگەن بۇ 200 توننا ئەخلەتلەر ئەكسىچە بىباھالىق خاتىرە بۇيۇمىغا ئايلىنىدۇ، سىتاكمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشىدۇ.

بېسسېرلىن بىلەن تونىي ساۋاقداش بولۇپ، تونىي يول ئىشچىسى ئىدى.

بىر كۈنى يول ياساش ئىشچىلىرى مانخاتۇندىكى سەككىزىنچى چوڭ كوچىدا «قورساق يېرىش ئوپېراتسىيەسى» قىلىپ ھەم ئېلېكتىر كابىلى ياتقۇزىدۇ ھەم يۇندا سۇيى ئاققۇزۇش تۇرۇبىسى ياتقۇزىدۇ. تونىي ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ قولىغا بىر دانە بۇرغا ئېلىۋالغان بولۇپ، پۈتۈن بەدىنى ئۈسكۈنە بىلەن تەڭ تىترەيتتى.

بۇ ۋاقىتتا بېسسېرلىن دەل بۇ يەردىن ئۆتۈپ قالىدۇ، تونىي بېسسېرلىنغا قاراپ: «بۇرادەر قولۇمغا قارىغىنە!» دەيدۇ. بېسسېرلىن قولىنى تونىينىڭ بىلىكىگە قويۇۋېدى، ئۆزىنىڭ قولىنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، مۈرە، دۈمبە، ئىشقىلىپ تونىينىڭ بەدىنىنىڭ ھەممە جايلىرى بۇرغىغا ئەگىشىپ تىترەۋاتقان ئىدى.

— قانداق؟ سىناپ باقامسەن؟ — دەپ سورىدى تونىي.

بېسسېرلىن تونىينىڭ قولىدىن بۇرغىنى ئېلىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇرغىنى كۈچەپ باسىدۇ، كۈمۈش رەڭلىك چاسا شەكىللىك بۇرغىنىڭ

ئاسفالت يول يۈزىنى تېشىپ كىرىشكە ئەگىشىپ بېسىپرلىنىڭ پۈتۈن بەدىنى شۇ هامان تىترەشكە باشلايدۇ.

— دۈمبەڭ قانداقراق؟ — دەپ سورايدۇ تونىي كۆرەڭلىك بىلەن.

قول بىلەن مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان شەكىلدىكى بۇ بۇرغا بېسىپرلىنىڭ دۈمبىسىدىن تارتىپ هەممە جايلىرىنى تىترىتىپ ئۇۋۇلاشقا باشلايدۇ، بېسىپرلىن بۇ بۇرغىنىڭ ئۇۋۇلاش ئۇنۇمىنىڭ داڭلىق ماركىلىق ئۇۋۇلاش دۇكانلىرىنىڭكىدىنمۇ راهەت ئىكەنلىكىنى هېس قىلىدۇ، يەنە كېلىپ بۇنىڭدا ئۇزىنى ئۆزى ئۇۋۇلايدىغان بولۇپ، باشقىلارنىڭ پۇت - قولىغا تايىنىشنىڭ هاجىتى يوق ئىدى. مانا مۇشۇنداق قىلىپ بۇ ئىككىيلەن قول بىلەن مەشغۇلات قىلىنىدىغان بۇ بۇرغىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى يەنى ساغلاملاشتۇرۇش رولىنى تونۇپ يېتىدۇ.

يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر نەچچەيلەن بۇلارغا قىزىقىپ:

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورايدۇ.

— بۇ خىل هەرىكەت بەل قىسمىدىكى هارغىنلىقنى تۈگىتىدىكەن، — دەيدۇ بېسىپرلىن جاۋابەن.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەن:

— مەن سىناپ باقسام بولامدۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

بېسىپرلىن چاقچاق ئارىلاش:

— ئون ئامېرىكا دوللىرى، — دەيدۇ.

هېلىقى ئادەم قىلچىمۇ ئىككىلەنمەستىن پۇلنى بېرىدۇ.

تونىي يەنە بىر بۇرغىنىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ. ئىككىنچى كىشىمۇ ئون ئامېرىكا دوللىرى بېرىدۇ. ئۈچىنچى ئادەممۇ چاپىنىنى سېلىپ سىناپ بېقىشقا تەييارلىنىپ تۇرىدۇ.

بۇ خىل ساغلاملىق هەرىكىتى، بېشىغا رەڭلىك لېنتا چىگىپ، ئۈچىسىغا تەنهەرىكەت كىيىمى كىيىپ، تىزىغا تىزلىق تاقاپ، ئاستىغا پاياندازا سېلىنغان چېنىقىش ئۈيىدىكى چېنىقىش سايمانلىرى بىلەن بەدەن چېنىقتۇرغانغا قارىغاندا كۆپ ئاددىي بولۇپ، قۇياش نۇرى يالتىراپ تۇرىدىغان بۇ كوچىدا تونىينىڭ خېرىدارلىرىدىن بىر - بىرلەپ تەر چىقىشقا باشلايدۇ، گەرچە ئۇلار هېرىپ تەرلەپ كەتكەن بولسىمۇ ئەمما چىرايىدا خۇشاللىق ئەكس ئېتىدۇ.

بىر خىل يېڭى تىپتىكى بەدەن ئۇۋۇلىغۇچنىڭ تەسەۋۋۇرى مانا مۇشۇنداق ھالدا مەيدانغا كېلىدۇ.

ئالماشتۇرۇش شەكلىدىكى تەپەككۇرنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بەلكىم ئوخشاي بولماسلىقى مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ ئاياغلىشىش نۇقتىسى كىشىنى ئەنە ئاشۇنداق ھاياجانغا سالىدۇ.

بۇرۇن ئامېرىكىدا بىر باسمىخانا ئىشچىسى بولغان ئىكەن. ئۇ قول يازما قەغىزى ياساش جەريانىدا ئېھتىياتسىزلىقتىن رېتسېپنى خاتا تەڭشەپ قويۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر دۆۋە كېرەكسىز قول يازما قەغىزى پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ ھەسرەت چېكىۋاتقان ۋاقىتتا ئۇنىڭ دوستى خاتالىق ئىچىدىن كېرەكلىك بىر نەرسىگە ئېرىشكىلى بولماسمۇ، دەپ سوراپ قاپتۇ. ئۇ ئويلاپ كۆرگەن ئىكەن، بۇ كېرەكسىز قول يازما قەغەزلەرگە گەرچە خەت يازغىلى بولمىغان بىلەن ئۇنىڭ سۇ سۇمۇرۇشچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئەسۋابلارنىڭ ئۈستىدىكى سۇ تەركىبىنى سۇمۇرۇشكە ئىشلىتىشكە بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ كېرەكسىز قەغەزلەرنى پارچە - پارچە قىلىپ كېسىدۇ ۋە ئۇنىڭغا «سۇ سۇمۇرۇش قەغىزى» دەپ نام قويۇپ بازارغا سالىدۇ، دەرۋەقە بۇ قەغەزلەر شۇ ھامان بازار تېپىپ كېتىدۇ.

كېيىنچە ئۇ مۇشۇ تۇردىكى پاتېنتنى ئىلتىماس قىلىپ مىليونېرغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

بىر ياپونىيەلىك بولۇپ، بىر كۈنى كېچىسى ئۇ چۈشىدە «پۇل - مال» چۈشەيدۇ. ئۇ چۈشىدە قارىسا ئۆزى ھەربىرسى10 مىڭ يىنلىق قىممەتتىكى چەكلەرنىڭ ئۈستىدە ياتقۇدەك، شۇ پۇللار ئىچىدە لەرزان ئۇچۇۋاتقان بولۇپ، شۇنچىلىك راھەتمىش. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، مەن ھەمىشە مۇشۇنداق پۇل ئۈستىدە ياتسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە، دەپ ئويلاپتۇ، ئۇ چۈشىدە مانا مۇشۇنداق گۈزەل، شېرىن خىياللارنى سۈرۈۋېتىپ تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كېتىپتۇ ۋە ئەتراپىغا قاراپ «ھە چۈشۈم ئىكەندە» دەپ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئولتۇرۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇيۇقسىز كاللىسىغا بىر ئەقىل كەپتۇ ۋە ئەگەر مەن ئەدىياللارنىڭ ئۈستىگە پۇللارنىڭ رەسىمىنى چوڭايتىپ سىزىپ چىقسام چوقۇم كىشىلەرنىڭ

ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىيالىنى بىر دوستىغا ئېيتىپتۇ. ئۇ دوستى: «ھەي بۇرادەر، ھازىر ئەدىياللارنىڭ ئۇستىگە ھەر خىل گۈل نەقىشلىرى بېسىش مودا بولۇۋاتىدۇ، ئەمما پۇلنىڭ رەسىمى تېخى بېسىلىپ باقمىدى، سەن بۇ خىيالىڭنى ئەدىيال ئىشلەپچىقارغۇچى سودىگەرلەرگە سېتىپ بەرسەڭ ئۇلار چوقۇم سېتىۋالىدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سىناپ بېقىپتىكەن، دەرۋەقە قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشىپتۇ، ھېلىقى كىشىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن يۈز نەچچە مىڭ يىنغا ئېرىشىپتۇ.

ئەنجىڭدا بىر رەسسام بولۇپ، رەسساملىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىلى 20 يىل بولغان ئىكەن. بىر قېتىملىق ھادىسىدە ئۇنىڭ ئوڭ قولى ئېغىر زەخىملىنىپ رەسىم سىزالماس بولۇپ قاپتۇ.

بۇ رەسسام ئازاب ئىچىدە سول قولىنى ئىشلىتىپ رەسىم سىزىشقا باشلاپتۇ، بىر مەزگىللىك مەشىق قىلىش ئارقىلىق ئۇ شۇنى ھەيرانلىق بىلەن بايقايدۇكى، ئۇ قولىنىڭ ئالمىشىشى سەۋەبى بىلەنلا نۇرغۇنلىغان چەكلىمىلەرنى بايقاپتۇ ۋە ئۇنى بۇزۇپ تاشلاپتۇ، بۇ چەكلىمىلەر ئەسلىدە بۇ رەسسامنىڭ ئىچكى ئېڭىدا ياكى يوشۇرۇن ئېڭىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىكەن.

ئۇ ھازىر سول قولى بىلەن رەسىم سىزىدىغان بولۇپ، سىزغان رەسىملىرى شۇنچىلىك مەردانە، ئەركىن، ھەربىر قەلەم تەگكۈزگەن ئورۇنلىرى ئۆزگىچە مەنىنى ئىپادىلەيدىكەن، ھەم ئۆز نۆۋىتىدە بىر پۈتۈن رەسىمدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى كۆرگىلى بولىدىكەن. بۇ رەسسام ئوڭ قولى بىلەن ئون نەچچە يىل جاپالىق مەشىق قىلىپمۇ بۇ خىل بەدىئىي ئۇسلۇبنى سىزىپ چىقالمىغان ئىكەن.

دوستلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ، سىز ھەقىقەتەنمۇ ئاپەتتىن ئامەتكە ئېرىشتىڭىز جۇمۇ، دېيىشىدىكەن.

ئالماشتۇرۇلغان تەپەككۇرنى ھازىرلىيالىغاندا، ئادەم ھاياتلىقتىكى قىيىنچىلىققا مەردانىلىك بىلەن يۈزلىنەلەيدۇ.

بىر بەختسىز ياش بولۇپ، ئۇنىڭ ئايالى تۇغۇتتا ئوڭ كەلمەي ئانا ـ بالا بىراقلا ئۆلۈپ كېتىپ ئۇ تىكەندەك يالغۇز قاپتۇ. ئۇ بۇ چوڭقۇر

زەرىبىگە بەرداشلىق بېرەلمەپتۇ ۋە ئۆيىنى ئاختۇرۇپ بىر ئارغامچا تېپىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بوپتۇ، ئەمما كىشىلەر تەرىپىدىن بايقىلىپ قېلىپ ئامان قاپتۇ.

كەنتتىكى بىر ياشانغان كىشى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن بېرىپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىپتۇ. ياشانغان كىشى ئۇنى بىر ئەگرى دەرەخنىڭ يېنىغا باشلاپ بېرىپتۇ، دەرەختە يېرىمى يوق بىر ئارغامچا ئېسىقلىق ئىكەن. ھېلىقى ياشانغان كىشى ئارغامچىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ئىلگىرى ساڭا ئوخشاش بىر ياش يىگىت بولىدىغان، ئۇمۇ بەزى ئىشلارنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمەي مۇشۇ ئارغامچىغا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان ئىدى» دەپتۇ.

ئۇلار يەنە بىر قۇدۇق قېشىغا كەپتۇ، قۇدۇق گىرۋىكىدىمۇ بىر پارچە ئارغامچا چىگىكلىك تۇراتتى. ھېلىقى ياشانغان كىشى يەنە مۇنداق دەپتۇ: «بۇرۇن بىر ئادەم بۇ قۇدۇقتىن سۇ ئېلىۋاتقان ۋاقىتتا ئېھتىياتسىزلىقتىن بۇ قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ بۇ ئارغامچىغا ئېسىلىپ يامىشىپ چىقىۋېلىپ ھايات قالغان، بۇ ئارغامچا ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغان ئىدى» دەپتۇ.

ياشانغان كىشى يەنە مۇنداق دەپتۇ: «مانا بۇ بىر پارچە ئارغامچىنىڭ ئىككى خىل ئىشلىتىلىشى.»

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ياش يىگىتنىڭ كۆڭلى پاللىدە يورۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئەمدى يەنە ئۆلۈۋېلىش كويىدا بولماپتۇ، ئەكسىچە قايتىدىن روھلىنىپ، باشقىدىن ئادەم بولۇپ خۇشال ـ خۇرام ھالدا ياشاپتۇ.

ئالماشتۇرۇش شەكلىدىكى تەپەككۇر بولسا ئىرادە باغلىغان ھامان ھەرىكەتلىنىش بولۇپ، بۇ دۇنيامۇ ئىرادىسى بار كىشىلەرگە مەنسۇپتۇر، پەقەت سىز دە جەسۇر ئىرادە بولسىلا ھەممە جايدا مۆۋەپپەقىيەت ئىشكى سىزگە ھامان ئوچۇق.

فىنىك بولسا ئامېرىكىلىق بىر سودىگەر بولۇپ، بىر قېتىملىق دەم ئېلىش ساياھىتىدە ئاتايىتەن ئادەم شالاڭ بولغان جايلارغا بېرىپ ساياھەت قىلىپ، نۇرغۇنلىغان كىچىك ئۆستەڭ، شارقىراتما، جىرالارنىڭ ئاۋازى، قۇشلارنىڭ سايرىشى قاتارلىق ئاۋازلارنى ئۈنگە ئېلىۋاپتۇ. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ ئاۋازلارنى ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا كۆچۈرۈپ يۇقىرى

باھادا سېتىپ نۇرغۇنلىغان پۇل تېپىپتۇ، يەنە كېلىپ بۇنىڭ ئىچىدىكى ھېلىقى سۇلارنىڭ ئاققان چاغدا چىقارغان ئاۋازى شۇنداق بازار تېپىپ كېتىپتۇ.

ئالماشتۇرۇش شەكلىدىكى تەپەككۇر بولسا بىر خىل يېڭىلىق يارىتىش شەكلىدىكى تەپەككۇردۇر.

پېمبېرتون بولسا ئامېرىكا ئاتلانتا شەھرىدىكى بىر ئىشتىن سىرتقى دورىگەر بولۇپ، ئۇ دەرەخ يوپۇرماقلىرى بىلەن دەرەخ شاخلىرىنى ئاساسلىق خام ماتېرىيال قىلىپ، كۆپ قېتىم تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق بىر روھلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان مېڭە ساغلاملاشتۇرۇش ئىچىملىكىنى ياساپ چىقىدۇ، مانا بۇ ئەڭ دەسلەپكى كوكاكولا ئىدى. دەسلەپىدە بۇ خىل مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىشى ناھايىتى ئاستا بولۇپ، پېمبېرتوننى ئەنسىرىتىپ قويىدۇ.

بىر كۈنى بېشى ناھايىتى قاتتىق ئاغرىپ كەتكەن ئادەم ئۇنىڭ دورا دۇكىنىغا كېلىپ مېڭە ساغلاملاشتۇرۇش ئىچىملىكىنى سېتىۋالىدۇ. دۇكان خىزمەتچىسى رېتسېپقا ئاساسەن تۇرۇۋا سۈيى قاچىلاش كېرەك بولغان بوتۇلكىغا ئېھتىياتسىزلىقتىن سودا سۈيىنى قۇيۇپ سالىدۇ. ھېلىقى ئادەم ئۇنى شۇ مەيداندىلا ئىچىپ تۈگىتىۋېتىدۇ، بۇ چاغدا ھوشىنى تاپقان ھېلىقى دۇكان خىزمەتچىسى: «ئاپلا چاتاق بولدى» دەپ قورقۇپ كېتىدۇ ۋە تەمتىرىگىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قېتىپ تۇرۇپ قالىدۇ، ئەمما ھېلىقى ئادەم دورىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىنلا: «ۋاھ، نېمىدېگەن قالتىس ئىچىملىك بۇ!!» دەپ ماختاپ كېتىدۇ.

پېمبېرتون شۇ ئىشتىن زور ئىلھامغا ئېرىشىدۇ ھەمدە بۇ مېڭە ساغلاملاشتۇرۇش ئىچىملىكىگە مۇۋاپىق مىقداردىكى سودا سۈيىنى ئارىلاشتۇرىدۇ ھەمدە «مېڭىدىكى تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى داۋالايدىغان ئېسىل دورا» دېگەن ئېلان تاختىسىنىڭ يېنىغا: «تەمى ئىچىشلىك بولۇپ، قۇۋۋەت تولۇقلاپ روھنى كۆتۈرىدۇ» دېگەن جۈملىنى قوشۇپ قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ، كوكاكولا بىر خىل دورا ئىچىملىكى بولۇشتىن بىر ئۆزگىرىپلا كۈنسېرى مودا بولۇۋاتقان ئىچىملىككە ئايلىنىدۇ، ئۇنىڭ سېتىلىش مىقدارىمۇ كۈنسېرى ئاشىدۇ.

ئامېرىكىدا بىر بوتۇلكا ياساش ئىشچىسى بولۇپ، ئۇ بىر كۈنى قىز

دوستىنىڭ تىزىنىڭ ئۇستى قىسمى سەل تار بولغان كۆڭلەك كىيىۋالغانلىقىنى بايقاپتۇ. بۇ خىل كۆڭلەك قىزلارنىڭ بەل قىسمىنى ئىنچىكە كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇنى كىيگەندە قىزلارنىڭ ئىنچىكە بەل قىسمىنىڭ ئاجايىپ كۆزەل ئىكەنلىكى كۆرۈنىدىكەن. ھېلىقى ئىشچى بۇ بايقىشىنى ئۆزى ياساۋاتقان بوتۇلكىغا بىرلەشتۈرۈپ ئويلاپتۇ ۋە لايىھەسى ئۆزگىچە بولغان «كوكاكولا بوتۇلكىسى» نى لايىھەلەپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا، ئۇنى تۇتقان ۋاقىتتا ئاسانلىقچە قولدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتمەيتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قارىماققا ئۇنىڭ ئىچىگە قاچىلانغان ئىچىملىك مىقدارى ئەمەلىيەتتىكىدىن كۆپرەك كۆرۈنەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كوكاكولا شىركىتىدىن ئالتە مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق پاتېنت ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەققى ئالىدۇ.

بۇ ناھايىتى كۆپ يىل ئىلگىرىكى بىر كۈنى بولغان ئىش ئىدى. بۇ كۈنى باستىر پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتاب ئوقۇۋاتقان بولۇپ، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كەپسىز ئوغلى ئۇنىڭ تاقىۋالغان كۆز ئەينىكىنى يەرگە چۈشۈرۈۋېتىدۇ. باستىر ئاچچىقلىناي دەپ تۇرۇشىغا ئۇنىڭ بالىسى ئەينەك پارچىسىنى ئېلىپ كۆزىگە چاپلايدۇ ـ دە، خۇشاللىقىدىن: «بەك قىزىق بولىدىكەن، نېمىدېگەن قىزىق» دەپ ئويناقلاپ كېتىدۇ.

باستىر ئەينەك پارچىسىنى ئېلىپ قاراپ بېقىپتىكەن، يەردە ئۆمىلەپ كېتىۋاتقان چۈمۈلىلەرنىمۇ كۆرەلەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ چېقىلىپ كەتكەن كۆزئەينەك پارچىسىدىمۇ بىر نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى بايقايدۇ. شۇنداق قىلىپ يوشۇرۇن كۆز ئەينەك تەتقىقاتىغا كىرىشىپ كېتىدۇ.

دۇنيادىكى بىرىنچى يوشۇرۇن كۆز ئەينەكنى گېرمانىيەلىك ھېرمان ۋېركىي1946 ـ يىلى ياساپ چىققان ئىدى.

بىر قېتىم قەدىمكى مىسىر پادىشاھى خوف زىياپەت ئۆتكۈزىدۇ. ئاشپەزلەر ناھايىتى ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى، تۇيۇقسىز بىر ئاشپەز تېخى ھېلىلا قورۇپ تەييار قىلىپ قويغان قوي يېغىنى ئوچاققا ئۆرۈۋېتىپ سالىدۇ، ئۇ قورقۇپ كەتكىنىدىن دەرھال ئوچاق ئىچىدىن ھېلىقى قوي يېغىغا

ئارىلىشىپ كەتكەن چوغلارنى قولى بىلەنلا تېرىپ ئېلىشقا باشلايدۇ، ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ئۇ قارىسا قاپقارا يېپىشقاق بىر نەرسىلەر تۇرغۇدەك، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولىنى سۇدا شۇنداق يۇيۇپتىكەن، قولى ئادەتتىكىدىن بەكرەك پاكىز بولۇپ كېتىپتۇ.

ھېلىقى ئاشپەز بۇ سىرنى بىلگەندىن كېيىن ھېلىقى تاشلىۋەتكەن ياغ يۇقۇندىسى بار چوغ قالدۇقلىرىنى ئاستا تېرىپ ئەكېلىۋاپتۇ ـ دە، ئۇنى باشقىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ كۆپچىلىك مۇشۇ نەرسە بىلەن قولىنى يۇيىدىغان بوپتۇ.

پادىشاھ خوف بۇ مەخپىيەتلىكنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرىدۇ، ھېلىقى ئاشپەز ئامالسىز ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، پادىشاھ ئۇ نەرسىنى سىناپ باققاندىن كېيىن ماختاپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ نەرسە ناھايىتى تېزلا پۈتۈن مىسىر خانىدانلىقى تەۋەسىدە مودا بولۇپ كېتىدۇ، ھەممە قەدىمكى رىمغىمۇ يېتىپ بارىدۇ. كېيىنچە كىشىلەر مۇشۇ ئاساستا ھازىرقى سوپۇننى كەشىپ قىلىپ چىقىدۇ.

ئالماشتۇرۇش شەكلىدىكى تەپەككۇر بولسا تەپەككۇرىمىزنى قاناتلاندۇرۇپ، ئۇنى تېخىمۇ ئەركىن ھالدا پەرۋاز قىلدۇرىدۇ.

فىرانسىيەدە بىر باللار كىيىم ـ كېچەكلىرى لايىھەلىگۈچى بولۇپ، ئۇ مۇنداق بىر ئەھۋالغا دىققەت قىپتۇ، يەنى، بالىلارنىڭ بويىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ئۇلار كىيىۋاتقان كىيىملەر ئۇزاق ئۆتمەيلا كىچىك كېلىپ قالىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى تېخى يىرتىلماي تۇرۇپلا تاشلىۋېتىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ لايىھەلىگۈچى بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش سۈرئىتىگە ئاساسەن چوڭايتقىلى بولىدىغان كىيىم ـ كېچەكلەرنى لايىھەلەپتۇ، ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ رازمېرىنى خالىغانچە تەڭشىگىلى بولىدىغان بولۇپ، بازارغا سېلىنىشى بىلەنلا قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشىپتۇ.

بىر قېتىم ئامېرىكا ئاشلون شىركىتىنىڭ مۇدىرىيەت باشلىقى بۇشنار شىركەت قىيىنچىلىقتا قالغانلىقى ئۈچۈن بىرەر ئامال تاپالماي بېشى قېتىپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى بىئارام بولۇپ سىرتقا سەيلە قىلغىلى

چىقىپتۇ. يولدا ئۇ بىر نەچچە بالىنىڭ خۇشال - خۇراملىق ئىچىدە يول بويىدا بىر نەرسىنى ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە، قىزىقىش ئىچىدە بېرىپ تاماشا كۆرۈپتۇ. ئۇلار ھەم مەينەت ھەم سەت بولغان بىر تال قۇرتنى ئويناۋاتقان بولۇپ، بالىلارنىڭ ھەممىسى بۇ نەرسىگە مەپتۇن بولۇپ قالغانىدى. بۇنى كۆرۈپ بۇشنار بەزى بالىلارنىڭ نەزىرىدە سەترەك بولغان ئويۇنچۇقلارنىڭ تېخىمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلىدىغانلىقىنى بايقاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە ئاشۇنداق سەترەك بولغان ئويۇنچۇقلارنى ياساشنى بۇيرۇپتۇ، دەرۋەقە بۇ ئويۇنچۇقلار بازارغا سېلىنىشى بىلەنلا ناھايىتى بازار تېپىپتۇ.

1863 - يىلى ئامېرىكىلىق خېۋىت ئىسىملىك بىر باسما ئىشچىسى خىمىيەگە ئائىت بولغان بىر پەسىللىك ژۇرنالدىن بەزىلەرنىڭ بىر خىل ئالاھىدە بولغان پاختىنى تەتقىق قىلىپ چىققانلىقىنى، يەنى ئادەتتىكى پاختىنى قويۇق سۇلفات كىسلاتاسى بىلەن ئازوت كىسلاتاسىنىڭ بىرىكمىسىگە چىلاپ قويغاندا ئۇنىڭ يېڭى ئالاھىدىلىكى كۆرۈنىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ.

بىر كۈنى خېۋىت ھېلىقى خەۋەردىكىگە ئاساسەن سىناپ باقماقچى بوپتۇ، ئەمما ئۇ پاختىنىڭ ئورنىغا كامفورانى سېلىپ قانداق ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ. نەتىجىدە مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ، ئۇ بۇ نەرسىنى ھېلىقى بىرىكمە سۇيۇقلۇق ئىچىدە توختىماستىن ئايلاندۇرۇپتۇ، ھېلىقى بىرىكمە سۇيۇقلۇق ئاستا - ئاستا يېپىشقاق قويۇقراق جىسىمغا ئايلىنىپتۇ، ئەڭ ئاخىرىدا بىر كاللەك ئاق رەڭلىك يۇمشاق جىسىمغا ئايلىنىپتۇ. ئۇ بۇ يۇمشاق نەرسىنى ئۇۋۇلاپ يۇمىلاق شارچە ھالىتىگە ئەكەپتۇ، بۇ شارچە سوۋۇپ قاتقاندىن كېيىن ئۇنى يەرگە ئۇرغان ئىكەن، پوك قىلغان ئاۋاز بىلەن ئېگىزگە ئۆرلەپتۇ.خېۋىت بۇنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولۇپ كېتىپتۇ، چۈنكى ئامېرىكىلىق ياساش سودىگىرى فىرون بىلەن كالەندىر 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق مۇكاپات بېرىش بەدىلىگە دەل مۇشۇنداق كۆڭۈلدىكىدەك تىكتاك توپقا ئېرىشمەكچى بولۇۋاتقان ئىكەن.

فىرون بىلەن كالەندىر خېۋىتنىڭ دۇنيا بويىچە تۇنجى بولۇپ ياساپ چىققان بۇ تىكتاك توپىنى خۇشاللىق بىلەن 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا

سىتمۇۋاپتۇ.

نەنچاڭ شەھەرلىك ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ ئاۋاز ئارتىسى ساۋخوڭيۇ تىكتاك توپنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ توپ ئوينىغاندا پالاقنى ھەمىشە تىك تۇتىدىكەن، بىر قېتىم ئۇ پالاقنى توغرىسىغا تۇتۇپ ئويناپ بېقىپتۇ، نەتىجىدە پالاق ئېغىرلىق مەركىزىنىڭ توغرا كەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تىكتاك توپ پالىقىنىڭ تۇتقۇچىنى ئازراق يانتۇ قىلىپ ياساپ بېقىپتۇ، شۇنداق قىلىپ تىكتاك توپ پالىقىنىڭ تۇتقۇچى يانتۇ تۇتقۇچقا ئۆزگىرىپتۇ.

1990 - يىلى 12 - ئايدا ئۇ بۇ كەشپىياتىنى ئېلىپ بېيجىڭغا بېرىپ دۆلەتلىك تىكتاك توپ كوماندىسىغا بۇ «گۆھىرى» نى سوۋغا قىلىپتۇ.

1991 - يىلى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ساۋخوڭيۇ دۆلەتلىك پاتېنت گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشىدۇ.

1992 - يىلى 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تاڭۋېيىي دۆلەت كوماندىسىنىڭ مۇئاۋىن تىرېنېرى جاڭ شېيلىن ۋە تىرېنېر خۇيجۈننىڭ قوللىشى ئارقىسىدا بىرىنچى بولۇپ ئەگرى تۇتقۇچلۇق تىكتاك توپ پالىقىنى ئىشلەتكەن تۇنجى دۆلەت دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى بولۇپ قالىدۇ.

ساۋخوڭيۇ ئىلگىرى دۆلەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى تەربىيەلەش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى لى فۇروڭدىن تىكتاك توپ پالىقى قانداق ياسالسا ئاندىن ئۇ لاياقەتلىك پالاق بولىدىغانلىقىنى سورىغاندا، لى فۇروڭ ئانچە ئويلانماستىنلا: «ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بىلەن مۇسابىقە ئوينىغاندا چېمپىيون بولغىلى بولسا ئاندىن لاياقەتلىك پالاق ھېسابلىنىدۇ - دە» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۈزلۈكسىز ماسلىشىش مەشقى قىلىش ئارقىلىق، ساۋپىي ماركىلىق توپ پالىقىنى ئىشلىتىشنى پۇختا ئىگىلىگەن تاڭۋېيىي ئاخىر چېمپىيونلۇققا ئېرىشىدۇ.

ئامېرىكىلىقلار بىر خىل قاتلاشقا بولىدىغان ماي تۇڭى كەشىپ قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەم پۇختا ھەم يېنىك بولغان تالا ۋە شەكىل ئۆزگەرتىش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنغان ئەۋرىشىم ماتېرىياللار ئىشلىتىلىپ ياسىلىدۇ. بۇ خىل ماي تۇڭىغا بېسىم بېرىلگەندىن كېيىن ماي قاچىلاشقا بولىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى ئادەتتىكى ماي تۇڭىنىڭ 40% ىچىلىك كېلىدۇ. قۇرۇق تۇڭنى قاتلاپ قويغاندا ئۇنىڭغا ماي

قاچىلىغان ۋاقىتتىكى ھەجىمىنىڭ ئاران5% ىگە تەڭ كېلىدىغان بولۇپ، ئېلىپ يۈرۈشكە ئىنتايىن قولايلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

50 يىل ئىلگىرى يېڭى سۈتلەرنىڭ ھەممىسى ئەينەك بوتۇلكىغا قاچىلىناتتى. بۇ خىل بوتۇلكا ئېغىر بولغانلىقى ئۈستىگە ئاسانلا چېقىلىپ كېتەتتى. يەنە كېلىپ ئانچە پاكىزمۇ ئەمەس ئىدى. بىر كۈنى شۋېتسىيەلىك لۇئىسنىڭ ئايالى قورۇما تەييارلاۋاتقان بولۇپ، ئۇ ئايالىنىڭ ئۇششاقلانغان گۆشلەرنى ئۈچەي ئىچىگە قاچىلاپ كولباسا ياساۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىپتۇ ـ دە، «ئىچىملىكلەرنىمۇ ھىملانغان قەغەز قۇتىلارغا قاچىلاشقا بولماسمۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ.

1952 ـ يىلى لۇئىس بىر شىركەت قۇرۇپ قەغەز قاپلىق ئورالما مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ، ئاسانلا چىرىپ كېتىدىغان ئىچىملىكلەر ئۈچۈن تەننەرخى ئەرزان ۋە مىكروبسىز بولغان قاچىلاش سىستېمىسى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. 10 يىل ئىچىدە شىركەتنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولىدۇ، تىجارەت كۆلىمىمۇ تازىلانغان سۇ ئىشلەپچىقىرىش، قەغەز مەتبەئەچىلىكى قاتارلىق ساھەلەرگىچە كېڭىيىدۇ.1965 ـ يىلى لۇئىس جەمەتىدىكىلەر بارلىق قوشۇمچە كەسىپ ئىگىلىكىنى سېتىۋېتىدۇ ۋە ئاتا ـ بالا ئۈچەيلەن پۈتۈن كۈچى بىلەن قەغەز قاپلىق ئىچىملىك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

ئالماشتۇرۇش شەكلىدىكى تەپەككۇر سىزنىڭ ئاخىرغىچە چىڭ تۇرۇشىڭىزنى، تاكى مۇۋاپىق بولغىچە ئاداققىچە ئالماشتۇرۇشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىر كەشپىياتچى بولۇپ، ئۇ يېپىشقاقلىق دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى بولغان بىر خىل يېلىمنى تەتقىق قىلىۋاتقان ئىكەن. ئەمما ئۇنى ياساپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ يېپىشقاقلىقى ئانچە كۆڭۈلدىكىدەك بولماپتۇ، لېكىن بۇ تەتقىقاتچىمۇ بەل قويۇۋەتمەي «يېپىشقاقلىقى تۆۋەن بولۇش» تىكى پىكىر يولىنى چۆرىدىگەن ھالدا قۇرۇماس يېلىمنى كەشىپ قىلىپ چىقىپتۇ.

ئامېرىكا فىلورىدا ئىشتاتىدىكى رەسسام لىپمان ناھايىتى كەمبەغەل

بولۇپ، رەسىم سىزىش قوراللىرىمۇ ناھايىتى ئاز ئىكەن. ھەتتا ئۆچۈرۈشكە ئىشلىتىدىغانغىمۇ ئارانلا يېرىم پارچە ئۆچۈرگۈچى بار ئىكەن. ئۇ بىر كۈنى رەسىم سىزىۋاتقاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن رەسىمنى خاتا سىزىپ قويۇپتۇ ۋە ئۆچۈرگۈچنى تېپىپ ئۇنى ئۆچۈرۈۋېتىپ قايتىدىن سىزماقچى بوپتۇ، ئۇ مىڭ تەسلىكتە ئۆچۈرگۈچنى تېپىپ ھېلىقى خاتا سىزىلىپ قالغان رەسىمنى ئۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، رەسىم سىزماقچى بولۇپ قارىسا قەلەم يوق تۇرغۇدەك، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىچى پۇشۇپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ ـ دە، كاللىسىغا مۇنداق خىيال كەپتۇ، ئەگەر ھەم رەسىم سىزغىلى ھەم ئۆچۈرگىلى بولىدىغان بىر خىل قەلەم بولغان بولسا، نېمىدېگەن ئوبدان بولاتتى ـ ھە، دەپ ئويلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئويىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەتقىق قىلىپ ئىزدىنىشكە كىرىشىپ كېتىپتۇ. ئۇزۇكسىز ئىزدىنىش نەتىجىسىدە ئۇ ئاخىر بۇنىڭ ئامالىنى تېپىپ چىقىپتۇ ۋە بىر نېپىز قاڭالتىر بىلەن رېزىنكە ئۆچۈرگۈچنى قەلەمنىڭ ئۇستى تەرەپتىكى بېشىغا قاپلاپ قويۇپتۇ.

كېيىنچە لىپمان باشقىلاردىن پۇل ئۆتنە ئېلىپ پاتېنت ئىلتىماس قىلىپتۇ، ئەڭ ئاخىرى PABAR قېرىنداش قەلەم ئىشلەپچىقىرىش شىركىتى ئۇنىڭ بۇ تۇرلۇك پاتېنتىنى 550 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق باھا بىلەن سېتىۋاپتۇ.

مانا بۇ ھازىرقى ئۆچۈرگۈچلۈك قېرىنداش قەلەمنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانىدۇر.

20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىكى بىر كۈن ئىدى. ئامېرىكىدىكى بىر رادار ئىنژېنېرى تەجرىبە ئىشلەش جەريانىدا، يانچۇقىغا سېلىپ قويغان شاكىلاتنىڭ ئېرىپ كەتكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئۇ بۇ غەلىتە ئەھۋالنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدۇ. دەسلەپتە ئۇ بۇنى ئۆز بەدىنىنىڭ ھارارىتى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلايدۇ، ئەمما كېيىنچە ئۇ شاكىلاتنىڭ رادار قۇرۇلمىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ماگنىت كونترول قىلىش تۇرۇبىسىنىڭ تەسىرىدە ئېرىپ كەتكەنلىكىنى بايقايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئىشتىن ئىلھام ئېلىپ مىكرو دولقۇن ئارقىلىق يېمەكلىك ۋە باشقا نەرسىلەرنى قىزىتىدۇ.

1947 ـ يىلى ئامېرىكا جىشىڭ شىركىتى بۇ تۈردىكى تەتقىقاتقا كىرىشىدۇ، شۇ يىلى «رادار دولقۇن ئوچىقى» نامىدىكى مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق دۇنياغا كېلىدۇ.

ئالماشتۇرۇش شەكلىدىكى تەپەككۇر سىزدىن يەنە خىلمۇخىل پىكىر يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئېمىزگۇ ۋە سۇ ئىچىدىكى تىنىشقا ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلمىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى ھەممەيلەنگە ئايان. يەنى، ئالدىنقىسى بوۋاق بالىلارغا سۈت ئىچۈرۈشتە ئىشلىتىلىدۇ، كېيىنكىسى بولسا، غەۋۋاسلار سۇ ئاستىغا شۇڭغۇغان ۋاقىتتا نەپەس ئېلىشتا ئىشلىتىلىدۇ. رۇسىيە بائۇمەن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر ئالىم بوۋاقلارنىڭ ئېمىزگۇسى ۋە غەۋۋاسلارنىڭ نەپەس ئېلىش قۇرۇلمىسىغا قارىتا ئېلېمېنت ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق خورەك تارتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئۇسكۈنە كەشىپ قىلىپ چىققان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئېلېمېنت ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئېمىزگۇنىڭ «خورەك تارتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش» تىكى ئىقتىدارى ئەمەلگە ئېشىپتۇ. ئۇخلاشتىن بۇرۇن بۇ نەرسىنى ئېغىزىڭىزغا سېلىپ قويۇپ ئۇ نەرسە بىلەن ئۇستۇنكى تاڭلىيىڭىزنى تىرەپ قويغاندىن كېيىن خاتىرجەم ئۇخلىسىڭىز بولىدۇ، چۈنكى سىز ئەمدى خورەك تارتىشتىن قايتا ئەنسىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، بۇ نەرسىنى تاقىغاندىمۇ ھېچقانداق غەيرىيلىك ھېس قىلمايسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز ئۆزىڭىزگە ماس كېلىدىغان رازمېردىكى «ئېمىزگۇ» نى تاللىسىڭىز بولىدۇ. ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى شۇكى سىز ئۇنى تاقىۋالغاندىن كېيىن يەنىلا ئېغىزىڭىز بىلەن نەپەس ئالسىڭىز بولىدۇ. ئاغزىدا نەپەس ئېلىش بارلىق خورەك تارتىدىغانلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى بولۇپ، نەپەس ئېلىش ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۇلارغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا ناھايىتى قىيىن بىر ئىش. بۇ نەرسىنى 7 — 10 كۈنگىچە تاقاپ قويسىڭىز ئۇستۇنكى تاڭلىيىڭىزنىڭ ئورنى ئەسلىدىكى ھالەتكە قايتىپ كېلىدۇ ـ دە، ئۇنى يەنە قايتا ئىشلەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

# 23. چاچما تەپەككۇر

**چاچما تەپەككۇرنىڭ ماھىيىتى بولسا ئادەتتىكى قائىدىلەر ۋە مۇقىم شەكىللەردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، كونا قاتمال رامكىلارنىڭ چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاش، يېڭىچە پىكىر يولى، يېڭىچە ئىدىيە، يېڭىچە ئۇقۇم، يېڭىچە چارە بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭلاشقا ئۇ بىر خىل يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرىدىكى تەپەككۇر شەكلىدۇر.**

چاچما تەپەككۇر يەنە كېڭەيمىچان تەپەككۇر، پەرقنى ئىزدەش شەكلىدىكى تەپەككۇر دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان تەپەككۇر كۆزىتىش نۇقتىسىدىن، ئوخشاش بولمىغان پىكىر يولىدىن باشلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش، خىلمۇخىل ئۇسۇللار ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تەپەككۇر شەكلىدۇر. يەنى «ئوخشاش بىر مەنبەدىن ھەر خىل شەكىلدىكى كۆپ سانلىق چىقىش ئېغىزىنى ھاسىل قىلىش» تىن ئىبارەتتۇر. ئۇنىڭدا مۇنۇلار تەلەپ قىلىنىدۇ. ئالدى بىلەن بىر مەسىلىنى بىكىتىۋالىمىز ھەمدە مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدە مۇشۇ مەسىلىنى مەركەز قىلغان ھالدا ھەر تەرەپكە چېچىلىش شەكلىدە ئاكتىپ پىكىر يۈرگۈزۈش ئېلىپ بارىمىز ھەمدە بىر مۇقىم قېلىپقا كىرىپ قالمىغان ئاساستا ھەر خىل جاۋابلارنى ئىزدەيمىز. بۇ بولسا شەخسىنىڭ تەپەككۇرىنى قوزغىتىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدۇر.




مەسىلەن: كاللا قاتۇرۇپراق ئويلىنىدىغان بولساق، ئادەتتە بىر تال قەغەز قىسقۇچنىڭ 50 خىلدەك ئىشلىتىلىش ئورنىنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيمىز. ئىشەنمىسىڭىز سىناپ باقسىڭىز بولىدۇ.

(1) قەغەز قىسقۇچنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى

بىر قېتىملىق ئىجادچانلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇھاكىمە يىغىنىدا، تەكلىپ بىلەن جۇڭگوغا كەلگەن ياپونىيەلىك ئىجادچانلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇتەخەسسىسى مۇراكامى يۇكىئو ئەپەندى مۇنبەر ئاستىدىكى ئىجادچانلىقنى شۇنچە كۈچلۈك بولغان كەسپداشلىرىنىڭ ئالدىدا بىر تال قەغەز قىسقۇچنى كۆتۈرگىنىچە مەيدانغا چىقىدۇ ـ دە: «ھۆرمەتلىك كەسپداشلار، سىلەر چەكلىمىدىن چىقىپ تۇرۇپ ئويلىنىپ بېقىڭلار، قېنى كىم بۇ قەغەز قىسقۇچنىڭ قانچە خىل ئىشلىتىلىش ئۇرنىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ، قېنى كىمنىڭ ئىجادى تەپەككۇرىنى قېزىپ چىقىشى كۆپ ھەم ئۆزگىچە بولىدىكىن!» دەيدۇ.

بەزى جۇڭگولۇق كەسپداشلار: «قەغەز قىسقۇچتا رەسىملەرنى قىسىپ قويغىلى، ماتېرىياللار، ئارگىنالارنى قىسىپ قويغىلى بولىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

بەزىلەر بولسا: «كىيىمنىڭ تۇگمىسى چۈشۈپ كەتكەندە ئۇنى ۋاقىتلىق ئىشلىتىپ تۇرۇشقا بولىدۇ....» دەيدۇ.

كۆپچىلىك ئۇنى ـ بۇنى دەپ يۇرۇپ ئون نەچچە مىنۇتتەك سۆز قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سەل ئۆزگىچە بولغان ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى تاپقانلار بولسا، قەغەز قىسقۇچنى ئۇچلاپ بىلىق تۇتۇش قارمىقى ياساش، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ ھەممەيلەننى كۇلدۇرۇۋېتىپتۇ.

مۇراكامى يۇكىئو ئەپەندى كۆپچىلىكنىڭ بۇنچە قىسقىغىنە بولغان ۋاقىت ئىچىدە 20 نەچچە خىلدەك ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقالىغىنىدىن ناھايىتى مەمنۇن بوپتۇ.

كۆپچىلىك مۇراكامى يۇكىئو ئەپەندىدىن قانچىلىك ئىشلىتىش ئۇرنىنىڭ بارلىقىنى سوراشقان ئىكەن. مۇراكامى يۇكىئو ئەپەندى كۇلۇپ تۇرۇپ ئۇچ تال بارمىقىنى چىقىرىپتۇ.

بۇنى كۆرۈپ بەزىلەر، 30 خىل ئىكەندە دەپتۇ.

ئەمما مۇراكامى يۇكىئو ئەپەندى ئىنكار قىلىش مەنىسىدە بېشىنى چايقاپتۇ.

ــــ 300 خىل، ــــ دەپتۇ بەزىلەر.

مۇراكامى يۇكىئو ئەپەندى بۇ گەپنى ئاڭلاپ قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتىپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆپچىلىك قاتتىق ھەيران قاپتۇ ۋە مۇراكامى

يوكىئو ئەپەندىنىڭ تەپەككۇرىنىڭ ئوتكۇرلۇكىگە ئاپىرىن ئېيتىپتۇ، ئەمما بەزىلەر ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەسلىك نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپتۇ.

مۇراكامى يوكىئو ئەپەندى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ گالستۇكىنى چىڭىتىپ قويۇپتۇ ـ دە، ھېلىقى ئىشەنمەسلىك نەزىرى بىلەن ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلارغا ئۆز سۆزىنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە پىروبىكىسىيە پىلاستىنكىسىنى ئۇلارغا قويۇپ كۆرسىتىپ بېرىشكە باشلاپتۇ....

بۇ ۋاقىتتا، «تەپەككۇر پادىشاھى» دەپ نام ئالغان جۇڭگولۇق كەسىپداش شۆگوتەي ئەپەندى مۇنبەردە تۇرغان مۇراكامى يوكىئو ئەپەندىگە «قەغەز قىسقۇچنىڭ ئىشلىتىش ئورنى توغرىسىدا مەن ئۈچ مىڭ خىل ھەتتا ئوتتۇز مىڭ خىل ئىشلىتىش ئورنىنى دەپ بېرەلەيمەن» دېگەن باغاقچىنى سۇنۇپ بېرىپتۇ.

ياندىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بىرەيلەن بۇنى كۆرۈپ، پو ئاتقانغا جەرىمانە ئالمايدۇ، نېمىدېگەن تەلۋىلىك بۇ، دەپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى، سۆزلەش نۆۋىتى شۆگوتەي ئەپەندىگە كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سۆزىنى باشلاپلا ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ: «تۈنۈگۈن كۆپچىلىك ۋە مۇراكامى يوكىئو ئەپەندى سۆزلىگەن ئىشلىتىش ئورنىنى مۇنداق تۆت سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ يەنى، ئېسىش، ئىلىش، ئايرىش، ئۇلاشتىن ئىبارەت. ئەگەر يولىمىزنى ئېلھاملاندۇرمىز دەيدىكەنمىز، ئەگەر يولىمىز بۇ خىلدىكى ھالەتتىن بۆسۈپ چىقىپ كېتىشى كېرەك، بۇنىڭدىكى ئەڭ ياخشى ئامال بولسا ئاددىي ھالدىكى شەكىللىك تەپەككۇر قورالىدىن پايدىلىنىش، يەنى، ئۇچۇر نىشانى بىلەن ئۇچۇر ئىنكاسى مەيدانىدىن پايدىلىنىشتىن ئىبارەتتۇر، دەپتۇ. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ بولۇپ، قەغەز قىسقۇچنىڭ ئومۇمىي ئۇچۇرىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئېغىرلىق، ھەجىم، ئۇزۇنلۇق، كەسمە يۈزى، ئەۋرىشىملىك، تۈز سىزىق، كۈمۈش رەڭلىك قاتارلىق ئون نەچچە ئامىلغا ئايرىپ چىقىپتۇ، ئاندىن كېيىن بۇ ئامىللارنى سىزىق بىلەن تۇتاشتۇرۇپ چىقىپ بىر سىزىقلىق ئۇچۇر نىشانى شەكىللەندۈرۈپتۇ. ئاندىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ مۇشۇ قەغەز قىسقۇچقا مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق ئەمەلىي پائالىيەت ئامىللىرىنى تەھلىل قىلىپ ئۇنىمۇ ئۇچۇر نىشانى قىلىپ تۇتاشتۇرۇپ چىقىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئەڭ ئاخىرىدا ئۇچۇر ئىنكاسى مەيدانى

شەكىللىنىپ چىقىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ھازىرقى زامان تەپەككۇر نۇرى بۇ بىر تال قەغەز قىسقۇچقا چۈشۈپتۇ ۋە دەرھال سۇنئۇۋكۇچنىڭ قولىدىكى خاسىيەتلىك ئالتۇن گۈرزىگە ئايلىنىپتۇ. ئۇ بىمالال ھالدا ئۇچۇر ئىنكاس مەيدانىدىكى كوئوردىناتىنى ئۆزۈكسىز ھالدا بىرىكتۈرۈپ ئۆزگەرتىۋېرىپتۇ. ئىككى خىل ئۇسۇل بويىچە قەغەز قىسقۇچنىڭ ماتېماتىكىدىكى بىر قاتار ئىشلىتىلىش ئورنىنى تېپىپ چىقىپتۇ. مەسىلەن: قەغەز قىسقۇچتىن پايدىلىنىپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1، 2، 3، 4، 5، 6، 7، 8، 9، 0قاتارلىقلارنى ھاسىل قىلىپتۇ، ئاندىن قوشۇش، ئېلىش، كۆپەيتىش، بۆلۈش قاتارلىق بەلگىلەرنىمۇ ھاسىل قىلىپتۇ، تۆت ئەمەل بويىچە ھېسابلاشنى قوللىنىپ1000، 1000000 قاتارلىق سانلارنى نەچچە مىليونغىچە ھاسىل قىلىپتۇ، سانلارنى ھېسابلاپ چىقىپتۇ...... مۇزىكىدا نوتا بەلگىسى ياساپتۇ؛ قەغەز قىسقۇچتا يەنە تېخى ئىنگلىز، گىرېتسىيە قاتارلىق ھەر خىل دۆلەت تىللىرىنىڭ ھەرپىنى ھاسىل قىلىپ چىقىپ قوشۇپ ئوقۇپتۇ؛ قەغەز قىسقۇچ بىلەن سۇلفات كىسلاتاسىنى رېئاكسىيەلەشتۇرۇپ ھىدروگېن گازى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ، قەغەز قىسقۇچتا كومپاس ياسىغىلى بولىدۇ، ئۇنى تۇتاشتۇرۇپ توك ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ. قەغەز قىسقۇچ تۆمۈر ئېلېمېنتىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تۆمۈر بىلەن مىسنى بىرىكتۈرگەندە تۇچ ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ، تۆمۈر بىلەن ئوخشاش بولمىغان نەچچە ئون خىل مېتال ئېلېمېنتىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىرىكتۈرگىلى بولىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىرىكىپ چىققان ماددىلارمۇ سان - ساناقسىزدۇر...... ئەمەلىيەتتە قەغەز قىسقۇچنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى چەكسىزدۇر! ئۇ مۇنبەردە مۇشۇنداق سۆزلەۋاتقاندا پەستە ئولتۇرغانلار جىمىپ كېتىشىدۇ. يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنى بۇ «تەپەككۇر پادىشاھى» ي جەلپ قىلىۋالغان ئىدى. بۇ خىل يېڭى بولغان چاچما تەپەككۇر ئەسلىدىكى قېلىپلىشىپ قالغان تەپەككۇر ھالىتىنى بۇزۇپ تاشلىغان ئىدى، بولۇپمۇ ئىجاد قىلغۇچىلار ئۈچۈن بىر خىل يېڭىچە تەپەككۇر شەكلى بىلەن تەمىن ئەتكەن ئىدى.

(2) بىر تال قېرىنداشنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى

نيۇيوركنىڭ رىچموند رايونىدا بىر نامراتلار مەكتىپى بار بولۇپ، ئۇنى باستېر بېرنات ئىقتىساد كاسات مەزگىلىدە قۇرۇپ چىققان ئىكەن.

1983 ـ يىلى بىرى روۋ ئىسىملىك چېخ تەۋەلىكىدىكى قانۇنشۇناسلىق دوكتورى ئوقۇش پۈتكۈزۈش دىېسسېرتاتسىيەسى يازغان ۋاقىتتا مۇنداق بىر ئىشنى بايقىغان ئىكەن. 50 يىلدىن بۇيان بۇ مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئەھۋالى ئەڭ تۆۋەن بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىرى روۋ ئۇزاققا سوزۇلغان تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى باشلىۋېتىپتۇ. ئۇ 80 ياشلىق بوۋايلاردىن تارتىپ يەتتە ياشلىق باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قەدەر تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ، ئومۇمەن مەزكۇر مەكتەپتە ئوقۇغان ياكى ئىشلەۋاتقان بولسىلا ئۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە بىر تال تەكشۈرۈش جەدۋىلى ئەۋەتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مۇنداق بىر سوئال يەنى: «سان. بېرنات ئىنىستىتۇتى سىزگە نېمىلەرنى ئۆگەتتى؟» دېگەندىن ئىبارەت ئىكەن.

قىسقىغىنە ئالتە يىل ۋاقىت ئىچىدە ئۇ جەمئىي 3756 پارچە جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇۋاپتۇ. بۇ جاۋابلارنىڭ ئىچىدە 74% نەپەر ئادەم ئۆز جاۋابىدا ئۆزلىرىنىڭ بىر تال قېرىنداش قەلەمنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىنى بايقىغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ.

بىرى روۋ ئالدى بىلەن نىيۇيوركتىكى ئەڭ چوڭ خىروم مال سودىگىرىنىڭ غوجايىنىنى زىيارەت قىلىدۇ.

غوجايىن مۇنداق دەپتۇ: «شۇنداق، باستېر بېرنات بىزگە بىر تال قېرىنداش قەلەمنىڭ قانچە خىل ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىنىڭ بارلىقىنى ئۆگەتكەن. بىز ئوقۇشقا كىرگەن ۋاقىتتىكى بىرىنچى قېتىملىق تاپشۇرۇق مۇشۇنداق ئىدى. دەسلەپتە مەن قېرىنداش قەلەمنىڭ پەقەت بىر خىللا ئىشلىتىلىش ئورنى بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ خەت يېزىش، دەپ ئويلىغان ئىدىم. كىم بىلسۇن قېرىنداش قەلەمدە خەت يازغىلى بولۇشتىن باشقا يەنە زۆرۈر بولغان ۋاقىتتا ئۇنى سىزغۇچ ئورنىدا ئىشلىتىپ سىزىق سىزغىلى بولىدىكەن؛ يەنە ئۇنى سوۋغات سۈپىتىدە باشقىلارغا سوۋغا قىلىپ دوستلۇقىمىزنى ئىپادىلەشكىمۇ بولىدىكەن؛ تاۋار ئورنىدا سېتىپ پايدىغا ئېرىشكىلى بولىدىكەن؛ قېرىنداش قەلەمنىڭ ئۇچىنى ئېزىپ تالقانلىغاندىن كېيىن ئۇنى سىلىقلاش مېيى قىلىشقا بولىدىكەن؛ نۇتۇق سۆزلەشكە چىققان ۋاقىتتا ۋاقىتلىق گىرىم بويۇمى سۈپىتىدىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدىكەن؛ ئۇنى ئۇچلىغاندا چىققان قىرىندىلار بىلەن رەسىملەرنى بېزىگىلى بولىدىكەن؛ بىر تال قېرىنداش قەلەمنى نىسبەت

بويىچە بىر قانچە بۆلەككە بۆلۈپ كەسكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن شاھمات ياساشقا بولىدىكەن، ئويۇنچۇقلارنىڭ چاقى قىلىشقىمۇ بولىدىكەن؛ داللاردا خەتەرلىك ئەھۋاللارغا يولۇققاندا قەلەمنىڭ سىياسىنى چىقىرىۋېتىپ ئۇنى كىچىك نەيچە ئورنىدا ئىشلىتىپ تاش ئارىسىدىكى سۇلارنى سۈمۈرۈپ ئىچىشكە بولىدىكەن؛ يامان ئادەملەرگە يولۇقۇپ قالغان ۋاقىتتا ياخشى ئۇچلانغان قەلەمنى يەنە ئۆزىنى قوغداش قورالى قىلىشقا بولىدىكەن....... ئومۇملاشتۇرغاندا بىر تال قېرىنداش قەلەمنىڭ چەكسىز بولغان ئىشلىتىش ئورنى بولىدۇ. باستېر بېرنات بىزدەك مۇشۇنداق نامرات باللارغا شۇنى چۈشەندۈرۈپ قويالتىكى، ئادەمنىڭ كۆزى، بۇرنى، قۇلىقى، چوڭ مېڭىسى ۋە قول - پۇتى بولسىلا ئۇنى چەكسىز ئىشلارغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ، ھەمدە ھەرقانداق بىر خىل ئىشلىتىش ئۇسۇلى بىزنىڭ ھايات ياشىشىمىزغا تولۇق يېتىدۇ. مەن ئەسلى بىر تىرامىۋاي شىركىتىدە شوپۇرلۇق قىلاتتىم،كېيىن ئىشتىن قالدىم. ھازىر قارالڭ، مەن بىر چوڭ سودىگەر بولۇپ قالدىم.

پىرى رۇۋ كېيىن يەنە سان. بېرنات ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزگەن خېلى كۆپ ئوقۇغۇچىلارنى زىيارەت قىلىپ شۇنى بايقاپتۇ، ئۇلار قايسى خىل قاتلامدىكى كىشىلەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسىنىڭ بىر كىشىلىك كەسپى بار ئىكەن، ھەمدە ناھايىتى خۇشال - خۇرام ياشايدىكەن. يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر تال قەلەمنىڭ ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ 20 نەچچە خىل ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىنى ئېيتىپ بېرەلەيدىكەن.

چاچما تەپەككۇر بولسا بوشلۇقتا كېڭەيتىلىدىغان تەپەككۇر بولۇپ، مەسىلىگە قارىتا كۆپ تەرەپتىن، كۆپ نۇقتىدىن، كۆپ قاتلامدىن، كۆپ مۇناسىۋەتلەردىن تەپەككۇر قىلىشتۇر. يەنى، نۇقتا، سىزىق، يۈز قاتارلىق جەھەتلەردىكى چەكلىمىنى بۇزۇپ تاشلاپ، مەسىلىگە قارىتا ئىستېرېئولۇق نۇقتىدىن ئىزدىنىشتۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ئۇ ھەم ئىستېرېئولۇق تەپەككۇردۇر. بىر نەپەر پىسخولوگ سىناققا قاتناشقۇچىلاردىن ئالتە تال ياغاچ كالتەكتىن تۆت دانە ئۇچبۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ بېقىشنى تەلەپ قىلىپتۇ، ئەمما خېلى كۆپ سىناققا قاتناشقۇچىلار بۇنى قىلالماپتۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەكشى يۈزلۈكتىكى چەكلىمىدىلا تۇرۇپ قېلىپ ئىستېرېئولۇق نۇقتىدىن تەھلىل قىلمىغان ئىكەن. ئەگەر چاچما تەپەككۇرنى ئىشلىتىدىغان بولساق، ئىستېرېئولۇق

نۇقتىدىن مۇنتىزىم ئۇچبۇلۇڭلۇق ئومۇرتقا تېپنى، توّت دانە ئۇچبۇلۇڭ ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

چاچما تەپەككۇر يەنە ۋاقتى ئۆزارتىلغان تەپەككۇردۇر. ئۇ مەسىلىگە قارىتا ۋاقىت جەھەتتىن ئۇزارتىشنى تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ، يەنى، ھازىر، ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسى قاتارلىق ئۈچ خىل ۋاقىت ھالىتىدىن ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ كۆز ئالدىدىكى چەكلىمىنى بۇزۇپ تاشلاش كېرەك. مەسىلە توغرىسىدا تارىخ ياكى كەلگۈسى نۇقتىدىن ئىزدىنىش كېرەك. بىر مەسىلىنىڭ ھازىر جاۋابى بولمىغاندا ئۇنىڭ بۇرۇن ياكى كەلگۈسىدە جاۋابى بولغان ياكى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ بېقىش كېرەك. بىر شەيئىنى تونۇغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتىنىلا تونۇپ قالماستىن بەلكى يەنە ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنىمۇ بىلىش، ئۇنىڭ كەلگۈسىنى ئالدىن پەرەز قىلىش كېرەك.

چاچما تەپەككۇر ماھىيەتتە ئادەتتىكى قائىدە ۋە مۇقىم شەكىلنى بۇزۇپ تاشلاش بولۇپ، كونا قاتمال رامكىلارنى ۋە كونا چەكلىمىلەرنى بۇزۇپ چىقىش، يېڭىچە پىكىر يولى، يېڭىچە ئىدىيە، يېڭىچە ئۇقۇم، يېڭىچە ئۇسۇل ـ چارىلەر بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك. شۇڭلاشقا، ئۇ بىر خىل ئىجادىيەت خاراكتېرلىك تەپەككۇر شەكلىدۇر. چاچما تەپەككۇر بىلەن ئادەتتىكى قائىدە ۋە مۇقىم شەكىللەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرساق ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئالاھىدىلىكى بولىدۇ.

(1) راۋانلىقى. چاچما تەپەككۇر پىكىر يولىنى كېڭەيتەلەيدۇ، بىر قېلىپقا چۈشۈپ قالمايدۇ، ئۇنىڭدا مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدە كۆپ خىل جاۋاب ياكى قىياسلارنى چىقىرىشقا بولىدىغان بولۇپ، ھەرگىزمۇ بىرلا پىكىر يولىدا قېتىپ تۇرۇپ قالمايدۇ. بۇ ھەم سان جەھەتتىكى ئەۋزەللىكنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، ھەم پىكىر يولىنىڭ راۋان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

(2) ئۆزگىرىشچانلىقى. يەنى، چاچما تەپەككۇر بىر خىللىقتىلا قېتىپ تۇرۇپ قالمايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇلاھىزە قىلىنىدىغان تۈرلەر كۆپ خىل بولىدۇ. يەنى ئوخشاش بولمىغان تۈردىكى جاۋاب ياكى تەسەۋۋۇرلارنى ئويلىنىش كېرەك. ئۆزگىرىشچانلىق راۋانلىققا ئوخشىمايدۇ، كېيىنكىسى بىر تۈر ئىچىدىكى سان مىقدارىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، سان مىقدارى كۆپ بولسا راۋان بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، سان مىقدارى ئاز بولسا

راۋان بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

(3) مۇستەقىللىقى. يەنى، چاچما تەپەككۇردا ھەيران قالارلىق تەپەككۇر ھاسىل قىلغىلى بولىدىغان بولۇپ، ئادەمنى قايىل قىلغۇدەك جاۋاب ياكى تەسەۋۋۇر مەيدانغا كېلىدۇ. مەسىلەن: بىر پارچە مۇزنى ئىسسىقلىق چىقىرىدىغان جىسىم دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى ئەگەر بىر پارچە مۇزنى پېتىنقى شەكىلدە ئۇيۇپ قۇياش نۇرىنى بىر يەرگە يىغقاندا قىزىقلىق ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

تۆۋەندە ئىككى خىل داڭلىق بولغان چاچما تەپەككۇر ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

(1) ئىبلىس توپى ئۇسۇلى: دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى بەزى كىشىلەر بۇ خىل ئالاھىدە ھالدىكى چاچما تەپەككۇر ئۇسۇلى ئۇستىدە ئىزدىنىشكە باشلىغان. بۇ خىل تەپەككۇرنىڭ شەكلى بىر چوڭايتىلغان توپقا ئوخشايدىغان، «دەرىجىدىن تاشقىرى تارقىلىش» دەپ ئاتىلىدىغان تەپەككۇر ئۇسۇلىدۇر. ئۇ ئەمەلىيەتتە شەيئىلەرنىڭ كەڭ باغلىنىشچانلىقىنى شەكىللەشتۈرۈلگەن ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلەپ چىقىدۇ. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى ھەرقانداق بىرنەرسە مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدىغان بولۇپ، بىز پەقەت ئۇنى كۆندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ھەمىشە ئۇنىڭ بىلەن زىچ باغلىنىشچانلىق مۇناسىۋىتى بولغان سىستېما ئىچىدىن ئايرىپ چىقىپ مۇستەقىل دەپ قاراپ قالىمىز خالاس. ئەمەلىيەتتە، بىر خىل ئوبرازلاشتۇرۇلغان ۋاستە ئارقىلىقلا ئەسلىدە قارىماققا ئۆزئارا مۇناسىۋەتسىزدەك كۆرۈنگەن ئۇچۇرلارنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى بايقاپ چىقالايمىز. مەيلى ئۇ بىر خىل ئىدىيە، بىر خىل ھېسسىيات، بىر خىل تەسەۋۋۇر ياكى بىر خىل ئاۋاز ياكى بىر خىل رەڭدارلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ پەقەت مۇشۇ خىلدىكى ئىبلىس توپى سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلسىلا، خۇددى تورغا ئوخشاش باغلىنىشچانلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە بولىدۇ ـ دە، مەلۇم خىل مۇناسىۋەتتىكى ئۆزئارا بولغان ھەرىكەتلەندۈرۈش يۈز بېرىدۇ. بۇ خىلدىكى ئۆزئارا ھەرىكەتلەندۈرۈش شەكىللەندۈرگەن تەۋرىنىش يۈز بېرىپ قالسىلا تېخىمۇ چوڭ بولغان كۆرسەتكۈچ سان شەكلىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ قايتىدىن بىرىكىشى ھاسىل بولىدۇ ـ دە، شۇنىڭ ئىچىدىن مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان قىممەتلىك ئۇچۇرلارغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. يۇقىرىقىسى پەقەت مەلۇم بىر خىل تۇرمۇش ھادىسىسىگە قارىتا باغلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش



بولۇپ، بىز ئۇنىڭ ئىد-چىدىن بەزىبىر شەكىل جەھەتتىكى ئىلھامغا ئېرىشەلىشىمىز مۇم-كىن.

(2) تاگو ئاكىراچە ئۇسۇل. چاچما تەپەككۇر شەكىل جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭ كۆپ خىل ئۇسۇلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەڭ مۇھىم بولغىنى يەنىلا چاچما بولغان بىر خىل تەسەۋۋۇر قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشتۇر. يەنى، ھەرقانداق مەسىلىگە يولۇققان ۋاقتىمىزدا ئالدى بىلەن يەنە باشقا مۇمكىنچىلىك بارمۇ - يوق، دەپ ئويلاپ بېقىشىمىز كېرەك. بۇ جەھەتتە ياپونىيەلىك ئالىم تاگو ئاكىرانىڭ چاچما تەسەۋۋۇرى ناھايىتىمۇ مول بولغان ئىلھاملاندۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە، ئۇ ئەڭ ئاددىي بولغان بىر مەسىلىنى ۋە قارىماققا پەقەت بىرلا جاۋابى بولغان مەسىلىنى پەرەز قىلغان بولۇپ، سىز بۇ ئىككى نۇقتىنى بىرلەشتۈرۈپ بېقىڭ.

ئەڭ بىۋاستە ئۇسۇل شۇكى، AB ئىككى نۇقتىنى بىر تۈز سىزىق ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇپ قويۇشتۇر. ئەمما تەپەككۇرنىڭ ئۇزۇكسىز تارقىلىشى نەتىجىسىدە يەنە بەزىبىر يېڭىچە بولغان تۇتاشتۇرۇش ئۇسۇللىرى مەيدانغا چىقىدۇ. يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭەيتكەندە سىز يەنىمۇ چوڭ بولغان بوشلۇقلارنىڭ سىزنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بايقايسىز.

يەنە ئارقىدىنلا سىزنىڭ تەپەككۇرىڭىز ئالاھىدە بېكىتىلگەن مەسىلە ساھەسىدىن ھالقىپ چىقىدۇ، ھەتتا ئەركىن ھالدا ئويۇن ئويناش پوزىتسىيەسى بىلەن مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلغاندا تارقىلىنغان يەنە بىر قاتلام بوشلۇقمۇ ئېچىلغان بولىدۇ.

# 24. يىغىلىش شەكلىدىكى تەپەككۇر

يىغىلىش شەكلىدىكى تەپەككۇر بولسا چاچما تەپەككۇر بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇمۇ بىر خىل ئىجادچانلىقا ئىگە بولغان تەپەككۇر شەكلىدۇر، ئۇ مۇتەئەسسىپ بولماستىن بەلكى ھەرقايسى تەرەپلەر ۋە ساھەلەرگە ئېچىۋېتىلگەن بولىدۇ.

يىغىلىش شەكلىدىكى تەپەككۇر يەنە مەركەزلەشكەن تەپەككۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدا ئىلگىرى بىلىنگەن مەسىلە تېمىسى چىقىش نۇقتىسى قىلىنىپ (باشلىنىش نۇقتىسى)، ئەنئەنىۋى لوگىكا قائىدىسىگە ئەمەل قىلىنغان ھالدا بىر يۆنىلىشلىك ياكى تاق يۆنىلىشلىك نىشاننى بويلاپ خۇلاسە چىقىرىش ئارقىلىق قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشىلىدۇ، بۇ خىل قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بولسا «بىردىنبىر بولغان ياكى ئادەت بويىچە قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان ئەڭ ياخشى نەتىجە بولىدۇ.»

چاچما تەپەككۇرغا سېلىشتۇرغاندا يىغىلىش شەكلىدىكى تەپەككۇرنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى بار بولىدۇ:

(1) ئېھتىياتچانلىقى ۋە ئىسپاتلاشچانلىقى. يىغىلىش شەكلىدىكى تەپەككۇردا ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىنى ئەنئەنىۋى ھالدىكى لوگىكىلىق قائىدىگە سېلىپ، ئاندىن كېيىن ئەنئەنىۋى ھالدىكى لوگىكىلىق قائىدە بويىچە ئىنتايىن ئەتراپلىق بولغان ئىسپاتلاش ئېلىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدىغان بولۇپ، چوقۇم ھەربىر قائىدىگە ئەستايىدىل ئەمەل قىلىش، بىر ھالقا، بىر ھالقىدىن باشلاپ قانات يايدۇرۇش كېرەك. بولۇپمۇ سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، ئۇنىڭدا باغلاشتۇرۇش ۋە



تەسەۋۋۇر قىلىشنى خۇلاسىلەش ۋە ئىسپاتلاشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ، قائىدىدىن ھالقىپ چىقىپ كېتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ.

(2) يەككىلىكى ۋە بىرلا خىللىقى. يىغىلىش شەكلىدىكى تەپەككۇردا، مۇئەييەن ۋاقىت، ئورۇن ۋە شەرت ئاستىدا، بىرەر مەسىلە توغرىسىدىكى كۆپ خىل ئۇسۇل، جاۋاب ۋە چارە ـ تەدبىرلەر ئىچىدە پەقەت بىرسىلا ئەڭ ياخشى بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ يۆنىلىشى ۋە يولى پەقەت بىرلا بولىدۇ.

(3) ھەقىقىيلىقى ۋە ئەمەلىيەتچانلىقى. يىغىلىش شەكلىدىكى تەپەككۇردا تەلەپ قىلىنىدىغان ئەڭ رازى قىلارلىق جاۋاب، ئۇسۇل ـ چارە، لايىھەلەر چوقۇم ئوبيېكتىپ ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك. بۇ ھەقىقەتكە ئۇيغۇنلىشىش ئۇچۇن ئۇ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشنى، كۆپلىگەن ئەمەلىي ماتېرىياللارنى يىغىپ توپلاشنى، ئاندىن كېيىن ئۇلارنى ئانالىز قىلىش، ئومۇمىيلاشتۇرۇش، ئابستراكتلاشتۇرۇش، ئومۇملاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتچانلىقىنى ئېچىپ بېرىشنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېرىشىلگەن خۇلاسىگە قارىتا ئەمەلىي تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر تەكشۈرۈپ ئىسپاتلانغان پاكىت ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمىسە ئۇ ھالدا دەرھال مەسىلىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا قايتىپ كېتىپ يېڭىباشتىن تەپەككۇر قىلىش كېرەك. ئۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ، تەسەۋۋۇر قىلىش، باغلاشتۇرۇش قاتارلىق ھەر خىل غەيرىي لوگىكىلىق ئۇسۇللارنى رەت قىلىدۇ. ھەقىقىيلىقى ۋە ئەمەلىيەتچانلىقى يىغىلىش شەكلىدىكى تەپەككۇرنىڭ ئاساسلىق مەقسىتىدۇر.

يىغىلىش شەكلىدىكى تەپەككۇر چاچما تەپەككۇرغا ئوخشاشلا ئۇمۇ بىر خىل ئىجادىيەت خاراكتېرىدىكى تەپەككۇر شەكلىدۇر. ئەمما، بەزى كىشىلەر كۆپىنچە ھاللاردا يىغىلىش شەكلىدىكى تەپەككۇرغا قارىتا خاتا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىجادىيەتچانلىق خاراكتېرىنى ئىنكار قىلىدۇ، ھەتتا ئۇنى مۇتەئەسسىپ بولغان تەپەككۇر شەكلى دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، يىغىلىش شەكلىدىكى تەپەككۇر ھەرگىزمۇ مۇتەئەسسىپ بولماستىن ئەكسىچە ئۇ ھەرقايسى تەرەپلەر ۋە ساھەلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېچىۋېتىلگەن بولىدۇ، چۈنكى پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا

ئاندىن ئۇنىڭدا يىغىلغان بارلىق نەزەرىيە، ئۇچۇر، بىلىم، لايىھە قاتارلىقلار تېخىمۇ ئەتراپلىق بولۇپ، سېلىشتۇرۇشقا تېخىمۇ ئەپلىك بولىدۇ ـ دە، ئاندىن ئەڭ ياخشى بولغان جاۋابنى تېپىش ئارقىلىق ئوبيېكتىپ ھەقىقەتكە ئۇيغۇنلاشقىلى بولىدۇ. ئويلاپ باقايلى، ئەجەبا ھەقىقەتنى بايقىغىلى بولىدىغان يىغىلىش شەكلىدىكى بۇ تەپەككۇر ئىجادچانلىققا ئىگە ئەمەسمىدۇ؟

تەپەككۇر شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يىغىلىش شەكلىدىكى تەپەككۇر بىلەن چاچما تەپەككۇر ئۆزئارا روشەن ھالدا پەرق قىلىدۇ. تەپەككۇر قىلىش فۇنكسىيەسىدىن قارىغاندا، يىغىلىش شەكلىدىكى تەپەككۇردا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئالدىنقى شەرت شۇكى، ئۇنىڭدا پاكىت ۋە ھەقىقەتكە ئەھمىيەت بېرىلىشى، لوگىكا ناھايىتى ئەتراپلىق بولۇشى، نەزەرىيەنىڭ لوگىكىلىق ئىسپاتلىنىشىغا ۋە ئەمەلىيەت ئارقىلىق تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلىشى زۆرۈر بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەمما چاچما تەپەككۇردا بولسا ئادەتتىكى قائىدە بۇزۇپ تاشلىنىپ يېڭىچە پىكىر ھاسىل قىلىنىدىغان بولۇپ، ئۇ بىر قېلىپقا كىرىپ قالمايدۇ، كۆپ تەرەپتىن باغلاشتۇرۇپ تۇرۇپ تەسەۋۋۇر ۋە قىياس قىلىنىپ ئۆزۈكسىز ھالدا يېڭىلىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. تەپەككۇر يۆنىلىشىدىن قارىغاندا ئىككىسى ئۆزئارا قارىمۇقارشى بولۇپ، چاچما تەپەككۇردا مەركەز نۇقتىسىدىن ھەرقايسى تەرەپلەرگە تارقىلىش يۆنىلىشىدە كېڭىيىدۇ، ئەمما يىغىلىش شەكلىدىكى تەپەككۇردا بولسا ئەكسىچە ھەرقايسى تەرەپلەردىن مەركەز نۇقتىسىغا قاراپ يىغىلىدۇ. ئەمما ئىجادچانلىق تەپەككۇر جەريانىغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، چاچما تەپەككۇر بىلەن يىغىلىش شەكلىدىكى تەپەككۇرنىڭ ھەر ئىككىسى كەم بولسا بولمايدۇ، ئۇلار ئۆز ئارا باغلىنىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە تايىنىدۇ، ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ. چاچما تەپەككۇر ئارقىلىق كۆپ خىل ئۇسۇللار بىلەن ئېرىشىلگەن جاۋابلار پەقەت يىغىلىش شەكلىدىكى تەپەككۇر ئارقىلىق ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇلۇش، سېلىشتۇرۇلۇش، مەركەزلەشتۇرۇلۇش، ئوخشاشلىقنى ئىزدەش ۋە تاللاش ئارقىلىقلا ئاندىن بېكىتىلىدۇ؛ ئەگەر يىغىلىش شەكلىدىكى تەپەككۇردىن ئايرىلغاندا، چاچما تەپەككۇردا ئېرىشىلگەن جاۋابلارنىڭ ئەھمىيىتى ۋە

قىممىتىمۇ بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆز نۆۋىتىدە يىغىلىش شەكلىدىكى تەپەككۇرمۇ چاچما تەپەككۇردا ئىرىشىلگەن نەتىجىلەرنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى زۆرۈر بولۇپ، پەقەت چاچما تەپەككۇردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆپ خىل جاۋاب، لايىھە، ئۇسۇل ـ چارە بولغاندىلا، ئاندىن يىغىلىش شەكلىدىكى تەپەككۇردا ئۇنىڭغا قارىتا ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش، مەركەزلەشتۈرۈش، ئوخشاشلىقنى ئىزدەش، تاللاش قاتارلىقلارنى ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ؛ چاچما تەپەككۇردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان جاۋاب، لايىھە، ئۇسۇل ـ چارە قاتارلىقلار قانچە كۆپ بولغانسېرى يىغىلىش شەكلىدىكى تەپەككۇردىكى تونۇش شۇنچە ئەتراپلىق بولۇپ، تاللاش پۇرسىتىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ ـ دە، ئەڭ رازى قىلارلىق جاۋابنى شۇنچە ئوڭاي تاپقىلى ھەم ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە شۇنچە يېقىنلاشقىلى بولىدۇ. ئىجادچانلىق ئەمەلىيىتى جەريانىدا، چاچما تەپەككۇر بىلەن يىغىلىش شەكلىدىكى تەپەككۇر تەكرار ھالدا ئارىلاشتۇرۇلىدىغان، ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان بولۇپ، بىرى كەم بولسىمۇ بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، بەزىلەر چاچما تەپەككۇر بىلەن يىغىلىش شەكلىدىكى تەپەككۇرنى ئىجادچانلىق تەپەككۇرنىڭ ئىككى قانىتى دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئامېرىكىلىق ئالىم كىيۇسىنىڭ قارىشىچە، پەقەت چاچما تەپەككۇر بىلەن يىغىلىش شەكلىدىكى تەپەككۇردىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل شەكىل ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى يېتەكلەپ مېڭىش ئارقىلىق شەكىللەندۇرگەن «كۆچلۈك كۈچ» بولغاندىلا ئاندىن ئىلىم ـ پەننى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدىكەن.

# 25. «ئېلىش» شەكلىدىكى تەپەككۇر

«ئېلىش» شەكلىدىكى تەپەككۇردا 1-1<1 بولىدۇ، چۈنكى كېمەيگەنلىكى ئۈچۈنلا تېخىمۇ مول بولىدۇ. مانا بۇ دەل «ئېلىش» شەكلىدىكى تەپەككۇرنىڭ مۇھىم مەنىسىدۇر.

شەندۇڭ ئۆلكىسىدە بىر كىچىك سودىگەر بولۇپ، ئۇ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ بىر يەرگە كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىزلا مۇنداق خىيالغا كەپتۇ. كېچىدە يول يۈرگەندە ئەگەر ھەر ئىككى ماشىنا چوڭ چىرىغىنى يورۇتۇپ قويسا، ھەر ئىككىلا شوپۇرنىڭ كۆزى چىراغ نۇرىدا قامىشىپ بىر نەرسىلەرنى كۆرەلمىسە بۇ بەك خەتەرلىك ئىش بولمامدۇ؟ بۇ خىل ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ نۇرىنى ئاجىزراق قىلىپ«كىچىككىنە كۆز قىسىش شەكلىدە» لايىھەلەشكە بولامدۇ ـ بولمامدۇ؟ دېگەن بىر مەسىلىنى ئويلاپ قاپتۇ. ئەمما بۇنداق قىلىش خەلقئارالىق ئاپتوموبىل سانائىتى تارىخىدىمۇ مۇمكىن بولمىغان ئىش بولۇپ، ھەتتا ناھايىتى ئەقىللىق بولغان ياپونىيەلىكلەرمۇ شۇنچە كاللا قاتۇرۇپ، ئۇنى ئاران قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرىدىغان «ماشىنا قاپقىقى» شەكلىدە لايىھەلەپ چىقالىغان ئىكەن. يەنى، قارشى تەرەپتىن ماشىنا كەلگەن ۋاقىتتا شوپۇر ماشىنىدىكى قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرىدىغان كۇنۇپكىنى تارتىپ چىراغنى« كۆز چىمىلدىتىش» ئارقىلىقلا چىراغ نۇرىنى ئاجىزلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرالايدىكەن. يېڭىلىق يارىتىشقا ماھىر بولغان بۇ ياش سودىگەر شۇنىڭ بىلەن قول چىراغنىڭ نۇر ئاجىزلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسىغا ئوخشايدىغان بىر قۇرۇلمىنى لايىھەلەپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر ئۇچىغا نۇرغا سەزگۈر زاپچاس ئورنىتىلىپتۇ، يەنە بىر تەرىپىگە بولسا بىر يۇرۇش مۇرەككەپ بولغان بېسىم ئۆزگەرتكۈچى سىم يولى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. بۇ قۇرۇلمىنىڭ ئىقتىدارى بولسا ھېلىقى نۇرغا سەزگۈر زاپچاس قارشى تەرەپتىكى ماشىنىنىڭ چوڭ

چىرىغىنىڭ ياندۇرۇقلۇق ئىكەنلىكىنى سەزگەن ۋاقىتتا ئۆزى ئورنىتىلىق ماشىنا چىرىغىنىڭ توك بېسىمىنى ئاپتوماتىك تۆۋەنلىتىپ چىراغ نۇرىنى ئاپتوماتىك سۇسلاشتۇرۇش ئارقىلىق كۆزنى چاقناتمايدىغان نۇر چىقىرىپ قارشى تەرەپنى بىخەتەر ھالدا ياندىپ ئۆتكۈزىدىكەن. ئەگەر قارشى تەرەپتىكى ماشىنىغىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قۇرۇلما ئورنىتىلغان بولسا، ئىككى ماشىنا ئۇچراشقان ۋاقىتتا بۇ قۇرۇلما ئاپتوماتىك ھالدا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نۇر چىقىرىدىكەن. بۇ كىچىككىنە قۇرۇلمىنىڭ تەننەرخى ئاران 30 نەچچە يۈەن بولغان بىلەن ئەمما ئۇنىڭ ئىقتىدارى ناھايىتى ئىلغار ئىكەن. 1986 ـ يىلى شېنجېن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئېكسپورت سانائىتى ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا ئۇنىڭ بۇ مەھسۇلاتى ھەممىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپتۇ ۋە ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن بىراقلا 20 نەچچە مىليون يۈەنلىك زاكاز تالونىنى قوبۇل قىلىپتۇ، ئۇنىڭ پايدىسىمۇ بىرنەچچە مىليون يۈەندىن ئېشىپ كېتىپتۇ. بۇ شۇ ۋاقىتتا خېلى زور سوممىدىكى سودا ئىدى. بۇ ياش سودىگەر چىراغ نۇرىنى ئاجىزلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسىنى لايىھەلىگەن ۋاقىتتا دەل ھېلىقى «ئېلىش ئەمىلى» شەكلىدىكى ئىجاد قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان ئىدى.

«ئېلىش» شەكلىدىكى تەپەككۇردا 1-1>1 بولىدۇ،چۈنكى كېمەيگەنلىكى ئۈچۈنلا تېخىمۇ مول بولىدۇ. مانا بۇ دەل «ئېلىش » شەكلىدىكى تەپەككۇرنىڭ مۇھىم مەنىسىدۇر.

«تەتۈر يۆنىلىشلىك تەپەككۇر» دىكى ماي قەلەم توغرىسىدىكى مىسال ئەمەلىيەتتە بىر خىل «ئېلىش » شەكلىدىكى تەپەككۇرنىڭ تېخىمۇ جانلىق بولغان مىسالى ئىدى.



بۇرۇن بىر ئادەم بولۇپ، بىر شوتىنى كۆتۈرگىنىچە شەھەرگە كىرىپتۇ. شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە ئۇنى غەم بېسىپتۇ. چۈنكى شوتىنى تىك قىلسا ئۇنىڭ ئېگىزلىكى سېپىل دەرۋازىسىدىن ئېشىپ

كېتىپتۇ؛ توغرىسىغا ئەكىرەي دېسە شوتىنىڭ ئۇزۇنلۇقىمۇ يەنىلا سېپىل دەرۋازىسىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ بۇ شوتىنى ياكى تىك تۇتۇپ ئەكىرىشنى ياكى توغرىسىغا تۇتۇپ ئەكىرىشنى بىلەلمەي بېشى قېتىپتۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ غەم قىلىپ ئولتۇرغان ۋاقىتتا بىر پاراسەتلىك كىشى ئۇنىڭغا ئەقىل كۆرسىتىپ شوتىنى ئازراق كېسىپ قىسقارتىش تەكلىپىنى بېرىپتۇ. ھېلىقى كىشى ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلغان ئىكەن، دەرۋەقە شەھەرگە كىرەلەپتۇ.

ئەلۋەتتە، بۇ بىر كىنايە مەنىسىگە ئىگە بولغان ھېكايىدۇر(ئەمەلىيەتتە ھېلىقى شوتىنى ئۇزۇنىسىغا تۇتۇپ ئەكىرسىمۇ ئەكىرگىلى بولىدۇ). ئەمما ئەستايىدىل ئويلاپ كۆرسەك بۇ ھېكايە بىر خىل تەپەككۇر شەكلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھېكايىدۇر. ئۇ بولسىمۇ «ئېلىش » شەكلىدىكى تەپەككۇردۇر.

بىر قىزىقارلىق ماتېماتىكىلىق مەسىلە بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ قانداق ئەھۋالدا4 ـ 4= 8دېگەندىن ئىبارەت ئىكەن(بۇنىڭ جاۋابى بۇ بابنىڭ ئاخىرىدا)

خارۋاد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشقۇرۇش دەرسلىكىدە مۇنداق بىر ئۇلۇغ كۆزقاراش بار بولۇپ، ئەگەر مەلۇم بىر مەھسۇلاتقا بىر زاپچاس قوشۇلىدىغان بولسا ئۇنىڭ تەننەرخىنى قانداق ئازايتىش كېرەك؟ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى جاۋابى بولسا بۇ زاپچاسنى قوشۇش كېرەكمۇ ـ يوق؟ دېگەننى ئويلىشىپ بېقىش كېرەك؛ ئاندىن قالسا ئەسلىدە بار بولغان باشقا زاپچاسلارغا بۇ خىل ئىقتىدارنى قوشۇپ لايىھەلەشكە بولامدۇ ـ يوق؟ دېگەننى ئويلىشىپ بېقىش كېرەك؛ پەقەت بولمىغاندا ئاندىن بۇ زاپچاسنى قوشقاندا مەزكۇر زاپچاسنىڭ ياسىلىش تەننەرخىنى قانداق قىلغاندا ئازايتقىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلىنى ئويلىشىش كېرەك.

مۇشۇنىڭغا ئاساسلانغاندا بىز شۇنى چۈشىنەلەيمىز، «ئېلىش » شەكلىدىكى تەپەككۇرنىڭ جەۋھىرى شۇ يەردىكى، شاللاش جەريانىدا تېخىمۇ چوڭ مەنپەئەتكە ئېرىشىشتىن ئىبارەت.

ياپونىيە پاناسونىك ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى شىركىتىنىڭ دەزمال ئىشلەپچىقىرىش سېخىنىڭ دەزمال ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە خېلى داڭقى بار ئىكەن. ئەمما ،20 ـ ئەسىرنىڭ80 ـ يىللىرىغا كەلگەندە

ئېلېكتىر مەھسۇلاتلىرى بازىرى تويۇنۇش دەرىجىسىگە بېرىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن دەزمالنىڭ سېتىلىشىمۇ كاساتلىشىپ قېلىشتىن خالىي بولالماپتۇ.

دەزمال ئىشلەپچىقىرىش سېخىدىكىلەرنىڭ ئەمدى بېشى قېتىشقا باشلاپتۇ.

بىر كۈنى، «دەزمال مۇتەخەسسىسى» — كەسىپ بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ئىۋامى ئەپەندى، يېشىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ئون نەچچە ئائىلە ئاياللىرىنى شىركەتكە تەكلىپ قىلىپ «پاناسونىك» ماركىلىق دەزمالنىڭ نۇقسانلىرىنى ئېيتىپ بېرىشقا تەكلىپ قىلىپتۇ. يىغىندا بىر نەپەر ئايال «دەزمالنىڭ توك سىمى بولمىغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە! بۇنداق بولغاندا تېخىمۇ قولايلىق بولاتتى ئەمەسمۇ؟» دەپتۇ. ئىۋامى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال كەسپىي بۆلۈمىدىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تەتقىقات گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىپتۇ. ئۇلار دەسلەپتە دەزمالغا توك قاچىلاش ئارقىلىق توك سىمىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى ئويلىشىپتۇ، ئەمما تەتقىق قىلىپ ياسىلىپ چىقىلغان دەزمالنىڭ ئېغىرلىقى 5 كىلوگىرام ئەتراپىدا بولۇپ، ئاياللار ئۇنى ئىشلەتكەندە خۇددى شىتانگا كۆتۈرگەندەك قىينىلىپ قالىدىكەن. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش گۇرۇپپىسى ئاياللارنىڭ كىيىمگە دەزمال سېلىش جەريانىنى سىنئالغۇغا ئېلىپ ئۇلارنىڭ ھەرىكەت قىلىش قانۇنىيىتىنى تەھلىل قىلىپتۇ. ئۇلار ئاياللارنىڭ دەزمالنى توختىماي كىيىملەرگە دەزمال سالمايدىغانلىقىنى، ئەكسىچە ھەمىشە دەزمالنى بىر يانغا تىك قىلىپ قويۇپ تۇرۇپ كىيىملەرنى جايلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاندىن دەزمال سېلىشقا باشلايدىغانلىقىنى بايقاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش گۇرۇپپىسى توك قاچىلاش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ بىر خىل توك قاچىلاش ئوقۇرىنى لايىھەلەپ چىقىپتۇ. ھەر قېتىم كىيىملەرگە دەزمال سېلىپ بولغاندىن كېيىن دەزمالنى بۇ توك قاچىلاش ئوقۇرىغا سېلىپ قويغاندا سەككىز سېكۇنت ئىچىدىلا توك قاچىلىنىپ بولىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن دەزمالنىڭ ئېغىرلىقىمۇ يەڭگىللەپتۇ. بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ تۇرۇپ بۇ توك قاچىلاش ئوقۇرىغا يەنە توكنى ئاپتوماتىك ئۈزۈش سىستېمىسى ئورنىتىلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ يېڭى

تېپتىكى سىمسىز دەزمال ئاخىر خېرىدارلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بوپتۇ ۋە شۇ ۋاقىتتىكى سېتىلىشى ئەڭ ياخشى بولغان مەھسۇلاتقا ئايلىنىپتۇ. پاناسونىڭ شىركىتى مەھسۇلاتلىرىغا ئۇزۇكسىز تۇردە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئۇزۇكسىز قاندۇرۇپتۇ ۋە شۇ ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت يولىغا قەدەم تاشلاپتۇ.

(بۇ بابتىكى ھېلىقى مەسىلىنىڭ جاۋابى شۇكى، تۆت تەرەپلىك ئۈستەلنىڭ تۆت بۇلۇڭىنى كېسىۋەتكەندە سەككىز بۇلۇڭغا ئېرىشكىلى بولىدۇ)

## 26. «قوشۇش» شەكلىدىكى تەپەككۇر

قوشۇش شەكلىدىكى تەپەككۇرنىڭ ئاجايىپ ئۈنۈمى بولۇپ، ھېلىقى «ئەجدىھاغا كۆز سىزىپ جان كىرگۈزۈۋەتمەك» دېگەن ھېكايىدىكى ئەجدىھاغا كۆز قىلىپ سىزىلغان چېكىتكە ئوخشايدۇ، گەرچە كىچىككىنە بىر نۇقتا قوشۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەسلىدىكى قىممىتى بىردىنلا ھەسسىلەپ ئېشىپ كېتىدۇ، بۇ خىل 1+1دىكى نەتىجە ئەسلىدە كېلىپچىقىدىغان 2 دىن تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ.

چىش پاستىسى ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر داڭلىق شىركەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ناھايىتى داڭقى بار ئىكەن، خېرىدارلارنىڭمۇ شۇنداق ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن ئىكەن. بىر مەزگىلدىن كېيىن بۇ شىركەت ئۆز مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشىنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قالغانلىقىنى بايقاپتۇ. بازارلارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىقمۇ يەنىلا مەسىلىنى بايقاپ چىقالماپتۇ. چۈنكى كىشىلەر يەنىلا بۇ خىلدىكى مەھسۇلاتلارنى شۇنداق ياخشى كۆرۈپ تالىشىپ سېتىۋالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ شىركەتتىكى رەھبەرلەرنىڭ «ئېلىشقۇدەك رەقىبىنىمۇ تاپقىلى بولمىسا قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى؟» دەپ بېشى قېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شىركەت ئىچكى قىسمىدىكى بارلىق خىزمەتچىلەرنى تەدبىر كۆرسىتىشكە سەپەرۋەر قىلىپتۇ. كۆپچىلىكنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرى ئىچىدە، ئالاقە بۆلۈمىدىكى بىر نەپەر ياش قىزنىڭ بەرگەن تەكلىپى شىركەتتىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپتۇ. بۇ قىزنىڭ تەكلىپى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، پەقەت چىش پاستىسىنىڭ ئېغىزىنى ئازراق چوڭايتىپ قويۇشتىن ئىبارەت ئىكەن.

ئەرەبلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئىخلاسمەن ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرى ھەر كۈنى مۇقەددەس مەككە تەرەپكە قاراپ يۈكۈنىدۇ. ئەمما بەزى ۋاقىتلاردا مەككىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى دەماللىققا پەرق قىلالماي قايمۇقۇپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. بىر

گىلەم سودىگىرى بۇ مەسىلىنى بايقاپتۇ ۋە گىلەم ئۈستىگە كومپاستىن بىرنى ئورنىتىپ قويۇپ ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ تەرەپنى پەرق قىلالماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل كومپاس ئورنىتىلغان گىلەم بازار تېپىپ كېتىپتۇ.

بىر قېتىم داڭلىق كومېدىيە تىياتىرى ئارتىسى چاپلىن ئۆزىنىڭ «مۇستەبىت» ناملىق ئەسىرىنى تاماملاپتۇ. ئۇنىڭدا گېتلىرنى مەسخىرە قىلىدىغان مەزمۇنلار بار ئىكەن. بۇ تىياتىر قويۇلغاندىن كېيىن ناتسىست گېرمانىيەسىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپتۇ، ئۇلار ئەسەر نامى باشقىلارنىڭ ئەسەر نامىنى سۇيىئىستېمال قىلغان دېگەن باھانە بىلەن بۇ تىياتىرنىڭ داۋاملىق ھالدا قويۇلۇشىنى توسماقچى بوپتۇ. چاپلىنمۇ بوش كەلمەپتۇ، ئۇ ئەپچىللىك بىلەن ھېلىقى ئەسەر نامىنىڭ ئالدىغا «چوڭ» دېگەن بىر سۆزنى يېزىپ قويۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسەرنىڭ نامى كۆزنى تېخىمۇ قاماشتۇرىدىغان «چوڭ مۇستەبىت» دېگەن نامدا بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ تىياتىر تېخىمۇ زور غۇلغۇلا قوزغاپتۇ.

بىز يۇقىرىقى ئۈچ ھېكايىنى قايتا ئەسلەپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى باش قەھرىمانلارنىڭ تەپەككۇر شەكلىنىڭ قانداق ئورتاقلىقى بارلىقىنى تېپىپ باقايلى؟ سىز شۇنى ئاسانلا بايقايسىزكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئازراق بىر نەرسىنى قوشۇپ قويغاندەك قىلىدۇ، بىز مانا بۇنى قوشۇش شەكلىدىكى تەپەككۇر دەيمىز.



قاراپ باقايلى، 1+1نىڭ نەتىجىسى 2 دىن چوڭ بولامدۇ ـ يوق؟ مانا بۇ قوشۇش شەكلىدىكى تەپەككۇردۇر. قانداق قىلغاندا $1+1>2$ قىلغىلى بولۇش دەل قوشۇش شەكلىدىكى تەپەككۇرنىڭ جەۋھىرىدۇر.

يۇقىرىقى ئۈچ خىل مىساللارنىڭ ھەممىسى تىپىك بولغان قوشۇش شەكلىدىكى تەپەككۇر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىدە كې-

گىنىش ۋە ھەسسىلىنىش بار. قوشۇش شەكلىدىكى تەپەككۇرنىڭ ئاجايىپ ئۈنۈمى بولۇپ، ھېلىقى «ئەجدىھاغا كۆز سىزىپ جان كىرگۈزۈۋەتمەك» دېگەن ھېكايىدىكى ئەجدىھاغا كۆز قىلىپ سىزىلغان چېكىتكە ئوخشايدۇ، گەرچە كىچىككىنە بىر نۇقتا قوشۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەسلىدىكى قىممىتى بىردىنلا ھەسسىلەپ ئېشىپ كېتىدۇ، بۇ خىل 1+1 دىكى نەتىجە ئەسلىدە كېلىپچىقىدىغان2 دىن تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. بىز بەلكىم تۆۋەندىكى بۇ خىل شەكىل بىلەن ئۇنىڭ رولىنى تېخىمۇ جانلىق چۈشىنەلىشىمىز مۇمكىن. 1+100=1001، بۇ يەردىكى «1» دەل بىز قوشماقچى بولغان كىچىككىنە نەرسىدىن ئىبارەتتۇر.

بۇ خىل ئىجادىيەت خاراكتېرىدىكى تەپەككۇرنى ئىگىلەشتىكى ئاچقۇچ شۇكى، چوقۇم تەكشى يۈزلۈكتىكى مۇقىم تەپەككۇر شەكلىنى بۇزۇپ تاشلاش كېرەك. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ جاۋابىنى تېپىپ چىققىلى بولىدۇ. ئىستېرېئولۇق تەپەككۇر شەكلىنى قوللىنىپ يېڭىلىق يارىتىشتا، ئۇنىڭدىكى ئاچقۇچ، چوقۇم نۇقتا، سىزىق، يۈز قاتارلىق جەھەتلەردىكى قاتمۇقات رامكىلارنىڭ چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاشقا ماھىر بولۇپ، تىك ۋە يان تەرەپ قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردىن تەپەككۇر بوشلۇقىنى كېڭەيتىش، تەپەككۇرنىڭ كۆرۈش نۇقتىسىنى تېخىمۇ ئەركىن قىلىش كېرەك.

ياپونىيە پۇلاسى شىركىتى بولسا مەخسۇس ئىشخانا بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان شىركەت بولۇپ، تىجارىتى ئىزچىل ھالدا يۈرۈشمەي كېلىۋاتاتتى. 1984 ـ يىلى شىركەتتىكى تامامۇرا خىرومى ئىسىملىك خىزمەتچى خېرىدارلارنىڭ شىركەتكە كەلگەندە ھەمىشە بىر قېتىمدىلا ئۈچ ـ تۆت خىل مەھسۇلاتلارنى سېتىۋالىدىغانلىقىنى؛ ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سومكىسىدىمۇ ھەمىشە قالايمىقان ھالدا قەلەم، قېرىنداش، قەلەمتىراش، ئۆچۈرگۈچ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ سېلىقلىق تۇرىدىغانلىقىنى بايقايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، نېمە ئۈچۈن ھەر خىل مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى بىر يەرگە جۇغلاپ سېتىپ چىقارمايمىز؟ دېگەن ئويغا كېلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىيالىنى غوجايىنىغا ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۇلاسى شىركىتى بىر خىل قۇتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن لايىھەلەپ چىقىپتۇ ۋە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بەش ـ ئالتە خىل مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى ئۇنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويۇپتۇ. بۇ خىل «بىرىكىش

شەكلىدىكى» ئىشخانا بۇيۇملىرى قاپچۇقى ناھايىتى قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشىپتۇ. ئۇنى يالغۇز ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىلا تالىشىپ سېتىۋېلىپلا قالماستىن بەلكى ئىدارە - ئورگان، كارخانىلاردىكى ئىشخانا خادىملىرى ھەتتا ئىنژېنېرلاردىن تارتىپ ھەممەيلەن تالىشىپ سېتىۋاپتۇ. گەرچە بۇ بىرىكمە قاپچۇقنىڭ باھاسى ئۇنىڭ ئىچىگە قاچىلانغان نەرسىلەرنىڭ ئەسلىدىكى باھاسىدىن يۇقىرى بولغان بولسىمۇ ئەمما سېتىلىشى يەنىلا شۇنداق ياخشى بولۇپ، زور پايدىغا ئېرىشىپتۇ.

# 27 . سىستېمىلىق تەپەككۇر

سىستېمىلىق تەپەككۇر كىشىلەردىن قۇرۇلما ۋە فۇنكسىيە نۇقتىسىدىن رەڭگارەڭ دۇنيانى سىستېمىلىق نەزەر سېلىش ئارقىلىق يېڭىباشتىن كۆزىتىشنى، مېتافىزىكا تەرىپىدىن ئايرىۋېتىلگەن ھادىسىۋى دۇنيانى يېڭىباشتىن بىرىكتۈرۈشنى، يەككە ئېلېمېنت ۋە پارچىلارنى سىستېما ئىچىدە«يېڭىباشتىن يىغىنچاقلاش» ئارقىلىق «بىر پۈتۈنلۈك قىسمەنلىكتىن يۇقىرى تۇرۇش» تەك ئۈنۈمنى ھاسىل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

سىستېمىلىق تەپەككۇر يەنە پۈتۈن تەپەككۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ ئىنتايىن يۇقىرى بولغان تەپەككۇر شەكلىدۇر.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە لوندوندىكى ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا ئارقا سەپ تەمىنات قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ تېمىغا كۆزگە چېلىقىدىغان قىلىپ مۇنداق بىر قەدىمكى نەزمە يېزىپ قويۇلغان ئىكەن.

بىر تال مىخ سەۋەبىدىن، ئات تاقىسى كاردىن چىقتى؛
بىر تال ئات تاقىسى سەۋەبىدىن، بىر جەڭ ئېتى يوق بولدى؛
بىر جەڭ ئېتى سەۋەبىدىن، بىر چەۋەندازدىن ئايرىلدۇق؛
بىر چەۋەنداز بولمىغاچ، بىر قېتىملىق جەڭدە مەغلۇپ بولدۇق؛
بىر مەغلۇبىيەتلىك جەڭ بىلەن بىر مەيدان جەڭدە يېڭىلدۇق؛
بىر مەيدان جەڭدە يېڭىلگەچ بىر پۈتۈن دۆلەت يىمىرىلدى.

ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر تال ئات تاقىسىنىڭ مىخى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى.

بۇ بىر كۇپلېت نەزمە بىر پۈتۈنلۈكنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى ئاددىي ۋە ئوبرازلىق ھالدا تەسۋىرلەپ بەرگەن بولۇپ، ئېلېمېنت بىلەن سىستېما، قىسمەنلىك بىلەن بىر پۈتۈنلۈك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ كۆرسىتىپ بەرگەن.

بىر پۈتۈن پىكىر قىلىش ئىقتىدارىمىز بىزنىڭ ھەمىشە مەخسۇس تۈردىكى كەسپىي پىكىر قىلىش ئىقتىدارىمىزنىڭ كۈچىيىپ كېتىشى سەۋەبلىك ئاجىزلاپ كېتىدۇ. بىز تۆۋەندىكى بىر ماتېماتىكىلىق ئويۇننى ئويناپ باقايلى.

ئىككى رەقەم ئۈستەل ئۈستىدە1 دىن9 غىچە رەقەم بولغان نۇرغۇنلىغان قەغەز پارچىلىرىنى بايقايدۇ. ئىككىيلەن نۆۋەت بويىچە ھەر قېتىمدا ئۇلاردىن بىر تالدىن ئالىدۇ. بۇ ئويۇننىڭ ئويناش قائىدىسى مۇنداق بولۇپ، كىم رەقەمدىن بۇرۇن ئۈچ قەغەزدىكى ساننى قوشقاندا 15 كېلىپچىققىدىغان قەغەزنى ئالالىسا شۇ ئۇتقان ھېسابلىناتتى. ئەگەر بىرىنچى كىشى بىرىنچى قېتىمدا ئالغان قەغەز پارچىسى 2 بولسا، ئۇ ھالدا سىزدىن سوراپ باقايلى، ئىككىنچى كىشى ئەڭ ياخشىسى قايسى رەقەم يېزىلغان قەغەزنى تاللىشى كېرەك؟ بۇ ئويۇن قارىماققا ئانچە تونۇش ئەمەستەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە كۆپ سانلىق ئادەملەر يەنىلا بۇ ئويۇندا ئۇتۇپ چىقىشقا كېرەكلىك بولغان بارلىق ماھارەتلەرنى تولۇق بىلىدۇ. ئەمما ئويۇندا ئۇتۇپ چىقىش سىزنىڭ ئىگىلىگەن ماھارىتىڭىزگە باغلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى شۇ ماھارىتىڭىزنى جانلىق ئىشلىتەلىشىڭىزگە، سىزنىڭ بىر پۈتۈنلۈكنى ئىگىلىيەلىشىڭىزگە باغلىق بولىدۇ.

ئاتاقلىق فىزىيولوگىيە ئالىمى روبېرت.روت.بېرنستېئىن ئىلگىرى ئوقۇتۇش جەريانىدا ئىنزو مارىنىڭ جانلىقلارنى قۇراشتۇرۇش رەسىمىدىن پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارنى مەسىلىلەرگە ئومۇمىي ۋەزىيەتتىن چىقىش قىلىپ قاراش توغرىسىدا تەلىم بەرگەن ئىكەن.

بېرنستېئىن ئوقۇغۇچىلىرىغا مۇنداق دېگەن ئىكەن: « بۇ تەرەپتە بىر



قوي، ئۇ تەرەپتە بىر سۇ كالىسى بولسا، ئۇلارنىڭ قايسى تەرەپلىرى ئوخشاش ئەمەس؟ ئۇلار ھەم يەنە قايسى تەرەپتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ؟ مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز مائارىپ ئاپپاراتىدا پىكىر قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشقا تېگىشلىك بولغان بىر

مەسىلىدۇر. بىز بۇ رەسىمنى قۇراشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن بىز ئويلىمىغان ئىش يۈز بېرىدۇ يەنى، بارلىق جانلىقلارنى بىرلىكتە قۇراشتۇرۇپ چىقىشقا بولىدۇ، مانا بۇ دارۋىننىڭ جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىدۇر، ھەربىر جانلىقنىڭ ئۆزىنىڭ ماسلىشىدىغان سورۇنى بولىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېھتىياج ۋە يېقىن قوشنىدارچىلىق ئىقتىدارى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. مانا بۇ ئېكولوگىيەشۇناسلىق بولۇپ، بارلىق مەۋجۇداتلار بىر خىل مۇرەككەپ بولغان تەقدىم قىلىش ۋە ئېرىشىشتەك مۇناسىۋەتكە ئاساسەن ئۆزئارا ماسلىشىدۇ. سىز يەككە ھالدىلا ھەربىر جانلىققا قارىغان ۋاقتىڭىزدا بۇ نەرسىلەرنى كۆرەلىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا سىز بارلىق جانلىقلارنى بىرلىكتە كۆرگەن تەقدىردىمۇ بۇنىڭ ئىچىدىكى پەقەت بىرسىنىلا كۆرگەندەك بولۇپ يەنىلا ئۇنى چۈشەنمەيسىز. پەقەت سىزدە بىر خىل ئومۇمىي بولغان رەسىم قۇراشتۇرۇش ئېڭى بولغاندىلا يەنى، يەككىلىك پەقەت بىر پۈتۈنلۈكنىڭ بىر قىسمى بولغان، ئەمما بۇ بىر پۈتۈنلۈك مەلۇم خىل پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان نەرسە بولغان بولسا، مانا مۇشۇ ۋاقىتتىلا ئاندىن تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى ۋە ئېكولوگىيەشۇناسلىقنىڭ ئۇلۇغ ئىلھاملاندۇرۇش رولى ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ.»

بېرنستېيىننىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئەمەلىيەتتە ناھايىتى كۆپ ساھەلەردە ئويغىتىش ئەھمىيىتىگە ئىگە بولۇپ، خۇددى ئۇ ئۆزى ئېيتقاندەك «بىر ئادەم مەلۇم بىر خىل پەننى (سەنئەت، ئىقتىساد، دىن، سىياسىي، ئىلىم ــ پەن قاتارلىقلار)نى قانچىلىك ئۆگەنگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كىشىلەر ھامان مۇنداق بىر ھەيران قالارلىق ئىشنى كۆرەلمەيدۇ. يەنى، بۇ خىل پەنلەرنى بىر يەرگە يىغىنچاقلاپ مەلۇم خىل باشقا بىر نەرسىنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىكى پاكىت بولسا، بىر پۈتۈنلۈك ئەسلىدىكى يەككىلىكلەرنى بىر يەرگە قوشقاندىكى ئومۇمىي يىغىندىدىن چوڭ بولىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى قىسمەنلىك ئىچىدە ئالدىن كۆرۈۋالغىلى بولمايدۇ، مانا بۇ پاكىتتىكى مۇھىم نۇقتىدۇر.»

مەيلى قايسى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتايلى، ئۇنىۋېرساللاش ھامان بىر خىل يېڭى كۈچ بولىدۇ. ئەگەر ئادەملەر بىلەن ھايۋانلار يەككە تۇردىكى رىقابەتتە ھېچقانداق ئەۋزەللىككە ئىگە ئەمەس دېيىلسە، ئۇ ھالدا «پۈتۈن

ئىقتىدار» لا ئىنسانلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدۇ. بەزىلەر ھايۋانلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى تەتقىق قىلىپ بېقىشقان. بۇنىڭدا مەخسۇس ھالدا «ئۈچ تۈردىكى ئومۇمىي ئىقتىدار» تۈرىنى تەسىس قىلغان بولۇپ، بۇ ئۈچ تۈر ھەربىي يۈرۈش 30 كىلومېتىر، سۇغا شۇڭغۇش 15 مېتىر، ئارغامچىغا يامىشىش بىر قانچە مېتىر بولغان. تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلاردىن باشقا بارلىق سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ بۇ ئۈچ تۈردىكى تەنھەرىكەتنى ئورۇنداپ بولۇشقا ئىقتىدارى يەتمىگەن. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىنسانلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئۇلارنىڭ ئۇنىۋېرساللىقىدا بولغان.

يەككىلىك بىلەن كوللېكتىپ، قۇرۇلما بىلەن ئىقتىدار، تەپسىلات بىلەن بىر پۈتۈنلۈكنىڭ مۇناسىۋىتى جەھەتتە، ناھايىتى سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولغان مۇنداق بىر مىسال بار بولۇپ: نيۇ يوركتا بىر سەنئەت سارىيى يىغىپ ئەكەلگەن ئىككى مىليوندەك تىرىك چۈمۈلىنى كۆرگەزمە قىلغان. ئۇلار ئامېرىكا قىتئەسىدىن كەلتۈرۈلگەن ئىدى. ئۇلار مەلۇم بىر خىل تۈركۈم شەكلىدە كۆرگەزمە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ تېمىسى «رەسىم ۋە قۇرۇلما» دىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار قۇمنىڭ ئۈستىدىكى بىر چوڭ ساندۇقنىڭ ئىچىگە قويۇلۇپ، تۆت ئەتراپى سولياۋدا قاشالانغان، قاشانىڭ ئېگىزلىكى ئۇلار قېچىپ كېتەلمىگۇدەك ئېگىزلىكتە ئىدى. بۇ ئەسەرنى ئىجاد قىلغۇچى ئۆزىنىڭ ئىلھامىغا ۋە چۈمۈلىلەرنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن ھەرقايسى يېمەكلىك مەنبەسىنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتىۋاتاتتى، ئەمما ھېلىقى چۈمۈلىلەر بولسا ئۆزلۈكىدىن بىر قاتار ئۇزۇن قاپقارا ئارغامچا شەكىلدىكى ھالەتنى شەكىللەندۇرۇپ سوزۇلۇپ كېلىۋاتاتتى، ئۇلار خۇددى بىر تولغىنىۋاتقان گەۋدىگە، قولغا، بارماققا ئوخشاش بولۇپ، قۇم تېمىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ خۇددى ئاي، كىرېست ۋە ئۇزۇن ئېللىپس شەكلىنى ھاسىل قىلغان ھالدا بىر نۇقتىدىن يەنە بىر نۇقتىغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. مۇشۇنداق ئەخمەق قىلىنىۋاتقان چۈمۈلىلەرنى قىشلىق كىيىم كىيىۋالغان بىر توپ كىشىلەر قىزغىنلىق ئىچىدە تاماشا قىلىۋاتاتتى. بۇ كىشىلەر بىر قاتار رەتلىك سەپ تۈزۈشكەن بولۇپ، مۇشۇ چۈمۈلىلەرگە ئوخشاشلا بىر خىل تىرىك ھەيكەلگە، بىر خىل ھەرىكەت ئارقىلىق رەسىم سىزىشقا، بىر خىل ئەمەلىي بولغان سەنئەت بۇيۇمىغا، بىر خىل ھادىسىگە، بىر خىل تەقلىد قىلىنغان قىزىقارلىق ئەسەرگە

ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى..... بۇ بىر خىل سىمۋول بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈش ھادىسىسىمۇ دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە تۇرغان بۇ كىشىلەر خۇددى ئاشۇ چۈمۈلىگە ئوخشاش مەلۇم شەكىلسىز زور قول تەرىپىدىن كونترول قىلىنىۋاتقان بولۇپ، بىردەم سودىگەرچىلىك قىلىشىدۇ، بىردەم پايچېكى ئويناپ بېقىشىدۇ. كىشىلەر توپ - توپ بولۇپ مەلۇم بىر نۇقتىدىن يەنە بىر نۇقتىغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ، «يېمەكلىك» نىڭ يۆتكىلىش ئورنىغا ئاساسەن بىر پۈتۈن گەۋدە ھالىتىنى ئۇزۇكسىز ئۆزگەرتىدۇ. ئەگەر مەلۇم بىر غايەت زور كىشى تارىختىن ئىبارەت بۇ تاغ چوققىسى ئۈستىدە تۇرۇپ قارايدىغانلا بولسا، خۇددى بىز ھېلىقى ئىككى مىليون چۈمۈلىنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك ئاشۇنداق ھەيۋەتلىكلىكنى، ئازابلىق ھالەتنى ۋە قىزىقچىلىقنى كۆرگەن بولاتتى. ئۇنداقتا ھەر كۈنى ھەر ۋاقىت ئۇششاق - چۈششەك تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە تۇرغان كىشىلەرمۇ بەزىدە بىر قەدەر ئېگىزرەك بولغان ساھەدە تۇرۇپ، بىر خىل ئومۇمىيەتچانلىق شەكلىدىكى نەزىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ بېقىشى كېرەكمۇ - يوق؟ مەنپەئەتنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا ئورالغان ئاشۇ كىشىلەر توپىنىڭ قانداق مىدىرلاۋاتقانلىقىغا قاراپ بېقىشى كېرەكمۇ - يوق؟ ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەھمىيىتى نېمە؟ مەيلى بىر سىستېما ئىچىدىكى ئاساسلىق ئېلېمېنتلارنىڭ سانى ئاز ياكى كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئېلېمېنتلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئېلېمېنتلارغا قارىتا بىر پۈتۈنلۈك نۇقتىسىدىن سىستېمىلىق تەھلىل ئېلىپ بېرىش تولىمۇ زۆرۈردۇر.

بىز توپ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەش ئويۇنى ئارقىلىق سىستېمىلىق ھالدىكى تەھلىل قىلىش جەريانىنىڭ ئاددىي جەريانى بىلەن تونۇشۇپ باقساق بولىدۇ.

بىرىنچى مەسىلە: ئەگەر ئوپئوخشاش 9 دانە توپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسى سەل - پەل يېنىكرەك، قالغانلىرىنىڭ ئېغىرلىقلىرى ئوخشاش بولسا، سىزگە خالىغان شەكىلدىكى ئېغىرلىق ئۆلچەش ئەسۋابىنى تاللىغىلى قويۇپ پەقەت ئىككى قېتىم ئۆلچەش ئارقىلىقلا ھېلىقى توپنى تېپىشنى تەلەپ قىلسا سىز قايسى ئەسۋابنى تاللىغان بولاتتىڭىز، قانداق ئۆلچەش ئېلىپ باراتتىڭىز (ئالدى بىلەن بۇنىڭ

جاۋابىغا قارىماي ئۆزىڭىز ئويلىنىپ بېقىڭ)؟

بۇ مەسىلىنى ئىشلەشتىن ئاۋۋال، ئالدى بىلەن مۇنداق ئاساسلىق بىر مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىۋالايلى. ئەگەر ئۈچ توپ ئىچىدە بىرسى سەل - پەل يېنىك بولۇپ، بىر تال تارازا ئېلىپ1 - ۋە2 - نومۇرلۇق توپنى ئايرىم - ئايرىم هالدا تارازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە قويۇپ تارازا ئىسترېلكىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەنلا هېلىقى يېنىكرەك توپنى دەرهال تېپىپ چىققىلى بولىدۇ. ئەمما 9 تال توپ بولغاندا بۇ توپلارنى ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈۋالىمىز، بۇنداق بولغاندا هەربىر گۇرۇپپىدا ئۈچ تالدىن توپ بولغان بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىن ئىككى گۇرۇپپىدىكى توپنى تارازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە قويۇپ تارازىدىكى ئىسترېلكىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن ئالدى بىلەن قايسى گۇرۇپپىدىكى توپلارنىڭ يېنىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىمىز. ئاندىن كېيىن بېشىدا سۆزلەنگەن ئۇسۇل بويىچە بىر قېتىم ئۆلچەش ئارقىلىقلا هېلىقى يېنىكرەك بولغان توپنى تېپىپ چىقالايمىز.

ئىككىنچى مەسىلە: باشتىكى مەسىلىنى ئىشلەپ بولغان بولسىڭىز بۇ مەسىلىنى ئىشلەشكە ئاساس سالغان بولىسىز. 13 دانە توپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 1 تال توپنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ باشقا توپلار بىلەن بىردەك ئەمەسلىكى بايقالغان، سىزگە ئۈچ قېتىملا پۇرسەت بېرىپ بۇ توپنى تېپىپ چىقىش تەلەپ قىلىنسا سىز تېپىپ چىقالامسىز؟

مۇشۇنداق بىر ئالدىنقى شەرت بولغاندا بىز بىر قەدەر ئازادە بولغان كەيپىيات ئىچىدە سىستېمىلىق تەپەككۇرنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى قوللىنىشچانلىقىنى كۆزىتەلەيمىز.

بۇ بولسا سىستېمىلىق ئۇسۇلنى ئاڭلىق هالدا قوللىنىپ كان بايلىقى ئىزدەش توغرىسىدىكى هېكايە بولۇپ، ئۇنىڭ تېمىسى «ئالتۇن كان جىلغىسى» ئىدى. ئاپتور ئامېرىكىلىق داڭلىق يازغۇچى جىك.لوندون بولۇپ، هېكايىدىكى ۋەقەلىك مۇنداق ئىدى:

بۇ كان بايلىقى ئىزدىگۈچى «ئېچىرقىغان روھ» بىلەن بىر تال جوتۇ، گۈرجەك، بىر دانە ئالتۇن چايقاش غەلۋىرى قاتارلىق ئادەتتىكى ئاساسلىق قوراللارنى ئېلىپ بىر تاغ جىلغىسىغا كەپتۇ. ئۇ ئالدى بىلەن مۇشۇ تاغ جىلغىسىدىن باشلاپ تەكشۈرۈشكە باشلاپتۇ، چۈنكى بۇ تاغ جىلغىسىدا

ئورمان، ئوتلاق ۋە تاغ قاپتىلى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كان بايلىقى ئىزدىگۈچىلەرنى خۇشال قىلىدىغان نەرسىلەر ئىكەن. ... ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بايلىق ئىزدىگۈچىنىڭ مەخپىي بايلىقى بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ھېرىپ كەتكەن ئىشىكىنىڭمۇ ئەڭ ياخشى ئارامگاھى ئىكەن. دېمەك بۇ يەر ئۇنىڭغا نىسبەتەن بەك مۇھىم ئىكەن.

بۇ ئادەم ھېلىقى تاغ قاپتىلىنىڭ ئاستىدىكى كىچىك ئېرىق يېنىدىن توپا قېزىپ ئۆزىنىڭ چارلاش سەپىرىنى باشلىۋېتىپتۇ.

ئۇ ھېلىقى گۈرجەكتىكى توپىنى غەلۋىرگە تاشلاپتۇ ۋە ئۇنى سۇدا چايقاشقا باشلاپتۇ، غەلۋىردىكى لايلار سۇدا ئېرىپ ئېقىپ كېتىپ پەقەت ئەڭ كىچىك لاي دانچىلىرى ۋە ئۇششاق شېغىل تاش پارچىلىرىلا قاپتۇ. ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى قىلىدىغان ئىشى تېخىمۇ ئەستايىدىل بولۇشنى تەلەپ قىلىدىكەن.

بۇ ئادەم ھېلىقى ئالتۇن تاسقاش غەلۋىرىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تاكى ئۇنىڭ ئىچىدە سۇدىن باشقا بىر نەرسە قالمىغۇچە تاسقاپتۇ.

ئۇ غەلۋىرنى تېزلىك بىلەن يانتۇ قىپتىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى سۇ غەلۋىرنىڭ يان گىرۋىكىنى بويلاپ ئېرىققا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

ئۇ غەلۋىرنىڭ ئاستى قىسمىدا نېپىز بىر قەۋەت قارا رەڭلىك دانچىلارنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرگەندىن كېيىن بىر تال ئالتۇن دانچىسىنى بايقاپتۇ.

ئۇ تېخىمۇ كۆپ سۇنى غەلۋىرنىڭ سىرتىغا تامچىلىتىپ چىقىرىۋېتىپتىكەن، يەنە بىر تال ئالتۇن دانچىسىنى تېپىۋاپتۇ.

ئۇ مانا مۇشۇنداق ھەم كۈچ ھەم زېھىن تەلەپ قىلىدىغان جەرياننى داۋاملاشتۇرۇپتۇ ۋە ھەر قېتىم ئوخشاشلا غەلۋىردىكى ھېلىقى قارا قۇم قىسمىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇ جەمئىي 7 تال ئالتۇن دانچىسى تېپىپتۇ، گەرچە بۇ بىر نەچچە تال ئالتۇن دانچىلىرىنىڭ ھېچقانچە ساقلاش قىممىتى بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇنىڭ قەلبىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى چاقنىتىپتۇ.

ئۇ ھېلىقى ئېرىقنى بويلاپ تۆۋەنگە قاراپ مېڭىپتۇ ۋە ھېلىقىدەك زېرىكىشلىك جەريانلارنى تەكرارلاۋېرىپ، غەلۋىرگە لىققىدە لاتقا - شېغىللارنى قاچىلايدىكەنده، ئەستايىدىللىق بىلەن چايقىغاندىن كېيىن

ئالتۇن دانچىلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ تاپىدىكەن.

ئۇ ئېرىقنى بويلاپ تۆۋەنگە ماڭغانسېرى ئۇنىڭ تاپىدىغان ئالتۇن دانچىلىرىمۇ ھەر قېتىمقىسىدىن ئازلاشقا باشلاپتۇ، ئاخىرقى قېتىمقىسىدىن ئاران بىر تاللا ئالتۇن دانچىسى تېپىپتۇ، ئەڭ ئاخىرقى قېتىمقىسىدا بولسا بىر تالمۇ تاپالماپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەسلىدە ئالتۇن چايقىغان ھېلىقى يەرگە قايتىپ كەپتۇ ۋە ئېرىقنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە قاراپ ئىزدەشكە باشلاپتۇ.

بىر قېتىم ئۇ 30 تالدەك ئالتۇن دانچىسىنى چايقاپ چىقىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ تاپىدىغان ئالتۇن دانچىسىنىڭ سانىمۇ بارغانسېرى ئازىيىشقا باشلاپتۇ ۋە ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا بىر تالمۇ ئالتۇن دانچىسى تاپالماسلىقتەك ھالەتكە كەپقاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاخىر ئېرىقتىكى ئالتۇن زاپىسى ئەڭ مول بولغان بۆلەكنى تېپىپتۇ، ئەمما بۇ ئۇنىڭ بۇ بۆلەكتە داۋاملىق ئىزدىنىشىغا ئەرزىمەيدىكەن. ئالتۇن كانى بەلكىم ھېلىقى ئېرىقنىڭ سىرتىدا بولۇشى يەنى ھېلىقى تاغ قاپتىلىنىڭ تاشقى پوستى قىسمىدا بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ ئۇ ئەڭ باشتا چارلاش ئېلىپ بارغان جايدىن ئايرىلىپ تاغ قاپتىلىغا قاراپ بىرنەچچە قەدەم مېڭىپتۇ ۋە بۇ يەردە تاغ قاپتىلىنىڭ يۇقىرىسىنى بويلاپ ئەسلىدىكى بىرىنچى تۆشۈك بىلەن پاراللېل ھالدا ئىككىنچى تۆشۈكنى كولاپتۇ.

دەسلەپىدە ئۇ يەنىلا لاتقىلارنى غەلۋىرگە سېلىپ كېلىپ ئۇنى ئېرىق ئىچىدە چايقاپ شېغىللارنى شاللاپ بولغاندىن كېيىن ھەر قېتىم تېپىۋالغان ئالتۇن دانچىلىرىنى ساناپتۇ. شۇنداق قىلىپ ھېلىقىدەك زېرىكىشلىك جەريان ھەربىر قېتىم ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۇ تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلارغا ئېرىشىپتۇ.

مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئۇ تاغ قاپتىلىغا قاراپ بىر قاتار تۆشۈكلەرنى كولاپتۇ. ھەربىر رەتنىڭ مەركىزىدىكى تۆشۈكتىن تاپقان ئالتۇن دانچىلىرى ئەڭ كۆپ بولۇپ چىقىپتۇ، ئەمما ئەڭ ئاخىرى تەرەپتىكى تۆشۈكلەردىن ھېچقانداق نەرسىگە ئېرىشەلمەپتۇ.

ئۇنىڭ تاغ چوققىسىغا يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ ھەربىر قاتاردىكى تۆشۈكلەرنىڭ ئارىلىقىمۇ بارغانسېرى قىسقىراپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بارلىق

تۆشۈكلەر بىرلىشىپ بىر دانە «V» خېتىنى ھاسىل قىپتۇ. بۇ تەتۈر v خېتىنىڭ ئىككى تەرىپى ئالتۇن دانچە بار بولغان رايوندىكى ئىككى تەرەپنىڭ چېگراسى ئىكەن. بۇ تەتۈر v خېتىنىڭ ئۇچى تەرىپى بولسا بۇ كان ئىزدىگۈچىنىڭ نىشانى بولۇپ، «ئالتۇن كانى ئەپەندى» دەل ئاشۇ يەردە تۇرىدىكەن.

ئۇ تاغ چوققىسىغا كەلگەن ۋاقىتتا، ھەر قېتىم ئېرىشكەن ئالتۇن دانچىسىدىكى ئالتۇن مىقدارى يېتەرلىك مولluqta بولۇپ، ساقلاش قىممىتىگە ئىگە ئىكەن. ئەمما چايقاش خىزمىتى بارغانسېرى قىيىنلىشىشقا باشلاپتۇ. چۈنكى ئۇ ئالدىغا قاراپ ھەربىر قەدەم كولىغاندا ئالتۇن بار جاي بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ ماڭىدىكەن. ئېرىق بويىدىكى ئالتۇن دانچىسى ئوت ـ چۆپ يىلتىزلىرى ئاستىدا بولسا، بۇ تاغ قاپتىلىدىكى ئالتۇن دانچىلىرى ئەكسىچە 30 ئىنگلىز چىسى چوڭقۇرلۇقىدا بولۇپ، كېيىنچە 35 ئىنگلىزچىسى چوڭقۇرلۇقتا، ئاندىن كېيىن 40 ئىنگلىز چىسى چوڭقۇرلۇقتا، ئاندىن كېيىن 50 ئىنگلىز چىسى چوڭقۇرلۇقتا چۈشۈپ قاپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ھېلىقى تەتۈر v خېتىنىڭ ئىككى تەرىپى بىر نۇقتىدا تۇتىشىپتۇ، ئۇ 60 ئىنگلىز چىسى چوڭقۇرلۇقتا كولىغاندا گۈرجەك شامال يالىتۇەتكەن كىۋارتىس تاش قاتلىمىغا تېگىپ سوركىلىش ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ گۈرجەك بىلەن يەنە ئازراق كولىغان ئىكەن، گۈرجەكنىڭ ھەربىر قېتىم كىۋارتىس قاتلىمىغا ئۇرۇلغان ئاۋازى ئاڭلانغاندا ئۇ بىر پارچە شامال يالىتۇەتكەن كىۋارتىس تاشنى ئېلىپ ئۇستىدىكى لاي ـ توپىنى سۈرتىۋېتىپ، يېرىمى ئالتۇن قېتىشمىسى بولغان كىۋارتىس تاشقا ئېرىشىدىكەن.

مۇشۇنداق قىلىپ ئۇ ئۇزۇكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىش نەتىجىسىدە تېخىمۇ كۆپ بولغان ساپ ئالتۇن پارچىسىغا ئېرىشىپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا بۇنىڭ ئىچىدىن ئومۇمىي ئېغىرلىقى400 قاداق بولغان ئالتۇنغا ئېرىشىپتۇ.

بۇ ئەزەلدىن ئالتۇن چايقاپ باقمىغان كىشىلەرنى خۇشال قىلىدىغان ھېكايە بولۇپ، كىشىلەر ئالتۇن قازغۇچىنىڭ«ئېچىر قىغان روھى» ۋە بىر قانچە ئاددىي قورالىنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىر خىل تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان قورالنى يەنى، سىستېمىلىق ئۇسۇلنى كۆرەلەيدۇ.

ئۇ كىچىك ئېرىق بويىدىن باشلاپ ئۇزۇكسىز تىرىشچانلىق

كۆرسىتىش نەتىجىسىدە ئەڭ ئاخىرى ئالتۇن مەنبەسىنى تاپىدۇ. ئۇ كولىغان ھەربىر تۆشۈكلەرنىڭ ھەممىسىدە بىر خىل مۇمكىنچىلىكنى تېپىپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ ھەربىر قېتىملىق ئىرىشىشى كېيىنكى قېتىملىق ئىرىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ، ئالتۇن دانچىلىرىنىڭ سانى ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىۋېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر خىل ئىدراك ئاساسىنىڭ بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن ئۇنى سوغۇققان ھالدىكى يېتەكلىشى بولۇپ قالىدۇ.

سىستېمىلىق تەپەككۇرنى بىر خىل ئومۇمىيلاشقان ئۇسۇل دەپ قاراشقا بولىدۇ يەنى، ئۇ ئالتۇن كانى تېپىشىمىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ، ھەم بىزنىڭ باشقا بارلىق تاپماقچى بولغان نەرسىلىرىمىزنى تېپىشىمىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ.

بىر پۈتۈنلۈك خاراكتېرىگە ئىگە بولغان تەپەككۇرنىڭ ئەڭ مۇھىم بولغان ئالدىنقى شەرتى شۇكى، ئۆزئارا ئايرىۋېتىلگەن بىر قانچە ئامىللارغا قارىتا ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش ئېلىپ بېرىلىش ئارقىلىق ئەڭ ياخشى بولغان ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى ئاستىدا ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولغان نىشانغا يېتىشتىن ئىبارەت.

بېتسى بىلەن بورىس مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئۆي ئىشىنى قىلماقچى بوپتۇ: (1) چاڭ - توزان سۈمۈرگۈچ بىلەن پولنى سۈرتۈش. ئۇلارنىڭ پەقەت بىرلا چاڭ - توزان سۈمۈرگۈچى بار بولۇپ، بۇ ئىشنى قىلىشقا 30 مىنۇت ۋاقىت كېتىدۇ. (2) چۆپ ئورۇش ماشىنىسى بىلەن چىملىقنى قىرقىش. ئۇلارنىڭ بىر دانە چۆپ ئورۇش ماشىنىسى بار بولۇپ، بۇ ئىشنى قىلىشقىمۇ 30 مىنۇت ۋاقىت كېتىدۇ. (3) بالىغا سۈت ئېمىتىش ۋە يۇيۇندۇرۇش. بۇ ئىشقىمۇ 30 مىنۇت ۋاقىت كېتىدۇ. بېتسى بىلەن بورىس قانداق ھەمكارلاشقاندا ئاندىن بۇ ئىشلارنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە قىلىپ تۈگىتەلەيدۇ(سىز 20 مىنۇت ئويلىنىپ بېقىڭ)؟

بۇ مەسىلە بىلىم - ماھارەتنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن ئەڭ مۇھىمى ئەقىل - پاراسەتنىمۇ تەلەپ قىلىدىغان مەسىلە بولۇپ، ئۇ خۇددى «مېڭە بورىنى»نى ئىجاد قىلغۇچى ئوسبورننىڭ ھېلىقى «ئەڭ ھاياجانغا تولغان ھەق ئېلىش ئۇسۇلى» غا ئوخشاش بولۇپ، «ئىستراتېگىيەلىك پىلان» غا تولغان گۈزەل تۈيغۇدۇر.

«ئەڭ هاياجانغا تولغان ھەق ئېلىش ئۇسۇلى» قانداق ئىش؟ بىز ئوسبورنىنىڭ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلاپ باقايلى:

ئۇنىڭ قوشنىسى مۇنداق بىر ئىشقا يولۇقۇپتۇ. ئۇ ئاخشاملىرى 30 دانىدەك گولف توپنى چىتلاقنىڭ بۇ تەرىپىدىن قوشنىسىنىڭ يېقىن ئەتراپتىكى قاقاس مەيدانغا ئېتىش ئارقىلىق كۆڭۈل ئېچىشنى ياخشى كۆرىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇنىڭ بەش ياشلىق ئوغلى ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ: «ئەگەر مەن سىزنىڭ بارلىق توپلىرىڭىزنى تېرىپ ئەكەپ بەرسەم ماڭا قانچە پۇل بېرىسىز؟»

دادىسى كۆڭلىدە ئۇنىڭغا10 سىنت بېرىشنى ئويلىشىپتۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا: «ئەگەر ئۈچ تال توپنى تېرىپ كەلسەڭ بىر سىنتتىن بېرىشلەيسەن» دەپتۇ.

بالا بۇ گەپنى ئاڭلاپ توپلارنى تېرىشكە باشلاپتۇ، ئەمما ئۇ 27 ــــ 28 تال توپنى تېرىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە قېپقالغان2 ــ 3تالدەك توپنى تېرىشتىن ۋاز كېچىپتۇ.

دادىسى بالىسىنىڭ بۇنداق سەۋرسىز ئادىتىنى ئۆزگەرتمەكچى بوپتۇ ۋە تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇل بىلەن ھەق بېرىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ مۇنداق دەپتۇ: «ئەگەر سەن بارلىق توپلارنى تېرىپ كېلەلىسەڭ مەن ساڭا 15 سىنت بېرىمەن، ئەمما سەن ئەگەر پەقەت 28 دانىلا توپنى تېرىپ كەلسەڭ بىر سىنتقىمۇ ئېرىشەلمەيسەن؛ ئەگەر29 ـ توپنى تېرىپ كەلسەڭ مەن ساڭا بەش سىنت بېرىمەن،30 ـ توپنى تېرىپ كەلسەڭ مەن ساڭا 10 سىنت بېرىمەن.»

شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ بالىسى شۇنداق جۇشقۇنلۇق بىلەن بارلىق توپنى تېرىپ كەپتۇ.

يۇقىرىدىكى ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىش توغرىسىدىكى مەسىلىنىڭ جاۋابىمۇ ئادەمنى ئوخشاشلا ھەيران قالدۇرىدۇ: ئادەتتىكى قائىدە بويىچە خۇلاسە چىقارغاندا ئۇنىڭغا كېتەرلىك بولغان ۋاقىت 60 مىنۇت بولىدۇ.

ئەمما مەڭگۈ قانائەت ھاسىل قىلمايدىغان بىر ئاقىلغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، قارىماققا يەنىمۇ چوڭ بولغان ماسلاشتۇرۇش بوشلۇقى باردەك قىلاتتى، بۇنىڭدىكى ئەپچىل ئۇسۇل بولسا بىتسى بىلەن بورىسنى پۈتۈن جەرياندا ئىزچىل ئىش قىلدۇرۇش بولۇپ، پەقەت بىر پۈتۈن

خاراكتېرگە ئىگە بولغان تەپەككۇر ئارقىلىق بىر پۈتۈن جەريانغا قارىتا ماسلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلسىلا قارىماققا مەۋجۇت ئەمەستەك كۆرۈنىدىغان بوشلۇقنى تاپقىلى بولاتتى. يەنى، بېتىسى ئالدى بىلەن چاڭ - توزان سۈمۈرگۈچ بىلەن ئادەتتىكى ئۇسۇل بويىچە پولنى سۈرتىدۇ(15مىنۇت)، ھەمدە ئۇ ئۆزى يالغۇز بالىغا قاراش ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدۇ(30مىنۇت). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بورىس چۆپ ئورۇش ماشىنىسى بىلەن چىملىقنى قىرقىيدۇ (30مىنۇت)، ئاندىن كېيىن پولنى تازىلايدۇ (15 مىنۇت). بۇنداق بولغاندا بۇ ئۈچ تۈرلۈك ئىشنى قىلىشقا جەمئىي كېتىدىغان ۋاقىت 45 مىنۇت بولىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، سىستېمىلىق تەپەككۇر كىشىلەردىن قۇرۇلما ۋە فۇنكسىيە نۇقتىسىدىن رەڭگارەڭ دۇنيانى سىستېمىلىق نەزەر سېلىش ئارقىلىق يېگىباشتىن كۆزىتىشنى، مېتافىزىكا تەرىپىدىن ئايرىۋېتىلگەن ھادىسىۋى دۇنيانى يېگىباشتىن بىرىكتۈرۈشنى، يەككە ئېلېمېنت ۋە پارچىلارنى سىستېما ئىچىدە«يېگىباشتىن يىغىنچاقلاش» ئارقىلىق «بىر پۈتۈنلۈك قىسمەنلىكتىن يۇقىرى تۇرۇش» تەك ئۈنۈمنى ھاسىل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

# 28. كۆچۈرۈش شەكلىدىكى تەپەككۇر

ئەنگلىيەلىك ئالىم بېۋرىج: «كۆچۈرۈش شەكلىدىكى تەپەككۇر بولسا ئىلىم ـ پەننى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم ئۇسۇل بولۇپ، كۆپ ساندىكى بايقاشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ساھەسىدىن باشقا ساھەگە قوللانغىلى بولىدۇ، ھەمدە يېڭى ساھەگە قوللانغان ۋاقىتتا يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدىكى بايقاشقا ئېرىشكىلى بولىدۇ. زور ئىلىم ـ پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى بەلكىم كۆچۈرۈشتىن كېلىشى مۇمكىن» دېگەن ئىكەن.



1968 ـ يىلى جىلېت ماركىلىق ساقال تىغىنىڭ سېتىلىش مىقدارى بىر ترىليون110 مىليارد تال سېتىلىشتەك تارىخىي رېكورتنى ياراتتى، پۈتۈن دۇنيادىكى 1 مىليارد ئادەم جىلېت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەتتى. جىلېت مەھسۇلاتلىرىنى ساتىدىغان دۇكانلارنىڭ سانىمۇ 10 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى.

«پۈتۈن دۇنيادىكى ئەرلەرنىڭ ساقال ـ بۇرۇتىنى كۈزلەش» كە تۇتۇش قىلغان جىلېت بىخەتەر تىغ ياساش شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى بولۇپ، ئىلگىرى بىر كىچىك شىركەتتە مال ساتقۇچىلىق قىلاتتى، بىر كۈنى سەھەردە، جىلېت ساقال ئېلىۋاتقان

ۋاقىتتا ئۇستىرا ياخشى بىلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ بەك قىيىنىلىپ كېتىدۇ، يۈزىنىڭ بىر قانچە جايلىرىنى كېسىلىپ كېتىدۇ، ئۈمىدسىزلەنگەن جىلېت قولىدىكى ئۇستىرىغا قارىغىنىچە يېڭىچە شەكىلدىكى ساقال ئالغۇچ ياساپ چىقىش نىيىتىگە كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەتراپىدىكى ئەرلەرگە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ھەممەيلەننىڭ يېڭىچە تىپتىكى بىر ساقال ئالغۇچقا ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسلىقى تەلىپى مۇنداق بولۇپ، بىخەتەر، ئىشەنچلىك، ئىشلىتىشكە ئەپلىك بولۇش، ساقال ئالغۇچنىڭ تىغىنى ئالغان ۋاقىتتا ئالماشتۇرغىلى بولۇشتىن ئىبارەت ئىكەن. مانا مۇشۇنداق قىلىپ جىلېت ساقال ئالغۇچنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ.

جىلېت بۇ خىل يېڭى تىپتىكى ساقال ئالغۇچنىڭ شەكلىنى قانداق لايىھەلەش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئىزچىل ئويلىنىدۇ.

ئەنئەنىۋى بولغان ئادەتنىڭ چەكلىمىسىدىن قۇتۇلالمىغاچقا يېڭىچە ئىجادىيەتنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلمىسى ھەمىشە كونىچە شەكىلدىكى ساقال ئالغۇچنىڭ شەكلىدىن مۇستەسنا بولۇپ چىقالمايدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ جىلېت قانچە ئويلانغان بولسىمۇ يەنىلا ئامال تاپالمايدۇ.

بىر كۈنى، ئۇ ھېلىلا ئورۇلغان شال ئېتىزىدا بىر دېھقاننىڭ تىرنىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ يەرلەرنى تۈزلەۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يېڭىچە بىر خىل ئوي - پىكىر ئۇنىڭ كاللىسىدا پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. ئۇ كۆڭلىدە، توغرا، يېڭىچە شەكىلدىكى ساقال ئالغۇچنىڭ قۇرۇلمىسى دەل ئاشۇ تىرنىدەك بولۇش كېرەك، بۇنداق بولغاندا ئۇ ھەم ئاددىي، ئەپلىك بولغۇدەك، دەپ ئويلايتتۇ.

جىلېتنىڭ بۇ خىيالى كۆچۈرۈش شەكىلدىكى تەپەككۇرنىڭ بىر شەكلى ئىدى.

ئەنگلىيەلىك ئالىم بېۋرىج: «كۆچۈرۈش شەكىلدىكى تەپەككۇر بولسا ئىلىم - پەننى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم ئۇسۇل بولۇپ، كۆپ ساندىكى بايقاشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ساھەسىدىن باشقا ساھەگە قوللانغىلى بولىدۇ، ھەمدە يېڭى ساھەگە قوللانغان ۋاقىتتا يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدىكى بايقاشقا ئېرىشكىلى بولىدۇ. زور ئىلىم -

پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى بەلكىم كۆچۈرۈشتىن كېلىشى مۇمكىن» دېگەن ئىكەن.

ئاۋستىرىيەلىك ئاتاقلىق نەزەرىيە فىزىكا ئالىمى شرودىنگېر، تېرمودىنامىكا (ئىسسىقلىق كۈچى ئىلمى) ۋە كىۋانت دىنامىكا ئىلمىنى ئېكولوگىيە ئىلمىغا كۆچۈرۈپ كېلىپ، «مەنپىي ئېنتروپىيە»، «كود يەتكۈزگۈچ»، «غەيرىي دەۋرىيلىك كىرىستال»، «كىۋانتلىق ئۆتۈش» شەكىللىك گەۋدىلىك ئۆزگىرىش قاتارلىق ھازىرقى زامان فىزىكا ئىلمىدىكى ئۇقۇملاردىن پايدىلىنىپ ئورگانىزمدىكى ماددا قۇرۇلمىسى، جانلىقلاردىكى ئىرسىيەت ۋە ئۆزگىرىش ھەمدە ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تونۇشىمىز ئۈچۈن يېڭىچە بىر يول ھازىرلاپ بەرگەن ئىدى.

1905 ـ يىلى ئېينىشتېيىن فوتون قىياسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كىۋانت مېخانىكىسىنىڭ مەيدانغا كېلىش مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. ئەمما ئېينىشتېيىننىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنى پەقەت بىر قىياس بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ قىياسىنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا توغرا كېلەتتى.

1913 ـ يىلى پىروفېسسور بور ئېينىشتېيىننىڭ فوتون توغرىسىدىكى قىياسىغا ئاساسەن، ئىجادىي تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يادرو شەكلىدىكى قۇرۇلما ئەندىزىسى بىلەن كىۋانت مېخانىكىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ھىدروگېن ئاتومىنىڭ ئىسپېكتىرى قاتارلىق بۇرۇن بىلىنگەن تەجرىبە ھادىسىلىرىگە قارىتا چۈشەندۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە بۇ توغرىسىدا ئۈچ پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، فىزىكا ساھەسىدە زور غۇلغۇلا پەيدا قىلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئاتوم تۈزۈلۈشى ۋە رادىياتسىيە تەتقىقاتى جەھەتتە تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، 1921 ـ يىلى فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ مۇكاپاتنى ئىجادىي تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىدىن كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

1925 ـ يىلى گېرمانىيەلىك ھازىرقى زامان فىزىكا ئالىمى ھېيزېنبېرگ ئالدىنقىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى ئاساسىدا، ماترىسسا مېخانىكا نەزەرىيەسىنى ئېلان قىلىدۇ.

1927 ـ يىلى ھېيزېنبېرگ يەنە بىر قېتىم«ئېنىقسىزلىق پىرىنسىپى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ: « ئوخشاش بولغان ئېنىقلىقتا بېكىتىلگەن زەررىچىلەرنىڭ ئورنى بىلەن ھەرىكەت مىقدارىنى ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئۆلچەپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس، پەقەت ئىككىسىدىن بىرىنىلا ئېنىق بېكىتكىلى بولىدۇ» دېگەن قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ھېيزېنبېرگنىڭ «ئېنىقسىزلىق پىرىنسىپى» بىلەن ئاۋستىرىيەلىك ئالىم شرېدىنگېرنىڭ « دولقۇنلۇق تەۋرىنىش مېخانىكىسى» كىۋانت مېخانىكىسىنىڭ ئاساسلىق پىرىنسىپى بولۇپ قالىدۇ، ھېيزېنبېرگمۇ شۇ سەۋەبتىن كىۋانت مېخانىكىسىنىڭ مۇھىم ئىجاد قىلغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ، ھەمدە 1932 ـ يىلى فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ.

كۆچۈرۈش شەكلىدىكى تەپەككۇر بولسا بىر خىل ناھايىتى ئۇنۇملۇك بولغان تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىدۇر.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتلىرى ئاتلانتىك ئوكياندا ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ماددىي ئەشيا تەمىنات پاراخوتلىرىنى چۆكتۈرۈۋېتىشكە باشلايدۇ. بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيەسى ئامېرىكىنىڭ 3 / 2 قىسىم يۈك پاراخوتلىرىنى چۆكتۈرۈۋېتىدۇ.

گەرچە ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ 30 دىن ئارتۇق پاراخوت ياساش زاۋۇتى بار بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز ئىشلىگەن تەقدىردىمۇ بىر يىلدا ئاران100 دانە پاراخوت ياساپ چىقالايدىغان بولۇپ، ئۇلار ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ھېلىقى چۆكتۈرۈۋېتىلگەن پاراخوتلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايدۇ.

پاراخوت ياساش شىركەتلىرىنىڭ مۇشۇ سەۋەبتىن بېشى قېتىپ تۇرغان ۋاقىتتا، بەزى مۇتەخەسسىسلەر فورد ماشىنا ياساش شىركىتىنىڭ ياساش سۈرئىتىنىڭ ناھايىتى تېزلىكىنى بايقايدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەكشۈرۈش ئارقىلىق فورد شىركىتىنىڭ پارچە زاپچاسلارنى كەسپلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويغانلىقىنى بايقايدۇ.

ئەمما پاراخوت ياساش شىركەتلىرىدە دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بارلىق پاراخوت زاپچاسلىرى ۋە قوشۇمچە زاپچاسلىرىنىڭ ھەممىسى بىرلا زاۋۇتتا قۇراشتۇرۇلۇپ تاماملىناتتى.

ئۇلار بۇنى كۆرۈپ ئىلھاملىنىپتۇ ۋە بۇ پاراخوت ياساش زاۋۇتىغا

ھېلىقى فورد شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇراشتۇرۇش ئەندىزىسىنى كۆچۈرۈپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پاراخوت ياساش زاۋۇتىنىڭ ياساش سۈرئىتى ناھايىتى تېزلا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ.1942 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇلار دەسلەپتە ھەر ئايدا بىر دانە پاراخوت ياسىغان بولسا، كېيىن بىر ھەپتىدە بىر دانە ياساپتۇ، ئەڭ ئاخىرىدا بولسا سۈرئىتى تېخىمۇ تېزلىشىپ ھەر ئۈچ كۈندە بىر دانە پاراخوت ياسايدىغان بوپتۇ.

دۇنياغا داڭلىق كەشپىياتچى ئېدىسونمۇ پۈتۈن ئۆمرىدە مىڭ خىلدىن ئارتۇق كەشپىيات ياراتقان بولۇپ، گەرچە ئۇنىڭ تالانتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇمۇ ئىلگىرى بىلىم سەۋىيەسى يېتىشمەسلىكتەك قىيىنچىلىققا ئۇچراپ باققان.

1884 ـ يىلى ئېدىسون كونا نۇرلۇق لامپىنى تەتقىق قىلىۋاتقان ۋاقىتتا چىراغ قىلىپ تاللانغان كاربونلۇق تالانىڭ ھەممىشە لامپىدىكى ئۆتكۈزگۈچ تاختىغا ئېغىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ، ئەمما ئۇ بۇ خىل ھادىسىنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

بۇ خىل ئەھۋال « ئېدىسون ئېففېكتى» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئېدىسوننىڭ ئۇنى بايقىغان ۋاقتى ئېلېكترون لامپا بايقىلىشتىن 20 يىل بۇرۇن ئىدى. ئېدىسوندىن كېيىن ھېلىقى ئېچىلمىغان سىرنى تومسون ئېلېكترون نەزەرىيەسى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىدۇ، ھەمدە لامپا قىلىدا ئېلېكترون دەستىسى چىقىش سەۋەبىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شۋېيتسارىيەلىك جورجى.توماسترال بىر ئوۋ قىلىش ھەۋەسكارى ئىدى.

بىر قېتىم، ئۇ توشقان ئوۋلىغىلى بېرىپ بىر چاتقاللىقتا شۇڭغۇپ كىرىدۇ. ئەمما توشقان يەنىلا قېچىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كەيپى ئۇچقان ھالدا چاتقاللىقتىن يېنىپ چىقىۋاتقاندا ئىشتىنىغا بۇدۇشقاق ئۇرۇقىنىڭ چاپلىشىۋالغانلىقىنى بايقايدۇ. ئۇ بۇنى كۆرۈپ« بۇدۇشقاق ئۇرۇقىغا تەقلىد قىلىپ تۇرۇپ چاپلاپ ئاجرىتىشقا بولىدىغان بەلباغ ياساشقا بولامدىغاندۇ؟» دەپ ئويلايدۇ. ئەمما بۇنىڭدا بۇدۇشقاق ئۇرۇقىنىڭ نېمە ئۈچۈن بىر نەرسىلەرگە چاپلىشىۋالىدىغانلىقىنى بىلىشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ لوپا ئەينەك بىلەن ئەستايىدىل كۆزىتىپ، ئەسلىدە بۇدۇشقاق ئۇرۇقىنىڭ ئۇششاق تالچىلىرى ئۇچى تەرىپىنىڭ ئىلمەك

بولىدىغانلىقىنى، بۇدۇشقاق ئۇرۇقى مۇشۇ ئىلمەكلەرگە تايىنىپ نەرسىلەرگە چاپلىشىۋالىدىغانلىقىنى بايقايدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكنى بىلگەندىن كېيىن ئۇ شۇنىڭغا تەقلىد قىلغان ھالدا «بىرىكلو ئىلمەكلىك چاپلىما بەلبېغى» نى ئىجاد قىلىدۇ. بۇ دەل ھازىرقى بىز ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان بىر چاپلىسا چاپلىنىپ تۇرىدىغان، تارتقاندا ئاجراپ كېتىدىغان نىلون چاپلىقى ئىدى. كېيىن جورجى پاتېنت ئىلتىماس قىلىپ شىركەت قۇرىدۇ ۋە يىللىق كىرىمى بىرنەچچە ئون مىليونلۇق ئىگىلىك تىكلىگۈچى بولۇپ قالىدۇ. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ خىل نىلونلۇق چاپلىما بەلباغ تۇرمۇشىمىزدا كەڭ ئومۇملىشىپ كىيىم ـ كېچەك، يېنىك سانائەت، ھەربىي ئىشلار قاتارلىق كۆپ خىل ساھەلەردە ئىشلىتىلمەكتە.

گودىلو كانادادىكى بىر شىركەتنىڭ ئادەتتىكى خىزمەتچىسى ئىدى.

بىر كۈنى، ئۇ ئىشخانىسىدا ئىشلەۋېتىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر بوتۇلكىغا تېگىپ كېتىدۇ. بوتۇلكىدىكى سۇيۇقلۇق كۆپەيتىلىش ئالدىدا تۇرغان ئىنتايىن مۇھىم بىر ھۆججەتكە تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. گودىلو ناھايىتى ھودۇقۇپ كېتىدۇ. ئۇ كۆڭلىدە، چاتاق بولدى، ھۆججەت يۇيۇلغىنىپ كەتتى، ئۇنىڭدىكى خەتلەرنى ئەمدى كۆرگىلى بولمايدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئۇ ھۆججەتنى ئېلىپ ئەستايىدىل قارىسا ئەھۋال باشقىچە بولۇپ، ھېلىقى سۇيۇقلۇق تۆكۈلۈپ كەتكەن يەردىكى خەتلەر يەنىلا شۇنداق ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇ ھېلىقى ھۆججەتنى كۆپەيتكىلى ئېلىپ بارغاندا يەنە بىر كۆتۈلمىگەن ئىشقا يولۇقىدۇ, چۈنكى ھېلىقى ھۆججەت كۆپەيتىلگەندە سۇيۇقلۇق تۆكۈلۈپ كەتكەن قىسمى قاپقارا ھالەتتە كۆپەيتىلىپ چىققان بولۇپ ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خۇشاللىقى يەنە خاپىلىققا ئۆزگىرىدۇ.

ھۆججەتتىكى بۇ قاپقارا داغلارنى قانداق قىلىش كېرەك؟ گودىلو مۇشۇ مەسىلىنى ئويلاپ بېشى قېتىپ بىرەر ئامال تاپالمايدۇ، دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ كاللىسىغا «سۇيۇقلۇق» ۋە «قارا داغلار» نى ئالماشتۇرۇپ بېقىش خىيالى كېلىدۇ. كۆپەيتىش ماشىنىسى بارلىققا كەلگەندىن باشلاپلا، كىشىلەر ھۆججەتلەرنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئوغرىلىقچە كۆپەيتىۋېلىنىشىدىن ساقلىنىش توغرىسىدا ئىزچىل ھالدا كاللا قاتۇرۇپ

كېلىۋاتقان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن گودىلو بۇ خىل «سۈيۈقلۇق» نى ئاساسلىق ماتېرىيال قىلىپ ئۇنىڭ بۇ پايدىسىز رولىنى پايدىلىق رولغا ئايلاندۇرۇپ ھۆججەتلەرنى ئوغرىلىقچە كۆپەيتىۋېلىشتىن ساقلىنىش ئىقتىدارى بولغان بىر خىل ئالاھىدە سۈيۈقلۇقنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقماقچى بولىدۇ.

ئۇ بۇ خىيال كاللىسىغا كەلگەن ھامان ئاكتىپ ھەرىكەتلىنىپ تەتقىق قىلىشنى باشلىۋېتىدۇ. نەتىجىدە بىر مەزگىل تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرى بىر خىل سۈيۈقلۇقنى ئەمەس بەلكى كۆپەيتىلىشتىن ساقلىنىش ئىقتىدارى بولغان بىر خىل قېنىق قىزىل رەڭلىك قەغەزنى بازارغا سالىدۇ. بۇ خىل قەغەز كۆپەيتىش ماشىنىسى چىقارغان نۇرنى سۈمۈرۈۋالىدىغان بولۇپ، ئۇنى ھۆججەت كۆپەيتىشكە ئىشلەتكەندە قاپقارا بولۇپ كېتىپ ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى، شۇڭلاشقا بۇ خىل قەغەزگە يېزىلغان ھەر خىل ماتېرىياللارنى كۆپەيتىشكە بولمايتتى. ئەمما بۇ خىل قەغەزنى ئىشلىتىپ خەت يازغاندا ياكى بېسىپ چىقارغاندا ھېچقانداق تەسىرى بولمايتتى.

1983 ـ يىلى گودىلو مونترېئال شەھىرىدە «كانادا كوپىيەلەنمەيدىغان خەلقئارالىق شىركىتى» نى قۇرۇپ چىقىپ مەخسۇس ھالدا بۇ خىلدىكى قەغەزلەرنى ئىشلەپچىقىرىدۇ، گەرچە بۇ خىل قەغەزلەرنىڭ باھاسى خېلى قىممەت بولسىمۇ، ئەمما سېتىلىشى يەنىلا شۇنچە ياخشى بولىدۇ.

# 29. خۇلاسە چىقىرىش شەكلىدىكى تەپەككۇر

*بارلىق مەۋجۇداتلار ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭغا ئۆتىدۇ، ئۇلارنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ بىر ـ بىرىگە باغلاشقا، ياكى پۈتۈن ۋەزىيەتنى كونترول قىلىشقا بولىدۇ، مانا بۇ خۇلاسە چىقىرىش شەكلىدىكى تەپەككۇرنىڭ قىممىتىدۇر.*

1940 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى نيۇيوركتىكى ئېدىسون شىركىتى بىناسىنىڭ دېرىزە تەكچىسىدە بىر دانە بومبا بايقىلىدۇ. بومبىنىڭ يېنىغا F.P دەپ ئىمزا قويۇلغان بىر تال باغاقچە قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا: «ئېدىسون شىركىتىدىكى ئالدامچىلار! بۇ سىلەرگە قالدۇرۇپ قويۇلغان بومبا» دەپ يېزىلغان ئىدى. كېيىنچە بۇ خىلدىكى تەھدىت سېلىش ھەرىكەتلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ. 1955 ـ يىلى ھەتتا بىر قېتىمدىلا 52 دانە بومبا قويۇپ قويۇلىدۇ ھەمدە بۇنىڭ ئىچىدىن 32 دانىسى پارتلاپ كېتىدۇ. ئاخبارات ئورۇنلىرى بۇ توغرىسىدا ئۈزۈلدۈرمەي خەۋەر بېرىدۇ ھەمدە بۇ ۋەقەنىڭ ناھايىتى رەزىللىكىنى ئەيىبلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ساقچى تەرەپنىڭ دېلونى تېزرەك پاش قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. نيۇيورك ساقچى تەرەپ بۇ 16 يىل ئىچىدە ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ئەمما ھېچقانداق يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمەيدۇ. ھېلىمۇ ياخشى ئۇلارنىڭ قولىدا بىر نەچچە ۋاراق تەھدىت سېلىش خېتى بار ئىدى. بۇ تەھدىت خەتلىرىنىڭ ھەممىسى چوڭ ھەرپ بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا F.P مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: «مەن ئۆزۈمنىڭ كېسەللىك سەۋەبىنى ئېدىسون شىركىتىدىن كۆرىمەن ھەم ئۇلارغا نەپرەتلىنىمەن، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ پەسكەش جىنايى قىلمىشىغا تۆۋە قىلدۇرۇۋېتىمەن». شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ پارتلاتقۇچ بومبىنى تىياتىرخانا ۋە شىركەتنىڭ بىنالىرى قاتارلىق ئورۇنلارغا قويۇپ قوياتتى. ساقچى تەرەپ جىنايەت پسىخولوگىيەسى

مۇتەخەسسىسى برىۇسسېل پىروفېسسورنى تەكلىپ قىلىدۇ. پىروفېسسور ئۆزىنىڭ پسىخولوگىيەلىك بىلىمىگە ئاساسلىنىپ كېڭەيتىش شەكلىدىكى تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ قەدەممۇقەدەم ئىلگىرىلەپ سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ئىزدەيدۇ، ساقچى تەرەپ ئېرىشكەن ماتېرىياللار ئاساسىدا ئۇ تۆۋەندىكىدەك سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى خۇلاسىلەپ چىقىرىدۇ:

(1) پارتلاتقۇچنى ياسىغان ۋە ئۇنى ئورۇنلاشتۇرغان ئادەمنىڭ ھەممىسى ئەر كىشى.

(2) ئۇ ئېدىسون شىركىتىنىڭ ئۆزىنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغانلىقىدىن گۇمان قىلغان بولۇپ، « جاھىللىق تەلۋىلىكى» كېسەللىكىگە تەۋە بولىدۇ. بۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ يېشى 35 ياشتىن ئاشقاندىن كېيىنلا كېسەللىك ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىرلاپ كېتەتتى. شۇڭلاشقا1940 ـ يىلى ئۇ دەل 35 ياشقا كىرگەن بولىدۇ. ھازىر (1955 ـ يىلى) ئۇ 50 ياشقا كىرگەن بولۇشى كېرەك.

(3) جاھىللىق تەلۋىلىكى كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچى ھەمىشە باشقىلاردىن ئاغرىنىدۇ. شۇڭلاشقا، ئېدىسون شىركىتى بەلكىم ئۇنى بىر تەرەپ قىلغان بولۇشى ھەمدە ئۇ بۇنى قوبۇل قىلالمىغان بولۇشى مۇمكىن.

(4) خەتلىرىنىڭ ئېنىق بولغانلىقىغا قارىغاندا ئۇ چوقۇم ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپنى قوبۇل قىلغان بولىدۇ.

(5) تەخمىنەن 85% جاھىللىق تەلۋىلىكى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغۇچىلار تەنھەرىكەتچى بەدەن شەكلىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا F.P نىڭ بەلكىم سېمىز ـ ئورۇقلۇقى نورمال، ئوتتۇرا بوي بولۇشى مۇمكىن.

(6) خەتلىرىنىڭ ئېنىق بولۇشى، قەغەزنىڭ پاكىز بولغىنىغا قارىغاندا ئۇ خىزمەتتە ئەستايىدىل بولۇپ، بىر تىرىشچان نەمۇنىلىك خىزمەتچى بولۇشى مۇمكىن.

(7) ئۇ ھېلىقى «پەسكەشلىك جىنايى قىلمىشى» دېگەن بىر سۆزگە ئىنتايىن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغان بولۇپ، ئېدىسون شىركىتىنىڭ نامىنىمۇ تولۇق ئاتىغان. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئامېرىكىلىقلارنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا ئۇ چەت ئەللىكلەر ئولتۇراق رايونىدا ئولتۇرۇشى مۇمكىن ئىدى.

(8) ئۇ ئېدىسون شىركىتىدىن باشقا جايلارغىمۇ قالايمىقان ھالدا بومبا قويۇپ قويغان بولۇپ، شۇنىڭدىن قارىغاندا F.P نىڭ ئۆزىمۇ سەۋەبىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن. بۇ ئۇنىڭ كۆڭۈل يارىسى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ھوقۇقتا بولغان قارشىلىشىش پسىخىكىسى پەيدا بولغان. ھەممە يەرگە قالايمىقان بومبا قويۇپ قويۇش ئۇنىڭ جەمئىيەتنىڭ ھوقۇقىغا بولغان قارشىلىقىنى ئىپادىلەيتتى.

(9) ئۇ ئۇزۇن يىل قالايمىقان بومبا قويۇپ قويغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى، ھېچكىممۇ دوستلۇق ۋە سۆيگۈ ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆڭۈل يارىسىنى داۋالاپ باقمىغان ئىدى.

(10) ئۇنىڭ دوستلىرى بولمىغىنى بىلەن ئۇ يۈز ـ ئابرۇيىغا بەك ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەم بولۇپ، كىيىنىشى جايىدا ئىدى.

(11) بومبا ياساش ئۇچۇن ئۇ ھەتتا يالغۇز تۇرىدىغان بولۇپ، باشقىلار بىلەن بىرگە تۇرمايتتى ۋە شۇ ئارقىلىق يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىپ قوشنىلىرىنىڭ ئاۋارىچىلىكىدىن ساقلىناتتى.

(12) ئوتتۇرا دېڭىزدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە جىنايەتچىلەر باشقىلارنى ئارغامچا بىلەن ئۆلتۈرەتتى، شىمالىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە ۋەتەنپەرۋەرلەر خەنجەر ئىشلىتەتتى، ئەمما سىلاۋيان دۆلەتلىرىدىكى تېررورچىلار بومبا ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرەتتى، شۇڭلاشقا، ئۇ بەلكىم سىلاۋيانلىقلارنىڭ پۇشتىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

(13) سىلاۋيانلىقلار كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ، دېمەك بۇ ئەر كىشىمۇ قەرەللىك ھالدا چېركاۋغا بېرىپ تۇراتتى.

(14) ئۇنىڭ تەھدىت خەتلىرى كۆپىنچە ھاللاردا نيۇ يورك ۋە ۋېستچېستېر قاتارلىق ئىككى جايدىن ئەۋەتىلگەن، بۇ ئىككى جايدا سىلاۋيانلىقلار ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان رايون برىدجېپورت رايونى بولۇپ، ئۇنىڭ مۇشۇ جايدا بولۇش ئېھتىماللىقى ئەڭ چوڭ ئىدى.

(15) ئىزچىل ھالدا كۆپ يىلغىچە ئۆزىنىڭ كېسەللى بارلىقىنى تەكىتلىگەنلىكىگە قارىغاندا، ئۇ چوقۇم ئاستا خاراكتېرلىك كېسەلگە گىرىپتار بولغان. ئەمما راك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغۇچىلار 16 يىلغىچە ياشىيالمايدۇ. شۇڭا ئۇ بەلكىم ئۆپكە كېسەللى ياكى يۈرەك

كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئۆپكە كېسىلىنى هازىر داۋالاش ئاسانلىشىپ كەتتى، شۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ئۇ بەلكىم يۈرەك كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

بۇ دوكتور مۇشۇ خىلدىكى سەۋەب ـ نەتىجىسى كېڭەيتىلگەن تەھلىلگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا مۇنداق خۇلاسە چىقىرىدۇ: «ساقچىلار ئۇنى تۇتقان ۋاقىتتا ئۇ چوقۇم نۆۋەتتە ئەڭ مودا بولۇۋاتقان ئىككى رەت تۇگمە تىكىلگەن چاپان كىيگەن ھەمدە چاپىنىنىڭ تۇگمىلىرىنى ناھايىتى رەتلىك ئەتكەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ پىروفېسسور ساقچى تەرەپكە ھېلىقى 15 تۇرلۇك مۇمكىنچىلىكنى گېزىتكە چىقىرىش تەكلىپىنى بېرىدۇ. چۈنكىF.P گېزىت ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، ئۇ بۇنى كۆرسە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى تەن ئالغۇسى كەلمەيتتى ـ دە، ئۆزىنىڭ بىلەرمەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بۇنىڭغا قارىتا ئىنكاس قايتۇراتتى. ساقچىلارمۇ مۇشۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن ئۇنى تۇتالايتتى. دەرۋەقە، 1956 ـ يىلى روژدېستۋا بايرىمىنىڭ ئالدىنقى هارپا كۈنى، ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ھېلىقى پىروفېسسور خۇلاسە قىلغان 15 تۇرلۇك مۇمكىنچىلىكنى گېزىتكە باسقاندىن كېيىن، F.P ۋېستچېستېر رايونىدىن ساقچىلارغا مۇنداق مەزمۇندا خەت ئەۋەتىدۇ: «گېزىتنى ئوقۇدۇم، مەن دۆت ئەمەس، ھەرگىزمۇ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلمايمەن، سىلەر ئەڭ ياخشىسى ئېدىسون شىركىتىنى سوتقا ئەپچىققىنىڭلار ياخشىراق.»

ساقچى تەرەپ مۇناسىۋەتلىك يىپ ئۇچىغا ئاساسەن ئېدىسون شىركىتىنىڭ كادىرلار ئارخىپىنى تەكشۈرۈپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى ئارخىپلاردا جورجى مېستىرگېن ئىسىملىك بىر نەپەر ئېلېكترون ماشىنىسىنى ئاسراش ئىشچىسىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئىش ئۈستىدە يارىلانغانلىقى ئۈچۈن ئىلگىرى شىركەتكە دەرد تۆكۈپ ئۆزىنىڭ ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ قېلىش نەپىقىسى ئېلىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى، ئەمما شىركەتنىڭ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغانلىقىنى، بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ئۇنىڭ خىزمەتتىن ئايرىلغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ. بۇ ئادەم پولشالىق پۇشتىدىن بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا (1955 ـ يىلى) 56 ياشقا كىرگەن ئىكەن. تۇرۇشلۇق ئورنىمۇ برىدجېپورت رايونىدا ئىكەن. ئۇنىڭ ئاتا ـ

ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ھەدىسى بىلەن بىرگە تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ بويى 1.75 سانتىمېتىر بولۇپ، بەدەن ئېغىرلىقى 74 كىلوگىرام ئىكەن. ئۇ ئادەتتە ناھايىتى ئەدەپلىك ئىكەن.1957 - يىلى1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ساقچى تەرەپ ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ ئۇنىڭ بومبا ياساش ئورنىنى بايقايدۇ - دە، ئۇنى قولغا ئالىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇ دەرۋەقە ئىككى قۇر تۈگمە قادالغان چاپان كىيىۋالغان بولۇپ، تۈگمىسىنىمۇ ناھايىتى رەتلىك ھالدا ئەتكەن ئىكەن.

بارلىق مەۋجۇداتلار ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭغا ئۆتىدۇ، ئۇلارنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ بىر - بىرىگە باغلاشقا، ياكى پۈتۈن ۋەزىيەتنى كونترول قىلىشقا بولىدۇ، مانا بۇ خۇلاسە چىقىرىش شەكلىدىكى تەپەككۇرنىڭ قىممىتىدۇر.

1984 - يىل بىشىدا، ئامېرىكا «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى» نىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى دودېر گېزىتخانىغا پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالىدىغان مۇنداق بىر خەۋەرنى يوللايدۇ: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى يۇرى ئاندروپوۋ ئالەمدىن ئۆتتى». ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ شۇنداق نورمال بولۇپ، ھېچقانداق ئۆزگىرىش يۈز بەرمەيدۇ، شۇڭلاشقا ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى، ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋە دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى قاتارلىق ئورۇنلار «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى» نىڭ بۇ خەۋىرىنىڭ راستلىقىنى دەلىللىگەن ۋاقىتتا ھەممەيلەن بۇ خەۋەرنىڭ راستلىقىدىن گۇمان قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ. ئېھتىيات قىلىش يۈزىسىدىن باش ئىستونغا بېسىلىدىغان بۇ خەۋەر28 - بەتنىڭ كۆزگە چېلىقمايدىغان جايىغا بېسىلىدۇ. ئەمما 2 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇسىبەت خەۋىرى دودېرنىڭ ئاخباراتىنىڭ



راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئىشتىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنىڭ ئاخبارات تارماقلىرى دودېرنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خادىملىرىنى سېتىۋالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. ئەمما، دودېر ئۇلارغا ئۆزىنىڭ تەھلىل قىلىش جەريانىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىنلا كىشىلەر ئاندىن ئۇنىڭ ئالاھىدە ئاخبارات سەزگۈرلۈكى ۋە مۇكەممەل بولغان سىستېمىلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىغا ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايدۇ. ئۇنىڭ تەھلىل قىلىش جەريانى مۇنداق ئىدى:

(1) ئاندروپوۋ ئاشكارا سورۇنلاردا ئۆزىنى كۆرسەتمىگىلى 173 كۈن بولدى، بۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

(2) بۈگۈن كەچتىكى تېلېۋىزور پىروگراممىسىدا ئەسلىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان شىۋېتسىيەنىڭ مودا مۇزىكىسى تويۇقسىزلا ماتەم مۇزىكىسىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان سورلۇق مۇزىكىغا ئالماشتۇرۇۋېتىلدى.

(3) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى رابىپوف پۈتۈن مەملىكەتتىكى خەلق ئاممىسىغا قىلغان بىر قېتىملىق تېلېۋىزىيە سۆزىدە ئەسلىدىكى قائىدە بويىچە ئاندروپوۋدىن چوقۇم ئەھۋال سوراشقا تېگىشلىك بولغان بىر قائىدىنى ئۇنتۇپ قالدى.

(4) ئۇ ماشىنا ھەيدەپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش ئىشتابى ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئەسلىدە بۇنداق ۋاقىتتا پەقەت بىر قانچە دېرىزىدىنلا چىراغ نۇرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئەمما بۈگۈن كېچىدە ئۇلارنىڭ يۈز نەچچە ئېغىزلىق ئىشخانىسىنىڭ ھەممىسىدىكى چىراغلار يورۇق ئىدى.

دودېر بۇ ئەھۋاللارنى بىر ـ بىرىگە باغلاشتۇرغان ئاساستا، ئاندروپوۋنىڭ ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدا خۇلاسە چىقىرىدۇ.

مانا بۇ خۇلاسە چىقىرىش شەكلىدىكى تەپەككۇرنىڭ قالتىسلىقىدۇر.

ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتون مەيدانىدىكى جېففېرسون خاتىرە سارىيى پۈتۈپ ئىشلىتىلگىلى خېلى ئۇزۇن بولغان بولۇپ، بىنانىڭ سىرتقى قىسىملىرىدا داغ ئىزلىرى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ، ئۇزاق ئۆتمەي بىنانىڭ تاملىرىغا دەز كېتىدۇ. بۇ ئىشتىن ھۆكۈمەت تەرەپ ناھايىتى

تەشۋىشلىنىدۇ ۋە مەخسۇس مۇتەخەسسىس ئەۋەتىپ ئۇنىڭ سەۋەبىنى ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تاپماقچى بولىدۇ. دەسلىپىدە بۇ بىنانى ئۇپراتقۇچى كىسلاتالىق يامغۇر بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پەرەزلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەمما كېيىن تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بىنا تېمىنى سۈرتۈشكە ئىشلىتىلىدىغان تازىلاش سۇيۇقلۇقىنىڭ كىسلاتالىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ. بۇ بىنا ھەر كۈنى نەچچە قېتىم دېگۈدەك سۈرتۈلىدىغان بولۇپ، باشقا بىنالارغا قارىغاندا كىسلاتاغا ئۇچراپ چىرىش ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىر بولغان. ئەمما نېمە ئۈچۈن بۇ بىنانى ھەر كۈنى نەچچە قېتىم سۈرتۈش كېرەك؟ چۈنكى بۇ بىنا تېمىنى ھەر كۈنى زور مىقداردىكى قارلىغاچلار ماياقلاپ بۇلغىۋېتىدىكەن. ئەمما بۇنچە كۆپ قارلىغاچلار بۇ جايغا نېمە ئۈچۈن يىغىلىۋالىدۇ؟ چۈنكى بۇ بىنا تېمىدا قارلىغاچلار ئەڭ ياخشى كۆرۈپ يەيدىغان ئۆمۈچۈك بار ئىدى. ئۇنداقتا بۇ بىنانىڭ تېمىدا نېمە ئۈچۈن بۇنچە كۆپ ئۆمۈچۈك بولىدۇ؟ چۈنكى بىنا تېمىدا ئۆمۈچۈك ئەڭ ياخشى كۆرۈپ يەيدىغان ھاشاراتلار بار ئىدى. ھاشاراتلار بۇ يەردە ناھايىتى تېز كۆپىيىدىغان بولغاچقا ئۆمۈچۈكلەرنى جەلپ قىلىۋالغان ئىدى. ئەمما بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن ھاشاراتلار تېز كۆپىيەلەيدۇ؟ چۈنكى بۇ يەردىكى چاڭ - توزان ھاشاراتلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەڭ ماس كېلىدۇ. نېمە ئۈچۈن بۇ يەردىكى چاڭ - توزان ھاشاراتلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەڭ ماس كېلىدۇ؟ ئەسلىدە بۇ يەردىكى چاڭ - توزاننىڭ ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى يوق بولۇپ، پەقەت دېرىزىدىن كىرگەن قۇياش نۇرى بىلەن ماسلىشىپ ھاشاراتلارنىڭ كۆپىيىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مەنبەگە ئايلانغان. شۇڭا كۆپ مىقداردىكى ھاشاراتلار بۇ يەرگە يىغىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ئۆمۈچۈكلەرنى، قارلىغاچلارنى باشلاپ كەلگەن، يەپ تويغان قارلىغاچلار يەنە شۇ بىناغا مايىقلاپ قويغان ئىكەن. مەسىلىنىڭ مەنبەسى مانا مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئاخىر تېپىلىدۇ. مەسىلىنىڭ مەنبەسى تېپىلغان ئىكەن ئۇنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىمۇ تېپىلغان بولۇپ، بۇ ئۇسۇلمۇ ناھايىتى ئاددىي ئىدى يەنى، دېرىزىگە پەردە تارتىپ قويسىلا بولاتتى.

مانا بۇ، خۇلاسە چىقىرىش شەكلىدىكى تەپەككۇرنىڭ سېھرىي كۈچىدۇر.

# 30. ھالقىش شەكلىدىكى تەپەككۇر

**تەپەككۇرىڭىزنى ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرۇپ كونا ئىدىيەلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئەمەلىي قىيىنچىلىقىڭىزنى يېشىچە بولغان نۇقتىئىنەزەر بىلەن كۆزىتىدىغان بولسىڭىز، ئۇ سىزنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلىشىڭىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ.**

سىز مۇنداق بىر مەسىلىنىڭ جاۋابىنى تاپالامسىز؟ يەنى بىر پارچە گېزىتنى يەرگە يېيىپ قويىمىز، ئاندىن كېيىن ئىككى ئادەم ئۇنىڭ ئۈستىدە يۈزمۇ يۈز ھالدا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرىدۇ، ئەمما بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ كەتمەيدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ دىققەت، بۇنىڭدا گېزىتنى ئۈتتۈرىدىن كېسىشكە ياكى يىرتىشقا بولمايدۇ. ئەگەر سىز بۇ مەسىلىگە توغرا جاۋاب بېرەلىسىڭىز ئۇنداقتا سىز بەلكىم ھالقىش شەكلىدىكى تەپەككۇرنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرەلىگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن.



بۇ دۇنياغا داڭلىق بولغان توققۇز ئۇرۇقلۇق رەسىمدۇر، ئۇنىڭ كېلىپچىقىش تارىخى تولىمۇ ئۇزۇن بولۇپ، ئامېرىكا يېڭىلىق يارىتىش جەمئىيىتىدىكىلەر ئۇنى جەمئىيەت بەلگىسى قىلغان. ئۇ ئادەمدىن زېھىن تەلەپ قىلىدىغان ئەقىل سىناش ئويۇنى بولۇپ، بۇ ئويۇننىڭ تەلىپى تۆۋەندىكىدەك.

(1) تۆت تال سىزىق بىلەنلا بارلىق توققۇز نۇقتىلارنى تۇتاشتۇرۇپ چىقىش؛

(2) بۇنىڭ ئىچىدىكى ھەرقانداق نۇقتىنى يۆتكىمەسلىك كېرەك؛

(3) تۇتاشتۇرۇلىدىغان سىزىقلارمۇ چوقۇم بىر سىزىش بىلەنلا سىزىلىپ تاماملىنىشى كېرەك؛

(4) تۇتاشتۇرۇش سىزىقى سىزىلىپ بولۇشتىن بۇرۇن قەلەمنى قەغەزدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، كىشىلەر ئىزچىل ھالدا بۇ ئويۇنغا مەپتۇن بولۇپ كەلدى. چۈنكى خېلى كۆپلىگەن تالانتلىقلارمۇ بۇ ئويۇننى تۇنجى قېتىم ئوينىغان ۋاقتىدا كۆپىنچە ھاللاردا ئامالسىز قالغان بولۇپ، ئۇلارمۇ نېمە قىلىشنى بىلمىگەن ئىدى.

ئەمما بۇ ئويۇننى سىزمۇ سىناپ باقسىڭىز بولىدۇ.

ئەگەر سىز ھەرقانچە كاللا قاتۇرۇپمۇ بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابىنى تاپالمىغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا تۆۋەندىكى جاۋابنى ئاستا كۆرۈۋالسىڭىز بولىدۇ، ئەمما سىز بۇ جاۋابنى كۆرگەن ۋاقتىڭىزدا ئۆزىڭىزنىڭ نەقەدەر كەم ئەقىل ئىكەنلىكىڭىزدىن خىجىل بولۇپ قالىسىز. چۈنكى ئۇنىڭ جاۋابى ئەسلىدە ناھايىتى ئاددىي.

توققۇز ئۇرۇق رەسىمدىن بىز يەنە بىر ئويۇننى كەلتۈرۈپ چىقىرىمىز:

سىز بىر سىزىش بىلەنلا ئىنگلىزچە «K» ھەرپىنى يېزىپ چىقالامسىز؟

ئەگەر سىز بۇ مەسىلىنىڭ مۇشۇنداق بىر جاۋابىنىڭ بارلىقىنى بىلگەن ۋاقتىڭىزدا بەلكىم سىزنىڭ غۇرۇرىڭىز يەنە بىر قېتىم زەربىگە ئۇچرىشى مۇمكىن.

تۆۋەندە سىز 4 ـ ئويۇننى ئويناپ بېقىڭ.

1. بىر پارچە گېزىتنى يەرگە يېيىپ قويىمىز، ئاندىن كېيىن ئىككى ئادەم ئۇنىڭ ئۈستىدە يۈزمۇيۈز ھالدا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرىدۇ، ئەمما بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ كەتمەيدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ دىققەت، بۇنىڭدا گېزىتنى ئوتتۇرىدىن كېسىشكە ياكى يىرتىشقا بولمايدۇ.

2. ئاشىقىزى تەيۋەنلىك قارغا ئېتىش ماھىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەزەلدىنلا «ئاتقان ئوقى زايا كەتمەيدۇ» دېگەن نامى بار ئىدى. بۈگۈن ئۇ قارىغا ئېتىش تاختىسىغا ئارقا ـ ئارقىدىن 7 تال ئوق ئاتقان، نەتىجىدە ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى نەتىجىسى 57 نومۇر بولۇپ چىققان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ قايسى ئېتىش ھالقىسىغا تەگكۈزگەن بولىدۇ؟

3. بىر كىچىك كۆلچەكنىڭ مەركىزىدە بىر كىچىك ئارال بولۇپ، بۇ




ئارالدا بىر تۈپ دەرەخ بار ئىكەن. كۆل سۈيى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، كۆلنىڭ دىيامېتىرى 80 يارد(1يارد 0.9144 مېتىرغا تەڭ) ئۇزۇنلۇقتا ئىكەن. كۆلنىڭ بويىدا يەنە بىر تۈپ دەرەخ بار ئىكەن. سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىغان بىر بالا كۆلدىكى ھېلىقى ئارالغا بارماقچى بولۇپتۇ، ئەمما ئۇنىڭدا پەقەت 10 دانىلا 300 يارد ئۇزۇنلۇقتىكى ئارغامچا بار ئىكەن. ئۇنداقتا سىز دەپ بېقىڭ، ئۇ قانداق قىلغاندا ئاندىن ئارالغا بارالايدۇ؟

4. تۆۋەندىكى تەڭلىمە خاتا بولۇپ، سىز پەقەت بىرىلگەن تۆت دانە سانىنى يۆتكەش ئارقىلىقلا ئۇنى تۈزىتىسىز، ئەمما باشقا ھەرقانداق رەقەملەرنى قوشۇشقا بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش مۇمكىنمۇ؟

76 = 24

بەلكىم سىز يەنە تۇرۇپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن.

سىز يۇقىرىقى مەسىلىلەرنىڭ جاۋابىنى بىلگەن ۋاقتىڭىزدا بەك ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەڭ، چۈنكى بۇ سىزنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز. ئۇلاردىمۇ ھەم دەمالىقتا كالىلا قاتۇرۇپ ئىشلىگۈدەك ئىمكانىيەت يوق، ھەم تېمىنى ئوغرىلىقچە يۆتكەشكە بولىدىغان ئامالمۇ يوق، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ جاۋابىنى يەنە نېمە ئۈچۈن تاپقىلى بولمايدۇ؟ بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئالدى ـ كەينىگە بىر ئەھمىيەتلىك نەرسە يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ھالقىش شەكلىدىكى ئەركىن تەپەككۇردۇر.(بۇلارنىڭ جاۋابى بۇ بابنىڭ ئارقىسىدا بار)

تەپەككۇرىڭىزنى ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرۇپ كونا ئىدىيەلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئەمەلىي قىيىنچىلىقىڭىزنى بىر خىل يېڭىچە بولغان نۇقتىئىنەزەر بىلەن كۆزىتىدىغان بولسىڭىز، ئۇ سىزنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلىشىڭىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېرمانىيە ئارمىيەسى فىرانسىيەنىڭ چېگراسىغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىپتۇ، ئەمما ئۇلار بىر ئاۋارىچىلىككە ئۇچراپتۇ. بۇ ئاۋارىچىلىك بولسا، ئاتاقلىق ماجىنوت

مۇداپىئە لىنىيەسى ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا، فىرانسىيەلىكلەر گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن زور مەبلەغ ئاجرىتىپ ئىككى دۆلەت چېگراسىغا مۇستەھكەم بولغان مەڭگۈلۈك مۇداپىئە لىنىيەسى ئورناتقان ئىدى. ئۇ پولات چىۋىق ۋە سېمونت ئارقىلىق قۇيۇپ چىقىرىلغان ھەم ئەڭ ئىلغار قورال‌لار سەپلەنگەن بولۇپ، مۇداپىئەلىنىش ئاسان ئەمما ھۇجۇم قىلىش تەس ئىدى. بۇ گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ بېشىنى قاتۇرىدۇ. بۇ مۇداپىئە لىنىيەسىنى فىرانسىيەلىك داڭلىق گېنېرال ماجىنوت بىر تۇتاش پىلانلىغان بولغاچقا ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان ئىدى.

ئۇرۇش باشلىنىش ئالدىدا ئەقىللىق گېرمان ئارمىيەسى ماجىنوت مۇداپىئە لىنىيەسىگە تاقابىل تۇرۇشتىكى مۇنداق بىر ياخشى ئامالنى تاپىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىش ئىدى. شۇنداق قىلىپ گېرمانىيە ئارمىيەسى ئۇنىڭدىن ئەگىپ ئۆتۈپ ئالدى بىلەن فىرانسىيەنىڭ قوشنىسى بولغان بېلگىيەنى ئىشغال قىلىدۇ ۋە فىرانسىيەگە ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ بىر ھۇجۇم بىلەنلا پۈتكۈل فىرانسىيەنى ئىشغال قىلىپ ھېچقانچە كۈچىمەيلا ماجىنوت مۇداپىئە لىنىيەسىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ.

بۇ سۈيىقەستتە گەۋدىلەنگىنىمۇ يەنىلا ھالقىش شەكلىدىكى ئەركىن تەپەككۇر ئىدى.

بىر فىرانسىيەلىك سوتچى بولۇپ، ئۇ بىر ئاجرىشىش دېلوسىنى قوبۇل قىلىپتۇ. ئاجرىشىش ماجىراسى قىلىشقۇچى ئەر ـ ئايال ھەر ئىككى تەرەپ ئۆيدىن كۆپرەك مال ـ مۈلۈكنى ئۆزى مۇستەقىل ئىگىلەشنى تەلەپ قىلىپتۇ. ئۇ ئىككىيلەننىڭ بىر بالىسى بولۇپ، بۇمۇ تەبىئىي ھالدىلا بۇ ئىككىيلەننىڭ تالىشىدىغان نىشانىغا ئايلىنىپتۇ. ھەر ئىككىلا تەرەپ بۇ مەسىلە ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە يول قويماي بالىنىڭ ھامىيلىق ھوقۇقىنى تالىشىپتۇ.

قارىغاندا بۇ دېلو سەل ـ پەل قول تۇتىدىغاندەك قىلاتتى.

ئەمما ھېلىقى سوتچىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە بولغان تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى بار بولۇپ، ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىپتۇ: ئۆي ۋە باشقا بارلىق مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسى ھېلىقى بالىنىڭ

ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ، ئالاقىدار ئىككى تەرەپ نۆۋەتلىشىپ ئۆيگە قايتىپ بالىغا قارىسۇن.

بۇ دېلودا ھېلىقى سوتچى ئادەتتىكى تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىدىن ھالقىپ چىققان بولۇپ، مەسىلىنىڭ قىزىق نۇقتىسىنى تالاش - تارتىش قىلىۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ ئۇستىمدىن ئايرىۋەتكەن ھەمدە مەسىلىنىڭ تۈگۈنى بولغان ئۇچىنچى نۇقتا«بالا» نى ئويلاپ يەتكەن.

بۇ پىكىر يولىدا گەۋدىلەنگىنىمۇ دەل ھالقىش شەكلىدىكى ئەركىن تەپەككۇر ئىدى.

شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، گوۋاڭدۇڭ مىللىتارىستى چېنجيوڭمىڭنىڭ نۇرغۇنلىغان ئايروپىلانى بولۇپ، بۇ خەلق ئىنقىلابىي ئارمىيەسىگە ناھايىتى زور تەھدىت شەكىللەندۈرىدۇ، خەلق ئىنقىلابىي ئارمىيەسىدىكى كۆپ قىسىم گېنېراللارنىڭ مۇشۇ سەۋەبتىن بېشى قېتىپ تۇرغان ۋاقىتتا، خەلق ئىنقىلابى ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى جياڭجيېشى ئەكسىچە دۈشمەن تەرەپنىڭ ئۇچقۇچىلىرىنى سېتىۋېلىشتەك ئەپچىل ئامالدىن بىرنى ئويلاپ تاپىدۇ.

جياڭجيېشىنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى ئاساسى مۇنداق بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ، دۈشمەنلەرنىڭ ئايروپىلانلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىغان بىلەن ئۇلار يەنە سېتىۋالىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇچقۇچىلىرىنى سېتىۋالساق، دۈشمەنلەرنىڭ ئايروپىلانلىرى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ جەڭ قىلالمايدۇ، يەنە كېلىپ بۇنداق بولغاندا بىزنىڭ ئارمىيەمىزنىڭ ئۇچقۇچىلىرى كۆپىيىدۇ، بىزمۇ پۇل خەجلەپ ئۇچقۇچى تەربىيەلەپ يۈرمەيمىز.

مانا بۇ ھالقىش شەكلىدىكى ئەركىن تەپەككۇردۇر.

سۇڭ جىنزۇڭ زامانىسىدا، پادىشاھ جەمەتىنىڭ ئائىلە مال - مۈلۈك دەۋا - دەستۇرى توغرىسىدىكى دېلو پۈتۈن شەھەرگە پۇر كېتىدۇ، ھەتتا كەيفېڭ مەھكىمىسى ئىماق بېگىنىڭمۇ بۇ ئىشقا بېشى قاتىدۇ.

ئەسلىدە، بۇ ئائىلىدە ۋاڭ غوجام ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئاكا - ئىنى ئىككىيلەن ئۆي ئايرىشماقچى بولۇپتۇ. ۋاڭ ھەرەمخانىسى ئەسلىدىلا غەربىي ھويلا ۋە شەرقىي ھويلا دەپ ئىككىگە ئايرىلىدىغان بولۇپ، ئوتتۇرىسىدىن ئايرىلسىلا شۇنداق ئادىل بولىدىكەنتۇق. ئەمما چوڭ بەگزادىگە شەرقىي ھويلا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەندە، ئۇ غەربىي

هويلىدىكى ئۆيلەر ياخشى، ئىچىدىكى ئائىلە بىساتلىرى كۆپ دەپ قاراپ بۇنىڭغا قوشۇلماپتۇ. ئىككىنچى بەگزادىگە غەربىي هويلا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەندە، ئۇمۇ شەرقىي هويلىدىكى يوشۇرۇپ قويۇلغان بايلىقلار كۆپ، ئاكام كۆپ نەپكە ئېرىشتى دەپ قارايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن هەر ئىككى تەرەپنىڭ جېدىلى پەقەت بېسىقماپتۇ ۋە ئەڭ ئاخىرى كەيفېڭ مەھكىمىسىگىچە دەۋا قىلىپ بېرىپتۇ. چوڭ بەگزادىنىڭ ئويىچە بولغاندا ئىككىنچى بەگزادە ئۇنىڭغا 5000 سەر كۈمۈش يارماق بەرسە ئاندىن ئىككى تەرەپكە ئادىل بولغان بولىدىكەن. ئىككىنچى بەگزادىنىڭ ئويىچە بولغاندا بولسا، چوڭ ئاكىسى هېلىقى يوشۇرۇپ قويۇلغان مال ـ مۈلۈكلەرنى ئاشكارىلاپ ئاكا ـ ئىنى ئىككىيلەن تەڭ بۆلۈشكەندە ئاندىن ئادىل بولغان بولىدىكەن. هەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەمەلىي كۈچى بولۇپ، هەر ئىككى تەرەپنىڭ ئارقا تىرىكى بار ئىكەن. مەھكىمە بېگىنىڭ بۇ ئىشقا كۈچى يەتمەپتۇ ـ دە، بۇ دېلونى پادىشاھقا مەلۇم قىلىپتۇ.

پادىشاھ بۇ دېلونى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭمۇ بېشى قېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ دېلونى بىر مەزگىلگىچە باستۇرۇپ قويۇپتۇ، ئەمما ئاكا ـ ئىنى ئىككىيلەن توختىماستىن جېدەل قىلغاچقا بۇ ئىش پۈتۈن شەھەرگە پۇر كېتىپتۇ، پايتەختتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشنى بىلىپ كەتكەچكە خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئابرۇيىغا دەخلى يېتىپتۇ. ئامالسىز قالغان پادىشاھ جىنزۇڭ شۇ ۋاقىتتىكى تەدبىرلىك كىشى جاڭچېشەننى ئەسكە ئالىدۇ.

جاڭچېشەن شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىر بولۇپ، ئەزەلدىنلا قىيىن ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى پەم ـ پاراستى بىلەن نامى چىققان ئىدى. پادىشاھ ئۇنى چاقىرتقاندىن كېيىن، ئۇ پادىشاھقا: «ئالىيلىرى بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرغايلا، بىر كۈن ئىچىدىلا ھەل قىلىپ ئەتە ئوردىغا سالامغا چىققاندا سىلىگە مەلۇم قىلىمەن» دەيدۇ.

جىنزۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولۇپ كېتىپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۇ قىيىن مەسىلىنى بىر كۈن ئىچىدىلا ھەل قىلىپ بولالىشىغا ئىشەنمەپتۇ.

جاڭچېشەن ئوردىدىن چىقىپلا بۇ ئىككى ئاكا ـ ئىنى ئىككىيلەننى مەھكىمە كۈتۈپخانىسىغا چاقىرتىپ تالاش ـ تارتىش قىلىشتىكى سەۋەبلەرنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ئاكا ـ ئىنى ئىككىيلەن يەنىلا قارشى تەرەپنى كۆپ مال ـ مۈلۈك ئېلىۋالدى، ياخشى ئايۋان ـ سارايلارغا ئىگە

بولۇۋالدى، پايدىغا ئېرىشتى، دېيىشىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن جاڭچىشەن مۇنداق دەپتۇ: «خان بۇ ئىشنى مېنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىمغا تاپشۇردى، سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ دەۋا تەلىپىڭلارنى ئېنىق قىلىپ يېزىپ ماڭا تاپشۇرۇڭلار.»

شۇنىڭ بىلەن چوڭ بەگزادە مۇنداق مەزمۇندا يېزىپتۇ: «ئىككىنچى بەگزادە كۆپ مىراسقا ئىگە بولۇۋالدى، ئۇنىڭ ئايۋان - سارايلىرىدىكى ئۆيلەر ئېسىل، ئائىلە بىساتلىرى كۆپ، ماڭا شەرقىي هويلا تەقسىم قىلىنىپ زىيان تارتتىم.»

ئىككىنچى بەگزادە مۇنداق دەپ يېزىپتۇ: «چوڭ بەگزادىغا تەقسىم قىلىنغان شەرقىي هويلىدا مال - مۈلۈك يوشۇرۇلغان، ماڭا غەربىي هويلا تەقسىم قىلىنىپ زىيان تارتتىم.»

ئەرزنامە جاڭچىشەنگە سۇنۇلغاندىن كېيىن، جاڭچىشەن مۇنداق هۆكۈم قىلىپتۇ: «چوڭ بەگزادىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن شەرقىي هويلا ئىككىنچى بەگزادىگە تەئەللۇق بولىدۇ، ئىككىنچى بەگزادىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن غەربىي هويلا چوڭ بەگزادىگە تەئەللۇق بولىدۇ، مەھكىمە ئەمەلدارلىرى هەر ئىككىيلەننىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ئۆتكۈزۈپ ئېلىۋېلىشىنى نەق مەيداندا نازارەت قىلىدۇ، هەر ئىككىيلەن كىيگەن كىيىمىدىن باشقا هەرقانداق نەرسىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە بولمايدۇ.»


2-1



2-2

ئاكا - ئىنى ئىككىيلەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ مۇۋاپىق بوپتۇ دەپ ئويلىشىپتۇ ۋە ئارتۇق گەپ قىلماي، جاڭچىشەننىڭ ئالماشتۇرۇشقا نازارەتچىلىك قىلىشىغا بويسۇنۇپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى جاڭچىشەن دېلونى بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسىنى جىنزۇڭ خانغا مەلۇم

قىلىپتۇ. چىڭگىزخان بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ، باشقا ئەمەلدارلارمۇ جاڭچىشەننىڭ بۇ خىل ئەپچىل ماھارىتىگە ئاپىرىن ئېيتىشىپتۇ.

ھالقىش ئۇچۇن بۇسۇپ ئۆتۈش كېرەك.

تۆۋەندە بىز مۇنداق ئىككى مەسىلە ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ باقايلى.

2 ـ 1 رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، بىر ئاتا ـ بالا بىر قېتىملىق ئويۇن ئويناش جەريانىدا سىرلىق ئورددا ئازغىنىپ كەتكەن بولۇپ، بالىنىڭ ئاتىسى ناھايىتى جىددىيلىشىپ كېتىدۇ ۋە بالىسىنى تېزرەك تېپىشقا ئالدىرايدۇ. سىز بۇ كىشىگە ياردەم قىلىپ ئەڭ قىسقا بولغان يول لىنىيەسىنى لايىھەلەپ بېرەلەمسىز؟

2 ـ 2 رەسىمدىكى قاپ ئىچىدە چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە شەكلى ئوخشاش بولغان ئالتە دانە قارتا قويۇلغان بولۇپ، سىز رەسىمدىكى بوش ئورۇندىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى ئوڭ ـ سول، يۇقىرى ـ تۆۋەن يۆتكەش ئارقىلىق x رەقەملىك قارتا ۋە0 رەقەملىك قارتىلارنىڭ ئورنىنى پۈتۈنلەي ئالماشتۇرالامسىز. شەرت شۇكى پەقەت «يۆتكەش» كىلا بولىدۇ، ئەمما قارتىنى ئېلىشقا بولمايدۇ، ھەم قارتىلار ئارىسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈشكە بولمايدۇ.(يۇقىرىقىلارنىڭ جاۋابى بۇ بابنىڭ ئاخىرىسىدا بار)

مۇنداق بىر رىۋايەت بار بولۇپ، شاۋشىڭنىڭ ئوغلى شۇۋىنجاڭ كىچىكىدىن باشلاپلا ناھايىتى ئەقىللىق ئىكەن. بىر كۈنى، ئۇ ۋە ئالتە نەپەر ئۆلىما بىرلىكتە مەي ئىچىپتۇ. بۇ ئالتەيلەن ئىشتىن بۇرۇنلا ئۇنى ئەخمەق قىلىشنى پىلانلىشىپ قويغان ئىكەن. ئۈستەلگە ئالتە خىل قورۇما قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار ياش پەرقىگە ئاساسەن ھاراقتا ئۆتۈشۈش ئويۇنى ئويناپتۇ. بۇ ئويۇندا ھەربىر ئادەم بىر ھېكايە ئېيتىدىغان بولۇپ، ئۇ ئېيتقان ھېكايە پەقەت ئۈستەلدىكى قورۇمىغا مۇناسىۋەتلىك بولسىلا، ئۇ ھېكايىنى ئېيتقۇچى بۇ قورۇمىنى ئۆزىلا يېسە بولىدىكەن. بولمىسا قورۇما يېيەلمەيدىكەن.

بىرىنچى ئۆلىما: «جىياڭتەيگوڭنىڭ بېلىق تۇتۇشى» دەپلا بېلىق قورۇمىسىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا تارتىۋاپتۇ.

ئىككىنچى ئۆلىما: «شىچەيىننىڭ توخۇ ئوغرىلىشى» دەپلا توخۇ قورۇمىسىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا تارتىۋاپتۇ.

ئۈچىنچى ئۆلىما: «جاڭفېيىنىڭ گۆش سېتىشى» دەپلا گۆش قورۇمىسىنى ئالدىغا تارتىۋاپتۇ.

تۆتىنچى ئۆلىما: «سۇۋۇنىڭ قوي بېقىشى» دەپلا قوي گۆشىنى ئالدىغا تارتىۋاپتۇ.

بەشىنچى ئۆلىما: «جۇيۈەنجاڭنىڭ كالا ئۆلتۈرۈشى» دەپلا كالا گۆشىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا تارتىپتۇ.

ئالتىنچى ئۆلىما ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر تەخسە قورۇمىغا قاراپ: «ليۇ بېينىڭ كۆكتات تېرىشى» دەپلا ھېلىقى قورۇمىنى سىپايىگەرلىك بىلەن ئالدىغا تارتىۋاپتۇ.

ئۆزىگە ھېچقانداق قورۇما قالمىغانلىقىنى كۆرگەن شۇۋېنجاڭ «توختاپ تۇرۇشسىلا» دەپتۇ ۋە «چىن شىخۋاڭنىڭ ئالتە بەگلىكنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى» دەپلا ھېلىقى ئالتە خىل قورۇمىنى ئالدىغا تارتىپتۇ.

ھېلىقى ئالتە نەپەر ئۆلىمامۇ قايىل بولۇپ توققۇز تەزىم قىلىشىپتۇ.

(بۇ بابتىكى سوئاللارنىڭ جاۋابلىرى)

1. گېزىتنى بوسۇغىغا قويۇپ ئىشىكنى ياپىمىز، ئاندىن كېيىن ئىككى ئادەم ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرىدۇ.

2.بۇ ماھىر10 نومۇرلۇق ھالقىغا 5 پاي ئوق تەگكۈزگەن، 7 نومۇرلۇق ھالقىغا 1 پاي ئوق تەگكۈزگەن، بىر پاي ئوق تەگمىگەن بولىدۇ. (چۈشەندۈرمە: بۇ بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولىدىغان مەسىلىدۇر، ئەمما بەزىلەر ھەمىشە كەچكىچە ھېسابلاپمۇ جاۋابىنى تاپالمايدۇ، بۇنداق بولۇشىدا ئۇلار مەسىلىنىڭ بېشىدا بېرىلگەن ھېلىقى «ئاتقان ئوقى زايا كەتمەيدىغان» دېگەن سۆزدىن قايمۇقۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇ 7 پاي ئوقنىڭ ھەممىسىنى دەل تەگكۈزگەن بولسا ئۇ ھالدا بۇ خىلدىكى مەسىلە مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى.)



3. ئۇ ئالدى بىلەن ئارغامچىنى كۆل

بويىدىكى ھېلىقى دەرەخكە باغلايدۇ، ئاندىن كېيىن ئارغامچىنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى ئېلىپ كۆلنى بىر ئايلىنىدۇ، بۇنداق بولغاندا ئۇ ئارغامچا كۆل ئوتتۇرىسىدىكى ھېلىقى دەرەخكىمۇ باغلانغان بولىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇ ئارغامچىنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى كۆل بويىدىكى ھېلىقى دەرەخكە چىڭ باغلاپ قويغاندىن كېيىن ئارغامچىغا ئېسىلىۋېلىپ كۆلدىن ئوتتۇرىسىغا بارالايدۇ.

4.مۇمكىن بولىدۇ.(چۈشەندۈرمە: «6» نى تەتۈر قىلىپ «9»غا ئۆزگەرتىمىز، ئاندىن كېيىن رەقەم «2» نى7 نىڭ كىۋادراتىغا ئۆزگەرتىمىز، بۇنداق بولغاندا ئەسلىدىكى24 =67 بولغان تەڭلىمە $7^2=49$ بولىدۇ.)

2 ـ 1ئەڭ قىسقا بولغان مۇساپە رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك بولىدۇ: (چۈشەندۈرمە: مۇلاھىزە قىلىش باشلانغان ھامان ناھايىتى ئاز ئادەملا بۇ رەسىمنىڭ سىرتىدىن مېڭىپ بېقىشنى ئويلاپ تاپالايدۇ. ئەمما كۆپ سانلىق ئادەملەر يەنىلا قولىغا قەلەم ئېلىپ، رەسىمدىكى يوللارنى تۇتاشتۇرۇپ ئەڭ قىسقا بولغان لىنىيەنى تاپماقچى بولىدۇ، ئايرىم كىشىلەر، بۇ بەك ۋاقىت ئىسراپ قىلىدىغان مەسىلىكەن، دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ يوللار ئەسلىدە تۇتاش ئەمەس بولۇپ، پەقەت سىز ھەرقانچە قىلىپمۇ تۇتاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى تاپالمىغان ۋاقتىڭىزدىلا ئاندىن ئۇنى ھېس قىلالايسىز. ئىشلار ھەمىشە مۇشۇنداق بولىدۇ: يەنى بەزى مەسىلىلەرنىڭ جاۋابىنى پەقەت تاپقىلى بولمىغاندىلا ئاندىن باشقا ئامال ئىزدەش كېرەك)

2 ـ 2پۈتۈن ساندۇقچىنى180 گىرادۇس ئايلاندۇرساقلا بولىدۇ.

# 31. ئۇنۇملۇك تەپەككۇر

ئۇنۇملۇك تەپەككۇر بولسا ئۇنۇمنى تەپەككۇر قىلىش پائالىيىتىگە ئاتلىق ھالدا سىڭدۈرۈش ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى بولغان نەتىجىگە ئېرىشىشتۇر.

بۇرۇن شاڭخەيلىكلەرنىڭ ئەقىللىقلىقى ئىپادىلەنگەن مۇنداق بىر يۇمۇرىستىك ھېكايە بولغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر مىلچمال دۇكىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان ئىدى. ئۇ يىللىرى دەل ھېلىقى20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىكى تاۋار مال قىس بولغان مەزگىل بولۇپ، دۇكانلاردا پۇل ئالغۇچ يوق بولغاچقا سودا قىلىشقان ۋاقىتتا مال ساتقۇچى پۇلنى بىۋاسىتە ئېلىپ پۇل ساندۇقىغا تاشلايتتى. بىر كۈنى، بىر تەپەر خېرىدار كەپتۇ. مال ساتقۇچى بۇ ۋاقىتتا يوكەيدىن يىراقراق قويۇپ قويۇلغان پۇل ساندۇقىنىڭ قېشىدا تۇرغان بولۇپ، ئۇ ھېلىقى خېرىدارنى كۆرۈپلا دەرھال ئالدىغا بېرىپ ئەھۋال سورىماپتۇ بەلكى خۇشياقمىغان ھالدا يىراقتىنلا«سىزگە نېمە كېرەك؟» دەپ سوراپتۇ.

— پىۋا ئالاتتىم، — دەپتۇ ھېلىقى خېرىدار.

— قانچە بوتۇلكا ئالاتتىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ مال ساتقۇچى.

— ئىككى بوتۇلكا ئالاتتىم، قانچە پۇل بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ خېرىدارمۇ سەل كەيپى ئۇچقان ھالدا.

— ئىككى يۈەن بولىدۇ، سىزدە ئىككى يۈەنلىك پارچە پۇل بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى مال ساتقۇچى سوغۇققىنە قىلىپ.

— يوق! — دەپتۇ ھېلىقى خېرىدارمۇ سوغۇقلا قىلىپ.

— ئۇنداقتا سىزدە قانچە يۈەنلىك پۇل بار؟ — دەپ سوراپتۇ مال ساتقۇچى يەنىلا شۇنداق غادايغان ھالەتتە.

— ئون يۈەنلىك پۇل بار، — دەپتۇ ھېلىقى خېرىدارنىڭ تېخىمۇ كەيپى ئۇچۇپ.

بىر مەھەل سوئال ـ جاۋابلاردىن كېيىن، ھېلىقى مال ساتقۇچى ئالدى بىلەن بىر-بىرلەپ ئېلىپ بىرىپ پىۋا ئاندىن پۇل ئالماستىن، بەلكى پۇل ساندۇقىدىن سەككىز يۈەن پۇل ئالغاندىن كېيىن بىر-بىرلەپ پىۋا ئاپتۇ ۋە ئۇنى ھېلىقى پۇل بىلەن قوشۇپ خېرىدارغا بىرىپ ئۇنىڭ قولىدىكى ئون يۈەننى ئېلىپ پۇل ساندۇقىغا سالىپتۇ.

سىز بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەپچىل ئۇسۇلنى بايقىيالىدىڭىزمۇ؟ ئەگەر ئۇ مال ساتقۇچى ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشاش ئارىلىقتا بىر-بىرلەپ كېلىپ تۇرغان بولسا ئۈچ قېتىم ماڭاتتى، ئەمما ئۇ خېرىدارغا قايتۇرىدىغان پۇل بىلەن مالنى ئالدى بىلەن بىرىدۇ ۋە ئۇنىڭ قولىدىكى پۇلنى غەللە ساندۇقىغا سالىدۇ، بۇنداق بولغاندا ئۇ بىر قېتىملىق يولنى ئاز ماڭىدۇ. بۇ ھېكايىدە ئىپادىلەنگىنى بولسا بىر خىل ئۈنۈملۈك تەپەككۇردۇر.

ئۈنۈملۈك تەپەككۇر بولسا ئۈنۈمنى تەپەككۇر قىلىش پائالىيىتىگە ئاڭلىق ھالدا سىڭدۈرۈش ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى بولغان نەتىجىگە ئېرىشىشتۇر.

تۆۋەندىكى ئىككى ھېكايىدىمۇ ئۈنۈملۈك تەپەككۇرنىڭ تىپىك مەزمۇنلىرى سۆزلەنگەن.

1972 ـ يىلى3 ـ ئايدا كورېيەدىكى داڭلىق باي چۇڭ جۇيۇڭنىڭ ۋېيشەن كېمىسازلىق زاۋۇتى رەسمىي ھالدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈش بىلەن بىرگە مۇنداق بىر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ. يەنى ئۇلار ياساۋاتقان ئىككى دانە ماي پاراخوتنى تاپشۇرۇش ۋاقتى بارغانسىرى يېقىنلاپ قالغان ئىدى.

ئەگەر ئادەتتىكى قائىدە بويىچە ئالدى بىلەن كېمىسازلىق زاۋۇتىنى قۇرۇپ بولۇپ، ئاندىن كېيىن ئىش باشلاپ پاراخوت ياسايدىغان بولسا، مالنى قەرەلىدە تاپشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن چۇڭ جۇيۇڭ كەسكىنلىك بىلەن پۈتۈن دۇنيادىكى كەسىپداشلىرىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان مۇنداق بىر قارار چىقىرىدۇ. يەنى، پاراخوت



ياساش بىلەن زاۋۇت قۇرۇشنى تەڭ ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلىدۇ. ئۇ «تېز بولۇش، تېخىمۇ تېز بولۇش» تەك شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئىككى تۈرلۈك قۇرۇلۇش كېچە ـ كۈندۈز توختىماستىن ئېلىپ بېرىلىدۇ، ۋېيشەن كېمىسازلىق زاۋۇتىدىكى دوك كولاش مەشغۇلاتى ياپونىيەنىڭ «كىنى جىما » كېمىسازلىق زاۋۇتى ساقلاپ كېلىۋاتقان ھەر كۈنلۈكى5000 كۇب مېتىرلىق دۇنيا رېكورتىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن ئىدى.

27ئايلىق جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق ۋېيشەن كېمىسازلىق زاۋۇتى بىلەن ئىككى دانە ماي پاراخوتى بىرلا ۋاقىتتا ياسىلىپ تاماملىنىدۇ. بۇ شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ قىسقا مۇددەتتىكى قۇرۇلۇش تاماملاش رېكورتى بولۇپ قالىدۇ. يەنە كېلىپ پاراخوت ياساش بىلەن زاۋۇت قۇرۇشنىڭ ھەر ئىككىسىنى تەڭلا ئېلىپ بېرىشمۇ دۇنيا كېمىسازلىق تارىخىدىكى بىر ئابىدە بولۇپ قالىدۇ.

ياڭيۇ گېرمانىيەلىكلەرنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرۈپ يەيدىغان يېمەكلىكى بولۇپ، گېرمانىيە يېزىلىرىدا ياڭيۇ ئەڭ ئاساسلىق تېرىلىدىغان زىرائەتلەرنىڭ بىرسىدۇر. ھوسۇل يىغىۋېلىش مەزگىلى يېتىپ كەلگەن ۋاقىتتا دېھقانلار ئالدىراش بولۇپ كېتىشەتتى. ئۇلار ياڭيۇنى ئېتىزلىقتىن يىغىۋېلىپلا قالماستىن بەلكى يەنە ئۇنى يېقىن ئەتراپتىكى شەھەرگە ئەكىرىپ ساتاتتى. ئەسلىدە، دېھقانلارنىڭ مۇنداق بىر ئادىتى بولۇپ، ئۇلار ياڭيۇ يىغىۋالغان ۋاقىتتا ئۇلارنى چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىۋالاتتى. بۇنداق بولغاندا شەھەرگە ئاپىرىپ ساتقاندىمۇ ياخشى باھاغا ساتقىلى بولىدىغان بولۇپ، ھەممىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ ساتقانغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشەلەيتتى. ئەمما كىچىك تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرغان ياڭيۇلارنى تۈرگە ئايرىشمۇ ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭغا ۋاقىت كېتىشتىن باشقا يەنە شەھەرگە ئاپىرىپ سېتىش ۋاقتىمۇ كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتەتتى. كېيىنچە كىشىلەر ناھايىتى قىزىقارلىق بولغان مۇنداق بىر ئىشنى بايقايدۇ. خەنسىن ئىسىملىك بىر ئائىلە بولۇپ، ئۇلار ئەزەلدىن ياڭيۇلارنى تۈرگە ئايرىمايدىكەن، بەلكى ياڭيۇلارنىڭ ھەممىسىنى شۇ پېتىلا تاغارغا قاچىلاپ شەھەرگە ئاپىرىپ ياخشى باھادا ساتىدىكەن. بۇ قانداق ئىش؟ ئەسلىدە خەنسىن ياڭيۇلارنى شەھەرگە ساتقىلى ئېلىپ ماڭغان ۋاقىتتا ماشىنىنى تۈز يولدا

ھەيدىمەستىن بەلكى ئوڭغۇل - دوڭغۇل بولغان كاتاڭ يوللاردا ھەيدەيدىكەن. بۇنداق بولغاندا بۇ 10 چاقىرىملىق ئېگىز - پەس كاتاڭ يوللاردا كىچىك ياڭيۇلار تەبىئىيلا تاغارنىڭ ئەڭ ئاستى تەرىپىگە يىغىلىپ، چوڭلىرى ئۈستى تەرىپىگە يىغىلىپ قالىدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ بازارغا بارغاندا يەنىلا چوڭ - كىچىك بويىچە تۈرگە ئايرىپ ياخشى باھادا ساتالايدىكەن. ئەقىللىق خەنسىن ئەمگەك كۈچىنى تېجەپلا قالماستىن بەلكى يەنە قىممەتلىك ۋاقتىنىمۇ تېجەپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ياڭيۇلىرى ھەمىشە باشقىلارنىڭكىدىن بۇرۇن بازارغا كىرىدىكەن - دە، تەبىئىي ھالدىلا ياخشى باھادا سېتىلىدىكەن.

بۇنى ئاددىي بىر تىل بىلەن ئىپادىلىگەندە، ئۇنۇملۇك تەپەككۇر بولسا بىر چالمىدا كۆپ پاختەكنى سوقۇش ئىدىيەسىدۇر.

ياپونىيەدە بىر كىشى ئاشخانىدىكى خىزمەت ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئېلېكتىرلىك بۇرغا، پاياتلاش تۇرۇبىسى، زەنجىرلىك ھەرە قاتارلىق «مۇھىم ھەربىي قورallar» نى ئاشخانىغا ئەكىرىپ ھۇنىرىنى كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ. مەسىلەن: پاياتلاش تۇرۇبىسىنىڭ گاز پۈركۈش ئېغىزىنى دوخۇپكا ئورنىدا ئىشلەتكەن بولۇپ، پىرەنىك ئۈستىدىكى پىشلاق ياكى قايماق قاتارلىقلارنى قىزىتماقچى بولغاندا ھېلىقى پاياتلاش تۇرۇبىسىنىڭ ئېغىزىدا ئازراق پۈركۈپ قويسىلا بولاتتى، بۇنداق بولغاندا بىر پۈتۈن پىرەنىكنىڭ ھەممىسىنى دوخۇپكا ئىچىگە سېلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ناھايىتى نۇرغۇن ۋاقىت ۋە كۈچنى تېجەپ قاپتۇ.

لەمبورلىن بولسا ئامېرىكىدىكى بىر كومپيۇتېر شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى بولۇپ، ئۇ قىش پەسلىنىڭ بىر كۈنى بولغان ئىش ئىدى. ئۇ كۈنى، ئۇ يىغىن زالىدا يىغىن ئېچىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ئىسسىقلىق تەمىنلەش سىستېمىسىدا مەسىلە كۆرۈلۈپ زالنىڭ ئىچى ناھايىتى سوۋۇپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى تېزرەك پىكىر بايان قىلىپ ئۆيىگە يالدۇرراق قايتىپ كەتمەكچى بولۇشىدۇ. نەتىجىدە 10 مىنۇت ئىچىدىلا بۇ مەسىلىمۇ ھەل قىلىنىدۇ. كىم بىلسۇن، لەمبورلىن بۇ مەسىلە بىلەن خىزمەت ئۇنۇمىنى قانداق قىلغاندا يۇقىرى كۆتۈرگىلى

بولىدۇ، دىگەن يەنە بىر مەسىلىنى ئۇنۇملۇك ھالدا باغلاشتۇرۇپ چىقىدۇ. ئۇ مۇشۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ خىزمەت ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ناھايىتى ياخشى ئامالدىن بىرنى تاپىدۇ. يەنى، بۆلۈم مەسئۇللىرى چوقۇم زور مۇھىم قارارلارنى چىقىرىدىغان ۋاقىتتا، ئۇ ئۇلارنى چوڭ ـ كىچىكلىكى 63 كىۋادرات مېتىر بولغان ناھايىتى سوغۇق بولغان بىر يىغىن زالىغا باشلاپ كىرىدىكەن. ئۇ يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن بولۇپ، بۇ مەسئۇل خادىملار ئادەتتىكى كىيىمى بىلەنلا ئۇ يەردە ئولتۇرىدىكەن. ھېچكىممۇ ۋاقىتنى قۇرۇق گەپ قىلىپ ئىسراپ قىلىشقا پېتىنالمايدۇ ـ دە، بەزى مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقىمۇ10 ــ15مىنۇتقىچىلا ۋاقىت كېتىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ دىرېكتور بىناسى ئىشخانىسىدا مانا مۇشۇنداق سوغۇق يىغىن زالىدىن بىرسى پەيدا بوپتۇ، ئەمما شىركەتنىڭ پايدىسى ئۈچ ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ.

# 32. ئاجرىتىش شەكلىدىكى تەپەككۇر

ئاجرىتىش شەكلىدىكى تەپەككۇر بولسا بىر خىل مۇستەقىل بولغان يېڭىلىق يارىتىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ پىرىنسىپى چوڭنى كىچىك قىلىش، پۈتۈننى پارچە قىلىش، چوڭ نىشاننى پارچىلاپ كىچىك نىشانغا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن يىغىنچاقلاپ، خۇلاسە قىلىپ يېڭىلىق يارىتىش مەقسىتىگە يېتىشتىن ئىبارەتتۇر.

قەدىمدە پەن - تېخنىكا بەك تەرەققىي قىلمىغان ئىدى. مەسىلەن: كىشىلەر قەدىمدە ئىشلىتىدىغان تارازىنىڭ ئەڭ چوڭلىرىمۇ بىر قېتىمدا ئاران 200 جىڭ نەرسىنى ئۆلچەپ چىقالايتتى.

بىر قېتىم، ساۋساق كۆپچىلىكنى بىر دانە چوڭ پىلنى ئۆلچەپ بېقىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەمما كۆپچىلىك قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قېلىشىپتۇ. چۈنكى پىلنىڭ ئېغىرلىقى بىرنەچچە مىڭ جىڭ كېلىدىغان بولۇپ، ئۇنى ئۇششاق پارچىلىغىلى تېخى بولمىسا، ئۇنى ئۆلچىگىدەك چوڭ تارازىنى نەدىن تېپىش كېرەك؟

كاللىسىنى ئىشلىتىشكە ئامراق كىچىك ساۋچۇڭ بىر ياخشى ئامالنى ئويلاپ چىقىدۇ: يەنى، ئالدى بىلەن بىر كېمىگە بۇ پىلنى چىقىرىشىدۇ ۋە كېمىنىڭ سۇغا چۆككەن جايىغا بەلگە سىزىپ قويۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن پىلنى كېمىدىن چۈشۈرىۋېلىپ ئۇ كېمىگە ھېلىقى بەلگە سىزىلىنغان جايىغا كەلگۈچىلىك تاش قاچىلايدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ھېلىقى تاشلارنى تارازا بىلەن بىر - بىرلەپ ئۆلچەپ چىقىپ، ئۆلچەپ چىقىلغان سانلارنى ئۆزئارا قوشۇپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئۇسۇل بىلەن تېپىپ چىقىلغان ئېغىرلىق دەل ھېلىقى پىلنىڭ ئېغىرلىقى بولىدۇ. تاش پارچىسىدىن پايدىلىنىش ساۋچۇڭنىڭ كېمە ئارقىلىق پىلنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەپ

چىقىشتىكى بىر مۆجىزىسى ئىدى.

كىچىك ساۋچۇڭ شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلاردىن ئەقىللىق بولالىغانكى، ئۇ باشقىلارغا ئوخشىمىغان ھالدا ئىجادىي تەپەككۇر شەكلىدىكى «ئېلېمېنتلارنى ئالماشتۇرۇش — تەڭ قىممەتلىك بولۇش — ئاجرىتىش — يىغىندىنى تېپىش» تەك پىرىنسىپنى قوللانغان ئىدى.

بۇ پىرىنسىپ تۆۋەندىكى باسقۇچلار بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ:

بىرىنچى باسقۇچ، ئالدى بىلەن ئالماشتۇرۇش شەكلىدىكى تەپەككۇر ئارقىلىق ئورنىغا ئالماشتۇرۇلىدىغان نەرسە تېپىپ چىقىلىدۇ: پىلنى ئۇششاق پارچىلاشقا بولمىغىنى بىلەن ئەمما تاشنى پارچىلاشقا بولىدۇ، شۇڭلاشقا، ماس كەلگەن ئېغىرلىقتىكى تاش پارچىلىرىنى پىلنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرغان.

ئىككىنچى باسقۇچ، كۆزقاراشتىكى چەك - چېگرادىن ھالقىپ چىقىپ، ئەنئەنىۋى مەنىدىكى «تارازا» ئۇقۇمىدىن ھالقىپ چىقىلىپ، تەپەككۇرنىڭ قاتمۇقات رامكىلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈلىدۇ ۋە تارقىلىشچان شەكلىدىكى چوڭايتىش پىرىنسىپى قوللىنىلىپ، يېڭىلىق يارىتىش شەكلىدىكى نۇقتىئىنەزەر كىچىك تارازىدىن نەچچە مىڭ ھەسسە چوڭ بولغان كېمىگە يۆتكىلىدۇ، چوڭ كېمىنى تارازا دەپ قاراپ تۇرۇپ، كېمە بىلەن سۇدىن پايدىلىنىپ تەڭ قىممەتلىك تەپەككۇر قوللىنىلىپ تاشنىڭ ئېغىرلىقلىرى ئۆلچەپ چىقىلىدۇ.

ئۈچىنچى باسقۇچ، ئاجرىتىش شەكلىدىكى تەپەككۇر قوللىنىلىپ، تاشنىڭ ئېغىرلىقى قەدەممۇقەدەم ھالدا ئۆلچەپ چىقىلىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇ سانلارنى ئۆزئارا قوشۇپ تاش پارچىسىنىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقى تېپىپ چىقىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پىلنىڭ ئېغىرلىقىمۇ تېپىپ چىقىلغان بولىدۇ.

ئاجرىتىش شەكلىدىكى تەپەككۇر بولسا بىر خىل مۇستەقىل بولغان يېڭىلىق يارىتىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ پىرىنسىپى چوڭنى كىچىك قىلىش، پۈتۈننى پارچە قىلىش، چوڭ نىشاننى پارچىلاپ كىچىك نىشانغا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن ئاندىن يىغىنچاقلاپ خۇلاسە قىلىپ يېڭىلىق يارىتىش مەقسىتىگە يېتىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىجادىي تەپەككۇر يېتىلدۈرۈشتە ئاجرىتىش شەكلىدىكى تەپەككۇر قوللىنىلىپ ئوخشاش



ئۇنۇم هاسىل قىلغىلى بولىدۇ.
تەبىئەت دۇنياسىدىكى «چۇمۇلىنىڭ ئۆي كۆچۈش» هادىسىسىمۇ ئاجرىتىش شەكلىدىكى تەپەككۇرنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.
ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزدا ئاجرىتىش شەكلىدىكى تەپەككۇرمۇ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ئائىلە سايمانلىرىنى قۇراشتۇرۇش، ئويۇنچۇقلارنى قۇراشتۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ هەممىسىدە ئاجرىتىش شەكلىدىكى تەپەككۇر جانلىق هالدا قوللىنىلغان بولىدۇ.

ئامېرىكىدا مونوپوللۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى دەيدىغان قانۇن بولۇپ، كۆپلىگەن كارخانىلار مۇشۇ سەۋەبلىك تاقىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئىكەن.

ئامېرىكا موبىل نېفىت شىركىتى ئامېرىكا بويىچە خېلى نامى بار شىركەت بولۇپ، تەبىئىي هالدىلا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. پارلامېنت باشقىلارنىڭ سۆز - چۆچەكنىڭ بېسىمى ئاستىدا موبىل شىركىتىنى ئەرز قىلىدۇ، قارىغاندا بۇ قېتىم موبىل شىركىتى بېشىغا كەلگەن بۇ بالا - قازادىن ئامان قالمايدىغاندەك قىلاتتى. بۇ ۋاقىتتا شىركەتكە ياللىنىپ ئىشلەۋاتقان ئادۋوكاتلىق ئىش بېجىرىش ئورنىدىكى جون.فوستېر.دولاس ئىسىملىك بىر خىزمەتچى ناهايىتى قالتىس بىر تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ چىقىدۇ. ئۇ ھەرقايسى ئىشتاتتىكى بارلىق تارماق شىركەتلەرنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلاش تەكلىپىنى يەنى، نيۇيورك موبىل نېفىت شىركىتى، يېڭى جېرسىي موبىل نېفىت شىركىتى، كالىفورنىيە موبىل نېفىت شىركىتى، ئىندىيانا نېفىت شىركىتى قاتارلىقلارغا ئايرىلىپ كېتىش تەكلىپىنى بېرىدۇ. بۇ شىركەتلەر گەرچە هەممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ نامى ۋە خوجايىنلىرى بولغان بولسىمۇ ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ هەممىسى يەنىلا بىر پۈتۈن گەۋدە

بولغان موبىل شىركىتىدىن ئىبارەت ئىدى.

ئەقىللىق دولاس بۇ ئىش ئۈچۈن بىر ھەپتىگىچە كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك ئىشلەپ، ھەرقايسى مۇستەقىل بولغان شىركەتلەرگە كېڭەش پالاتاسىنىڭ تەكشۈرۈشى ئۈچۈن مۇستەقىل ھېسابات تۈزۈپ بېرىدۇ. بارلىق تىرىشچانلىقلار ئاخىر بىكارغا كەتمەيدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا كېڭەش پالاتاسى تەكشۈرۈشنى تۈگىتىپ رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ، ھەم ئەرز قىلىش توغرىسىدىكى ئىشلارنىمۇ قايتا تىلغا ئالمايدۇ.

دولاسنىڭ پۈتۈننى پارچە قىلىپ ئورۇننى ئالماشتۇرۇۋېتىش ھىيلىسى ئەمەلىيەتتە، سىرتقى ھالەتنى قۇربان قىلىپ ماھىيەتنى ساقلاپ قېلىش - تىكى بىر خىل ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ بىر خىل ئۆزىنى قوغداش ئۇسۇلىدۇر.

## 33. «خېتىيەن»چە تەپەككۇر

«خېتىيەن»چە شەكىللىنىدىغان تەپەككۇر بىزگە مۇنداق بىر ئىلھامنى بېرىدۇ يەنى، بىزنىڭ چوڭ مېڭىمىز دائىم چايقاپ تۇرۇشقا موھتاج بولۇپ، ئۇنىڭدىن قالايمىقان بولۇپ كەتكەن تەرتىپ يېڭىباشتىن بىرىكىدۇ. بۇنداق بولغاندا بىزنىڭ «نەزەر دائىرىمىز» ھەر دائىم بىر خىل يېڭى مەنىنى ساقلاپ قالالايدۇ، چەكسىز بولغان گۈزەل مەنزىرىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا ئۈزۈكسىز تەرەققىي قىلالايدۇ.

«خېتىيەن»چە ئۇسۇلنى دۆلىتىمىزدىكى ئىجادىيەتشۇناسلىق ئىلمىي تەتقىقاتچىسى شۇ لىيەن، جاڭفۇكۇي ۋە شاڭخەي شەھىرى خېتىيەن يولى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن جەدۋەللىك سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ۋە باشقا ئۇسۇللار ئاساسىدا تاللاپ خۇلاسىلەپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگىنى يوشۇرۇن ئىجاد قىلىش كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا دائىم ئۇچرايدىغان ھەمدە مەشغۇلات قىلىشقا قولاي بولغان ئاساسلىق ئۇسۇللاردۇر. بۇ ئۇسۇللارنى ئىگىلەشمۇ ئاسان بولۇپ، يوشۇرۇن ئىقتىدارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئەمەلىي قوللىنىشقا ياردەم بېرىدۇ.
«خېتىيەنچە ئۇسۇل» نىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) قوشۇپ بېقىش.

مەلۇم خىل نەرسىگە مەلۇم خىل نەرسىنى قوشۇشقا بولامدۇ ـ يوق؟ ئۇنى چوڭايتىپ باقايلى، ئېگىزلىتىپ باقايلى، توملاشتۇرۇپ باقايلى، مۇشۇنداق قىلىشقا بولامدۇ ـ بولمامدۇ؟ بۇ نەرسە بىلەن باشقا نەرسىلەرنى بىر يەرگە قويغاندا قانداق نەتىجە كېلىپچىقىدۇ؟ ئىشلىتىش ۋاقتى ياكى قېتىم سانىنى ئاشۇرۇش كېرەكمۇ؟

ئالەم ئايروپىلانى ئەمەلىيەتتە بولسا راكېتا، ئايروپىلان ۋە ئالەم كېمىسى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. ماشىنا بىلەن ئېلېكتىر

بىرلەشتۈرۈلگەن سانائەت مەھسۇلاتلىرى ۋە تۇرمۇش مەھسۇلاتلىرىنى ھەممە يەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن: تىزگىنەكلىك ئىستانوك، ئاپتوماتىك كىر ئالغۇ، ئېلېكتىرونلۇق تارازا، ئېلېكتىرونلۇق رەسىم تارتىش ئاپپاراتى قاتارلىقلار. نەنجىڭ شەھەرلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى سۇڭ شياۋيۇ «قوشۇپ بېقىش» تەك ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئىستاكانلىق رەڭ تەڭشەش تەگلىكىنى ئىجاد قىلىپ چىققان ئىدى. ئۇ ئۇزىراپ قىسقىرايدىغان ئىستاكاندىن ئىلھام ئېلىپ، ئىستاكاننى رەڭ تەڭشەش تەگلىكىگە مۇقىملاشتۇرۇپ قويغان بولۇپ، ئىستاكاننى ئىشلەتكەندە ئۇنى تارتىپ چىقىرىدۇ، ئىشلەتمىگەن ۋاقىتتا سۇنى تۆكۈۋېتىپ ئىستاكاننى يىغىپ قويىدۇ؛ ئۇ يەنە رېزىنا ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئىستاكان بىلەن رەڭ تەڭشەش تەگلىكىنى تۇتاشتۇرۇپ قويغان بولۇپ، ئۇلارنى ھەر ۋاقىت ئاجرىتىۋېتىشكە بولاتتى. شەھەرلەردە يەرلەر قىس بولسا يۇقىرى بوشلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلىشقا بولىدۇ. ياپونىيە تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان دەرىجىدىن تاشقىرى ئېگىز بىنا «بوشلۇقتىكى شەھەر» نىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى800 گېكتار بولۇپ،130 مىڭ ئادەمنى سىغدۇرالايدۇ، ئۇنىڭ تاماملىنىش ۋاقتى 14 يىل قىلىپ بېكىتىلگەن ئىدى. «يۇقىرى بوشلۇقتىكى ساقچى بىناسى» نىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى1100 گېكتار بولۇپ، ئېگىزلىكى2000 مېتىر، 300 مىڭ ئادەم سىغقۇدەك قىلىپ لايىھەلەنگەن ئىدى.

(2) كېمەيتىپ بېقىش

بۇ نەرسىدىن بەزى نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشكە بولامدۇ ـ بولمامدۇ؟ ئۇنى ئازراق كېمەيتىپ باقايلى، تۆۋەنلىتىپ باقايلى، يەڭگىللەشتۈرۈپ باقايلى، بولامدۇ ـ بولمامدۇ؟ بەزى نەرسىلەرنى قىسقارتىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولامدۇ ـ بولمامدۇ؟ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىشكە بولامدۇ ـ بولمامدۇ؟ قېتىم سانىنى ئازايتىشقا بولامدۇ ـ بولمامدۇ؟ ۋاقىتنى قىسقارتىشقا بولامدۇ؟

سىمسىز تېلېفون، سىمسىز تېلېگراف ھەمدە ئادەمسىز بىلەت سېتىش، ئادەمسىز ئايروپىلان ھەيدەش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كېمەيتىپ باققانلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر. كېمەيتىپ بېقىشتەك ئۇسۇلنى قوللىنىش ئارقىلىق كۆز ئەينەكنىڭ جاھازىسىنى ئېلىپ تاشلىۋەتسەك، ئاندىن

كېيىن كىچىك ئەينەكنىمۇ كېمەيتىۋەتسەك، ئۇ ھالدا بىز كۆرۈنمەس كۆز ئەينەكنى ئىجاد قىلغان بولىمىز. پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىشلەتكىلى بولمايدىغان نۇرغۇنلىغان مەھسۇلاتلار يېنىكلەشكە، ئىپىزلەشكە، قىسقا بولۇشقا، كىچىك بولۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلماقتا. ياپونىيە شارپ شىركىتى 1978 - يىلى ئىشلەپچىقارغان «EL-8152» تىپلىق ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچ بىلەن1964 - يىلى ئىشلەپچىقارغان «10A-CS» تىپلىق ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچنى ئۆزئارا سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئېغىرلىق نىسبىتى ئەسلىدىكى ئېغىرلىقنىڭ 694 / 1، قېلىنلىق نىسبىتى ئەسلىدىكى قېلىنلىقىنىڭ 1/156، ئۇزۇنلۇقى ئەسلىدىكى ئۇزۇنلۇقىنىڭ 1/47 سى بولغان، ھەجمىمۇ ئەسلىدىكى ھەجمىنىڭ 1/4400 ىچىلىك بولغان. مەزكۇر شىركەت لايىھەلەپ ياساپ چىققان تامغا ئاسىدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى ئىپىز تېلېۋىزورنىڭ سۈرەت دىياگونال سىزىقى 24 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى پەقەت ئۈچ سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى پەقەت 1.5 كىلوگىرام كېلىدۇ.

كىچىككىنە نۇقسان بولغان مەھسۇلاتمۇ خېرىدارلارنىڭ نەزىرىدە ئالەمچە نۇقسانى بولغان مەھسۇلات بولۇپ قالىدۇ. ئامېرىكا لەننىر شىركىتى خېرىدارلارنىڭ پسىخىكىسىنى تولۇق ئىگىلىيەلىگەنلىكى ئۈچۈن «نۇقسانسىز پىرىنتېر» نى ياساپ چىقىپ بازارغا سالىدۇ.

(3) كېڭەيتىپ بېقىش

بۇ نەرسىنى چوڭايتقاندا قانداق بولىدۇ؟ ئىقتىدار جەھەتتىن يۇقىرىلاتقىلى بولامدۇ؟

كەڭ ئېكرانلىق كىنو، پىروېيكسىيەلىك تېلېۋىزور، پىروېيكسىيەلىك ئوقۇتۇش قوراللىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى «كېڭەيتىپ بېقىش» نىڭ نەتىجىسىدۇر. بىر ئەسۋابنى كۆپ خىل ئۇسۇلدا ئىشلىتىدىغان ئەھۋاللار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. مەسىلەن: كۆپ ئىقتىدارلىق پىچاق، كۆپ ئىقتىدارلىق قايچا، كۆپ ئىقتىدارلىق ئەتۈرگە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىقتىدار جەھەتتىن كېڭەيتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بېيجىڭ شەھەرلىك خەيدىڭ رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق ياش جاڭ چاۋخۇي ئائىلە ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئەمما روزېتكا تۆشۈكلىرىنىڭ چەكلىك بولۇپ ئىشلەتكەندە قولاي ئەمەسلىكىنى بايقايدۇ ۋە كۆپ تۆشۈكلۈك روزېتكا

لايىھەلەپ چىقىش خىيالىغا كېلىدۇ. ئۇ ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىرلىق ياغاچ تاختاينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇزۇنلۇقى 8 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 20 سانتىمېتىر بولغان بىر تال ياغاچ پارچىسىنى مىخلاپ چاتقۇچنى چېتىپ، ئاندىن كېيىن ئىككى تال مىس ياپراقچىنىڭ بىر ئۇچى تەرەپكە ئېلېكتىر توك مەنبە سىمىنى تۇتاشتۇرۇپ ئۇنى مۇۋاپىق چوڭلۇقتىكى قۇتىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزىدۇ.شۇنداق قىلىپ كۆپ تۆشۈكلۈك روزېتكا ياساپ چىقىدۇ. ئامېرىكىدا تەتقىق قىلىپ ياسالغان «بۇيرۇق مەركىزى» نىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى كۆپ بولۇپ، ئاۋازلىق ۋاقىت مەلۇم قىلىشتىن باشقا يەنە 16 خىل ئائىلە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ توك مەنبەسىنى كونترول قىلالايتتى. مانا بۇلار ئىقتىدار جەھەتتىكى كېڭەيتكەنلىكنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

(4) كىچىكلىتىپ بېقىش

بۇ نەرسىنى بېسىپ كىچىكلەتكەندە قانداق بولىدۇ؟ ئۇنى قاتلاشقا بولامدۇ ـ يوق؟

نۆۋەتتە، ئىشلىتىلىشى ئەپچىل بولغان كىچىك مەھسۇلاتلارنىڭ بازار رىقابىتى كۈنسېرى ئالدىنقى قاتارغا ئۆتمەكتە. ياپونىيە جىڭگۇڭ شىركىتى ياساپ چىققان يانچۇق تېلېۋىزورى پەقەت ئىككى دىيوم چوڭلۇقتا بولۇپ، قولغىمۇ پاتىدۇ. ياپونىيە بازارلىرىغا بىر خىل «كىچىك تىپتىكى كۆپەيتكۈچ» سېلىنغان بولۇپ، ئۇ پەقەت خاتىرە دەپتەرچىلىك چوڭلۇقتا بولغاچقا خالىغانچە ئېلىپ يۈرۈشكە بولاتتى، ھەم گېزىت ـ ژۇرناللاردىكى ماقالە ۋە ماتېرىياللارنى خالىغان ۋاقىتتا كۆپەيتىشكە بولىدىغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىش ۋە خىزمىتىگە زور قولايلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. شاڭخەي شەھەرلىك مەلۇم باشلانغۇچ مەكتەپ 5 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى فاڭلى ئىجاد قىلغان «كۆپ ئىقتىدارلىق چۈشۈپ چىقىدىغان ۋاسكېتبول جاھازىسى» ئىلگىرى كۆپ قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ھەمدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۇرۇلگەن. ئۇ تەنتەربىيە دەرسى ۋاقتىدا پۈتۈن سىنىپتىكى ئون نەچچە نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ۋاسكېتبول مەيدانىدا قاتار بولۇپ ئۆرە تۇرۇپ نۆۋەت بىلەن توپ تاشلاۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقىتىنىڭ ئۆرە تۇرۇشقا سەرپ بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن بەدەن چېنىقتۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمىغانلىقىنىڭ ئۈستىگە تېخنىكىسىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرەلمەيۋاتقانلىقىنى

بايقايدۇ. ۋاسكېتبول جاھازىسىنىڭ ئېگىزلىكى بىر خىللا بولغاچقا ئوخشاش بولمىغان ياش باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ چېنىقىشىغىمۇ ماس كەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىغا يېڭىچە ۋاسكېتبول جاھازىسى ياساش خىيالى كېلىدۇ. ئەمما جاھازىغا بىر قانچە تال گار سېۋىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئاسان بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ ئېگىزلىكىنى خالىغانچە كۆتۈرۈپ چۈشۈرۈشكە بولىدىغان قىلىپ ياساش ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىدى. كېيىنچە ئۇ ئېگىزلىكىنى تەڭشەشكە بولىدىغان شامالدۇرغۇچتىن ئىلھامغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەرگە قويۇپ قويۇلغان شامالدۇرغۇچنىڭ ئېگىزلەپ پەسىيىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ئېگىزلىكىنى تەڭشىگىلى بولىدىغان ۋاسكېتبول جاھازىسىنى لايىھەلەپ چىقىدۇ. سابىق دۆلەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شۇ يەنشىڭ بۇ كەشپىياتنى ناھايىتى ماختاپ كېتىدۇ. ئۇ: «بۇ كىچىك كەشپىيات ھەقىقەتەنمۇ چوڭ مەسىلىنى ھەل قىلىۋەتتى، كۆپ يىللاردىن بۇيان مۇشۇنداق شەكىلدىكى بىر ۋاسكېتبول جاھازىسى بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىدىم، ئەمما بۇنى بىر كىچىك بالىنىڭ ياساپ چىقىشىنى ھەقىقەتەن ئويلىماپتىمەن» دەيدۇ.

(5) ئۆزگەرتىپ بېقىش

شەكلىنى، رەڭگىنى، ئاۋازىنى، تەمىنى، پۇرىقىنى ئۆزگەرتىپ باقساق قانداق بولار؟ تەرتىپىنى ئۆزگەرتىپ باقساق قانداق بولار؟

ھازىرقى زامان كارخانا باشقۇرۇش مەھسۇلاتلارنىڭ ئۈزۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنى سىزدە بولمىسا مەندە بار، سىزدە بار بولسا مەن ئۇنى كەسپىلەشتۈرىمەن. سىز ئۆزگەرتسىڭىز مەنمۇ ئۆزگەرتىمەن. پەقەت باشقىلارنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، باشقىلار ئويلاپ باقمىغان ئىشلارنى ئويلىيالىغاندا، باشقىلار قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى قىلالىغاندا ئاندىن مەڭگۈ غالىبىيەتلىك ئورنىدا تۇرغىلى بولىدۇ. «بىر ئېغىزدا يەپ، ئىككى قولدا تۇتۇش، ئۈچ كۆزدە كۆرۈش كېرەك»، نۇرغۇنلىغان كارخانىچىلار بازار ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ ئىستېمال بازىرىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلماقتا. يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا، بىر ئەۋلاد ئىشلەپچىقارغاندا يەنە بىر ئەۋلادنى سىناق قىلىش، بىر ئەۋلادنى تەتقىق قىلىپ چىقىش، يەنە بىر ئەۋلادنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئويلاش كېرەك. ماي قەلەم يەككە رەڭلىك بولۇش شەكلى

بىلەن مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا ھالدا قوش رەڭلىك، ئۈچ خىل رەڭلىك بولۇپ ياسالدى. ئەمما ئۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماي يەنە ھازىر ئىشخانىدا خىزمەت قىلغۇچىلارغا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە ماس كېلىدىغان شەكىللەردىكى كۆپ خىل شەكىللىك ۋە كۆپ خىل رەڭلىك ماي قەلەملەر ياسالدى. گازىر يېغىمۇ ئىلگىرىكى يەككە تەملىك بولۇشتىن ھازىرقى سۈت تەملىك، كالا گۆشى تەملىك، جاڭيۇ تەملىك، بەش خىل پۇراقلىق تەملىك، غەيرىي تەملىك قاتارلىق كۆپ خىل تۈرگە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. تەتقىقاتقا ئاساسلانغاندا، سېرىق يورۇقلۇق بىلەن تۈرۈپىنى يورۇتۇپ بەرگەندە ئۇنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلەتكىلى بولىدىكەن؛ قىزىل نۇر بىلەن تۈرۈپىنى يورۇتۇپ بەرگەندە ئۇنىڭ مەھسۇلاتىنى بىر ھەسسە ئاشۇرغىلى بولىدىكەن. ئوخشاش بولمىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئوخشاش بولمىغان رەڭلىك يېزا ئىگىلىكتە ئىشلىتىدىغان سولياۋ يوپۇقلارنى ياساپ چىقىش ئارقىلىق يەككە ھالدىكى ئاق رەڭلىك سولياۋ يوپۇقلار بازاردا مەۋجۇت بولۇشتەك ھالەت ئۆزگەرتىلگەن.

(6) ئۆزگەرتىپ بېقىش

بۇ نەرسىدە يەنە قانداق نۇقسان ساقلانغان؟ ئۇنىڭ يەنە قانداق كەمچىلىكلىرى بار؟ ئۇنى ئۆزگەرتىش كېرەكمۇ؟ ئۇ ئىشلىتىلىش جەريانىدا كىشىلەرگە ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كېلەمدۇ ياكى ئىشلىتىش قولايسىزمۇ؟ بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان ئامال بارمۇ؟

نۆۋەتتە، نۇرغۇنلىغان مەھسۇلاتلار كۆپ خىللىشىشقا، مىكرولىششقا، ئاددىيلىششقا، كۈچنى تېجەشچانلىققا، ئەمەلىي ئىشلىتىلىشچانلىققا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇلماقتا.

ئەنگلىيەدىكى رايلى شىركىتى ئىشلەپچىقارغان فىكتو ماركىلىق ۋېلسىپىتنىڭ2500 خىلدىن ئارتۇق نۇسخىسى بولۇپ، خېرىدارلار خالىغانچە تاللاپ سېتىۋالسا بولاتتى. ياپونىيە كوكومىن ۋېلسىپىت ئىشلەپچىقىرىش شىركىتى 199 خىل رەڭلىك ۋېلسىپىت لايىھەلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭمۇ 10 مىڭ خىلدىن ئارتۇق نۇسخىسى بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى خېرىدارلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئېھتىياجىغا ئاساسەن لايىھەلىنىپ چىقىلغان بولۇپ، زاكاز تاپشۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن لايىھەلەشتىن تارتىپ ئىشلەپچىقىرىشقىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە

بىردىنبىر بولغان مەھسۇلات بارلىققا كېلىپ تاپشۇرۇلاتتى. نىڭبو شەھەرلىك ئۆلچەملىك زاپچاس ئىشلەپچىقىرىش ئىككىنچى زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى ۋېيشەن كەشىپ قىلغان ئۆزگىرىشچان ماشىنا ئادەم شەكلىدىكى كۆپ ئىقتىدارلىق ۋېلسىپىتكە پەقەت بىر تاللا تۇتقۇچ ئورنىتىلغان بولۇپ، باشقا ھېچقانداق قوشۇمچە زاپچىسى يوق ئىدى. بۇ خىل ۋېلسىپىتنى 180 خىل شەكىلگە ئۆزگەرتكىلى بولاتتى. مەسىلەن: پۇتتا تورمۇز قىلغىلى بولىدىغان، پۇت بىلەن يۆنىلىشنى ئۆزگەرتكىلى بولىدىغان، پۇت بىلەن ھەرىكەتلەندۈرگىلى بولىدىغان، مىنگىلى، بەدەن چېنىقتۇرغىلى، كۆڭۈل ئاچقىلى، مال توشۇغىلى، سېرىك مەشقى قىلغىلى بولۇش قاتارلىق شەكىللەرگە ئۆزگەرتىشكە بولاتتى. خۇياۋمىن مەملىكەتلىك تەكشى ئەينەك ئورالما لايىھەلەش مۇسابىقىسىدە ئەزەلدىنلا مۇقىم ھالەتتىكى تەۋرىنىشتىن ساقلاشنى تەۋرىنىشنى كېمەيتىشكە ئۆزگەرتىپ بىر يولىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ ۋە مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىقىپ 100 مىڭ يۈەن مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. دۆلىتىمىز ئامېرىكا ۋە ياپونىيەدىن كېيىنكى ئۈچىنچى بولۇپ ساپال موتورنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقارغان ۋە يولدا سىناق قىلغان دۆلەت بولۇپ قالىدۇ. دۆلىتىمىز تۇنجى قېتىم سىناق قىلىپ ئىشلەپچىقارغان ساپال موتورلۇق يولۇچىلار ئاپتوبۇسى سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى ئىشلىتىلمىگەن ئەھۋالدا شاڭخەي، بېيجىڭ ئارىسىدا قاتناپ3500 كىلومېتىردەك مۇساپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بېسىپ تاماملىغان بولۇپ، ھازىر ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ساپال قۇرۇلما يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا بەرداشلىق بېرىش، چىدامچانلىقى يۇقىرى بولۇش، چىرىشكە چىداملىق بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ساپاللىق موتورغا سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى ئىشلىتىشنىڭ ھاجىتى يوق، يەنە كېلىپ بۇنداق بولغاندا موتور ئىچىدىكى يۈز بېرىدىغان كاشىلىلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە ھەجمىنى كىچىكلەتكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئىسسىقلىق ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، يېقىلغۇ مايىنىڭ خورىشىمۇ ئازايتىلغان.

(7) باغلاشتۇرۇپ بېقىش

ھەربىر نەرسە ياكى شەيئى نەتىجىسىنىڭ ئۇنىڭ باشلىنىش سەۋەبى بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ ئۇنىڭدىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا

بولىدىغان بىرەر ئامال تاپقىلى بولامدۇ؟ مەلۇم نەرسە ۋە شەيئىنى باغلاشتۇرغاندا بىز قايسى مەقسەتلەرگە يېتەلمەيمىز؟

ئەنگلىيەدىكى بىر كۇتۇپخانا يېڭى سېلىنغان كۇتۇپخانىغا كۆچمەكچى بولۇپتۇ. بۇ ئىشنى تەشكىللەشكە مەسئۇل بولغان خادىم قانداق قىلغاندا خىراجەت ۋە ۋاقىتنى تېجەپ قالغىلى بولىدىغانلىق مەسىلىسىنى ئويلاشقان ۋاقىتتا، تاسادىپىي ھالدىلا باشقىلارنىڭ «بىر پۇتۇننى پارچىلاش» توغرىسىدا پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال بۇ كۇتۇپخانىنى قانداق قىلىپ پارچىلاشنى ئويلايدۇ. ئۇ كۆپ ئويلاش ئارقىلىق كىتاب سان چەكلىمىسىنى بىكار قىلىش، كىتاب ئارىيەت بېرىش ئىشلىرىنى ئېچىۋېتىش، كىتاب قايتۇرماقچى بولغانلارنىڭ يېڭى كۇتۇپخانىغا بېرىپ قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلىشتەك بىر قاتار قارارلارنى ئېلان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىتاب قايتۇرۇشى ئارقىلىق كۇتۇپخانىنى يېڭى ئورۇنغا ھېچقانچە كۆپ سەرپ قىلمايلا يۆتكىۋالىدۇ.

(8) دوراپ بېقىش

قانداق نەرسىنى ئۆزىگە تەقلىد قىلغىلى بولىدۇ، ئۆگەنگىلى بولامدۇ؟ ئۇنىڭ شەكلىگە ۋە قۇرۇلمىسىغا تەقلىد قىلغاندا قانداق نەتىجە كېلىپچىقىدۇ؟ ئۇنىڭ ئەسلىي تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەندە يەنە قانداق يېڭىلىقلارنى ياراتقىلى بولىدۇ؟ مەھسۇلات يارىتىش جەريانىدا ئۇ بۇنىڭدىن، بۇ ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ ئۆزئارا دورىسا، بىر خىل يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلغاندىن كېيىن ئۇ ياكى بۇ خىل مەھسۇلاتقا ياكى ئۇ مەھسۇلاتقا ئوخشىماي قالىدۇ.

ئامېرىكا فورد ماشىنا ئىشلەپچىقىرىش شىركىتى يېڭى مەھسۇلات يارىتىش ئۈچۈن ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ داڭلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئۈچۈرلىرىنى توپلاپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى تەھلىل قىلىپتۇ. بۇنىڭغا مەسئۇل بولغان خادىملار جەمئىي 400 خىلدەك ئارتۇقچىلىقنى تېپىپ چىققان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 80% ئارتۇقچىلىق ئالتۇن قۇت ۋە قارا قاپلان ماركىلىق ماشىنىلاردا گەۋدىلىك بولغاچقا، ئۇلار مۇشۇ ئارتۇقچىلىق ئارقىلىق ئۆز ماركىسىنى ياراتقان ئىكەن. فورد ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە بىر T شەكىللىك ماشىنىنى قۇراشتۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئون ئىككى يېرىم سائەت ۋاقىت

كېتىدىكەن. بۇنى كۆرگەن فورد بۇ سۈرئەتنى بەك ئاستا دەپ قاراپتۇ ۋە ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. ئەمما بۇنىڭدىنمۇ تېز قۇراشتۇرۇش ئامالىنى ھەرقانچە قىلسىمۇ تاپالماپتۇ. كېيىن ئۇ قۇشخانا، مۇرابا زاۋۇتى قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلغىلى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ماتېرىياللارنى يۆتكەش جەريانىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ يەردىكى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، بىر پۈتۈن كالا گۆشى ئۇششاقلاپ پارچىلىنىش، دۇملەپ پىشۇرۇش، كونسېرۋاغا قاچىلىنىش، توشۇلۇش قاتارلىق بىر پۈتۈن جەريانلارنىڭ ھەممىسى ئۇزىتىش تاسمىسى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان بولۇپ، ئادەم كۈچى كەتمەيدىكەن. ئۇ بۇلارنى بىر سائەتتەك كۆزەتكەندىن كېيىن دەرھال زاۋۇتقا قايتىپ بارلىق تېخنىكا خادىملىرىنى يىغىپتۇ، ماشىنىنىڭ زاپچاسلىرىنى ئۇزىتىش تاسمىسىنى لايىھەلەپ چىقىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ماشىنا قۇراشتۇرۇش ۋاقتى 83 مىنۇتقا قىسقىراپ ئىش ئۈنۈمى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ.

(9) ئالماشتۇرۇپ بېقىش

بۇ نەرسىنىڭ ئورنىغا يەنە قانداق نەرسىنى ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ؟ مەسىلەن: باشقا ماتېرىياللار، زاپچاس، ئۇسۇل قاتارلىقلارنى ئالماشتۇرۇپ باقساق بولامدۇ ـ بولمامدۇ؟

قەغەزنى رەختنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قەغەز كۆڭلەك ياقىسى، قەغەز گالستۇك، قەغەز شەپكە، قەغەز ئىچ كىيىم، قەغەز توي مۇراسىم كىيىمى قاتارلىق بىر قېتىملا ئىشلىتىشكە بولىدىغان مەھسۇلاتلار ياسىلىپ چىقىلغان بولۇپ، بۇلار رەڭگارەڭ، نەپىس، باھاسى ئەرزان بولغانلىقى ئۈچۈن خەلقئارالىق بازارلاردىمۇ بازىرى چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئامېرىكا كولومبىيە ۋېلسىپىت ئىشلەپچىقىرىش شىركىتى ئېپوكسى سىمولاسىدىن ۋېلسىپىت راملىرىنى ياساپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى پەقەت 1027 گىراملا كېلەتتى، بۇ خىل رام ئىشلىتىلىپ ياساپ چىقىلغان مۇسابىقە ۋېلسىپىتىنىڭ ئېغىرلىقىمۇ ئاران7.7ــ 8.4 كىلوگىرامغىچە كېلىدىغان بولۇپ، ئېغىرلىقى يېنىكلىتىلگەندىن باشقا يەنە خېلى كۆپ ماتېرىياللارمۇ تېجەپ قېلىنغان. گېرمانىيە ئىشلەپچىقارغان ئوت ئۆچۈرۈش ماغزاپ توپچىسى ئەنئەنىۋى ھالدىكى ئوت ئۆچۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ ئورنىنى ئالغان بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى ئايرودۇرۇمدا ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەندە ئىشلىتىلەتتى. بۇ

خىلدىكى ئوت ئۆچۈرگۈچنىڭ پرىنسىپى مۇنداق بولۇپ، ئوت كەتكەن جايدا تۇرۇپ سىگنال بەرگەن ۋاقىتتا ئايرودۇرۇم دائىرىسىدە تۇرۇپ بۇ خىل ئوت ئۆچۈرۈش توپىنى ئاتقان ۋاقىتتا ئۇ100 سېكۇنت ئىچىدىلا نەق مەيدانغا يېتىپ بارالايدۇ ۋە20 ــ 30دەقىقە ئىچىدىلا كۆپ مىقداردىكى كۆپۈكلۈك ماغزاپ قويۇپ بېرىپ ئوتنى ئۆچۈرەلەيدۇ. بەزى دۆلەتلەردە تۇتىقۇش ساقچىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ قۇش ساقچىلارنىڭ ئورنىدا بالىلارغا قاتناش قائىدىسىنى چۈشەندۈرىدىكەن. بۇ خىل ئۇسۇلدا ئالدى بىلەن تۇتىقۇشقا قاتناش قائىدىسى ئۆگىتىلىدىكەن، ئاندىن بالىلارنى بۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلاپ بېقىشقا تەشكىللەيدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ قىزىقارلىق گەپلىرىنى بىر ئېغىز ــ بىر ئېغىزدىن دورايدىكەن ــ دە، ئۆزلىرىمۇ بىلمىگەن ھالدا قاتناش قائىدىسىنى بىلىپ قالىدىكەن. بۇ خىل ئۇسۇل بالىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بەكمۇ ماس كەلگەن بولۇپ ھەقىقەتەنمۇ ئۆزگىچە ئىدى، ئۇنىڭ ئۈنۈمىمۇ ناھايىتى كۆڭۈلدىكىدەك بولغان. نۆۋەتتە ھەربىي قىسىمدا مەخسۇس نىقابلىنىدىغان قىسىم بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى بولسا ھازىرقى زامان پەن ــ تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ يەرلىك ئۇسۇلدا«كۆز بوياش» تىن ئىبارەت ئىدى. ئازادلىق ئارمىيەنىڭ ساپيورلار قىسمى ئىككى سائەت ئىچىدىلا بىر خىل ساختا بولغان ئېگىزلىك توپچى قىسىم بازىسىنى قۇرۇپ چىقالايدۇ؛ بىر كېچىدىلا بىپايان كۆز يەتكۈسىز داللاردا سانسىزلىغان قىسىملارنىڭ ھەربىي تەييارلىق ھالىتىنى ياساپ چىقالايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ماشىنا، توپ قاتارلىقلار شۇنچە رەتلىك تۇرغان، ھەتتا باشقۇرۇلىدىغان بومبىمۇ ئاسمانغا قارىتىلغان ھالەتتە بولىدۇ. رەڭدار سىر پۈركۈش ماشىنىسىنى بىر ھەرىكەتلەندۈرىدىغان بولسىلا ماشىنا، قورال ــ ياراغلار كۆزنى يۇمۇپ ــ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا يەردىكى رەڭگە ئوخشاش تۇسكە كىرىدۇ ــ دە، ئەتراپتىكى مۇھىت بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كېتىدۇ؛ يەر ئۈستى بازىسىنىڭ ئۈستىگە يېڭىچە شەكىلدىكى ماتېرىياللاردىن ئىشلەنگەن ساختا كۆرۈنۈش پەيدا قىلىش تور قاپقىقىنى ئىشلەتكەندە ئۇنى رازۋېدكا ئايروپىلانى قايتا ــ قايتا تەكشۈرسىمۇ رادارغا ئۇنىڭدىن دولقۇن قايتمايدىغان بولغاچقا ھېچنېمىنى سەزگىلى بولمايدۇ. بۇ قىسىم ئىلىم ــ پەن تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى ئىشلىتىپ كۆز يەتكۈسىز چاڭجياڭ دەرياسىغا بەش مىنۇت ئىچىدىلا

ھەيۋەتلىك چاڭجياڭ دەرياسى كۆۋرۈكىنى ياساپ چىقالايدۇ.

(10) يۆتكەپ بېقىش

بۇ نەرسىنى باشقا جايغا يۆتكىگەندە ئۇنىڭ يەنە باشقا خىلدىكى ئىشلىتىلىش ئورنى بارمىدۇ؟

بۇ ئۇسۇل، تەجرىبە، قائىدە، تېخنىكىنى باشقا جايغا ئاپارغاندا ئۇنى يەنە ئىشلەتكىلى بولامدۇ؟

مېتاللارغا ئېلېكتىرلىك ھەل بەرگەندە ئۇ پارقىراق بولۇپ كېتىدۇ، ئۇنداقتا ئېلېكتىرلىك ھەل بېرىش ئۇسۇلىنى سولياۋ ماتېرىياللارغىمۇ ئىشلىتىشكە بولامدۇ؟ نۆۋەتتە ئېلېكتىرلىك ھەل يالىتىلغان سولياۋ ماتېرىياللار ئالىبۇرۇنلا ياساپ چىقىلىپ ھەممىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرماقتا. ئىلگىرى ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى تازىلاش، تەكشۈرۈش، جاراھەتلەنگەن ئورۇننى تېپىش، ئېرىتىش، سىلىقلاش، كېسىش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنغا بولغان تەتقىقاتنىڭ يەنىمۇ بىر قەدەم چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بەزى ئەنئەنىۋى ھالدىكى مەھسۇلاتلاردا «ئىنقىلاب» خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى.

ياپونىيە تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان ئۇلترا ئاۋازلىق كىرئالغۇ كىر يۇغان ۋاقىتتا، كىرئالغۇ ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ۋە ھاۋا ئېقىمىنى سۇغا بېسىم ئارقىلىق كىرگۈزۈش ئارقىلىق كىيىملەردىكى ماي دېغى ۋە پاسكىنا نەرسىلەرنى تالالاردىن ئاجرىتىپ چىقىرىپ تاشلايدىكەن، شۇنىڭ بىلەن كىيىملەرمۇ پاكىز يۇيۇلىدىكەن.

ئامېرىكىدا يۇقىرى چاستوتىلىق ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنغا ئاساسلىنىپ كىيىم تىكىش ماشىنىسى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىلغان بولۇپ، خىمىيەلىك تالا، ئارىلاشما توقۇلما قاتارلىق رەختلەرنى ماشىنا ئىچىگە سېلىپ بەرگەندە، ئۇلترا ئاۋاز بۇ ئىككى پارچە رەخت ماتېرىيالىنىڭ تىكىلىدىغان جايىنى تىترىتىش ئارقىلىق سۈركەشتىن ھاسىل بولغان ئىسسىقلىق بىلەن رەخت ماتېرىياللىرىنى تېز سۈرئەتتە بىر - بىرىگە چاپلاپ چىقىدىكەن، بۇ ئارقىلىق تىكىلگەن كىيىملەر يىڭنە بىلەن تىكىلگەنگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆركەم ۋە پىششىق بولۇپ چىققان.

ياپونىيە توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنلۇق ۋاننىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان بولۇپ، ئۇنى قوزغاتقاندىن كېيىن ئۇلترا

ئاۋاز دولقۇنى ئادەم بەدىنىگە تېگىش ئارقىلىق ئادەم بەدىنىدىكى بارلىق كىرلەر چىقىرىۋېتىلىدىكەن ھەمدە ئادەمنىڭ روھىمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالىدىكەن.

چەت ئەل بازارلىرىدا يېقىنىنىڭ ياقى، يەنە ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنلۇق چىش چوتكىسى بازارغا سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن چىشنى چوتكىلىغاندا چوتكىنىڭ قىلى ئارىسىدىن كىچىككىنە سۇ تۇۋرۇكى ئېتىلىپ چىقىپ ماغزاپ ۋە ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ھاسىل بولىدىكەن، بۇنداق چىش چوتكىسىدا چىش چوتكىلىغاندا چىشنى پاكىز تازىلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولۇپلا قالماستىن يەنە چىشنى ئاسراش مەقسىتىگىمۇ يەتكىلى بولىدىكەن.

كېيىملەرگە ئىشلىتىلىدىغان ئادەتتىكى سىيرىتمىنى كىندىككە ئىشلىتىش تېخنىكىسى دۆلىتىمىزدە ئالىبۇرۇن روياپقا چىقىپ بولغان ئىش بولۇپ، ۋۇخەن شەھەرلىك ئالتىنچى دوختۇرخانا ئۈچ نەپەر جىددىي خاراكتېرلىك ئاشقازان ئاستى بېزى ياللۇغى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىمارلارنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىپ كېسىلگەن جايىغا ئادەتتىكى كېيىملەرگە ئىشلىتىدىغان سىيرىتمىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان بولۇپ، ئۇنى ھەر ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر قېتىم قەرەللىك ھالدا ئېچىپ ئىچىدىكى ئۆلگەن توقۇلمىلارنى ئېلىۋېتىپ، قورساق بوشلۇقىدىكى زىيانلىق زەردابلار تارتىپ چىقىرىۋېتىلىدىكەن، ئوپېراتسىيەدىن كېيىن بىمارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى تۇراقلاشقان بولۇپ، ئىلگىرىكىدەك جىددىي خاراكتېرلىك ئاشقازان ئاستى بېزى ياللۇغىنى ئوپېراتسىيە قىلغاندا كۆرۈلىدىغان، ئۆلگەن توقۇلمىلارنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن بىرنەچچە تال نەيچە ئورنىتىپ قويۇلغاندىن كېيىن ئوڭايلا يۇقۇملىنىپ ئىششىپ كېتىش، قىسقا مۇددەت ئىچىدە يەنە قايتا ئوپېراتسىيە قىلىش ئاۋارىچىلىكى تۈگىتىلگەن. سىيرىتما بېكىتىلگەندىن كېيىن سىيرىتمىنى ئېچىپلا كۆزەتكىلى بولىدىغان بولۇپ، ئۆلگەن توقۇلمىلار تاكى تولۇق ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىنلا ئاندىن سىيرىتما ئېلىۋېتىلىپ ئوپېراتسىيە قىلىنغان جاي تىكىپ قويۇلسىلا بولىدىكەن.

(11) ئۆرۈپ بېقىش

ئەگەر بۇ نەرسىنى ئاستى ـ ئۈستى، ئوڭ ـ سول، ئالدى ـ كەينى، ئىچى ـ سىرتى ۋە ئوڭ ـ تەتۈرسى بويىچە يۆتكەپ باققاندا قانداق نەتىجە

كېلىپچىقىدۇ؟

كىشىلەر ھازىرقى زامانغا ماسلاشقان ھالدىكى زامانىۋى يېمەكلىكلەر، ئالەم بوشلۇقى يېمەكلىكلىرىنى ياساۋاتقان ۋاقىتتا، بەزى زاۋۇتلار ئەكسىچە قەدىمكىگە تەقلىد قىلىنغان يېمەكلىكلەرنى ياساشقا باشلىدى. مەسىلەن: «قىزىل راۋاق» پىرەنىكى، «چىڭ ئوردىسى» يېمەكلىكى، غەربىي خەن سۇلالىسى قەدىمكى ھارىقى قاتارلىقلارمۇ خېرىدارلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشمەكتە.

دېھقان ئىشچى لى سىنلىن «ئۆرۈپ بېقىش» تەك ئۇسۇلنى قوللىنىپ ياغاچچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان توك رەندىسىنىڭ قولنى ئوخشايلا زەخىملەندۈرۈپ قويۇش مەسىلىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلغان ئىدى. ئىلگىرى ئىشلىتىلىدىغان توك رەندىسىنىڭ قىرىش ئوقى مۇقىم بولۇپ، ياغاچ ماتېرىياللار قول ئارقىلىق ئىتتىرىلىپ ھەرىكەتلەندۈرۈلەتتى، ياغاچ ئىتتىرىلىپ ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىغا بارغاندا ئەگەر سەللا ئېھتىيات قىلىنمىغاندا رەندە تىغى قولنى زەخىملەندۈرۈپ قوياتتى. بۇ خىل ئۇسۇل دۇنيانىڭ ھەرقانداق جايلىرىدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان بولۇپ، گەرچە كىشىلەر ھەر خىل فوتوئېلېكتىر، مېخانىكىلىق ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلمىسى قاتارلىقلارنى قوللانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا ئالدىنى ئېلىشقا بەكرەك كۆچەشكەن ئىدى. لى سىنلىن قۇرۇلمىسىنى ئۆرۈپ بېقىش مۇمكىنچىلىك ئۇسۇلىنى قوللانغان بولۇپ، بۇنىڭدا ياغاچ ماتېرىيال ھەرىكەتلەنمەستىن ئەكسىچە رەندە تىغى ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ رەندە تىغىنىڭ قولنى كېسىپ زەخىملەندۈرۈپ قويۇش مەسىلىسى تۈپتىن ھەل قىلىنغان ئىدى.

ئىمپورت قىلىنغان ماشىنىلار ئۈچۈن زاپچاس ئىشلەيدىغان مەلۇم زاۋۇت بولۇپ، ئۇلار مەھسۇلات ئېلانى بەرگەن ۋاقىتتا ئۆزىنى كۆپتۈرۈپ، مەھسۇلاتلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ماختىماستىن بەلكى ئەكسىچە ئىش تۇتقان ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئەسلىي قۇراشتۇرۇلغان زاپچاسلارغا قارىغاندا چىدامچانلىقىنىڭ 30% ئەتراپىدا تۆۋەن ئىكەنلىكىنى، شۇڭا خېرىدارلارنىڭ ئويلىنىپراق سېتىۋېلىشىنى چۈشەندۈرگەن، ئۇلارنىڭ بۇ خىل سەممىمىي ھەرىكىتى خېرىدارلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ھەمدە سودىسىمۇ يۈرۈشۈپ كەتكەن.

فىرانسىيەدە خېلى ئۇزاققىچە ياڭيۇ تېرىش كۆلەملەشمىگەن بولۇپ،

دېھقانلار ياڭيۇ تېرىشنىڭ گېپىنى ئاڭلىسىلا، يەرلەرنىڭ مۇنبەتلىكىنى چېكىندۈرۈۋېتىدۇ، دەپ تېرىغىلى ئۇنىمايتتى؛ ئەمما دوختۇرلار ياڭيۇنىڭ ئادەم بەدىنىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىشاتتى؛ دىن ساھەسىدىكىلەر بولسا ياڭيۇنى«ئالۋاستى ئالمىسى» دەپ قارىشاتتى. دېھقانچىلىق مۇتەخەسسىسى پېرىلمان گېرمانىيەدە ئەسىرگە چۈشكەن ۋاقتىدا ياڭيۇنى ئۆز ئاغزى بىلەن تېتىپ باققان بولۇپ، ئۇ فىرانسىيەگە قايتقاندىن كېيىن فىرانسىيەدىمۇ ياڭيۇ تېرىشنى ئومۇملاشتۇرۇشنى قارار قىلىدۇ. ئەمما خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە ھېچقانداق ئادەمنى قايىل قىلالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر نەيرەڭ ئويلاپ چىقىدۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ ئىجازەت بېرىشى ئاستىدا بىر پارچە تۆۋەن ئۈنۈملۈك يەرگە ياڭيۇ تېرىيدۇ. ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە فورما كىيىپ قولىدا قورال تۇتقان بىر پەي مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر بۇ يەرنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. ئەمما بۇ ئەسكەرلەر پەقەت كۈندۈزىلا مۇھاپىزەت قىلىدىغان بولۇپ ئاخشىمى قايتىپ كېتىشەتتى. كىشىلەر بۇ چەكلەنگەن نەرسىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن كېچىسى ئاستاغىنە بۇ يەرگە كېلىشەتتى ـ دە، ئېتىزلىقتىكى ياڭيۇلارنى كولاپ چىقىپ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ كۆكتاتلىقىغا تىكىپ قوياتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ ياڭيۇلار ئاخىر فىرانسىيەنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقىلىدۇ.

(12) بېكىتىپ بېقىش

بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلىش ياكى مەلۇم بىر خىل نەرسىنى ئۆزگەرتىش، ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى ۋە خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ۋە يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان بىرەر ھادىسىنىڭ ياكى سەۋەنلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئادەتتە نېمىلەرنى قىلىش كېرەك؟ بىرەر ئۆلچەم، قائىدە ـ تۈزۈم بېكىتىش كېرەكمۇ؟

شاڭخەي شەھەرلىك چاڭيى ئىلىم ـ پەن باشلانغۇچ مەكتىپى «بېكىتىپ بېقىش» تەك ئۇسۇلنى قوللىنىپ «كىتاب ئوقۇش ھالىتىدىكى قىزىل ـ يېشىل چىراغ» نى كەشىپ قىلغان بولۇپ، بۇ خىل چىراغنى ئۇستەلدىن20 ــ 25سانتىمېتىر يىراقلىقتىكى ئورۇنغا قويۇپ قويغاندا ئەگەر كىتاب ئوقۇغۇچىنىڭ ئولتۇرۇش ھالىتى توغرا بولسا يېشىل چىراغ يانىدۇ، ئەگەر ئولتۇرۇش ھالىتى خاتا بولۇپ ئورۇندۇققا يېتىۋالغاندا قىزىل چىراغ يېنىپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ، ئەگەر ئورۇندۇقتا قىيسىيىپ ئولتۇرغان بولسا ھەر ئىككى چىراغ خىرە يېنىپ



بەلگە بېرىدۇ. بۇنداق بەلگە چىراغلىق بەلگىلىمە بولغاندىن كېيىن كىتاب ئوقۇغۇچىلارمۇ ھەر ۋاقىت ئولتۇرۇش ھالىتىنى توغرىلاپ تۇرۇشقا دىققەت قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بەدەن ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىرگە كۆز ساغلاملاشتۇرۇش مەقسىتىگىمۇ يەتكىلى بولىدۇ. مەلۇم ئىدارە خىزمەتچىلىرىنى كۆچەت تىكىشكە تەشكىللەشنى قارار قىلىپتۇ ھەمدە بۇ ئىشنى چۈشتىن كېيىن سائەت 17:00دە تۈگىتىپ بولۇشنى پىلانلاپتۇ. چۈشتىن بۇرۇن كۆپچىلىك بولۇشىغا ئىشلەپ كۈن ئۆتكۈزۈپ پىلاننىڭ پەقەت 1/2 نى ئورۇنلاپتۇ. چۈشتىن كېيىن كۆپچىلىك ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئورەك كولاش، توپا يۆلەش، سۇ قۇيۇش قاتارلىق ئىش تەقسىماتى ئېنىق بېكىتىلىپتۇ. نەتىجىدە بارلىق ۋەزىپە مۇددەتتىن بىر سائەت بۇرۇن ئاياغلىشىپتۇ. قورال - سايمانلار ئوخشاش بولسىمۇ ئەمما ۋەزىپە بېكىتىلگەن بولغاچقا چۈشتىن كېيىنكى خىزمەت ئۈنۈمى چۈشتىن بۇرۇنقىسىغا قارىغاندا بىر ھەسسىدىن كۆپرەك يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

«خېتىيەن»چە شەكىلدىكى تەپەككۇر بىزگە مۇنداق بىر ئىلھامنى بېرىدۇ يەنى، بىزنىڭ چوڭ مېڭىمىز دائىم چايقاپ تۇرۇشقا موھتاج بولۇپ، ئۇنىڭدىن قالايمىقان بولۇپ كەتكەن تەرتىپ يېڭىباشتىن بىرىكىدۇ. بۇنداق بولغاندا بىزنىڭ «نەزەر دائىرىمىز» ھەر دائىم بىر خىل يېڭى مەنىنى ساقلاپ قالالايدۇ، چەكسىز بولغان گۈزەل مەنزىرىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا ئۇزۇكسىز تەرەققىي قىلالايدۇ.

# ئۈچىنچى قىسىم، ئەڭ ئەمەلىي قوللىنىشچان تەپەككۇر



# 34. ئاددىي تەپەككۇر

ئەڭ ئۇلۇغ ھەقىقەت كۆپىنچە ھاللاردا ئەڭ ئاددىي بولىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق ئاساسلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاددىي بولۇپ، ئۇلۇغۋار ئىشلارنىڭ يادروسىمۇ ئاددىي، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ نېگىزىمۇ ئاددىي، كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنبەسىمۇ ئاددىي، ئالەمنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىمۇ ئاددىي، بارلىق ئىجادىيەتلەرنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىمۇ ئاددىيدۇر.

ئاددىي تەپەككۇرنى بىر ئېغىز ئاممىباب تىل بىلەن ئېيتقاندا ئۇ، ۋاز كېچىشكە جۈرئەت قىلىش، تاللاشقا ماھىر بولۇش، ئەڭ ئاددىي شەكىل بىلەن مەسىلىنىڭ ماھىيىتىگە قاراپ قەدەم بېسىشتۇر. بۇ يەردە ناھايىتى مەنىلىك بولغان مۇنداق بىر ھېكايە بار.

ئاممىباب ماشىنا ياساش شىركىتى قارمىقىدىكى قارا دېڭىز ماشىنا ياساش زاۋۇتىنىڭ لىدىرى ماشىنا توغرىسىدا قىلىنغان مۇنداق بىر پارچە ئەرز خېتىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ:

«ھۆرمەتلىك لىدىر ئەپەندى: بۇ مېنىڭ سىزگە ئىككىنچى قېتىم خەت يېزىشىم، مەن سىزنىڭ ماڭا جاۋاب خەت يازمىغانلىقىڭىزدىن ئاغرىنمايمەن، چۈنكى بۇ مەسىلە ھەقىقەتەن بەكمۇ بىمەنە، ئەمما بۇ ھەقىقەتەن بىر ئەمەلىي پاكىت. يېقىندا مەن بىر قارا دېڭىز ماركىلىق ماشىنا سېتىۋالدىم، شۇنىڭدىن كېيىن مەن ماگىزىنغا بارسام بىر مەسىلە كېلىپچىقتى. سىز بىلەمسىز، مەن ھەر قېتىم ۋانىللا ماروژنى سېتىۋېلىپ ئۆيگە قايتماقچى بولسام ماشىنا ئوت ئالمايدۇ، ئەمما باشقا شەكىلدىكى ماروژنى سېتىۋالسام ماشىنا شۇنداق ياخشى ئوت ئالىدۇ. بۇ مەسىلە مېنى قانچىلىك بىمەنە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن يەنىلا سىزنىڭ بۇ مەسىلىگە ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلۈپ قويۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ زادى قانداق ئىش؟»

لىدىر بۇ خەتنى ئوقۇپ گاڭگىراپ قاپتۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا بىر ئىنژېنېرنى ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ باقماقچى بولۇپتۇ.

ئىنژېنېر بارغاندىن كېيىن ئۇمۇ ئوخشاش مەسىلىگە يولۇقۇپتۇ. ئۇ ماشىنا ھەيدەپ بىرىپ ھېلىقى ماگىزىنغا بىرىپ ۋانىللا ماروژنى سېتىۋېلىپ قايتماقچى بولغاندا دەرۋەقە ماشىنا ئوت ئالماپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى ئىنژېنېر ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى ئاخشام بېرىپتۇ.

بىرىنچى ئاخشىمى، ھېلىقى ماشىنىنىڭ ئىگىسى شاكىلاتلىق ماروژنى ئاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ماشىنا شۇنداق ياخشى ئوت ئاپتۇ.

ئىككىنچى ئاخشىمى، ۋانىللا ماروژنى ئاپتۇ، ماشىنا يەنە ئوت ئالماپتۇ.

ھېلىقى ئىنژېنېر ھەرقانچە قىلسىمۇ ماشىنىنىڭ ۋانىللا ماروژنىسىغا سەزگۈر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىسىمىنا قوشۇپ ئىشلەپ بولسىمۇ بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابىنى تاپماقچى بولۇپتۇ. ئۇ خۇددى كۈندىلىك خاتىرە يازغاندەك ھەر قېتىمقى سىناقتىن خاتىرە قالدۇرۇپ مېڭىپ، ماشىنىغا قويغان مايىنىڭ تىپى، ماشىنىنىڭ بېرىپ كەلگەن ۋاقتى قاتارلىق ھەر خىل سانلىق مەلۇماتلارنى خاتىرىلەپتۇ.

بۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئۇ يىپ ئۇچىغا ئېرىشىپتۇ يەنى، ماشىنىنىڭ ئىگىسى ۋانىللا ماروژنى سېتىۋالغاندىكى ۋاقىت باشقا ماروژنىنى سېتىۋالغان ۋاقىتقا قارىغاندا قىسقا بولىدىكەن، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

بۇنىڭ جاۋابى ماروژنى ماگىزىنىنىڭ پوكىيىدە بولۇپ، ۋانىللا ماروژنى ناھايىتى تېز سېتىلىدىغان بولغاچقا، ماروژنى قاچىلانغان يەشىك پوكەينىڭ ئالدىغا قويۇلۇپ قويۇلىدىكەن، شۇڭا ئۇنى ئالماق باشقا ماروژنىلارغا قارىغاندا ناھايىتى ئوڭاي ئىكەن؛ ئەكسىچە باشقا ماروژنىلارنىڭ يەشىكلىرى پوكەينىڭ ئارقىسىغا قويۇپ قويۇلىدىغان بولغاچقا ئۇنى ئېلىشقا سەل ئۇزاقراق ۋاقىت كېتىدىكەن.

ئەمما بۇ مەسىلە يەنە، ماشىنىنى توختىتىپ قويغاندىكى ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشى بىلەن ئۇنى قوزغاتقىلى بولماسلىقنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار، دېگەن مەسىلىگە ئايلىنىپتۇ.

ھېلىقى ئىنژېنېر يەنىمۇ بىر قەدەم چوڭقۇرلاپ تەكشۈرگەن ئىكەن، بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابىمۇ تېپىلىپتۇ: بۇ ماشىنا ۋانىللا ماروژنىسى سەۋەبىدىن ئوت ئالمىغان بولماستىن بەلكى ماشىنا قۇلۇپىنىڭ سەۋەبىدىن ئوت ئالمىغان بولۇپ، ماشىنا ئىگىسى ھەر كۈنى باشقا ماروژنى ئالغان ۋاقىتتا ماشىنا تولۇق سوۋۇتۇلىدىكەن - دە، ئاسانلا ئوت ئالىدىكەن. ئەمما ماشىنا ئىگىسى ۋانىللا ماروژنى سېتىۋېلىپ قايتىپ كەلگەندە بولسا ماشىنىنىڭ موتورى تېخى تولۇق سوۋۇمىغان بولغاچقا ئۇ ئوت ئالمىغان ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ مەسىلىنىڭ مەنبەسىمۇ تېپىلىپتۇ، تەبىئىي ھالدىلا ئۇنى ھەل قىلىدىغان ئامالمۇ تېپىلىپتۇ.

ئامېرىكىدا بىر ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ يولدىشى تېخى يېقىندىلا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن قايتىپ كەلگەن ئىكەن. ھېلىقى ئايال يولدىشىنىڭ پوچتا ئارقىلىق سۆيگۈ خېتى تاپشۇرۇۋالغان - تاپشۇرۇۋالمىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەخسىي رازۋېدچىك تەكلىپ قىلىپتۇ.

بۇ رازۋېدچىك ئۇنىڭ يولدىشىنىڭ يېقىندىن بېرى لوندوندىن كەلگەن سۆيگۈ خەتلىرىنى تاپشۇرۇۋالمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

بۇ ئايال رازۋېدچىكنىڭ جاۋابىدىن ئانچە رازى بولماپتۇ ۋە بۇ رازۋېدچىكنىڭ ئۆزىنىڭ يولدىشىنى زادى قانداق رازۋېدكا قىلغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ تۇرۇۋاپتۇ.

ھېلىقى رازۋېدچىكمۇ نائىلاج ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ يولدىشىنى قانداق رازۋېدكا قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ پەقەت ھەر كۈنى ئادەم تەكلىپ قىلىپ پوچتىخانىغا تېلېفون ئۇرغۇزۇپ پوچتىخانا خىزمەتچىسىگە ھېلىقى پوچتا ساندۇقىنىڭ نومۇرىنى ئېيتىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئەنگلىيەدىن كېلىدىغان بىر پارچە خېتىنى ساقلاۋاتقانلىقىنى، شۇڭا ھېلىقى خىزمەتچىنىڭ ئۆزىگە ئەنگلىيەدىن كەلگەن خەتنىڭ بار - يوقلۇقىغا قاراپ بېقىشىنى ھاۋالە قىلىدىكەن، ئەمما ھېلىقى خىزمەتچى ھەمىشە ئۇنداق خەتنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىدىكەن.

بىز ھەر دائىم مۇشۇنداق ئاددىيلا مەسىلىنى ناھايىتى مۇرەككەپ ھالدا ئويلىۋالىمىز.

ناھايىتى ئاتاقلىق بىر جۇڭگولۇق پىروفېسسور باشقىلارغا مۇنداق بىر قىزىقارلىق ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ:

«بىر قېتىم ياپونىيەلىك بىر قانچە مال ساتقۇچى سودىگەرلەر گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىگە كېلىپ مىكروسكوپنى تونۇشتۇرۇپ ساتماقچى بولۇپتۇ ۋە پۈتۈن ئۆلكىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان مىكروسكوپ بىلەن تەمىن ئېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەمما ئۇلار مىكروسكوپ ئەينىكىنى سۇرتىدىغان سۇرتۇش مېيىغا ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان ئەينەك سۇرتۇش مېيىنى ئىشلىتىشنى شەرت قىلىپتۇ. مۇشۇ شەرت بويىچە بولغاندا ئۇلار ئىشلەپچىقارغان بۇ خىلدىكى مىكروسكوپنىڭ باھاسى دۆلەت ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىلغان مىكروسكوپنىڭمۇ يۇقىرى بولۇپ كېتەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەت ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىلغان مالمۇ ئىشلىتىش ئۆلچىمىگە توشىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنى قورقۇتۇپ قويماقچى بولدۇم. ھېلىقى ياپونىيەلىك سودىگەرلەر يۈزى كۆكىرىپ قالغان بىر دانە مىكروسكوپنىڭ ئەينىكىنى ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان ماي بىلەن ئىككى ـ ئۈچ قېتىم سۇرتۇپلا پارقىرىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارغا: مەندە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق ماي بار، ئەمما سىلەرگە كۆرسەتمەيمەن، دېدىم. مەن ئالدى بىلەن ئۇلارنى ئۆيگە كىرىپ تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلىپ ئىككى مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدىم. نەتىجىدە، ئۇلار ئەينەك يۈزىنىڭ پاكىز سۇرتۇلگەنلىكىنى كۆرۈپ مەندىن قانداق ماي ئىشلەتكەنلىكىنى قايتا ـ قايتىلاپ سوراپ تۇرۇۋالدى. مەن ئۇلارغا، بۇ نەرسە بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە ناھايىتى كۆپ، ئەمما سىلەرگە بۇنى ئېيتىپ بەرمەيمەن، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ياپونىيەلىك سودىگەرلەر سالپىيىشقىنىچە قايتىپ كېتىشتى.»

بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر ھېلىقى پىروفېسسوردىن زادى قانداق ماي ئىكەنلىكىنى سورىشىپتۇ. پىروفېسسور ئۇلارغا ئۆزى ئىشلەتكەن مايىنىڭ «تۈكۈرۈك» ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ بارلىق كىشىلەر پاراقىدە كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

پىروفېسسور يەنە مۇنداق دەپتۇ: «تۈكۈرۈكتىكى IGE ۋە لىزوزىما بىلەن بىر قانچە داغقا تاقابىل تۇرۇش ھېچقانچىلىك ئىش ئەمەس. تۈكۈرۈكنىڭ بۇ خىل رولىنى مەن بىلىمەن، ئەمما ياپونىيەلىكلەر

بىلمەيدۇ» دەيدۇ.

ئەڭ ئۇلۇغ ھەقىقەت كۆپىنچە ھاللاردا ئەڭ ئاددىي بولىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق ئاساسلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاددىي بولۇپ، ئۇلۇغۋار ئىشلارنىڭ يادروسىمۇ ئاددىي، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ نېگىزىمۇ ئاددىي، كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنبەسىمۇ ئاددىي، ئالەمنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىمۇ ئاددىي، بارلىق ئىجادىيەتلەرنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىمۇ ئاددىيدۇر.

ئامېرىكىدا چىقىدىغان «تەرمىلەر» ژۇرنىلى(خەنزۇچە نەشرى)نىڭ1997 - يىلى9 - ئايلىق سانىغا، ئامېرىكا ئالەم بوشلۇقى باش مەھكىمىسى ئالەم بوشلۇقى خىزمەتچىلىرى ئىشلىتىدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى زامانىۋى بولغان بىر خىل خەت يېزىش قورالىنى قوبۇل قىلىش ئېلانى بەرگەن بولۇپ، بۇ ئېلاندا: چوقۇم ھەقىقىي ۋاكۇئۇملۇق شارائىتتا خەت يازغىلى بولۇشى، زۆرۈر بولغاندا قەلەم ئۇچىنى يۇقىرىسىغا قارىتىپ تۇرۇپمۇ خەت يازغىلى بولىدىغان بولۇشى، ئىچىگە ئاساسەن رەڭ قاچىلانمايدىغان بولۇشى كېرەكلىكى تەلەپ قىلىنغان بولۇپ، قانچىلىك خىراجەت كەتسىمۇ چىقىرىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشىدۇ.

بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق تالانتلىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىش ئۈستىدە پايپېتەك بولۇشۇپ كېتىشىدۇ. ھەر خىل لايىھەلەرمۇ ھەر تەرەپتىن كەلگىلى تۇرىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تەكلىپ لايىھەسىنى كۆرگەندىن كېيىن ئالەم بوشلۇق پونكىتى باش مەھكىمىسى ئەمەلدارىنىڭ پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇ لايىھەدە«قېرىنداش قەلەمنى سىناپ باقتىڭلارمۇ؟» دېگەن بىر جۈملىلا خەت يېزىقلىق ئىدى.

رېئال تۇرمۇشتا، كىشىلەر دائىم مەسىلىلەرنى ناھايىتى ئاسانلا مۇرەككەپلەشتۈرۈۋالىدۇ. بۇ، چوڭ مېڭىدىكى ئىلگىرى بار بولغان ھەددىدىن ئارتۇق بىلىم سەۋەبىدىن بولۇپ، بىلىمنىڭ بەك كۆپ بولۇپ كېتىشىمۇ بەزىدە ياخشى ئىش بولۇشى ناتايىن، بەزىدە ئۇمۇ ئادەمنىڭ تەپەككۇرىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىنى چەكلەپ قويىدۇ.

تۆۋەندىكى مۇنداق بىر قىزىقارلىق مەسىلىگە قاراپ باقايلى:

بىر قۇلۇلە بولۇپ، بىر تۈپ چىنارنىڭ ئاستىدا ياشايدىكەن. بىر كۈنى ئەتىگەندە قۇياش ئەمدىلا چىقىشىغا بۇ قۇلۇلە دەرەخ ئاستىدىن

دەرەخنىڭ ئۈستىگە قاراپ يامىشىشقا باشلاپتۇ. ئۇ بەزىدە ئاستا، بەزىدە ئىتتىكرەك يامىشىدىكەن، بەزىدە تېخى سەل ـ پەل توختاپ ئەتراپقا قاراپ بېقىپ يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولغان خەۋپ ـ خەتەردىن ساقلانماقچى بولىدىكەن. ئۇ مۇشۇنداق يامىشىپ يۈرۈپ تاكى كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىنلا ئاندىن دەرەخنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپتۇ. ئۇ دەرەخنىڭ ئۈستىدە بىر كېچە تۈنەپ چىقىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى سەھەردە قۇياش ئەمدىلا چىقىشىغا بۇ قۇلۇلە دەرەخ ئۈچىدىن دەرەخ تۈۋىگە قاراپ يامىشىپ چۈشۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ تۆۋەنگە چۈشكەنىدىمۇ بەزىدە ئاستا، بەزىدە ئىتتىكرەك يامىشىپ چۈشىدىكەن ۋە يەنە بەزىدە ئىزىدا توختاپ ئەتراپقا قاراپ باقىدىكەن. بەزىدە بولسا دەرەخ شىرنىسى سۈمۈرۈپ ئۇسسۇزلۇقىنى باسىدىكەن. قارىماققا دەرەخ ئۈستىگە ياماشقانغا قارىغاندا دەرەخ ئاستىغا يامىشىش ئاسانراقتەك قىلاتتى، شۇڭا تۆۋەنگە يامىشىپ چۈشۈشكە سەل ئازراق ۋاقىت كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، قۇياش تېخى تاغ ئارقىسىغا پاتمىغان ۋاقىتتا بۇ قۇلۇلە چىنار تۈۋىگە كېلىۋاپتۇ.

هازىر سىزدىن سوراپ باقسام: بۇ قۇلۇلە دەرەخكە يامىشىپ چىقىش ۋە چۈشۈش جەريانىدا مۇنداق بىر نۇقتا مەۋجۇت بولغانمۇ ـ يوق؟يەنى، قۇلۇلە بۇ نۇقتىدىن بىرىنچى كۈنى يامىشىپ ئۆتكەن ۋاقىت بىلەن(قايسى ۋاقىت، قايسى دەقىقە) ئىككىنچى كۈنى دەرەختىن يامىشىپ چۈشكەندە بۇ نۇقتىدىن ئۆتكەن ۋاقىت پۈتۈنلەي ئوخشاشمۇ؟

بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن توغرا بولغان پىكىر يولىنى بېكىتىۋېلىش كېرەك. چۈنكى توغرا پىكىر يولى بولغاندىلا مەسىلە ئاندىن ئاسانلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ، بولمىسا قايمۇقۇپ قېلىش كېلىپچىقىدۇ. بۇ يەردە توغرا بولغان پىكىر يولى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر ئاددىي بولغان بىر تۈر بولسا: مېڭىمىزدىكى كۆرۈش ئوبرازىدىن پايدىلىنىپ بىرىنچى كۈنى بىلەن ئىككىنچى كۈننى باشقىدىن بىرىكتۈرۈۋېلىپ، دەرەخكە ياماشقان قۇلۇلە بىلەن دەرەختىن چۈشكەن قۇلۇلە ئىككى دانە قۇلۇلە بولۇپ، ئۇلار ئوخشاش بىر ۋاقىتتا دەرەخ تۈۋى ۋە دەرەخ ئۈچىدىن بىر ـ بىرسىگە قاراپ يولغا چىققان دەپ قارىۋېلىش كېرەك. بۇنداق بولغاندا ئىككى قۇلۇلە مۇقەررەر ھالدا يول ئۈستىدە ئۆزئارا ئۇچرىشىدىغان بولۇپ، ئۇلار ئۇچراشقان نۇقتا دەل مەسىلىنىڭ جاۋابى بولىدۇ. بۇمەسىلىنى ھەل قىلىش مانا مۇشۇنداق

ئاددىيدۇر.

تۆۋەندە بۇنىڭدىمۇ قىزىقارلىق بولغان يەنە بىر مەسىلىگە قاراپ باقايلى. بىر ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېز سۇرئەتتىكى ئۆزگىرىشكە ماسلىشىپ پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى كۆزىتىپ بېقىش ئۈچۈن مۇنداق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ: «ھاۋادا ئىككى قۇش بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرسى ئالدىدا، يەنە بىرسى كەينىدە قاتار بولۇپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بولسا، سىز قانداق قىلىپ بۇ ئىككىسىنى بىراقلا تۇتۇۋالالايسىز؟». ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرلەپ ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. مەسىلەن: تور ئىشلىتىپ تۇتۇش، يەل ملتىق ئىشلىتىش، تاغار ئىشلىتىش....دېگەندەك پىكىرلەرنى بېرىپتۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ ئويلىغانلىرى شۇنچە كۆپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بۇ ئاماللارنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تەسلىكىنى ھېس قىلىپتۇ. مۇئەللىمنىڭ جاۋابى كۆپچىلىكنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭ جاۋابى «رەسىم ئاپپاراتى» ئىكەن.

رەسىمگە تارتىش ئۇسۇلى ناھايىتى قالتىس بولۇپ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلا ئۇلارنى مەڭگۈلۈك تۇتۇپ قالغىلى بولىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ چۈشەنمەسلىك نەزىرى بىلەن ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئوقۇتقۇچى كولۇمسىرەپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ، بۇ مەسىلىنى ئادەتتىكى قائىدىدىن چىقىپ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىش تەپەككۇرى بىلەن ھېس قىلىۋالسائلار بولىدۇ. چۈنكى بۇ مەسىلىدە بۇ ئىككى دانە قۇشنى دەقىقە ئىچىدە تۇتۇۋېلىش تەلەپ قىلىنغان بولۇپ، ئۇنى قولدا ياكى باشقا قورallاردا تۇتۇش تەلەپ قىلىنمىغان، شۇڭلاشقا، پەقەت رەسىمگە تارتىش ئاپپاراتى ئىشلىتىپ تۇتقاندىلا ئاندىن بىر دەقىقە ئىچىدىلا«تۇتۇۋېلىشقا» بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا ھەم كۈچىنى تېجەپ قالغىلى ھەم تېزلىكتە تۇتۇۋالغىلى بولىدۇ. يەنە كېلىپ مەڭگۈلۈك خاتىرە قالدۇرۇشقا بولىدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆپچىلىك بىردىنلا ھەممىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ ۋە كۆڭلى پاللىدە يورۇپ كېتىپتۇ.

مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاددىي تەپەككۇر بولسا لوگىكىلىق بىلىمدىن ھالقىغان بىر خىل ئەقىل ـ پاراسەتتۇر.

2000 ـ يىلى4 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى ئىكەن. گۇاڭشى جۇڭشەن ناھىيەسىدىكى ليۇ ئەپەندىنىڭ ئۆيىدىكى تەرەت تۆڭى ئېھتىياتسىزلىقتىن



تونۇلۇپ قاپتۇ. لىيۇ ئەپەندىم بىرەر سائەتتەك ھەپىلەشكەن بولسىمۇ ئەپلەشمەيدۇ. كېيىن ئۇنىڭ قوشنىسى ئۇنىڭغا ئەقىل كۆرسىتىپ بىرنەچچە تال لايىپىگەك بىلىق تۇتۇپ كېلىپ ئىچىگە قويۇپ بېرىپ سىناپ بېقىشنى ئېيتىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە لىيۇ ئەپەندى بۇ گەپكە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمىگەن ھالدا بازاردىن 10 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 3 تال لايىپىگەك بىلىق سېتىۋېلىپ كېلىپ تەرەت تۇڭى ئىچىگە قويۇپ بېرىپتۇ. 20 مىنۇتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن «شار» قىلغان ئاۋاز بىلەن ھېلىقى تونۇلۇپ قالغان تەرەت تۇڭىدىكى پاسكىنا سۇ تۆۋەنگە چۈشۈپ يورۇشۇپ كېتىپتۇ.

شۇڭا ھېلىقى تەرەت تۇڭىنى راۋانلاشتۇرغانغا ئوخشاشلا، بىزمۇ بەزىدە ئەقىل جەھەتتىكى توسالغۇمىزنى راۋانلاشتۇرۇپ تۇرۇشىمىز كېرەك. چۈنكى پىكىر يولى راۋان بولغان كىشىلەرنىڭلا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مۇرەككەپ بولغان مەسىلىنى ھەل قىلىش ئامالى بولىدۇ.

فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى بىر توخۇ فېرمىسىنىڭ غوجايىنى تۇيۇقسىز بىر غەلىتە ئۇسۇلنى ئويلاپ چىققان بولۇپ، ئۇ مەلۇم بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ بوياق ماتېرىيالىنى باستۇرماقچى بولغان توخۇمنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ توخۇملاردىن بېسىپ چىقىرىلغان چۈجىلەرنىڭ پەيلىرى كۆك، بىنەپشە رەڭ، يېشىل، قىزىل قاتارلىق ھەر خىل رەڭلەردە بولۇپ چىقىپتۇ. بۇ توخۇلار بازارغا سېلىنىشى بىلەنلا خېرىدارلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپتۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ فۇجيەن ئۆلكىسىدىكى گېنېراتور ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى ئىلگىرى يورەكلىك ھالدا يېڭىلىق ياراتقان بولۇپ، گېنېراتور مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىلگىرىكىدەك تۇتۇق كۈمۈش رەڭلىك بولۇش ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئەتىرگۈل رەڭلىك، توز پېيى رەڭلىك، يېشىل رەڭلىك

قاتارلىق ھەر رەڭلىك گېنېراتورنى ئىشلەپچىقىرىدۇ، نەتىجىدە بۇنىڭ ئىچىدىكى «ئەتىر گۈل رەڭلىك» گېنېراتور ياۋروپادا قىزغىن قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشىدۇ. «توز پېيى رەڭلىكى» تايلاندلىقلارنىڭ ئىشلىتىش ئادىتىگە ماس كېلىدۇ، ئەمما «يېشىل رەڭلىكى» بولسا ھىندونېزىيەلىك خېرىدارلارنىڭ تالىشىپ سېتىۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ.

بۇ زاۋۇت پەقەت رەڭ جەھەتتىكى چەكلىمىدىن ھالقىپ چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنلا خەلقئارالىق بازاردىمۇ ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا ئېرىشىپ ئۆز بازىرىنى ئاچىدۇ.

ئاددىي بولغان ئۇسۇل ئەڭ ئاقىلانە بولغان ئۇسۇلدۇر.

«مېڭە بورىنى» نى كەشىپ قىلغۇچى ئوسبىرىن بۇرۇن ئامېرىكىدىكى بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدا يۈز بەرگەن مۇنداق بىر مىسالنى تىلغا ئالغان بولۇپ، چىشى چوشقا يانتۇ ھالەتتە ياتقان ۋاقىتتا ھەمىشە دېگۈدەك تېخى بايىلا كۆچۈكلىگەن بالىسىنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن. شۇڭلاشقا، مۇتەخەسسىسلەر نۇرغۇنلىغان ئاماللارنى سىناپ باققان بولسىمۇ يەنىلا كۆڭۈلدىكىدەك بولماپتۇ. بىر كۈنى، بىر نەپەر مۇتەپەككۇر، ئەجەبا چوشقا بالىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى ئازايتقىلى بولىدىغان ئامال يوقمىدۇ؟ مەسىلەن: چوشقا قوتىنىنىڭ ئىچىگە يانتۇ ھالەتتىكى ئورەك كولاپ قويغاندا چوشقا بالىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالغىلى بولاتتىغۇ، دەپ ئويلاپتۇ. چىشى چوشقا بېشىنى تۆۋەن تەرەپكە قارىتىپ يېتىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بالىسى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بېشىنى ئېگىز تەرەپكە قارىتىپ ئۇخلاشنى ياخشى كۆرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن چوشقا ئورىكىنى يانتۇ قىلىشتەك بۇ ئۇسۇل چوشقا بالىسى بىلەن ئانا چوشقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئايرىۋېتىپتۇ. ئامېرىكا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقىنىڭ مۆلچەرلىشىچە بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق چوشقا بالىسىنىڭ ئۆلۈپ قېلىش نىسبىتى 25% ئازىيىپتۇ.

ئامېرىكىدا چىقىدىغان مەلۇم گېزىتتە ئىلگىرى «بىر تال يىڭنە تۆشۈكىنىڭ قىممىتى بىر مىليون دوللار بولدى» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق ئىدى:

ئامېرىكىدىكى مەلۇم بىر قەنت ياساش زاۋۇتى زور تۈركۈمدىكى قەنتلەرنى جەنۇبىي ئامېرىكىغا يۆتكىگەن بولۇپ، سۇ يولىدا توشۇش جەريانىدا كۆپلىگەن قەنتلەر نەم تارتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن زور زىيان

بولىدۇ. شىركەت بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل چىقىرىپ مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ يەنىلا بىرەر ئامال تېپىلمايدۇ.

مەزكۇر شىركەتتە ئىشلەيدىغان بىر ئىشچى بولۇپ، پاراخوتلارنىڭ ھەممىسىدە شامال ئۆتكۈزۈش كانايچىسىنىڭ بارلىقىنى بايقايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇنداق بىر ئەپچىل ئامالنى ئويلاپ چىقىدۇ، يەنى قەنتلەرنىڭ ھەممىسىگە شامال ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يىڭنە تۆشۈكى چوڭلۇقىدا بىر تال تۆشۈك ئېچىلىپ قويۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قەنتلەر ئوكيان ھالقىپ توشۇلغاندىمۇ نەملىنىشىپ قالمايدۇ.

بۇ ئىشچىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن بىر مىليون دوللار مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ.

مۇشۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، گەرچە ئىجاد قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ھەممىسىدە بىلىم توپلاش ۋە پۇتكۈل مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشى كېرەك بولۇپ، بەزى ۋاقىتلاردا ئىنتايىن يۇقىرى بولغان كەسپلىشىش دەرىجىسىگە يېتىش تەلەپ قىلىنىسىمۇ، ئەمما بۇ ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ھېچقانداق ئىش قىلالمايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بىز پەقەت پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماھىر بولساقلا ئوخشاشلا مۆجىزە يارىتىپ چىقالايمىز.

ياپونىيەلىك بىر ئائىلە ئايالىنىڭ كەشپىياتى ئىلگىرى ئاخبارات ئورۇنلىرى تەرىپىدىن كەڭ تۈردە خەۋەر قىلىنغان ئىدى:

قانداق قىلغاندا كىر ئالغۇ كىر يۇيۇپ بولغاندا پاختىدەك نەرسىلەر كىيىملەرگە چاپلىشىپ قالمايدۇ؟

بۇ ئىلگىرى پەن - تېخنىكا خادىملىرىمۇ ھەل قىلالمىغان مەسىلە ئىدى. ئۇلار بەزىبىر ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باققان، ئەمما ئاخىرىدا ھەممىسى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى نۇرغۇنلىغان زاپچاسلارنى سەپلەشكە توغرا كېلەتتى، ئەمما بۇ زاپچاسلارنى سەپلىگەندە كىر ئالغۇنىڭ ھەجمى ئېشىپ كېتىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇنىڭ ئىشلىتىش مەشغۇلاتىمۇ مۇرەككەپلىشىپ باھاسىمۇ بۇرۇنقىدىن يۇقىرى بولۇپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش مۇمكىن بولمايدىغاندەك ھېس قىلىشقان ئىدى. ئەمما ئائىلە ئايالى بۇ مەسىلە توغرىسىدا ناھايىتى باش قاتۇرىدۇ.

ياپونىيەدە ياناشۇ يوشىمىكا ئىسىملىك بىر ئائىلە ئايالى بار بولۇپ،

ئۇمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ ـ دە، ئۇنى ئۆزى بىر ئامال قىلىپ ھەل قىلماقچى بولىدۇ.

بىر كۈنى، ئۇ ئۆزىنىڭ بالىلىق ۋاقىتلىرىدا تاغ باغرىدا يىڭناغۇچ تۇتۇپ ئوينىغان ۋاقىتلىرىنى ئەسكە ئالىدۇ ۋە ئۇ ئىشلارنى كىرئالغۇ بىلەن باغلاشتۇرۇپ مۇنداق ئويلايدۇ، كىچىك تور بىلەن يىڭناغۇچنى تۇتقىلى بولغان يەردە كىرئالغۇدىكى كىچىك پاختا توپىنى توسۇپ قالغىلى بولماسمۇ؟

نۇرغۇنلىغان پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى بۇنداق ئويلاش بەكمۇ كەم ئەقىللىق بولۇپ، پەن ـ تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى بەك ئاددىي ئويلىغانلىق ئەمەسمۇ، دەپ قارىشىدۇ. ئەمما ياناشۇ يوشىمىكا ئۇلارنىڭ بۇ گەپلىرىگە پەرۋا قىلمايدۇ. ئۇ ئۈچ يىل ئۇزۇكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىش نەتىجىسىدە ئەڭ ئاخىرى رازى قىلارلىق ئۇنۇمگە ئېرىشىدۇ.

بىر دانە كىچىككىنە تورنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، ئىشلىتىشمۇ ئەپلىك، تەننەرخى تۆۋەن بولۇپ، كەشىپ قىلىشنىڭ بارلىق شەرتلىرىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇ بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن ناھايىتى قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق كىرئالغۇ ئىشلەپچىقىرىش شىركەتلىرى ناھايىتى تېزلا بۇ ئاددىي، ئەمما قولاي بولغان كەشپىياتنى ئۆز مەھسۇلاتلىرىغا قوللىنىشىدۇ.

ياناشۇ يوشىمىكا كەشىپ قىلغان بۇ خىل كىرئالغۇ تورىنىڭ پاتېنت ھوقۇقى 15 يىل بولۇپ، ئۇ پەقەت ياپونىيەدىلا بىر يۈز ئەللىك مىليون يېنلىك پاتېنت ھەققىگە ئېرىشىدۇ.

1987 ـ يىلى،75 نەپەر نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى پارىژغا يىغىلغان بولۇپ، مەلۇم بىر نەپەر مۇخبىر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر نەپەر ياشانغان كىشىدىن: «سىز قايسى ئالىي مەكتەپتە سىز ئەڭ مۇھىم دەپ قارىغان نەرسىنى ئۆگەنگەن ئىدىڭىز؟» دەپ سورايدۇ.

ئۇ ياشانغان كىشى: «بالىلار يەسلىسىدە ئۆگەنگەن ئىدىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ــ بالىلار يەسلىسىدە دېدىڭىزما؟ ــ دەپ ياندۇرۇپ سوراپتۇ مۇخبىر تەئەججۇپ بىلەن.

ھېلىقى ياشانغان كىشى سەمىمىيلىك بىلەن:

ــ ئۆزۈمنىڭ نەرسىلىرىنىڭ يېرىمىنى ھەمراھىمغا بېرىشنى

ئۈگەندىم؛ ئۆزۈمگە تەئەللۇق بولمىغان نەرسىلەرنى ئالماسلىقنى؛ نەرسىلەرنى رەتلىك قويۇشنى؛ تاماق يېيىشتىن ئاۋۋال قول يۇيۇشنى؛ خاتا ئىش قىلغاندا ئەپۇ سوراشنى؛ چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئازراق ئارام ئېلىشنى؛ كەڭ تەبىئەتنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشنى ئۆگەندىم. تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، مەن ئۆگەنگەن بارلىق نەرسىلەر مانا مۇشۇنچىلىك ئاددىي ئىدى، — دەپتۇ.

بۇ دەل مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆزنى ئىسپاتلەپ بېرىدۇ: «ئادەمدە ئۇزاققىچە ساقلىنىپ قالىدىغان بىردىنبىر نەرسە بولسا ئۇنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىدا قوبۇل قىلغان نەرسىلىرىدىن ئىبارەتتۇر»

شۇ ئەمەسمۇ، ئەڭ ئاددىي بولغان نەرسىلەرلا كۆپ ھاللاردا ئەڭ كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە تولغان بولىدۇ.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، بىر ئايروپىلان بازىغا قايتىپ كېتىۋاتقاندا سۇ ئايلىنىش سىستېمىسىدىن مەسىلە كۆرۈلۈپ تېشىلىپ كېتىپتۇ. ئايروپىلاندا زاپاس سۇمۇ يوق ئىكەن. ئايروپىلاننىڭ چۈشۈپ كېتىش خەۋپىدىن قانداق ساقلىنىش بىر خىل ئىجادىي تەپەككۇر بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدىغان مەسىلە بولۇپ، ئۇنداقتا بۇ ئايروپىلاننى قانداق نەرسە بىلەن ساقلاپ قېلىش كېرەك؟ بەزىلەر جىددىيلىك ئىچىدىن بىر ئەقىلنى ئويلاپ تاپىدۇ ۋە ئايروپىلاندىكى ھەممەيلەننىڭ سۈيدۈكى ئارقىلىق ئايروپىلاندىن ئېقىپ كەتكەن سۇنى تولۇقلايدۇ. قانداق؟ بۇ ئامال بولامدىكەن. بۇ ناھايىتى ئاددىي بولغان ئامال بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالالىدى. ئەگەر سىز شۇ چاغدا ئايروپىلاندا بولغان بولسىڭىز ھەقىقەتەن ئىچ - ئىچىڭىزدىن ھاياجانلانغان بولۇپ، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئاددىي ئەمما ئەپچىل بىر ئامال ئىدى، دېگەن بولار ئىدىڭىز.

# 35. ئاشۇرۇلما تەپەككۇر

**ئاشۇرۇلما تەپەككۇر بولسا: بىزنىڭ بەزى ۋاقىتلاردا، بەزى ئىشلارنى قىلغاندا، پىكىر يولىمىزنى كەڭ ئېچىۋېتىپ، ئۇنى قانداق قىلغاندا تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ قىممەتلىك قىلغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە تەسەۋۋۇر قىلىشتۇر.**

بەزى ۋاقىتلاردا، بەزى ئىشلارنى قىلغاندا، پىكىر يولىمىزنى كەڭ ئېچىۋېتىپ، ئۇنى قانداق قىلغاندا تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ قىممەتلىك قىلغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى.

شېنياڭ شەھىرىدە ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەرنى يىغىش بىلەن جان باقىدىغان بىر ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ۋاڭ خوڭخۇەي ئىكەن.

بىر كۈنى، ۋاڭ خوڭخۇەي كۆڭلىدە، ئەگەر بىر پاسىلداق قۇتىنى شۇنداقلا سېتىۋەتسەم ئارانلا بىرنەچچە پۇڭغا يارايدۇ، ئەگەر ئۇنى ئېرىتىپ مېتالغا ئايلاندۇرۇپ ساتسام تېخىمۇ كۆپ پۇلغا ساتقىلى بولامدۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بارلىق قۇرۇق قۇتىلارنى ئېرىتىپ بارماقچىلىك چوڭلۇقتىكى سۇس كۈمۈش رەڭلىك مېتالغا ئايلاندۇرۇپتۇ ۋە 600 يۈەن خەجلەپ شەھەردىكى رەڭلىك مېتاللار تەتقىقات ئورنىدا خىمىيەلىك تەكشۈرتۈپتۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا، بۇنىڭ ناھايىتى قىممەتلىك بىر خىل ئاليۇمىن ـ ماگنىي قېتىشمىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ ھېسابلاپ باقسا، شۇ چاغدىكى بازار باھاسى بويىچە بولغاندا ھەربىر توننا ئاليۇمىن نۆكچىسىنىڭ باھاسى 14000 ـــ 18000 يۈەن ئارىلىقىدا بولۇپ، ھەربىر قۇرۇق پاسىلداق قۇتا 18.5 گىرام كېلىدىكەن، بۇنداق بولغاندا54000 تال پاسىلداق قۇتا بىر توننا بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇنى ماتېرىيالغا ئايلاندۇرۇپ ساتقاندا پاسىلداق قۇتا ھالىتىدىلا ساتقانغا قارىغاندا 6 ـــ 7 ھەسسە پايدا ئالالايدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ يىغىۋالغان پاسىلداق قۇتىلارنى ئېرىتىپ سېتىشنى

قارار قىلىپتۇ. ئۇ باشقىلارنى تېخىمۇ كۆپرەك قۇرۇق پاسىلداق قوتا ئەكېلىپ سېتىشقا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن، ئەسلىدىكى باھانى ئۆستۈرۈپ، ھەربىر سىنىڭ ئەسلىدىكى سېتىۋېلىش باھاسىنى بىرنەچچە پوڭدىن بىر مو تۆت پوڭغا ئۆستۈرۈپتۇ. ھەم بۇ سېتىۋېلىش باھاسى ۋە سېتىۋېلىش ئورنىنى ئىسىم كارتىسىغا باستۇرۇپ بارلىق ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەرنى يىغىپ ساتقۇچىلارغا تارقىتىپ بېرىپتۇ.

بىر قېتىملىق كىچىككىنە ئەقىل ئىشلىتىش ئارقىلىق زور پايدىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ۋاڭ خوڭخۇەي ۋېلىسىپىتىنى مىنىۋېلىپ، بەلگىلەنگەن يىغىۋېلىش ئورنىغا بېرىپلا ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. چۈنكى چوڭ بىر يۈك ماشىنىسىنىڭ كوزۇپىغا لىققىدە پاسىلداق قوتا قاچىلانغان بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ سېتىۋېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقان ئىكەن. بۇ كۈنى ئۇ13 مىڭ تالدىن كۆپرەك پاسىلداق قوتا يىغىۋالغان بولۇپ ساپمۇ ساق ئىككى يېرىم توننا كېلىدىكەن.

ۋاڭ خوڭخۇەي دەرھال بىر يۈرۈش مېتال پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇپ چىقىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئادەم بىر يىل ئىچىدە قۇرۇق پاسىلداق قوتىدىن 240 توننىدىن ئارتۇقراق ئاليۇمىن نۆكچىسى ئېرىتىپ چىقىپتۇ. ئۈچ يىل ئىچىدە ئۇ مۇشۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ئىككى مىليون700 مىڭ يۈەن پايدا ئاپتۇ. ئۇ مۇشۇنداق قىلىپ ئادەتتىكى بىر «ئەسكى ـ تۈسكى تەرگۈچى» دىن بىر سەكرەپلا مىليونېرغا ئايلىنىپتۇ.

خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مەلۇم بىر تاغلىق رايوندا شىر تېغى دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغ بولۇپ، تاغدىكى تاشلارنىڭ شەكلى ھەر خىل غەلىتە، ئەمما يەر قاتلىمى يۇمشاق ئىدى. شۇ جايدىكى دېھقانلار بۇ تاغدىكى تاشلارنى بولقا، سومبە قاتارلىق نەرسىلەر بىلەنلا قومۇرۇپ ئېلىپ يېقىن ئەتراپتىكى شەھەرگە ئاپىرىپ ھەر توننىسىنى ئالتە يۈەندىن ساتاتتى. بۇمۇ شۇ جاينىڭ شارائىتىدا خېلى يامان ئەمەس باھا بولۇپ، ئۇلار مۇشۇ ئىشنى قىلىش ئارقىلىق يىللىق كىشى بېشى كىرىمىنى 15000 يۈەنگە يەتكۈزەتتى. كېيىنچە بۇ جايدىكى دېھقانلار شەھەردىكى كىشىلەرنىڭ بۇ تاشلاردىن يالغان تاغ ياسايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ئىش قوشۇش ھەقىقىتىنىڭ ھەربىر توننىسىنىڭ 60 ـــ70يۈەنگىچە ئىكەنلىكـ-



دىن خەۋەر تاپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
ئۇلارمۇ يالغان تاغ ياساشنى ئۆگى-
نىپ ھېلىقى ھەربىر تونىنسى ئال-
تە يۈەندىن سېتىلىدىغان تاشلارنىڭ
باھاسىنى 80 يۈەنگە ئۆستۈرۈپتۇ.
ئۇلار يەنە بېيجىڭغا بېرىپ تەكشۈ-
رۈش ئارقىلىق ھېلىقى تاغدىن
چىقىدىغان قۇم تاشنىڭ بۇ يەردە
ھەربىر كىلوگىرامىنىڭ بىرنەچچە
يۈەندىن سېتىلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ-
تۇ. ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسى بار-
غانسېرى كېڭىيىپتۇ. بۇ دېھقانلار
ئۆز يۇرتىنىڭ يەر بايلىقىنى تېخىمۇ قەدىرلەشكە باشلاپتۇ ۋە «ئېلېكتى-
رونلۇق ئاۋاز دولقۇنلۇق مەنزىرە پۈركۈگۈچ» نى تەتقىق قىلىپ ياساپ
چىقىپ تاشقا ھەر خىل مەنزىرە رەسىمى پۈركۈپ ھەربىر دانىسىنى 260
يۈەندىن سېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ يۇرۇپ بۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ ھەم-
مىسى باي بولۇپ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ كېتىپتۇ.

كۆپ يىللار ئىلگىرى ئامېرىكىدىكى مەلۇم بىر چوڭ شەھەردىكى
كوچىدا بىر ئادەم بىر پارچە مىسنى كۆتۈرۈۋېلىپ سېتىلىش باھاسىنىڭ
280 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ توۋلاۋاتاتتى. بۇنى
ئاڭلىغان بىر مۇخبىر بۇ ئادەمنىڭ بىر سەنئەتكار ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.
ئەمما، قىممىتى ئاران 9 دوللار كېلىدىغان بىر دانە مىس بۇيۇمغا
نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇنىڭ قويغان باھاسى ھەقىقەتەنمۇ بەك يۇقىرى بولۇپ
كەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇخبىر ھېلىقى سەنئەتكارنى تېلېۋىزىيە
پىروگراممىسىدا ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى سۆزلەپ بېقىشقا تەكلىپ
قىلىپتۇ. ئۇ ئادەم مۇنداق دەپتۇ: ئەگەر بۇنى بىر پارچە مىسنىڭ قىممىتى
بويىچە ساتقاندا ئۇنىڭ قىممىتى پەقەت 9 دوللارلا بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن
ئىشىك تۇتقۇچى ياساپ ساتقاندا ئۇنىڭ قىممىتى 21 دوللار بولىدۇ؛ ئەگەر
سانائەت مەھسۇلاتى ياساپ ساتقاندا ئۇنىڭ قىممىتى 300 دوللار بولىدۇ؛
ئەگەر ئۇنىڭدىن خاتىرە بۇيۇمى ياساپ ساتقاندا ئۇنىڭ قىممىتى 280 مىڭ

دوللار بولىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ بۇ خىلدىكى ئىجادىي بولغان كۆزقارىشى ۋال ستىرىت كوچىسىدىكى بىر نەپەر مېتاللورگىيە سانائىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەمگە تەسىر قىپتۇ. نەتىجىدە ھېلىقى بىر پارچە مىستىن ناھايىتى نەپىس قىلىپ بىر داڭلىق شەخسنىڭ ھەيكىلىنى ياساپ چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قىممىتىمۇ 280 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يارايتۇ. بىر پارچە مىسنىڭ قىممىتى 9 دوللاردىن 280 مىڭ دوللارغا ئۆرلىگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئارىسىدىكى پەرق دەل ئەقىل ـ پاراسەتتۇر. ياكى بۇنى ئىنسانلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش كۈچى دېسەكمۇ بولىدۇ.

# 36. ئىستېرېئولۇق تەپەككۇر

ئىستېرېئولۇق تەپەككۇرنىڭ مەنىسى شۇكى، نۇقتىدىن سىزىققا ئۆتۈش، تۈز سىزىقتىن تەكشى يۈزگە ئۆتۈش، تەكشى يۈزدىن ئىستېرېئولۇق ھالەتكە ئۆتۈش، ئىجادىي تەپەككۇرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۈزۈكسىز ھالدا ئۆز - ئۆزىدىن ھالقىپ چىقىش، ئۈزۈكسىز ھالدا تەپەككۇردىكى چەكلىمە ۋە پىكىر قىلىشتىكى توسالغۇدىن ھالقىپ ئۆتۈش روھى بولۇش دېگەنلىكتۇر.

ئىستېرېئولۇق تەپەككۇر دېگەن نېمە؟ بىز تۆۋەندىكى بىر مەسىلىنى ئىشلەپ باقايلى. مەلۇم قىسىم تەڭ يانلىق ئۈچبۇلۇڭنىڭ ئۈچ چوققىسى شەكلىدە قاراۋۇل ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. كېيىن بۇ قاراۋۇللارغا يەنە بىر قاراۋۇل قوشماقچى بوپتۇ. ئۇنىڭ ئورنىمۇ باشقا ئۈچ نەپەر قاراۋۇللارنىڭ ئارىلىقى بىلەن ئوخشاش بولۇشى كېرەك ئىكەن. ئۇنداقتا بۇ قاراۋۇلنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك؟

بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابى ئۇنچە تەس ئەمەس بولۇپ، تەڭ يانلىق ئۈچبۇلۇڭنىڭ مەركىزىي قىسمىدىن ئېگىزلىكى بۇ ئۈچبۇلۇڭنىڭ چوققىلىرى بىلەن ئۆزئارا تەڭ بولغان ئورۇندىن بىرنى تېپىپ چىقىپ شۇ يەرگە كۆزىتىش مۇنارى تىكلىنىپ بۇ قاراۋۇلنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرسىلا بولىدۇ.

بۇ مەسىلىدە بىر نۇقتىغا دىققەت قىلدۇقمۇ - يوق، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى مۇھىم نۇقتا ئۇنىڭ تەكشى يۈزلۈك ھالىتىدە تەپەككۇر قىلىشتىن ھالقىپ چىقىش بولۇپ، مانا بۇ ئىستېرېئولۇق تەپەككۇردۇر.

نۇقتىدىن سىزىققا ئۆتۈش، تۈز سىزىقتىن تەكشى يۈزگە ئۆتۈش، تەكشى يۈزدىن ئىستېرېئولۇق ھالەتكە ئۆتۈش، ئىجادىي تەپەككۇرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۈزۈكسىز ھالدا ئۆز - ئۆزىدىن ھالقىپ چىقىش، ئۈزۈكسىز ھالدا تەپەككۇردىكى چەكلىمە ۋە پىكىر قىلىشتىكى توسالغۇدىن ھالقىپ ئۆتۈش روھى بولۇش كېرەك.



ئىستېرېئولۇق تەپەككۇرنىڭ بەرىنچىسى: 5 كىۋادرات مىللىمېتىرلىق كىرېمنىيلىق پىلاستىنكا ئۈستىگە قانداق قىلغاندا 27000 تال زاپچاسنى ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ؟ بىر تال پوچتا ماركىسىنىڭ ئۈستىگە قانداق قىلغاندا بىر نەچچە مىليارد دانە ئېلېكترونلۇق دېتالنى توپلاشتۇرغىلى بولىدۇ؟

بۇنىڭ جاۋابى بولسا، تەكشى يۈزلۈك تەپەككۇرنى ئىستېرېئولۇق تەپەككۇرغا ئۆزگەرتىش بولۇپ، ھېلىقى زاپچاسلارنى دەرىجىدىن تاشقىرى نېپىزلەشتۈرگەن ئاساستا قاتلاممۇ قاتلام ئۈستىلەپ ئورنىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

مىكرو ئېلېكتىر تېخنىكىسى ساھەسىدە، ئالىملار دەل مۇشۇ خىلدىكى تەكشى يۈزلۈك تەپەككۇر قىلىشتىن ئىستېرېئولۇق تەپەككۇر قىلىشتەك ھالقىشقا تايىنىپ، ئېلېكترون تېخنىكىسىنى قىسقىغىنە 20 يىل ئىچىدە چوڭ كۆلەملىك بولۇش، دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ كۆلەملىك بولۇش، ئالاھىدە چوڭ كۆلەملىك بولۇشتىكى توپلاشتۇرۇش دەۋرىگە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا كەلگەندە زور كۆلەملىك توپلاشتۇرۇش دەۋرىگە كىرگۈزۈپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر تال پوچتا ماركىسى چوڭلۇقىدىكى (تەخمىنەن 350 كىۋادرات مىللىمېتىر چوڭلۇقتا) كىرېمنىيلىق پىلاستىنكا ئۈستىگە، بىرنەچچە مىليارد زاپچاسنى توپلاشتۇرۇپ چىقتى ھەمدە بۇ كۆلەمدىنمۇ بارغانسېرى ئېشىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىپ بۆسۈش ھاسىل قىلىنماقتا. بۇ خىلدىكى قايتا قايتىلاپ ئىشقا ئاشۇرۇلغان دەۋر بۆلگۈچ ھالقىشلار شۇنى بىلدۈردۈكى، تەكشى يۈزلۈك تەپەككۇر قىلىشتىن ئىستېرېئولۇق تەپەككۇر قىلىشقا ھالقىشنىڭ ناھايىتى زور يېڭىلىق يارىتىش كۈچى بولىدۇ. مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىز تەكشى يۈزلۈك تەپەككۇر قىلىشتىكى مۇقىم شەكىلدىن ھالقىشقا ماھىر بولۇپ، ئىستېرېئولۇق تەپەككۇر بوشلۇقىمىزنى ئۈزۈكسىز زورايتقاندىلا ئاندىن

ئىجاد قىلىش ھاياتىي كۈچىمىز ئۇرغۇپ تاشىلايدۇ. ئۇنداقتا تەكشى يۈزلۈك تەپەككۇر قىلىشتىن قانداق قىلغاندا ھالقىپ چىققىلى بولىدۇ؟ ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى مىسالغا قاراپ باقايلى.

مەلۇم بىر ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىماققا ناھايىتى ئاددىيدەك كۆرۈنىدىغان مۇنداق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ: بىر پارچە يەرگە تۆت تۈپ دەرەخ تىكىلمەكچى بولۇپتۇ، ئەمما ھەر ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ ئارىسىدىكى ئارىلىق ئۆزئارا تەڭ بولۇش تەلەپ قىلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار قەغەزگە ھەر خىل ئورۇنلاشتۇرۇش لايىھەسىنى سىزىشقا باشلاپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كىۋادرات، تىراپىتسىيە، رومبا، پاراللېل تۆت تەرەپلىك قاتارلىقلار بار ئىكەن. ئەمما كۆپچىلىك ھەر قانچە ئويلىسىمۇ كاللىسىدىن ئۆتمىگىنى شۇ بوپتۇكى، ئۇلار مەيلى قايسى خىل شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرغان بولسۇن، ھەممىسى ھېلىقى تەلەپكە ئۇيغۇن بولماپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ھېلىقى ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا «يول» نى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. يەنى بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈپ دەرەخنى تاغ ئۈستىگە تىكىش كېرەك ئىكەن. چۈنكى بۇنداق بولغاندا قالغان ئۈچ تۈپ دەرەخ بۇ دەرەخ بىلەن مۇنتىزىم تۆت ياقىلىق (تەڭ ياقىلىق پىرامىدا) شەكىللەندۈرىدىكەن ـ دە، ھېلىقى تەلەپكە ماس كېلىدىكەن. بۇ ئەقىللىق گېئومېتىرىيە ئوقۇتقۇچىسى مۇنتىزىم تۆت ياقلىقنى(تەڭ ياقلىق پىرامىدا) ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگەتكەن ۋاقىتتا «دەرەخ» تىكىشتەك ئەپچىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بوشلۇق تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنى قوزغىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىستېرېئولۇق تەپەككۇر قىلىشغا ئىلھام بەرگەن ھەمدە شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا تۆت ياقلىقنىڭ بوشلۇقتىكى ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويغان. بۇ خىلدىكى يېڭىلىق يارىتىش تەپەككۇرى ناھايىتى ئەپچىل، ئۇنۇمىمۇ شۇنداق ياخشى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا بۇ خىلدىكى يېڭىلىق يارىتىش تەپەككۇرنى ئىگىلىتىشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئاچقۇچ شۇكى، ئۇنىڭدا چوقۇم تەكشى يۈزلۈك ھالەتتىكى تەپەككۇر قىلىشتىكى مۇقىم شەكىلدىن ھالقىپ چىقىپ كېتىش كېرەك. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن مەسىلىنىڭ جاۋابىنى تاپقىلى بولىدۇ.

ئىستېرېئولۇق تەپەككۇرنى قوللىنىپ يېڭىلىق يارىتىشتىكى ئاچقۇچ شۇكى، ئۇنىڭدا نۇقتا، سىزىق، يۈز قاتارلىقلارنىڭ رامكا چەكلىمىسىدىن

ھالقىپ چىقىپ كېتىش، تىك يۆنىلىش، يان يۆنىلىش قاتارلىق كۆپ تەرەپتىن كېڭەيتىش كېرەك، شۇندىلا تەپەككۇر بوشلۇقى ۋە تەپەككۇر قىلىش دائىرىسى كېڭىيەلەيدۇ.

ئىستېرېئولۇق تەپەككۇرنىڭ ئىككىنچىسى: مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كەشپىياتچىنىڭ يىغىنلىق يارىتىش تەپەككۇرى كۆپ ھاللاردا يەككە يۆنىلىشلىك بولۇشتىن كۆپ يۆنىلىشلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىشقا، تۈز سىزىقلىق تەپەككۇر قىلىشنى ئەگرى يۆنىلىشلىك تەپەككۇر قىلىشقا ئۆزگەرتىشكە ماھىر بولغانلىقىدا بولۇپ، ئۇ شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئەگرى يۆنىلىشلىك تەپەككۇرنى تۈز يۆنىلىشلىك تەپەككۇر ئورنىدا قوللىنىپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن، قالتىس نەتىجىلەرنى ياراتقان بولىدۇ.

مەسىلەن: ئەنگىلىيەلىك ئىنژېنېر چارلېس. دېلېپا تېمس دەرياسىغا يەلپۈگۈچ شەكىللىك كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش توسمىسى لايىھەلەپ چىققان بولۇپ، بۇمۇ ناھايىتى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا لايىھەلەنگەن يېڭىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىجادىيەت ئىدى. يېڭىچە شەكىلدىكى كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش توسمىسىنى لايىھەلەشتىن بۇرۇن، دېڭىز سۈيى ئۆرلىگەن ۋاقىتتا ھەمىشە تېمس دەرياسىنى بويلاپ تەتۈرسىگە ئېقىپ كىرىپ، سۇ ئېقىمىنىڭ تەتۈرسىگە ئېقىشىدەك ئەھۋالنى پەيدا قىلاتتى. بولۇپمۇ دېڭىزدا زور دولقۇن ياكى ناچار ھاۋا رايى كۆرۈلگەن ۋاقىتلاردا دېڭىز دولقۇنى مۇداپىئە توسمىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، لوندون شەھىرىگە بىۋاسىتە ئېقىپ كىرىپ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئېغىر تەھدىت شەكىللەندۈرەتتى. دېڭىز سۈيىنىڭ تەتۈر ئېقىپ كىرىش ھادىسىسىدەك يوشۇرۇن خەۋپ ـ خەتەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن، چوقۇم تېمس دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدا كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش توسمىسى ياساش كېرەك ئىدى. بۇ توسمىنىڭ لايىھەلىنىش تەلىپى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ھەم ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا كېمە ـ پاراخوتلار نورمال ئۆتەلەيدىغان بولۇشى، ھەم دېڭىز دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن ۋاقىتتا دېڭىز سۈيىنىڭ تەتۈر ئېقىشىنى توسۇپ قالالىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ كەمچىلىكى بولسا ياسىلىش باھاسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، قۇرۇلۇش قىلىشمۇ قىيىن ئىدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىنژېنېر چارلېس بىر خىل يېڭىچە

لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چاسا شەكىللىك توسمىنى يۇمىلاق شەكىلگە ئۆزگەرتىش تەكلىپىنى بېرىدۇ يەنى، ئۇ توسما ئىشىكنى يەلپۈگۈچ شەكىلدە لايىھەلەشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بۇ يېرىم يۇمىلاق شەكىلدىكى توسما ئىشىكى سۇ ئاستىغا ياتقۇزۇلۇپ قويۇلىدۇ، ئىشلەتكەندە بولسا90 گىرادۇسلۇق يۆنىلىشتە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەر توسما ئىشىكنى ھەرىكەتلەندۈرسە ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئەسلىدىكىسىدىن كۆپ ئېگىز بولاتتى ـ دە، تۆۋەنكى ئېقىمدىكى دېڭىز سۈيىنىڭ تەتۈرسىگە ئېقىشىنى ئەپچىللىك بىلەن توسۇپ قالاتتى.چارلېس بۇ خىل يېڭىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان يەلپۈگۈچ شەكىللىك ئىجادىي پىكىر لايىھەسىگە ئاساسەن، سۇ قاتنىشى ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىشنىڭ ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرىگە دەخلى قىلماسلىق بولۇش مەسىلىسىنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن ھەل قىلىپ، بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇشتەك ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىجادىيىتى ھەقىقەتەنمۇ يېڭىلىق يارىتىش تەپەككۇرىدىكى نادىر ئەسەر بولۇشقا مۇناسىپ ئىدى.

**ئىستېرېئولۇق تەپەككۇرنىڭ ئۈچىنچىسى:** ياپونىيەدە بىر مەنزىرىلىك تاماقخانا بولۇپ، ئۇلار ساياھەتچىلىك كەسپىي بويىچە بىر قېتىملىق بازار تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، سىرتقا چىقىپ كۆك ئاسمان ۋە تاغ ـ دالىلارنى ساياھەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان ناھايىتى كۆپ ساياھەتچىلەرنىڭ، كەڭ تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن، شارقىراتمىلاردىن، قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرىدىن ھۇزۇر ئېلىشتىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئەڭ زور ئارزۇ قىلىدىغان ئىشىنىڭ ئارىشاڭدا قانغۇدەك بىر يۇيۇنۇپ كەسكىن رىقابەت جىددىيچىلىكى ئېلىپ كەلگەن خىزمەت ھارغىنلىقىنى تۈگىتىش، ئارىشاڭ سۈيىدە ئەركىن ـ ئازادە يۇيۇنۇش ئارقىلىق ئاشۇ ھارغىنلىق ۋە جىددىيلىكنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئۇنتۇش ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. مۇشۇ ئېھتىياجغا ئاساسەن، مەزكۇر تاماقخانىنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچىسى بۇ تاماقخانىنىڭ جۇغراپىيەلىك جايلىشىش ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بىر ئارىشاڭ ياساپ چىقىش نىيىتىگە كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئادەتتىكى ئارىشاڭ مۇنچىسىنى ھەممە يەردە ئۇچراتقىلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ

ھېچقانداق قىزىقچىلىك يېرى يوق، دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەتتىكى قائىدىدىن ھالقىپ تۇرۇپ تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق، ئۆزگىچە بولغان بوشلۇق ئارىشاڭ مۇنچىسىنى لايىھەلەپ ياساپ چىقىپتۇ. بۇ خىل ئارىشاڭ مۇنچىسىنىڭ شەكلى خۇددى لىققىدە سۇ قاچىلىنىپ بوشلۇققا ئېسىپ قويۇلغان فۇنىكۇلىيورغا ئوخشايدىكەن. ئۇنى مۇشۇ تاماقخانىنىڭ يېنىدىكى تاغ چوققىسىنىڭ 200 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىر ئېگىز فۇنىكۇلىيورغا ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، ئۇ توختىماستىن ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىكەن. بارلىق ساياھەتچىلەر بۇ بوشلۇق ئارىشىڭى مۇنچىسىدا يۇيۇنغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنى خۇددى گۈزەل تاغلار ۋە بۇلۇتلار ئارىسىدا ئەركىن ئۇچۇپ يۈرگەندەك ھېس قىلىدىكەن - دە، بارلىق غەم - قايغۇلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كېتىشىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرگە كەلگەن بارلىق ساياھەتچىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئارىشاڭ مۇنچىسىدا يۇيۇنۇپ سىناپ باقماقچى بولىشىدىكەن. بوشلۇقتىكى ئارىشاڭ مۇنچىسىدىن ئىبارەت بۇ پەم ئاخىر نۇرغۇنلىغان ساياھەتچىلەرنى بۇ يەرگە باشلاپ كەپتۇ. كىشىلەر بۇ ئارىشاڭنىڭ داڭقىنى بىر - بىرىدىن ئاڭلاپ بۇ يەرگە كېلىشكە باشلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ تاماقخانا كۈتۈۋالىدىغان مەخسۇس ھېلىقى بوشلۇق ئارىشىڭىدا يۇيۇنۇش ئۈچۈن كەلگەن مېھمانلارنىڭ سانىلا بىرنەچچە مىڭ ئادەمگە يېتىپتۇ. ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرى ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى بۇ يەر تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ كېتىدىكەن. تاماقخانىنىڭ تىجارەت كىرىمىمۇ زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ. بوشلۇق ئارىشىڭى ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەنلا كىشىلەرنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرۇپ بۇ تاماقخانىنىڭ داڭقىنى يىراق - يېقىنلارغا تارقىتىپتۇ.

يېڭىلىق يارىتىش رىقابىتىدە ئەقىل - پاراسەت ئىشلىتىشكە ماھىر بولغۇچىلار غەلىبە قىلىدۇ. كۆزىتىپ پىكىر قىلىشقا ماھىر بولۇپ، ئەنئەنىدىن ھالقىشقا، ئادەتتىكى قائىدىلەرنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ چىقىشقا ماھىر بولغاندىلا ئاندىن كىشىلەر ھەيران قالغۇدەك مۆجىزە ياراتقىلى بولىدۇ. بوشلۇقتا ئارىشاڭ مۇنچىسى ياساشتەك بۇ خىل مۆجىزە بىزگە شۇنداق بىر ئىلھام بېرىدۇكى، مۆجىزە ئادەتتىكى شەيئىلەر ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولۇپ، پەقەت پىكىر قىلىشنى ئۆگىنىۋالغاندىلا ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ، شۇڭا يېڭىلىق يارىتىش تەپەككۇرىدا ئەڭ قىممەتلىك بولغىنى يەنىلا ھالقىپ چىقىشقا جۈرئەت قىلىشتىن ئىبارەت.

ئىستىرېئولوگ تەپەككۇرنىڭ تۆھپىسى: تېلېۋىزىيە تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىيات تارىخى گەرچە ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما يېقىنقى يارىتىش رىقابىتىنىڭ دولقۇنلىرى ئىلگىرى بولغان تېلېۋىزىيە تېخنىكىسىنى كۈنسېرى ئالغا سىلجىتماقتا. ئېلېكترونلۇق لامپىلىق تېلېۋىزورلاردىن تارتىپ كىرىستال لامپىلىق تېلېۋىزورلارغا تەرەققىي قىلىشقىچە، يەنە ئۇنىڭدىن تەرەققىي قىلىپ توپلاشتۇرۇلغان توك يولىلىق تېلېۋىزورلارغا تەرەققىي قىلىشقىچە؛ رەڭسىز تېلېۋىزورلاردىن رەڭلىك تېلېۋىزورلارغا تەرەققىي قىلىشقىچە، يەنە ئۇنىڭدىن تەرەققىي قىلىپ مىكرو تېلېۋىزور، دەرىجىدىن تاشقىرى نېپىز تېلېۋىزور، رەقەملىك تېلېۋىزور، تەڭ ئېيونلۇق تېلېۋىزور قاتارلىقلارغىچە بولغان بۇ تەرەققىيات مۇساپىسى كىشىلەرگە ئۆزگىچە بولغان يېڭىلىق يارىتىش سورۇنى هازىرلاپ بەرگەن ئىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى كىشىلەر لازېر نۇرلۇق سۇ ئاستى تېلېۋىزورىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۇ ئاستى قۇرۇلۇشى، دېڭىز پورتى، دېڭىز قاتنىشى، پىرىستان قۇرۇلۇشى، تۇغان، سۇ توسمىسى، كۆۋرۈك ئەگمىسى قاتارلىقلارنى ئۇزاق مۇددەتلىك كۆزىتىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئىدى. بۇ خىل يېڭىلىق يارىتىش تەپەككۇرى غەۋۋاسلار ئۈچۈن ئامەت ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، قاراڭغۇ كېچىدە هېچنېمىنى كۆرگىلى بولماسلىقتەك هالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، كىشىلەر ئىنفىرا تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا «ئىنفىرا قىزىل نۇرلۇق تېلېۋىزور» نى كەشىپ قىلىپ چىقىپ، كىشىلەرنى قاراڭغۇ كېچىدىمۇ نەرسىلەرنىڭ هەرىكەت ئەهۋالىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ خىل تېلېۋىزور يەنە داۋالاش، هەربىي ئىشلار قاتارلىق ساهەلەردىمۇ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. مەسىلەن: داۋالاش ساهەسىدە «ئىنفىرا قىزىل نۇرلۇق تېلېۋىزور» ئادەم بەدىنىدىكى كېسەللىك ئەهۋالىنى كۆرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ؛ هەربىي ساهەدە بولسا، «ئىنفىرا قىزىل نۇرلۇق تېلېۋزور» قاراڭغۇ كېچىدىكى دۈشمەن ئەهۋالىنى كۆزىتىشكە ۋە ئىزدەشكە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، قاراڭغۇ كېچىدىكى سادىق «قاراۋۇل» غا ئايلىنىدۇ.

كىشىلەر يېڭىلىق يارىتىش تەپەككۇرى ۋە يېڭىلىق يارىتىش رىقابىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، تېلېۋىزور تېخنىكىسىغا بارغانسېرى يېڭى ۋە ئىنچىكە تەلەپلەرنى قويۇپ، بارغانسېرى كۆپلىگەن يېڭى رېكورتلارنى

بارلىققا كەلتۈرمەكتە. مەسىلەن: قول سائەتلىك تېلېۋىزور دېگەندەك. بۇ خىل تېلېۋىزور بىر دانە سائەت قېپىنىڭ ئىچىگە بىر دانە مىكرو تىپتىكى تېلېۋىزورنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېكرانىنىڭ چوڭلۇقىمۇ ئاران 2.8 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 1.7 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ خىل قول سائىتى شەكلىدىكى تېلېۋىزور يەنە رەڭسىز ھالەتتىن رەڭلىك ھالەتكە تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئارقىدىنلا يەنە «ئىنفىرا قىزىل نۇرلۇق تېلېۋىزور» ۋە مىكرو تېلېۋىزوردىن كېيىن ئۆزۈكسىز ئىزدىنىش ئارقىلىق، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا «توپ ئوقى تېلېۋىزور» نى تەتقىق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇ خىل تېلېۋىزور توپ ئوقىنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان بولۇپ، 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئورۇنغا ئېتىشقا بولاتتى، توپ ئوقى ئېتىلىپ نىشان بار ئورۇننىڭ بوشلۇقىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئوق بېشى ئىچىدىكى ئوق ئاتقۇچى دورا پارتلاپ ئوق قاپقىنى ئاچىدۇ، بۇ ۋاقىتتا تاشقى كۆرۈنۈشى خۇددى ساندۇققا ئوخشايدىغان كىچىك تىپتىكى تېلېۋىزور ئوق قېپى ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان پاراشوت ئېچىلىپ بوشلۇقتا پىرقىرىغان ھالەتتە تۆۋەنلەشكە باشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تېلېۋىزورغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان كامېرامۇ ئاپتوماتىك ئېچىلىپ ئەتراپتىكى ئەھۋاللارنى سۈرەتكە تارتىشقا باشلاپ، ئەتراپتىن تارتقان بارلىق سۈرەتلەرنى سىمسىز تارقىتىش ئۈسكۈنىسىنىڭ ياردىمىدە قوبۇللاش مەركىزىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ خىلدىكى يىراقتىن تەكشۈرۈپ پەرق ئېتىشكە ئىشلىتىلىدىغان تېلېۋىزورلار خەتەرلىك جايلارنىڭ يەر ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش، يانار تاغ ئەھۋالىنى كۆزىتىشتە ۋە ھەربىي ئىشلاردا كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلمەكتە. يۇقىرىقى مىساللار بىزنى مۇنداق بىر ئىلھامغا ئىگە قىلىدۇ يەنى، ھەر خىل چەكلىمىلەر ۋە قاتمۇقات رامكىلارنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ چىقىشقا جۈرئەت قىلغاندىلا ئاندىن ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىگە ئىگە بولالايدۇ.

ئىستېرېئولۇق تەپەككۇرنىڭ بەشىنچىسى: دۇنياغا داڭلىق فىزىكا ئالىمى ھېرتىسنىڭ ئەڭ چوڭ تۆھپىسى ئۇنىڭ ئېلېكتىر دولقۇنىنىڭ مەۋجۇت

ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانلىقى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئېلېكتىر دولقۇنىدىن پايدىلىنىپ ئالاقىلىشىش مۇلازىمىتى ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن ئاساس سالغان ئىدى. ئەمما ھېرتىس ئېلېكتىر ماگنىت دولقۇنىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغاندىن كېيىن يەنە داۋاملىق ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ئىزدەنمىگەن بولۇپ، ئېلېكتىر دولقۇنىنىڭ نۇر دولقۇنىغا ئوخشاشلا ئەكسىگە قايتىش ۋە سۇنۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقاپ قارىسىغىلا ھۆكۈم چىقىرىپ، يىراق ئارىلىقتىكى ئېلېكتىر دولقۇنى مۇلازىمىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم بوشلۇقتا بىر دانە چوڭ ئەينەك ئېسىش كېرەك، دەپ قارايدۇ. 1894 ـ يىلى ئىتالىيەلىك فىزىكا ئالىمى ماركونى تىنچ ئوكياندىن ھالقىپ ياۋروپا بىلەن ئامېرىكا قىتئەسىنى تۇتاشتۇرىدىغان سىمسىز ئالاقە تورىنى قۇرۇپ چىقماقچى بولىدۇ. ھېرتىس بۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ ئۇنداق دېيىشتىكى ئاساسى مۇنداق بولۇپ، ئاسماندا دولقۇن قايتۇرغۇچ ئەينەك بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىش كېرەك بولسا چوقۇم تىنچ ئوكياندەك چوڭلۇقتىكى بىر دانە دولقۇن قايتۇرغۇچ ئەينەكنى بوشلۇقتا ئېسىپ ئورنىتىش كېرەك ئىكەن. ئەمما ماركونى ھېرتىسنىڭ بۇ گەپلىرىدىن قورقۇپ كەتمەيدۇ. ئۇ يەتتە يىل ئۈزۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرى ھېرتىس ئېيتقان ھېلىقى «ئالەم ئەينىكى» نى بايقايدۇ. يەنى، پۈتۈن يەر شارىنى قاپلاپ تۇرغان ئاتموسفېرا قاتلىمىدىكى ئىيونلانغان قەۋەتنىڭ ئېلېكترون دولقۇنىنى قايتۇرۇش رولى بولۇپ، ئۇنىڭغا يەنە قانداقتۇر بىرەر ئەينەك ئورنىتىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. 1901 ـ يىلى ماركونى ئاتموسفېرا قاتلىمىدىكى ئىيونلانغان قەۋەتتىن پايدىلىنىپ سىمسىز ئالاقىلىشىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئاتلانتىك ئوكياندىن ھالقىپ ئۆتكۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ ھەمدە مۇشۇ تۆھپىسى بىلەن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. ھېرتىس شۇنىڭ ئۈچۈن «تىنچ ئوكياندەك چوڭلۇقتىكى بىر ئەينەك ئورنىتىش» تەك خاتا خۇلاسە چىقارغانكى، ئۇنىڭ تەپەككۇرى ئادەتتىكى قايتىش ھادىسىسىدىن قايمۇقۇپ قالغان بولۇپ، تەپەككۇر بوشلۇقى يەر يۈزى بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، پەقەت ئەينەك ئارقىلىقلا ئېلېكتىر دولقۇنىنى قايتۇرۇشقا بولىدۇ، دەپ قاراپ قالغان، يۇقىرى بوشلۇقتىكى ئاتموسفېرا قاتلىمىغا قارىتا تېخىمۇ

چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئېلىپ بارمىغان. شۇڭا ئۇ كەڭ تەبىئەتتىكى بۇ تەبىئىي ئەينەك، ئىيونلانغان قەۋەتنى بايقىيالمىغان ئىدى. ماركونىنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرى شۇنىڭ ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىغانكى، ئۇ ئەنئەنىۋى تەپەككۇرنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ چىقىشقا جۈرئەت قىلغان بولۇپ، ئىجادىي تەپەككۇر نەزىرىنى يۇقىرى بوشلۇقتىكى ئاتموسفېرا قاتلىمىغىچە يەتكۈزۈپ، ئىيونلانغان قەۋەتنىڭ دولقۇن قايتۇرۇش رولىنى بايقىغان ھەمدە ئۇنىڭ بۇ خىل رولىدىن پايدىلىنىپ، دولقۇن نۇرىنى ئەڭ ئاخىرى تىنچ ئوكياندىن ھالقىتىپ ئۆتكۈزۈپ ئېلېكتىر دولقۇنىنى يىراق ئارىلىققىچە يەتكۈزۈشتەك بۇ خىل دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە يېڭى بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇرغان.

ماركونىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىزگە شۇنداق بىر ئىلھام بېرىدۇكى، ئىجادىي تەپەككۇرنى تېخىمۇ يىراقراق نۇقتىغا تىككەندىلا ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ بوشلۇقىدىكى بۇ بۆسۈش بىزگە ئاندىن كەشپىيات مۇۋەپپەقىيىتىنى ئاتا قىلالايدۇ.

ئىستېرېئولۇق تەپەككۇرنىڭ ئالتىنچىسى: رادار تىلغا ئېلىنىسىلا كىشىلەر يەر يۈزىدە توختىماستىن ئايلىنىپ تۇرىدىغان رادار ئانتېنناسىنىڭ بوشلۇقتىن نىشان ئىزدەيدىغانلىقىنى ئەسكە ئالىدۇ. ئۇنداقتا، يەر ئاستىدىكى نەرسىلەرنى بايقاشقا بولىدىغان بىر خىل پېرسپېكتىۋلىق رادار ياساپ چىقىشقىمۇ بولامدۇ - بولمامدۇ؟ ئالىملارغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ «چەكلەنگەن رايونى» يوق بولۇپ، ئۇلار ئىجادىي تەپەككۇرنى يەر يۈزىدىن يەر ئاستىغىمۇ كېڭەيتكەن ئىدى. ئالىملار تەتقىق قىلىش ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق، ئەڭ ئاخىرى يەر ئاستىنى كۆرگىلى بولىدىغان پېرسپېكتىۋلىق رادارنى ياساپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ھالقىلىق قىسمى سېنزور، كونتروللىغۇچ، تەسۋىر خاتىرىلىگۈچ ۋە ماگنىتلىق لېنتا قاتارلىقلاردىن تۈزۈلگەن ئىدى. ئۇنىڭ خىزمەت پىرىنسىپىمۇ مىكرو كومپيۇتېرنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا ئاپتوماتىك ھالدا «كۆزىتىش» ئېلىپ بارىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ خىل خىزمەت پىرىنسىپى بوشلۇقتىكى ئايروپىلاننى ئىزدەشكە ئىشلىتىلىدىغان رادار بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئانتېنناسىنىڭ شەكلى ئۇزۇن تۇتقۇچلۇق ئايلانما شەكىللىك ئۇسكۈنىگە ئوخشاپ كېتىدىغان

بولۇپ، يەر ئاستىدىكى چوڭقۇر قاتلاملارغا مىللىمىكرومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر خىل ئىمپۇلسلىق ئېلېكتىر دولقۇنى قويۇپ بېرىدۇ، ئېلېكتىر دولقۇنى يەر ئاستىدىكى مەلۇم جىسىمغا تەگكەن ۋاقىتتا ئەكسىگە قايتىدۇ ـ دە، بۇ سىگنالنى يەر يۇزدىكى ئانتېننا قوبۇل قىلىۋېلىپ چوڭايتىپ بىر تەرەپ قىلىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا رادار ئېكرانىدا يەر ئاستىدىكى نەرسىنىڭ سۇرىتى كۆرۈنىدۇ. يەر ئاستىنى تەكشۇرگۇچ رادار ناھايىتى كۆپ ساھەلەردە ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ئۇنى يەر ئاستىدىكى نېفىت، كۆمۈر، كان بايلىقى قاتارلىقلارنى ئىزدەشكە ئىشلىتىشكىمۇ ۋە ياكى دېڭىز ئاستىدىكى كان بايلىقلىرىنى، چۆكۈپ كەتكەن پاراخوت قاتارلىقلارنى ئىزدەشكە ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. ئەنگلىيەدىكى بىر سۇزۇش شىركىتى بۇ خىلدىكى رادارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق 19 ـ ئەسىردە تېمس دەرياسىغا چۆكۈپ كېتىپ ئۇستىگە ئون نەچچە مېتىر قېلىنلىقتىكى لاي ـ لاتقا ئورناپ كەتكەن بىر كېمىنى تېپىپ چىقىدۇ. يەر ئاستى پېرسپېكتىۋلىق رادارنى يەنە قەدىمكى ئاسارە ـ ئەتىقىلەرنى ئىزدەش، سۇ ئامبارلىرىنىڭ سۇ ئاستى قىسمىدىكى دەز كەتكەن جايلارنى تېپىش، تاغ گۇمۇرۇلۇش ياكى قار كۆچۇشتىن كېيىنكى ھايات قالغۇچىلارنى ئىزدەش، يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن تۇرۇبا يوللىرىنىڭ ياكى ئېلېكتىر كابىلىنىڭ ئورنىنى ۋە يۆنىلىشىنى تېپىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەپەككۇرىمىزنى ھەرقايسى تەرەپلەردىن كېڭەيتكەندە مۇقەررەر ھالدا تېخىمۇ يېڭى بولغان كەشپىياتلارنى بارلىققا كەلتۇرەلەيمىز.

# 37. U شەكىللىك تەپەككۇر

U شەكىللىك تەپەككۇرنىڭ ماھىيىتى بولسا، ئايلىنىپ ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەتتۇر. جۇڭگودا، بىر قەدەم چېكىنسەڭ بارچە ئالەم كەڭ كۆرۈنەر، دېگەن مۇنداق بىر قەدىمىي ھېكمەتلىك سۆز بار بولۇپ، ئۇنىڭدىمۇ دەل U شەكىللىك تەپەككۇر گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

1943 ـ يىلى 2 ـ ئايدا گېتلېر گېرمانىيە قوشۇنىدىن تەشكىللەنگەن تۆت دىۋىزىيە، ئىتالىيە قوشۇنىدىن تەشكىللەنگەن بىر بىرلەشمە ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتىنى ھەمدە يۇگوسلاۋىيەدىكى قورچاق قوشۇننى يۆتكەپ كېلىپ، تىتو رەھبەرلىك قىلىۋاتقان يۇگوسلاۋىيەدىكى غەربىي بوسنىيە ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئازاد رايونلارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، تىتو رەھبەرلىكىدىكى بۇ ئازادلىق قوشۇننى يوقاتماقچى بولىدۇ.

ناتسىستلارنىڭ سۇيىقەستىنى بىتچىت قىلىش ئۈچۈن، تىتو تۆت دىۋىزىيەدىن تەشكىل قىلىنغان زەربىدارلار ئەترىتىگە قوماندانلىق قىلىدۇ ھەمدە 4000 نەپەر ياربدارنى ھىمايە قىلغان ئاساستا شەرقىي جەنۇب تەرەپتىن قورشاۋنى بۆسۈپ ئۆتۈپ مونتېنىگىروۋ رايونىغا چېكىنمەكچى بولىدۇ. بۇ قېتىمقى يۆتكىلىش ھەرىكىتى ناھايىتى ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتەتتى. شۇڭا بۇ قېتىمقى ئىستراتېگىيەلىك يۆتكىلىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن تىتو بارلىق قىسىملارغا گېرمانىيە ئارمىيەسىگە بولغان قارشىلىقنى كۈچەيتىش، گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ دىققىتىنى بۇرىۋېتىش، شۇ ئارقىلىق زەربىدارلار قىسمىنىڭ ھەرىكىتىگە ۋاستىلىك ھالدا ماسلىشىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ئەمما يۆتكىلىش ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يەنىلا نېلىتۋا دەرياسىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈش ئىدى. تىتونىڭ زەربىدارلار قىسمى گېرمانىيە ئارمىيەسى تەرىپىدىن دەريانىڭ سول ياقىسىدا توسۇۋېلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە گېرمانىيە، ئىتالىيە

فاشىستلىرىنىڭ قىسىملىرى نېلىتۋا دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىدىن باشلاپ تىتونىڭ قىسىملىرىنى قورشاش ھالىتىنى شەكىللەندۈردى.

دەريادىن تېزرەك ئۆتۈش ئۈچۈن زەربىدارلار قىسمى كۆۋرۈك بېشىغا بىرنەچچە قېتىم تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئەمما گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ كۈچلۈك ئوت كۈچى تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى، ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي بولۇپ قالدى. بۇ ۋاقىتتا تىتو ئەكسىچە ئىش قىلىش نىيىتىگە كېلىدۇ - دە، كۆۋرۈكنى پارتلىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زەربىدارلار ئەترىتى كۆۋرۈك ئاستىغا پارتلاتقۇچنى ئورنىتىدۇ. «گۇم» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا كۆۋرۈكنىڭ يېرىمى گۇمۇرۇلۇپ چۈشىدۇ.

تىتو دۈشمەننى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن قىسىمغا چېكىنىشكە بۇيرۇق قىلىدۇ. گېرمانىيە ئارمىيەسى تىتونى ئەسلىي دەريادىن ئۆتمەيدىغان بولۇپ، دەريانىڭ سول تەرىپىدە ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن كۆۋرۈكنى پارتلىتىپ گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشىنى توسۇپ قالغان دەپ ئويلاپ قالىدۇ. گېرمانىيە ئارمىيەسى دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى زەربىدارلار ئەترىتىنىڭ چېكىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ ۋە ئۆزىنى قىلتاققا چۈشكەن چېغى دەپ قاراپ، دەريانىڭ تۆۋەنكى ئۆتۈش ئېغىزىدىن ئۆتۈپ زەربىدارلار ئەترىتىنى قوغلىماقچى بولىدۇ. تىتونىڭ قىسمى مۇشۇنداق چۆرگىلەپ يۈرۈپ گېرمانىيە ئارمىيەسىنى ئاخىر قىلتاققا چۈشۈرىدۇ - دە، قىسىمغا دەرھال كۆۋرۈك بېشىغا قايتا ئاتلىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ بارلىق قىسىملىرى تىتونىڭ قىسمىنى قوغلاش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ كۆۋرۈك بېشىنى قوغداشقا بىرەرمۇ ئەسكەر قالدۇرمايدۇ. زەربىدارلار ئەترىتى جىددىي تۈتۈش قىلىپ كۆۋرۈك بېشىدا بازا قۇرۇپ چىقىپ ناتسىستلارنى توسۇش تەييارلىقىنى پۇختا قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تىتو قىسىمغا كونا كۆۋرۈك تەگلىكىدىن پايدىلىنىپ ئۇزۇلۇپ كەتكەن كۆۋرۈككە ۋاقىتلىق ئاسما كۆۋرۈك ياساشقا بۇيرۇق قىلىدۇ ۋە تانكا، زەمبىرەك قاتارلىق ئېغىر قوراللارنى دەرياغا ھەيدەپ كىرىپ، يېنىك قوراللارنى ئەسكەرلەرگە كۆتۈرگۈزۈپ يارىدارلارنى قولتۇقلىغىنىچە دەريادىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ مونتىنېگرو رايونىغا يېتىپ كېلىدۇ. گېرمانىيە ئارمىيەسى تىتونىڭ قىسمىنى جېنىنىڭ بارىچە قوغلاپ يۈرىدۇ

ۋە ئۆزىچە قورشاش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، دەپ قاراپ تاغ جىلغىسىنى غالجىرلارچە تويقا تۇتتىدۇ ھەمدە بومباردىمانچى ئايروپىلانلارنى ئىشقا سېلىپ بىرنەچچە كۈنگىچە بومباردىمان قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار تاغ جىلغىسىنىڭ قۇپقۇرۇق ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. گېرمانىيە ئارمىيەسى تىتو قىسىملىرىنىڭ دەريادىن ئۆتۈپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئاندىن ھوشىغا كېلىدۇ ۋە تىتونىڭ كۆۋرۈكنى پارتلىتىشىدىكى مەقسىتىنىڭ ئەسلىدە ئۇلارنىڭ دىققىتىنى بۇرىۋېتىپ ئۇلارنى قايمۇقتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ دەريادىن ئۆتۈشتەك ھەقىقىي مەقسىتىنى يوشۇرۇش ئىكەنلىكىنى؛ كۆۋرۈكنى پارتلاتقاندىن كېيىن چېكىنىشنىڭمۇ يولۋاسنى تاغدىن ئايرىۋېتىش ھىيلىسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. شۇڭلاشقا دۈشمەنلەر قىلتاققا چۈشكەندىن كېيىن تىتونىڭ قىسىملىرى بىمالال ھالدا دەريادىن ئۆتۈۋالغان ئىدى.

زەربىدارلار ئەترىتى دەريادىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن تىتو يەنە كۆۋرۈكنى پۈتۈنلەي پارتلىتىۋېتىشكە بۇيرۇق قىلىپ گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھوشىنى تاپقان گېرمانىيە ئارمىيەسى تىتونىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ دەريا بويىغا كەلگەندە كۆۋرۈكنىڭ ئەسلىدە قېپقالغان قىسمىنىڭمۇ پارتلىتىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قېلىشىدۇ.

قەدىمدىن تارتىپ، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن پەم ئىشلىتىلگەن بولۇپ، زورلاپ ھۇجۇم قىلغاندىن پاراسەت ئىشلەتكەن ئەۋزەلرەك، شۇڭا قوماندان بولغۇچىلار باتۇر بولمىسىمۇ بولىدۇكى، ئەمما پاراسەتلىك بولمىسا زادى بولمايدۇ. ھەربىي ئىشلاردا تەدبىر بەلگىلەش بولسا قوماندانلىق قىلغۇچىنىڭ بىرىنچى مۇھىم ۋەزىپىسىدۇر. تىتونىڭ دانالىقى شۇ يەردىكى، ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى بولغانU شەكىللىك تەپەككۇرنى قوللانغان بولۇپ، تەپەككۇر ئارقىلىق 180 گىرادۇسلۇق زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان ھەمدە بۇ U شەكىللىك تەپەككۇر ئاساسىدا زەنجىرسىمان ھىيلە يەنى، ئالدى بىلەن كۆۋرۈكنى پارتلىتىۋېتىش — كېيىن كۆۋرۈك ياساش — ئەڭ ئاخىرىدا كۆۋرۈكنى يەنە پارتلىتىۋېتىشتەك بۇ ھىيلىنى ئىشلەتكەن.

تىتونىڭ بۇ خىلدىكىU شەكىللىك تەپەككۇرىنىڭ ھالقىلىق يېرى شۇكى، ئۇ دۈشمەننىڭ پىسخىكىلىق ئېھتىياجىغا ئاساسەن ۋەزىيەتنىڭ

يۈنىلىشىگە قاراپ يېتەكلەش ئېلىپ بارغان بولۇپ، «دۈشمەننىڭ ئەھۋالىغا بېقىپ ئىش تۇتۇش»، «دۈشمەننىڭ ئويلىغىنى بويىچە ھەرىكەت قوللىنىش» تەك تەپەككۇر ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ ۋە «ئېرىشىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ۋاز كېچىش» تەك پىسخىكىلىق پىرىنسىپنى قوللىنىپ دۈشمەننىڭ رايىغا بېقىپ دۈشمەننى قايمۇقتۇرۇپ يولۋاسنى تاغدىن ئايرىۋېتىشتەك تەدبىرنى ئىشلىتىدۇ.

كىرسىنلىك ئوچاق بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن كىشلەر ئوت يېقىپ تاماق ئېتىشتە ياغاچ كۆمۈر ۋە كۆمۈرنى يېقىلغۇ قىلاتتى.

ئامېرىكىدا كىرسىن ئوچىقى ۋە كىرسىن سېتىش تىجارىتى قىلىدىغان بىر شىركەت بولۇپ، ئۇلار كىشلەرنىڭ كىرسىن ئوچىقى ۋە كىرسىن ئىشلىتىش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، گېزىتلەرگە ئېلان بېرىپ ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى خالىغانچە تەشۋىق قىلىپ ماختايدۇ، ئەمما بۇنىڭ ئۈنۈمى ئويلىغاندەك ياخشى بولمايدۇ، كىشلەر يەنىلا ياغاچ كۆمۈر ۋە كۆمۈر ئىشلىتىۋېرىدۇ. كىرسىن ئوچىقى ۋە كىرسىن كىشلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىيالمايدۇ.

بېسىلىپ قالغان كىرسىن ئوچىقى ۋە كىرسىنگە قاراپ، شىركەت خوجايىنىنىڭ كاللىسىغا مۇنداق بىر ئوي پەيدا بولىدۇ. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە كىرسىن ئوچىقى ۋە كىرسىنلارنى ھەرقايسى ئائىلىلەرگە ھەقسىز ئاپىرىپ بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق قىلىدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ كىرسىنلىك ئوچاقنى تاپشۇرۇۋالغان ئائىلىلەر ئۇنى سىناپ ئىشلىتىپ باقىدۇ، ئۇنى تاپشۇرۇۋالمىغانلار بولسا بەس - بەس بىلەن شىركەتكە تېلېفون قىلىپ مەسلىھەت سورايدۇ ۋە ئۆزلىرىگە كىرسىنلىق ئوچاقنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بېسىلىپ قالغان كىرسىن ئوچىقى ۋە كىرسىنلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا تۈگەپ بولىدۇ. شىركەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بۇنىڭغا ناھايىتى ئىچى سىيرىلىدۇ، ئەمما شىركەت خوجايىنى ئۇن - تىنسىز ھالدا ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىدۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي، بەزى خېرىدارلار ئۆزلىرى ئىشلەك ئالدىغا كېلىپ كىرسىن سېتىۋالماقچى بولىدۇ؛ ئارقىدىنلا تېخىمۇ كۆپ خېرىدارلار كىرسىن سېتىۋېلىش ئۈچۈن شىركەتكە كېلىشكە باشلايدۇ. ئەسلىدە، كىشلەر كىرسىن ئوچىقىنى ئىشلەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ

ئالاھىدىلىكىنىڭ ياغاچ كۆمۈر ۋە كۆمۈردىن كۆپ ئىلغار ئىكەنلىكىنى بايقاشقان بولۇپ، ئائىلەردىكى ئايال غوجايىنلار ئوچاقتا ئەسلىدە بار بولغان كىرسىنلارنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئۇنى يەنە داۋاملىق ئىشلىتىشنى ئۈمىد قىلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار شىركەتكە كېلىپ يەنە يېڭىدىن كىرسىن ئوچىقى سېتىۋالىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئايلاندۇرۇپ ئىشلىتىش نەتىجىسىدە مەزكۇر شىركەتنىڭ كىرسىنلىك ئوچىقىنىڭ سېتىلىش مىقدارى تېز سۈرئەتتە ئاشىدۇ.



بۇ مىسالدا سۆزلەنگىنىمۇ U شەكىللىك تەپەككۇرنىڭ گەۋدىلەندۇرۇلۇشى بولۇپ، U شەكىللىك تەپەككۇرنىڭ ماھىيىتى بولسا، ئايلىنىپ ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەتتۇر. جۇڭگودا، بىر قەدەم چېكىنسەڭ بارچە ئالەم كەڭ كۆرۈنەر، دېگەن قەدىمكى ھېكمەتلىك سۆز بار بولۇپ، ئۇنىڭدىمۇ دەل U شەكىللىك تەپەككۇرنىڭ جانلىق ئىشلىتىش ئورنى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ياپونىيەدىكى ناھايىتى كۆپ شىركەتلەر «U» شەكىللىك تەدبىر بەلگىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىدىغان بولۇپ، بۇنىڭدىكى تەدبىر بەلگىلەش جەريانى مۇنداق ئىدى: يۇقىرى قاتلام ئورگان لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈش، مۇۋاپىق تەكلىپ - پىكىرلەرنى قوبۇل قىلىش، ئەڭ ئاخىرقى قارارنى يۇقىرى قاتلام ئورگان چىقىرىشتىن ئىبارەت. بۇ خىل تەدبىر بەلگىلەش ئۇسۇلىنىڭ يۈرگۈزۈلۈش شەكلى بىلەن ئىنگلىز يېزىقىدىكى «U» ھەرپى ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن «U» شەكىللىك تەدبىر بەلگىلەش ئۇسۇلى دەپ ئاتالغان ئىدى. «U» شەكىللىك تەدبىر بەلگىلەش ئۇسۇلى قوللىنىلىشىدىكى سەۋەبمۇ، كىشىلەرنىڭ شىركەتنىڭ كۆپ يىل شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان كونا تىجارىتىدىن ھالقىپ چىقىپ يېڭى كەسىپلەرگە، يېڭى

ئىشلەپچىقىرىش رىقابىتىگە قاتنىشىپ يىگىرمە ساھەدىكى پۇرسەتلەرنى بايقىغان ۋاقىتتا، ئەگەر ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ قارارى بويىچە ئىش كۆرۈلگەندە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش نىسبىتىنىڭ ئاز بولىدىغانلىقىنى بايقىغانلىقىدا بولۇپ، ھەربىر ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ كارخانىنى قىزغىن قوللىشى، كارخانا بىلەن ھەمنەپەس بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈپ كارخانىنىڭ رىقابەت كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، چوقۇم «U» شەكىللىك تەدبىر بەلگىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. ئۇلار، «U» شەكىللىك تەدبىر بەلگىلەش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن كارخانىنىڭ ئۆلۈك بولغان كادىرلار تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ ئىچكى قىسىمدا ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمىنى ئورناتقان بولۇپ، ھەربىر ئىشچى - خىزمەتچى تەدبىر بەلگىلەش ئېھتىياجىغا، بۆلۈملەردىكى خىزمەت ۋەزىپە ئورنىنىڭ خادىم تەكلىپ قىلىش ئېھتىياجىغا ۋە ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىگە ئاساسەن، كادىرلار بۆلۈمىگە بىۋاسىتە ھالدىلا ئىمتىھان بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. پانا سونىك ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش شىركىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئامال تېپىشىغا، ئەقىل كۆرسىتىشىگە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، مەخسۇس «كارخانا ئىچكى قىسىم خەۋەپ - خەتەر تۈزۈمى» نى بېكىتىپ چىققان بولۇپ، بۇنىڭدا، ئەگەر كىم ياخشى تەكلىپ بېرىپ ياخشى لايىھە كۆرسىتەلىسە شۇ كىشىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەسىس قىلسا بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن ئىدى. ئۇلار قالاق بولغان ئادەم ئىشلىتىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە كۆرسەتكەن تەدبىرى ھەقىقەتەن كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغۇچىغا، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن مۇكاپات بېرىدىغان بولۇپ، ماددىي جەھەتتە بىر يىلدىكى ئىككى قېتىم بېرىلىدىغان مۇكاپات سوممىسىنى كۆپەيتىپ بېرىشتىن سىرت يەنە پايدا ئايرىپ بېرىش ۋە «ياخشى تەكلىپ» مەخسۇس مۇكاپات پۇلى بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانغان ھەمدە شۇ خادىمنىڭ بەرگەن تەكلىپىنىڭ ئۈنۈم بېرىشچانلىقىنى ئۆستۈرۈش ۋە باھالاشنىڭ ئاساسى قىلغان.

# 38. يۇقىرى چەكلىك تەپەككۇر

يۇقىرى چەكلىك تەپەككۇر بولسا، مۇلاھىزە قىلغان بارلىق مەسىلىلەر ۋە شەرتلەرنى قەدەممۇقەدەم غايىۋىلاشتۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئەڭ چوڭ چەككە يەتكۈزۈلگەن ۋاقىتتا مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئاشكارىلىنىپ چىقىشىنى كۆرسىتىدۇ.



بىز ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى مەسىلىنى كۆرۈپ باقايلى:

ئىككى ئادەم ئوخشاش چوڭلۇقتىكى تەڭگە پۇلنى نۆۋەت بىلەن ئۈستەل ئۈستىگە قويىدىغان بولۇپ، تەڭگە پۇلنى كېيىن قويغۇچىنىڭ تەڭگىسى ئالدىنقى ئادەم قويغان تەڭگە پۇلنىڭ ئۈستىگە قويۇلماسلىقى كېرەك. مانا مۇشۇنداق تەرىقىدە داۋاملاشتۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا كىمگە تەڭگە پۇلنى قويغىلى ئورۇن قالمىغان بولسا شۇ ئادەم ئۇتتۇرغان بولىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككى ئادەم بۇ خىل ئويۇننى ئويناشقا ئۇستا بولسا، ئۇنداقتا بىز تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى، ئويۇن باشلانغان ۋاقىتتا تەڭگە پۇلنى ئەڭ باشتا قويغۇچى ئۇتۇپ چىقامدۇ ياكى كېيىن قويغۇچىمۇ؟

پىكىر يولىمىزنىڭ ئەڭ ئاسان توسالغۇغا ئۇچراپ قېلىشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى: ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى رېئال ئەھۋال ھەددىدىن زىيادە مۇرەككەپ بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ھەر خىل ئۆزگىرىشچان مىقدارلارنىڭ

ئەگەشكۈچى ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش ئەھۋاللىرى كۆپ بولۇپ كېتىپ، بىزنىڭ ناھايىتىمۇ مۇرەككەپ بولغان مەسىلىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز تەسكە توختىغانلىقىدا. بۇنداق ئەھۋالدا يۇقىرى چەكلىك تەپەككۇرنى (ئەڭ زور چەكتىكى تەسەۋۋۇر قىلىش ئۇسۇلى) قوللىنىپ بېقىشمۇ بىر چىقىش يولى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بىز دەۋاتقان يۇقىرى چەكلىك تەپەككۇر بولسا، مۇلاھىزە قىلغان بارلىق مەسىلىلەر ۋە شەرتلەرنى قەدەممۇقەدەم غايىۋىلاشتۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئەڭ چوڭ چەككە يەتكۈزۈلگەن ۋاقىتتا مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئاشكارىلىنىپ چىقىشىنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىقى مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى بولسا: يۇقىرى چەكلىك تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ بۇ مەسىلىنى ئەپچىل ھالدا يېشىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر بىز تەسەۋۋۇرىمىزنى ئەڭ زور چەككە يەتكۈزۈپ ئۈستەل ئۈستىگە پەقەت بىر دانە تەڭگە پۇلنىلا قويغىلى بولىدۇ، دەپ قارىساق ياكى تەڭگە پۇلنى ئۈستەل يۈزى چوڭلۇقىدا دەپ پەرەز قىلساق ئۇ ھالدا ئەھۋال قانداق بولىدۇ؟ روشەنكى، بۇنداق بولغاندا ئالدى بىلەن پۇل قويغۇچى غەلىبە قىلغان بولىدۇ. مۇشۇ خىل ئەڭ زور چەكتىكى ئەھۋالنى ئاساس قىلىپ خۇلاسە چىقارغاندا، ئۈستەل يۈزىنىڭ قانچىلىك چوڭ بولۇشى، تەڭگە پۇلنىڭ قانچىلىك كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تەڭگە پۇلنى ئالدى بىلەن ئۈستەلگە قويغۇچى، بىرىنچى تال تەڭگە پۇلنى پەقەت ئۈستەل يۈزىنىڭ مەركىزىگە قويۇپ، ئاندىن كېيىن قالغان تەڭگە پۇللارنى رەقىبى قويغان تەڭگە پۇللارنىڭ ئەتراپىغا نۆۋەت بىلەن قويغاندا، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە قىلغۇچى يەنىلا ئەڭ باشتا بىرىنچى بولۇپ ئۈستەلگە تەڭگە پۇل قويغۇچى بولىدۇ.

يۇقىرى چەكلىك تەپەككۇر بولسا ئىنتايىن ئەپچىل ۋە ئۈنۈملۈك بولغان تەپەككۇر قىلىش ماھارىتىدۇر. مەسىلەن: بىر نەپەر ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلىرىغا: «ئادەم كۆپ بولسا ئىش قىلىش ئاسان بولىدۇ، ئادەم كۆپ بولسا كۈچمۇ كۆپ بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆزى يالغۇز بىر دانە كېمە ياسىماقچى بولسا ئۇنىڭغا بىر يىل ۋاقىت كېتىدۇ، ئەگەر ئىككى ئادەم بىرلىكتە كېمە ياسىغاندا، پەقەت بىر ئايلا ۋاقىت كېتىدۇ، مانا مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئادەم قانچە كۆپ بولسا ئىش قىلىشمۇ شۇنچە تېز بولۇپ، ئىش ئىشلەش سۈرئىتى بىلەن ئادەم سانىنىڭ

كۆپ بولۇشى ئوڭ تاناسىپ تۇزىدۇ» دەپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا، بىر ئوغۇل بالا ئورنىدىن تۇرۇپ يۇرەكلىك هالدا: «ئۇنداقتا ئەگەر بىر كىمىنى 365 ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ياسىسا پەقەت بىر كۈن، ئەگەر 8640 ئادەم ياسىسا پەقەت بىر سائەت، ئەگەر 51840 ئادەم بىرلىكتە ياسىسا ئۇ هالدا پەقەت بىر مىنۇتلا ۋاقىت كېتىدىكەندە» دەپتۇ.

هېلىقى ئوقۇتقۇچى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاغزى تۇۋاقلىنىپ قاپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ «ئادەم كۆپ بولسا كۈچمۇ كۆپ بولۇش» تەك ئالدىنقى شەرتى خاتا بولۇپ، پەقەت مۇئەييەن شەرت، مۇئەييەن دائىرىدە ئىچىدە بولغاندىلا، ئادەم سانى بىلەن ۋاقىتنىڭ مۇناسىۋىتى ئەهمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. قۇرۇلما فۇنكسىيونالىزم دەل مۇشۇ مىسال ئارقىلىق مەسىلىنى بايقىغان بولۇپ، سىستېمىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىدارى ئارىسىدىكى ئەڭ ماهىيەتلىك مەسىلىمۇ ئەڭ زور چەكتىكى تەسەۋۋۇردىلا ئاندىن بايقىلىدۇ.

يۇقىرى چەكلىك تەپەككۇر ئەمەلىيەتتە بىر خىل ئەڭ زور چەكتىكى تەسەۋۋۇر بولۇپ، بۇ خىل تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى ئىلمىي بايقاش جەريانىدا، بولۇپمۇ زور ئالدىنقى شەرتلىك نەزەرىيەنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىدا مۇهىم رول ئوينايدۇ.

بالىلىق چېغىدىكى نيۇتون ئەمەلىيەتتە پەقەت بىر تال ئالمىنىڭ يەرگە چۈشكىنىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈنلا يەرنىڭ تارتىش كۈچىنى بايقاپ قالمىغان، ئۇنىڭ پىكىر يۈنىلىشى ئەڭ زور چەكتىكى تەسەۋۋۇرغا ئەگىشىپ كېڭەيتىلگەن ئىدى. دەرەختىكى ئالما نېمە ئۈچۈن ئاسمانغا چىقىپ كەتمەستىن يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ؟ ئەگەر ئالما دەرىخىنىڭ ئېگىزلىكى 10 ئىنگلىز چىسى بولسا ئالما يەنە يەرگە چۈشۈپ كېتەرمىدى؟ ئەلۋەتتە چۈشۈپ كېتىدۇ، ئۇنداقتا، ئالما دەرىخى ئۆسۈپ100 ئىنگلىز چىسىغا يەتكەندىچۇ؟ ئالما يەنىلا يەرگە چۈشۈپ كېتەرمىدى؟ ئەگەر ئۇ تېخىمۇ ئېگىز ئۆسۈپ 1000 ئىنگلىز چىسى، 10000 ئىنگلىز چىسى بولغاندا ئالما يەنىلا يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەمما، ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئالما ئۆسۈۋېرىپ ئايغا تاقاشقاندا ئالما يەنىلا يەرگە چۈشۈپ كېتەمدىغاندۇ؟ ئەلۋەتتە چۈشۈپ كەتمەيدۇ، چۈنكى ئالما بۇ چاغدا چوقۇم ئايغا ئۇچۇپ چىقىپ كېتىدۇ، ئەكسىچە يەر شارىغا چۈشۈپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەنە يېڭى بىر مەسىلە كېلىپچىقىدۇ. ئالما دەرىخى ئۆسۈش جەريانىدا يەر شارى بىلەن ئاي ئوتتۇرىسىدا چوقۇم

بىر ئارىلىق نۇقتىسى بولىدۇ، بۇ نۇقتا ئېنىق بولماسلىق ھالىتىدە تۇرىدۇ، بۇ ۋاقىتتا، ئالما ھەم يەرگە چۈشۈپ كەتمەيدۇ ھەم ئايغىمۇ چىقىپ كەتمەيدۇ، ئەكسىچە بىر خىل مۇتلەق تەڭپۇڭ ھالەتتە تۇرىدۇ. بۇ خىل مۇتلەق قىممەتنى زادى قانداق كۈچ بەلگىلەيدىغاندۇ؟ بۇ مۇتلەق نۇقتا زادى قەيەردە؟ بۇ خىل ئاجايىپ بولغان ئەڭ زور چەكتىكى تەپەككۇردا كەلتۈرۈلۈپ چىقىرىلغان ئاجايىپ مەسىلە، تېخى بالىلىق دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان نيۇتوننى قايمۇقتۇرۇۋاتاتتى ھەم يەنە ئۇنى قەدەممۇقەدەم ھالدا تارتىش كۈچىنىڭ سېھىرلىك تەرىپىگە باشلاپ كېتىۋاتاتتى.

بۇ يەردە، بىز گالىلېينىڭ قالتىس تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق نېمىنىڭ يۇقىرى چەكلىك تەپەككۇر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كونكرېت جەريانىنىڭ قانداق يۈرگۈزۈلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ ئۆتەيلى. ئەھۋال مۇنداق:

(1) ئەگەر سىزنىڭ قولىڭىزغا بىر پارچە تاشنى ئېلىپ ئاندىن كېيىن ئۇنى قويۇپ بەرسىڭىز، تاش يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ. ھەرقانداق نەرسە مۇشۇنداق بولىدۇ. بۇرۇنقى فىزىكىشۇناسلار: «ئېغىر نەرسىلەر ئۆزىنىڭ يۇرتى ‹يەر شارى›غا قايتىپ كېتىدۇ» دېگەن قاراشتا بولغان ئىدى.

(2) ئەگەر مەن بىر نەرسىنى ئىتتىرگەن بولسام، مەسىلەن: بىر ماشىنا ياكى بىر تال توپنى تەكشى يۈزدە ئالدىغا قاراپ ئىتتىرسەم، توپ دومىلاپ ھەرىكەتلىنىدۇ ھەمدە بىردەم دومىلىغاندىن كېيىن ئاندىن توختايدۇ. بەكرەك ئىتتىرسەم توپ خېلى ئۇزاققىچە يۇمىلايدۇ؛ يېنىكرەك ئىتتىرسەم توپ بۇرۇنراق توختاپ قالىدۇ.

(3) بۇ بولسا سىرتقى كۈچ توغرىسىدىكى ئەڭ قەدىمىي بولغان مىسال بولۇپ، ئۇ ئارىستوتېلنىڭ پىكىر يولى ـــ «ئەگەر ئىتتىرگەن كۈچ يەنە قايتا رول ئوينىيالمىغاندا ھەرىكەتلىنىدىغان جىسىملار ھامان توختاپ قالىدۇ» دىن ئىبارەت ئىدى. بۇ خىل خۇلاسە گالىلېينى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. ئۇ ئۆزىدىن: «بىز بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ زادى قانداق يۈرگۈزۈلىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىزمۇ؟» دەپ سورايتتى. ئۇ مۇشۇ خىل كۈچلۈك بولغان ئىزدىنىشنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بۇنىڭ سەۋەبىنى تاپماقچى بولىدۇ، ئۇ : «بىز ئېغىر نەرسىلەرنىڭ يەرگە چۈشۈپ كېتىدىغىنىنى بىلىمىز، ئەمما ئۇ زادى قانداق ھالەتتە يەرگە چۈشىدۇ؟ يەرگە چۈشۈش جەريانىدا، جىسىم سۈرئەتكە ئىگە بولىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ سۈرئىتى شۇ جىسىمنىڭ يەرگە چۈشۈش ئارىلىقىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئۆزلۈكسىز چوڭىيىپ بارىدۇ. جىسىم يەرگە چۈشكەن ۋاقىتتا،



سۇرئەتتە زادى قانداق ئەھۋال يۈز بېرىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلايدۇ.

(4) ئۇ جىسىمنىڭ يەرگە چۈشۈش ئارىلىقى بىلەن ئۇنىڭ سۈرئىتىنىڭ ئېشىشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قىياس قىلىپ باقىدۇ، ئەمما جىسىمنىڭ يەرگە چۈشۈش تېزلىكى بەك ئىتتىك بولغانلىقتىن ئۇنىڭ ئىشكالا قىممىتىنى بېكىتىپ چىقىش ئاسانغا توختىمايدۇ. بۇ مەسىلە ئۇنى ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ، باشقىچىرەك ئامال تاپقىلى بولماسمۇ، دەپ ئويلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ تۇيۇقسىزلا: «ئەجەبا تېخىمۇ ئاددىي بولغان ئۇسۇلنى قوللىنىش ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلىشقا بولماسمۇ؟ يۇمىلاق شار يانتۇ تەكشىلىكتە تۆۋەنگە قاراپ دومىلىما ھەرىكەت قىلىدۇ، مەن ئۇنى تەتقىق قىلىپ بېقىشىم كېرەك. ئەجەبا ئەركىن ھالدا تۆۋەنگە چۈشكەن جىسىم بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى ئەمەسمۇ؟ ئەمما ئۇنىڭ چۈشۈش گرادۇسى90 گىرادۇستىن تۆۋەن بولماستىن ئەكسىچە دەل90 گرادۇس بولغانلىقىدا خالاس!» دەپ ئويلايدۇ.

(5) ئۇ ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللاردىكى سۈرئەت ئېشىشىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئېغىش بۇلۇڭى قانچە كىچىك بولغانسېرى سۈرئەتنىڭ ئېشىشىمۇ شۇنچە كىچىك بولىدىغانلىقىنى بايقايدۇ. بۇلۇڭنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىك تەرتىپى بىلەن سۈرئەتنىڭ كېمىيىپ ئاستىلاش تەرتىپى ئۆزئارا ماس كېلەتتى. ئۇ بۇلۇڭنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىك تەرتىپى بىلەن سۈرئەتنىڭ كېمىيىپ ئاستىلاش تەرتىپىنىڭ ئۆزئارا ماس كېلىش مۇناسىۋىتى پرىنسىپىنى بايقىغان ۋاقىتتا، سۈرئەت ئېشىش ئەڭ مۇھىم بولغان پاكىتقا ئايلىنىدۇ.

(6) بۇ ۋاقىتتا، ئۇ يەنە ئۆزىدىن: «بۇ دەل بىر پارچە سۈرەتنىڭ يېرىمى ئەمەسمۇ؟ ئەگەر يۇقىرىغا قارىتىپ بىر نەرسە ئاتقاندا ياكى يانتۇلۇق ئۈستىگە يۇمىلاق شارنى ئىتتىرگەندە يۈز بەرگەن ئەھۋال، ھېلىقى سۈرەتنىڭ يېرىمى بولمامدۇ؟ بۇ ئەينەكتىكى تەسۋىرگە ئوخشاشلا ئالدىبۇرۇن بار بولغان سۈرەتنىڭ تەكرارلىنىشى بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇنىڭ تولۇقلىمىسى بولۇپ بىر پۈتۈن رەسىمگە ئايلانغانلىق ئەمەسمۇ؟» دەپ سورايدۇ. يۇقىرىغا قارىتىپ بىر نەرسىنى ئاتقان ۋاقىتتا ھەرگىزمۇ مۇسبەت سۈرئەت ھاسىل بولماستىن بەلكى مەنپىي سۈرئەت





هاسىل بولىدۇ. ئۇ جىسىم يۇقىرىغا ئۆرلەش ھەرىكىتى داۋامىدا، جىسىمنىڭ ھەرىكەت قىلىش سۈرئىتى ئاستىلايدۇ، ئەمما چۈشۈۋاتقان جىسىمنىڭ مۇسبەتلىك سۈرئىتى ئۆزئارا ماس كېلىدىغان بولۇپ، يانتۇلۇق بۇلۇڭنىڭ 90 گىرادۇستىن تەدرىجىي كېمىيىشىگە ئەگىشىپ مەنپىي سۈرئەت ئېشىشمۇ تەدرىجىي كېمىيىپ بارىدۇ ۋە كېيىنكى يېرىم پارچە رەسىم بىلەن ئۆزئارا ماس كېلىدىغان سۈرەتكە ئايلىنىدۇ. تەكشى يۈز گورىزونتال ھالەتتە بولغان ۋاقىتتا يانتۇلۇق بۇلۇڭمۇ نۆل بولغان بولىدۇ. ئەمما جىسىم يەنىلا ھەرىكەت قىلىۋاتقان ۋاقىتتا ئەھۋال قانداق بولىدۇ؟ ھەر خىل ئەھۋال ئاستىدا، بىز ھامان مۇئەييەن سۈرئەتتىن باشلايمىز. مۇشۇ قورۇلمىغا ئاساسلانغاندا قانداق ھالدىكى ئەھۋال يۈز بېرىدۇ؟ گورىزونتال تەكشى يۈزلۈكنىڭ ئاستىدىكىسى مۇسبەتلىك ئېشىش سۈرئىتى بولىدۇ، گورىزونتال تەكشى يۈزلۈكنىڭ ئۈستىدىكىسى بولسا مەنپىي ئېشىش سۈرئىتى بولىدۇ. ئۇنداقتا ئاستا - ئاستا يېقىنلىشىش بولامدۇ - بولمامدۇ يەنى، ھەم مۇسبەت سۈرئەت ئېشىش ھەم مەنپىي سۈرئەت ئېشىش بولمىغان ھالدىكى سۈرئەت بولامدۇ؟ ئۇ دەل دائىملىق سۈرئەت ئەمەسمۇ؟ بىر جىسىم مۇئەييەن يۆنىلىشتە گورىزونتال ھەرىكەت قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، ئەگەر سىرتقى كۈچ سەۋەبىدىن ئۇنىڭ ھەرىكەتلىنىش سۈرئىتىنى ئۆزگەرتمىگەن ئەھۋالدا ئۇ مەڭگۈ ئاشۇ خىل نورمال سۈرئەتتە ھەرىكەت قىلىدۇ.

(7) ئەمما بىز دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان گورىزونتال يۆنىلىشلىك ھەرىكەت بۇنداق ئەمەس بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كۆرىدىغىنى بولسا«سىرتقى كۈچ قوشۇلغاندا توپ ھەرىكەت قىلىدۇ، سىرتقى كۈچ ئېلىپ تاشلانغاندا

توپ ھەرىكەتلىنىشتىن تەدرىجىي ھالدا توختايدۇ». كىشىلەرنى يەنە بىر قېتىملىق ئەڭ زور چەكتىكى تەسەۋۋۇر قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بىر قاتار تەجرىبىلەرنى ئىشلەپ قايىل قىلىش كېرەكمۇ؟ گالىلېي دەرۋەقە يەنە بىر تەجرىبە لايىھەلەپ چىققان بولۇپ، ئۇ ئوخشاش بولغان سىرتقى كۈچ ئاستىدا، كىچىك توپنىڭ سىلىقلىق دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان تەكشى يۈزلۈكتىكى دومىلاش ئارىلىقى ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنداقتا، ئەڭ زور چەكتىكى تەپەككۇرنى قوللىنىش ئارقىلىق، تەكشى يۈزلۈك بارغانسېرى سىلىق بولۇپ، ھاۋا قاتارلىق باشقا توسالغۇلارمۇ بارغانسېرى ئازلىغان ھەتتا ئەڭ ئاخىرىدا بارلىق سۈركىلىش كۈچىنىڭ ھەممىسى يوقىتىلغاندا نەتىجە قانداق بولىدۇ؟ مەڭگۈلۈك دومىلىما ھەرىكەت قىلامدۇ؟

(8) گالىلېي پىكىر قىلىش ئارقىلىق ئەڭ زور چەكتىكى تەپەككۇرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش تەجرىبىسى لايىھەلەپ چىقىدۇ. سۈركىلىش كۈچى ئۇ تەسىر قىلمىغۇدەك دەرىجىدە كىچىكلىتىلگەندە، توپ دومىلىما ھەرىكەت قىلىپ مەلۇم بىر يانتۇلۇققا چۈشكەندىن كېيىن ئېنېرتسىيە تەسىرى بىلەن تاكى ئۇنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بىلەن ئوخشاش ئېگىزلىكتىكى يەنە بىر يانتۇلۇقنىڭ ئۇستىگە دومىلاپ چىقىدۇ. ئەگەر يۇقىرى ئۆرلەش يانتۇلۇق يۈزىنى تەدرىجىي ئۇزاتقاندا، توپ يەنىلا ئوخشاش ئېگىزلىككە دومىلاپ بارىدۇ. بۇ توپنىڭ ھەرىكەت قىلىشىنىڭ ئۇ ھەرىكەت قىلىدىغان يانتۇلۇق دەرىجىسى بىلەن مۇناسىۋەتى يوقلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنداقتا، ئەڭ زور چەكتىكى تەسەۋۋۇر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ لوگىكىسىغا ئاساسلانغاندا، يانتۇلۇق يۈزنى مەڭگۈلۈك چېكى يوق يۈزگە ئايلاندۇرغاندا، توپمۇ مەڭگۈلۈك ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئارىستوتېلنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىپ كېلىۋاتقان «ھەقىقەت» لىرى ئەڭ ئاخىرى گالىلېينىڭ يۇقىرى چەكلىك تەپەككۇرى ئالدىدا تەلتۆكۈس ئىنكار قىلىنىدۇ.



# 39. تۆۋەن چەكلىك تەپەككۇر

تۆۋەن چەكلىك تەپەككۇردا گەۋدىلەندۈرۈلىدىغىنى مۇنداق بىر پرىنسىپ بولۇپ، مەلۇم بىر ئىش ناچارلىشىپ ئەڭ تۆۋەن ھالەتكە يەتكەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭدا پەقەت ئىككى خىل ئېھتىماللىق بولىدۇ يەنى، بىرىنچى، يەنىمۇ ناچارلىشىپ كەتمەيدۇ؛ ئىككىنچى، ئەكسىگە قايتىدۇ. شۇڭلاشقا ئەڭ تۆۋەن نىشان بەلگۈلىلىش، ئەڭ چوڭغا ئېرىشىشنى كۆزلەش تۆۋەن چەكلىك تەپەككۇرنىڭ ئاساسلىق مەقسىتىدۇر.

ئەڭ تۆۋەن نىشان بەلگىلىۋېلىش، ئەڭ چوڭغا ئېرىشىشنى كۆزلەش كېرەك. مانا بۇ تۆۋەن چەكلىك تەپەككۇردۇر.

تۆۋەن چەكلىك تەپەككۇردا گەۋدىلەندۈرۈلىدىغىنى مۇنداق بىر پرىنسىپ بولۇپ، مەلۇم بىر ئىش ناچارلىشىپ ئەڭ تۆۋەن ھالەتكە يەتكەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭدا پەقەت ئىككى خىل ئېھتىماللىق بولىدۇ يەنى، بىرىنچى، يەنىمۇ ناچارلىشىپ كەتمەيدۇ؛ ئىككىنچى، ئەكسىگە قايتىدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭدىن كېلىپچىقىدىغان مۇقەررەر لوگىكىلىق خۇلاسە شۇ بولىدۇكى: «پەقەت تېخىمۇ ياخشى بوپكېتىدۇ، ئەمما تېخىمۇ ناچارلىشىپ كەتمەيدۇ». شۇنىڭ بىلەن كۆڭۈلدىكى قورقۇنچمۇ يەنە مەۋجۇت بولمايدۇ ــ دە، يورۇقلۇق قاپقاراڭغۇلۇقنى



يورۇتۇشقا باشلايدۇ.

بوكس شاھى خولفىرد تەيسەن بىلەن بىرىنچى قېتىم مۇسابىقىلەشكەن ۋاقىتتا، بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تەيسەننى يېڭىپ چىقىدۇ، تېخى رەقىبىنى يەرگە يىقىتىۋېتىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. دۇ تىكىش شىركەتلىرىنىڭ تەيسەننىڭ يېڭىشىغا تىكىش نىسبىتىمۇ 47:1 بولىدۇ.

ئەمما بۇ ۋاقىتتىكى خولفىردىنىڭ روھىي ھالىتى شۇنداق تىنىچ بولۇپ، ئۇ ھەم قارىغۇلارچە ئۈمىدلىنىپ كەتمەيدۇ، ھەم بەك قورقۇپمۇ كەتمەيدۇ، ئەكسىچە ئۆز ئورنىنى توغرا بېكىتىپ چىقىپ ئەڭ ئاخىرقى تۆۋەن چەكنى يەنى، تۆت قېتىمدىن ئارتۇق ئېلىشىشقىچە بەرداشلىق بېرىشنى بەلگىلىۋالىدۇ. چۈنكى تەيسەن ھەر قېتىملىق چوڭ مۇسابىقىلەردىكى ئۈتۈش قېتىم سانىنىڭ ھەممىسىدە تۆت قېتىمغا بارمايلا مۇسابىقىدە غەلىبە قىلغان ئىدى. مۇشۇ تۆۋەن نۇقتا بولغانلىقى ئۈچۈنلا، خولفىردىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك بېكىتىشى دەل جايىدا بولغان بولۇپ، ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق تۇتۇشۇشتا ئۇ قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇپ تەيسەننىڭ ئەڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەڭ خەتەرلىك ۋاقىتلارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. خولفىردىنىڭ ئىشەنچىسى ئاستا ـ ئاستا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە تەيسەن ئالدىراپ قالىدۇ(چۈنكى 70% چوڭ مۇسابىقىلەرنىڭ ھەممىسىدە بىرىنچى قېتىملىق تۇتۇشۇشتىلا مەسىلە ھەل قىلىنىپ بولاتتى). تۆتىنچى قېتىملىق تۇتۇشۇش ئاخىرلاشقانلىق قوڭغۇراقنىڭ چېلىنىشىنىڭ خولفىردقا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەڭ تۆۋەن نىشاننىڭ ئاللىقاچان ئىشقا ئېشىپ بولغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. چۈنكى بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەربىر قېتىملىق تۇتۇشۇش ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر قېتىملىق ئۇتۇش پۇرسىتىنى ئاتا قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىشەنچىسى بارغانسېرى ئېشىپ باتۇرلىشىپ كېتىدۇ ۋە تاكى ئونىنچى قېتىملىق تۇتۇشۇشقىچە بەرداشلىق بېرىدۇ. بۇ خولفىردغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. چۈنكى كۆپ قىسىم ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ئالدىن مۆلچەرىگە ئاساسلانغاندا، خولفىرد ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ توققۇز قېتىملىق تۇتۇشۇشقىچە بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. ئەڭ نەس باسقىنى يەنىلا تەيسەن بولىدۇ. ئۇ بۇ قېتىمقى

ئىلىشىشنىڭ بۇنچىلىك ئۇزاققا سوزۇلۇپ كېتىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان بولۇپ، ئىدىيە جەھەتتە تولۇق تەييارلىق قىلىپ قويمىغان بولغاچقا تاماشىبىنلارنىڭ سورەن ـ چۇقانلىرىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قوياي دەپ قالغان ئىدى. ۋاقىت، شارائىت ۋە كىشىلەرنىڭ مايىللىقى ئەكسىگە قايتىۋاتقان شۇ دەقىقىدە، خولفىرد ئەڭ ئاخىرقى ئون نەچچە سېكۇنتنى چىڭ تۇتۇپ تەيسىنغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغايدۇ، بۇ ۋاقىتتىكى تەيسىنمۇ خۇددى شامالدىكى غازاڭغا ئوخشاپ قالغان بولۇپ، بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىۋاتاتتى. خولفىرد ئون بىرىنچى قېتىملىق تۇتۇشۇشتا ئەڭ ئاخىرى تەيسىننى يېقىتىدۇ.

گەرچە خولفىردنىڭ غەلىبە قىلىشىنى چوقۇم تۆۋەن چەكلىك تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن دەپ قاراشقا بولمىسىمۇ، ئەمما مۇئەييەن قىيىن شارائىتتىكى ۋاقىتلاردا، يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان پايدىسىز ۋەزىيەتكە قارىتا مۇۋاپىق ھالدا تەييارلىق قىلىپ قويۇشمۇ بىر خىل ئاقىلانىلىكتۇر.

بىر سېتكا توپ ماھىرى ئىلگىرى «تۆۋەن چەكلىك تەپەككۇر» توغرىسىدىكى مۇنداق بىر مىسالنى تىلغا ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ دېيىشىچە ئۇ بىر مەيدان مۇسابىقە ئويناپ بولغاندىن كېيىن، دەرھال كېيىنكى نۆۋەتلىك مۇسابىقىدىكى رەقىبىنى ئويلاپتۇ. ئۇ كالىفورنىيە ئىشتاتىنىڭ شىمالىدىن كەلگەن بىر ماھىر بولۇپ، ماھارىتى شۇنداق قالتىس ئىكەن. ئۇ: «مەن ئۇنىڭ ماڭا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ مۇسابىقە تەجرىبىسى بارلىقىنى، تەجرىبىسىنىڭ مەندىن ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم، شۇڭا مەن ئۇنىڭغا بىرىنچى قېتىملىق مۇسابىقىلىشىشتىلا ھۇجۇم قىلىش شەكلىنى قوللانسام بولمايتتى، ئۇنداق قىلسام مەن يېڭىلىپ قالاتتىم» دەيدۇ.

ئۇ يەنە: «مەن ئۆزۈمدىنمۇ بەك ئۈمىدۋار بولۇپ كەتمىدىم، دىققىتىمنىمۇ يىغالمىغانلىقىمنىڭ ئۈستىگە شۇنداق جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتىم. ئەڭ ئاخىرى، مەن ئولتۇرۇپ جىمجىت ھالدا ئويلىنىپ ئۆزۈمنى تىنچلاندۇرماقچى بولدۇم. مەن ئالدى بىلەن ئۆزۈمدىن،يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئەڭ ناچار ئەھۋال نېمە؟،دەپ سورىدىم. بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، مەن بەلكىم ھەر ئىككى مەيداندا6 :0نەتىجە

بىلەن ئۆتتۈرۈپ قويۇشۇم مۇمكىن ئىدى. ئەگەر راستىلا مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا سەن قانداق بولۇپ كېتەرسەن؟ دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە سوئال قويۇپ باقتىم. ئۆزۈمنىڭ بەرگەن جاۋابى بولسا، ناھايىتى يامىنى كەلسە شۇ ئۆتتۈرۈۋېتىپ يۈك ـ تاقلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيگە قايتىپ كېتەرمەن، دەپ ئويلىدىم. باشقىلار مەندىن مۇسابىقە نەتىجىسىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى سوراشقاندا مەن ئۇلارغا: ئىككى مەيدان ئۆتتۈرۈۋەتتىم، دەپ جاۋاب بېرىمەن. ئۇلار بەلكىم يەنە ماڭا، سىزنىڭ رەقىبىڭىز بەك يامانكەن، مۇسابىقە نەتىجىسى قانچىدە ـ قانچە بولدى، دەپ سورىسا، مەن ئىلاجىسىز ئۆزۈمنىڭ ئىككى مەيدان مۇسابىقىنىڭ ھەممىسىدىلا ئۆردەك تۇخۇمى ئالغانلىقىمنى دېيىشىم مۇمكىن. مەن يەنە ئۆزۈمدىن: «ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولار؟» دەپ سوراپ باقتىم. ئۆزۈمنىڭ بەرگەن جاۋابى بولسا: «گەرچە مەغلۇپ بولغان بولساڭمۇ، ئەمما ناھايىتى تېزلا نورمال ھالىتىڭگە قايتىپ كېلەلەيسەن» دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

مەن ناھايىتى راستچىللىق بىلەن ئەڭ ناچار ئاقىۋەتلەرنى ئېتىراپ قىلدىم. گەرچە ئۇ ياخشى ئىش بولمىسىمۇ ئەمما مەن قوبۇل قىلالمىغۇدەك دەرىجىگە چۈشۈپ قالمىغان بولۇپ، ئۆزۈمنىڭ بۇتىنىڭ ئۈچۈن يەنە قايغۇرۇشۇمنىڭ ئورنى يوق ئىدى. ئاندىن كېيىن، مەن يەنە ئۆزۈمدىن: «ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجە قانداق بولار؟ » دەپ سوراپ باقتىم. بۇنىڭ جاۋابىمۇ ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، مەن 6:0 نەتىجە بىلەن غەلىبە قىلاتتىم. ئاندىن كېيىن يەنە قانداق بولاتتى؟ نەتىجىدە ئىككى قېتىملىق مۇسابىقە نەتىجىسى ئەسلىدە مەن ئويلىغاندىكىدەك سەل ياخشى بولاتتى.

بۇ ئۇنى ناھايىتى روھلاندۇرۇپتۇ، ھەم ئۇنىڭ كەيپىياتىمۇ جايىغا چۈشۈپتۇ.

ئۇ شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى قېتىملىق مۇسابىقىنى تېخىمۇ روھلۇق ھالدا داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

بۇرۇن مەلۇم گېزىتكە ئاپتور ئۆز بالىسىنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىگە قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقى يېزىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە:

ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئۆگىنىشى ئانچە ياخشى ئەمەس بولۇپ، ئىلگىرى ئۇ ھەر قېتىم ئىمتىھاننى ياخشى بېرەلمىگەندە، ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە تاپا ـ تەنە قىلىشىدىكەن، ھەم ئوغلىنىمۇ كالتەك دەپ

ئەيىبلەيدىكەن. نەتىجىدە ئوغلىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى كۈندىن ـ كۈنگە تۆۋەنلەپ كېتىپتۇ ۋە سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تەتۈرسىچە ھالدا مۇنداق ئويلاپتۇ: «ئەمدى بولغۇلۇق بولدى، ئۇنىڭغا باشقىچە پوزىتسىيەدە بولۇپ سىناپ باقساق بولغۇدەك». ئۇ شۇنداق ئويلىغىنىچە بالىسىنىڭ سىنىپ بويىچە ئەڭ ئاخىرىدا قالغانلىق نەتىجىسىنى ئېلىپ خۇشال ھالدا: «سىنىپنىڭ ئەڭ ئاخىرى بولۇپ قاپسەن، بەك ياخشى بوپتۇ» دەيدۇ.

ھەر خىل تاپا ـ تەنىلەرنى تولا ئاڭلاپ كۆنۈپ كەتكەن بۇ بالا دادىسىنىڭ بۇ گېپىدىن ھەيران قاپتۇ ۋە : «دادا، سىز كېسەل بولۇپ قالمىغانسىز ـ ھە؟» دەپتۇ.

دادىسى: «دادىڭ كېسەل بولۇپ قالمىدى بالام، ئويلاپ باقە، ھەممىنىڭ ئارقىسىدا قالغان بىر ئادەمنىڭ، يەنە باشقىلار مەندىن ئېشىپ كېتەرمۇ دەيدىغان غېمى بولامدۇ؟ شۇڭلاشقا، سەن ئەمدى ئالدىڭغا قاراپ تىرىشساڭلا چوقۇم ئىلگىرىلىيەلەيسەن» دەپتۇ.

بالىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئىلھاملىنىپتۇ. شۇ ئەمەسمۇ، توشقان بىلەن تاشپاقا مۇسابىقىلىشىپ، ئەڭ ئاخىرىدا تاشپاقا ئۇتۇپ چىقتىغۇ! شۇنىڭ بىلەن بۇ بالىنىڭ كۆڭلىمۇ ئازادىچىلىككە تولۇپتۇ. ئىككىنچى قېتىملىق ئىمتىھاندا ئۇ سىنىپ بويىچە ئەڭ ئاخىرى بولۇپ قېلىشتەك قالپاقنى چۆرۈپ تاشلاپتۇ ۋە بىردەمدىلا سىنىپتىكى ئوتتۇرا ھال ئوقۇغۇچىلارغا يېتىشىۋاپتۇ.

ئەمما ئۇنىڭ دادىسى ھەر قېتىم ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن: «بەك ياخشى بوپتۇ، بالام، سەن ھەقىقەتەن قالتىسكەنسەن، يەنە بەش نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىغا ئۆتسەڭ بىرىنچى بولىدىكەنسەن» دەيدىكەن.

كېيىن بۇ ئوقۇغۇچى ئىزچىل ھالدا سىنىپ بويىچە بىرىنچىلىكنى ساقلاپ كەپتۇ.

# 40. ئىنتىلمە تەپەككۇر

ئىنتىلمە تەپەككۇر بولسا بىر خىل ئاكتىپ هالدا يۇقىرىغا ئىنتىلىش شەكلىدىكى ئىش بېجىرىش ئۇسۇلى بولۇپ، چىدامچانلىق، ئىشەنچ ۋە باتۇرلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

ئىنتىلمە تەپەككۇر بولسا بىر خىل ئاكتىپ هالدا يۇقىرىغا ئىنتىلىش شەكلىدىكى ئىش بېجىرىش ئۇسۇلى بولۇپ، چىدامچانلىق، ئىشەنچ ۋە باتۇرلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

ئەگەر چىدامچانلىق بولمىغان بولسا، دوگلاس. ماكئارتۇر گېنېرال نام - شۆھرەت ۋە ھوقۇققا ئېرىشەلمىگەن بولاتتى، ئۇ ۋېست پوئىنت ھەربىي مەكتىپىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان ۋاقىتتا، قايتا - قايتا رەت قىلىنىشقا ئۇچرىغان بولىسىمۇ، ئەمما قەتئىي تۈردە چىڭ تۇرغانلىقتىن، ئەڭ ئاخىرى ئۆز مەقسىتىگە يېتىپ ئۆز ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرغان ھەم ئەمەل - مەرتىۋىگىمۇ ئېرىشكەن ئىدى.

1940 - يىلى چېستى كارسىن ئىسىملىك بىر ياش كەشپىياتچى ئۆز ئىجادىي تەپەككۇرىنى ئېلىپ20 نەچچە شىركەتكە تەشۋىق قىلغىلى بارىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك چوڭ شىركەتلەرمۇ بار ئىدى. ئەمما نەتىجە ناھايىتى ئېچىنىشلىق بولۇپ، ھەممىسىدە دېگۈدەك رەت قىلىنىدۇ، ئەمما ئۇ يەتتە يىللىق ئۇزاققا سوزۇلغان تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسىدە، نيۇيورك ئىشتاتىنىڭ لوچېستىردىكى خالود شىركىتى، ئەڭ ئاخىرى ئۇنىڭ ئېستاتىك ئېلېكتىرىك پىرىنسىپىدىن پايدىلىنىپ ياسالغان ئىجادىيىتىنى سېتىۋېلىشقا قوشۇلىدۇ. خالود شىركىتى دەل كېيىنكى چۆەنلۇ شىركىتى بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپ زور پايدىغا ئېرىشىدۇ.

1952 - يىلى ئىدمۇنت.پىرسىۋال.ھىلارى ئىنسانلار ئەڭ ئېگىز چوققا دەپ قارىغان جۇمۇلاڭما چوققىسىغا يامىشىپ چىقماقچى بولىدۇ. ئۇ

مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنكى بىر نەچچە ھەپتە ئىچىدە، ئەنگلىيەدىكى بىر تەشكىلات تەرىپىدىن نۇتۇق سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىنىدۇ. ھىلارى مۇنبەرگە چىققاندىن كېيىن مۇشتىنى تۈگۈپ تۇرۇپ تاغنىڭ رەسىمگە قارىغان ھالدا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن: «جومولاڭما چوققىسى! سەن مېنى بىرىنچى قېتىم مەغلۇپ قىلدىڭ، ئەمما كېلەر قېتىم مەن سېنى مەغلۇپ قىلىمەن. چۈنكى سەن يەنە ئېگىزلىيەلمەيسەن، ئەمما مەن ھەمىشە ئۆسۈپ يېتىلىش ھالىتىدە تۇرىمەن!» دەيدۇ. بۇ 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى بولۇپ، شۇندىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئېدمۇنت.پېر سىۋال.ھىلارى جومولاڭما چوققىسىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا چىققان بىرىنچى كىشى بولۇپ قالىدۇ.

بۇ ناھايىتى تەسىرلىك بولغان بىر ھېكايىدۇر:

ئۇ بىر قېتىملىق ئۇنتۇلغۇسىز كەچۈرمىش بولۇپ، ئۇ چاغدا 34 ياشلىق فولىنىس سىدىۋىك ئىنگلىز بوغۇزىدىن سۇ ئۈزۈپ ئۆتۈۋاتاتتى، يېرىم يولغا كەلگەندە ئۇ ئالدىغا قاراپ كۆز ئالدىدا خۇددى بىر تۇمانلىق تام باردەك ھېس قىلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇ سۇ ئۈزۈۋاتقىلى بىر سائەتتەك بولغان بولۇپ، بەدىنى سېزىمىنى يوقىتىشقا باشلىغان ئىدى.

بۇ 1952 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سەھەر ۋاقتى بولۇپ، دېڭىز دولقۇنى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى، ھاۋامۇ ناھايىتى تۇمانلىق بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ قۇتقۇزۇش كېمىسىنى كۆرەلمەيۋاتاتتى. لەھەڭلەر ئۇنىڭ يېنىدىن ئۈزۈپ ئۆتۈۋاتاتتى، ئۇلار پەقەت تاللىق مىلتىقنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈنلا يېقىن كېلەلمەيۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ دېڭىز دولقۇنى تەرىپىدىن يۇتۇۋېتىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈنلا توختىماستىن تىركىشىۋاتقان ئىدى. بىر نەچچە سائەت ئۆتۈپ كېتىدۇ، بۇ ۋاقىتتا بىر نەچچە مىليونلىغان كىشىلەر ئائىلىسىدە تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان بولۇپ، فولىنىسقا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان كېمىلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر كېمىدە ئۇنىڭ ئاپىسى ۋە تېرنېرى ئۇنىڭغا مەدەت بېرىۋاتاتتى. ئۇلار ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ ۋاز كەچمەسلىككە ئۈندەيتتى. ئۇ ئىزچىل ۋاز كەچمىگەن بولۇپ، تاكى يېرىم چاقىرىم ئارىلىق قالغاندا ئۇ ئاخىر چېكىنىپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ سۇدىن چىقىپ يەتتە سائەتتىن كېيىن ئاندىن بەدىنى ئىسسىشقا باشلايدۇ. ئىشتىن كېيىن ئۇ مۇخبىرغا: «مەن ھەقىقەتەنمۇ ئۆزۈمنى كەچۈرەلمەيمەن. ئەمما ئەگەر مەن قۇرۇقلۇقنى كۆرەلىگەن

بولسام، مەن ئۈزۈپ بارالايتتىم» دەيدۇ. ئۇ بەدىنىنىڭ ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكى ياكى سوغۇق ھاۋانىڭ ئۇنى قىينىغانلىقى ئۈچۈنلا بۇ قېتىملىق سۇ ئۈزۈشتىن چېكىنىپ چىقمىغان بولۇپ، بەلكى تۇمان سەۋەبىدىن بولغان يەنى، ئۇ نىشانىنى كۆرەلمىگەنلىكى ئۈچۈنلا ۋاز كەچكەن ئىدى.

ئىككى ئايدىن كېيىن، ئۇ يەنە قايتا سىناپ باقماقچى بولىدۇ. بۇ قېتىم تۇمان ئىلگىرىكىدەكلا قويۇق بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كۆڭلىدە پۈكۈپ قويغان ئاشۇ نىشانغا ئۈزۈپ بارىدۇ. ئۇ، تۇماننىڭ ئارقىسىدىكىنىڭ دەل قۇرۇقلۇق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا بۇ قېتىم مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئىدى. فولىنىس سىدنۇك ئىنگلىز بوغۇزىدىن بىرىنچى بولۇپ ئۈزۈپ ئۆتكەن ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ رېكورتى ئەرلەرنىڭكىدىن تېخى ئىككى سائەت ئاز ئىدى.

يۇقىرىقى مىسالدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئالغا ئىنتىلىشتە ئىپادىلەنگىنى بولسا بىر خىل چىدامچان ياكى قەتئىي بولغان روھتۇر.

ئەنگلىيە بولسا بىر يۇقىرى پاراۋانلىق ۋە يۇقىرى ئىش ھەققى تۈزۈمىدىكى دۆلەت بولۇپ، پەقەت خىزمەت تاپقىلى بولسىلا كۆڭۈلدىكىدەك مائائاشقا ئېرىشكىلى بولاتتى. ئەمما خىزمەت تېپىش ناھايىتى تەس ئىدى. 22 ياشلىق بىر ئەنگلىيەلىك قىزچاق داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەن بولۇپ، ئىزچىل خىزمەت تاپالمايۋاتاتتى. گەرچە ئۇنىڭ قولىدا ئەنگلىيە بىرمىنگام ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات كەسپىنى پۈتكۈزگەنلىك دىپلومى بولغان بولسىمۇ، ئەمما رىقابەت كەسكىنلىشىپ كەتكەن ئىختىساسلىقلار بازىرىدا ھەممە تەرەپتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ.

خىزمەت تېپىش ئۈچۈن، ئۇ ئەنگلىيەنىڭ شىمالىدىن تاكى لوندون شەھىرىگىچە كەلگەن بولۇپ، پۈتۈن دۆلەتنىڭ ھەممە يېرىنى دېگۈدەك ئايلىنىپ چىققان ئىدى. بىر كۈنى، ئۇ دۇنيادىكى داڭلىق گېزىتخانا، ئەنگلىيە «تايمىس» گېزىتخانىسىنىڭ تەھرىر بۆلۈمىگە كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ ئۆزىگە بولغان تولۇپ تاشقان ئىشەنچىسى بىلەن تەكلىپ قىلغۇچىغا ناھايىتى ئەدەپ بىلەن: «سىلەر تەھرىر قوبۇل قىلامسىلەر؟» دەپ سورايدۇ.

قارشى تەرەپ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئاددىي بولغان بۇ قىزغا قاراپ قويۇپ: «ياق، لازىم ئەمەس» دەيدۇ.

ئۇ يەنە: «ئۇنداقتا مۇخبىر قوبۇل قىلامسىلەر؟» دەپ سورايدۇ.
قارشى تەرەپ: «ياق، ئۇمۇ كېرەك ئەمەس» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.
بۇ ياش قىز يەنىلا ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەيدۇ ۋە: «ئۇنداق بولسا، سىلەرگە بەت تىزغۇچى ياكى سېلىشتۇرغۇچى كېرەكمۇ؟» دەپ سورايدۇ.
قارشى تەرەپ ئاللىقاچان زېرىككەن بولغاچقىمىكىن: «ھېچقانداق كېرەك ئەمەس» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.
بۇ قىز كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، سومكىسىدىن بىر پارچە نەپىس ئىشلەنگەن كارتىنى چىقىرىدۇ ۋە قارشى تەرەپكە تەڭلەپ تۇرۇپ: «ئۇنداقتا سىلەر چوقۇم بۇ خىلدىكى كارتىغا ئېھتىياجلىق» دەيدۇ.
قارشى تەرەپ ھېلىقى كارتىنى ئېلىپلا ئۇنىڭغا يېزىلغان: «خادىملىرىمىز تولۇق، ئادەم كېرەك ئەمەس» دېگەن خەتلەرنى كۆرىدۇ.
ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى خادىم تەكلىپ قىلغۇچىنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىققان بولۇپ، ئۇ بۇ قىزچاقنىڭ سەممىي ئەمما ئاقىلانە بولغان خىزمەت ئىزدەش ھەرىكىتىدىن تەسىرلىنىدۇ ۋە قائىدىنى بۇزۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارىتا ئۇمۇمىيۈزلۈك باھالاشنى باشلىۋېتىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ ئوڭۇشلۇق ھالدا بۇ گېزىتخانا تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئىقتىدارىغا ماس كېلىدىغان ئورۇن بولغان تاشقى مۇلازىمەت بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىنىدۇ.



كېيىنكى پاكىتلار گېزىتخانىنىڭ ئادەمنى خاتا قوبۇل قىلمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. 20 يىلدىن كېيىن، ئۇ دۇنياغا داڭلىق كوزۇر گېزىتخانىدىكى «باش تەھرىر» گە ئايلىنىدۇ.
بۇ دەل سىمون بولۇپ، ئۇ مول بىلىمگە ۋە ناھايىتى ياخشى خىسلەتكە ئىگە بولغان جەزبىدار ئايال ئىدى.
ئۈمىدۋار بولۇش بولسا

ئىنتىلىش شەكلىدىكى تەپەككۇرنىڭ روھىي ئوزۇقىدۇر.

كىرىس بولسا بىر مېيىپ تەنھەرىكەتچى بولۇپ، ئۇ كۈنى ئۇ مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ كېلىدۇ.

ئۇ ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ كەلگەن ۋاقىتتا، ئوپېراتور ۋە مۇخبىرلارنىڭ ھەممىسى بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن ياشنى ئورىۋېلىشقان بولۇپ، رەسىمگە ئالغۇچىلار ئالدىراشلىق بىلەن رەسىمگە تارتىۋاتاتتى، مۇخبىرلار بولسا مىكروفوننى ئۇنىڭ ئاغزىغا تەڭلەشكىنىچە ھېلىقى بىرىنچى بولغۇچىنى بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىۋاتاتتى.

كىرىس ئەمدىلا بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان ۋاقىتتا، دوختۇر ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا بۇ دوۋن سىندرومى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بوۋاقنى ئالاھىدە ئورگانغا تاپشۇرۇپ بېرىش تەكلىپىنى بېرىدۇ، ئەمما بۇ ئالاھىدە ئورگانلار پەقەت سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش داۋالاش مۇلازىمىتى بىلەنلا تەمىنلىيەلەيتتى.

دوۋن سىندرومى كېسىلى بولسا گېننىڭ غەيرىي بولۇپ قېلىشىدىن كېلىپچىققىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، بالىلار تۇغۇلغان ۋاقىتتا بىر جۈپ خىروموسوما ئارتۇق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولىدىغان بولۇپ، مۇنداق بىر ئورتاق ئالاھىدىلىك بولاتتى: يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا توسالغۇغا ئۇچرايتتى.

دوۋن سىندرومى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بالىلارنىڭ ئەقىل كۈچى ئەڭ يۇقىرى بولغاندىمۇ پەقەت 75 كىچە بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارى ناھايىتى زور چەكلىمىگە ئۇچرايتتى.

مۇسابىقە ئاياغلاشقان ۋاقىتتا، كىرىس ناھايىتى ھاياجانلانغىنىدىن خۇشاللىقىدا تاقلاپ كېتىدۇ ۋە ناھايىتى مەغرۇرانە ھالدا بىرىنچى بولغۇچىنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىلىكى بىلەن ئۆزىگە ئوخشاش چوڭلۇقتىكى ھېلىقى ياشنى قولتۇقلىۋالغان بولۇپ، بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدىن بۇرۇن ئۇنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى.

كىرىس كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، مۇخبىرلارنىڭ ھېلىقى بىرىنچى بولغۇچىنى زىيارەت قىلىپ بولۇشىنى سەۋرچانلىق بىلەن ساقلاپ تۇرىدۇ.

بۇ چەكسىز ھاياجانلىق دەقىقىلەر بولۇپ، سەۋرچان بولۇشمۇ ناھايىتى تەس ئىدى. مۇخبىرلار ئاخىر زىيارەت قىلىشنى ئاياغلاشتۇرىدۇ ۋە كامېراغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ ئەمدى خۇلاسە قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، كىرىس دەرھال ئالدىغا بىر قەدەم ئالىدۇ ۋە باشقىلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ تۇرۇپ: «ۋاھ، تەڭرىم!» دەپ توۋلاپ كېتىدۇ. كىرىس ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى ھاياجىنىنى پەقەت باسالمىغان ئىدى، ئۇ شۇنداق يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەۋاتاتتى: «مەن سىلەرگە شۇنى دېمەكچى، بۇ نېمىدېگەن ھاياجانلىق مىنۇتلار ـ ھە، مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇچىنچىلىككە ئېرىشكەنلىكىمدىن بەكمۇ خۇشال!»

ھېلىقى مۇخبىرمۇ ئامالسىز ھالدا بۇ قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان ياشقا يۈزلىنىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن: «شۇنداق... بىزگە ئۆزىڭىزنىڭ قانداق تەسىراتتا بولۇۋاتقانلىقىڭىزنى سۆزلەپ بېرەمسىز؟» دەپ سورايدۇ.

كىرىس: «ۋاھ!» دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ ـ دە: «سىزنىڭ مېنى زىيارەت قىلغىنىڭىزغا رەھمەت. ھەقىقەتەن قالتىس بولدى. مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ يەرگە كېلەلىگەنلىكىمدىن ناھايىتى خۇشال. بۇ مەن ئۈچۈن ئىنتايىن زور شەرەپ. ئەلۋەتتە، مەن ئۇچىنچىلىككە ئېرىشتىم. ئۇچىنچى، خېلى يامان ئەمەس، شۇنداقمۇ! قانداق دېدىم كۆپچىلىك» دەيدۇ ھاياجانلانغان ھالدا. ئۇ باشقىلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشكە ئېھتىياجلىق ئەمەس بولۇپ، ئۇلارنىڭ جاۋاب بېرىشىنىمۇ ئۈمىد قىلىپ كەتمەيتتى. ئۇ ھاياتىي كۈچكە تولغان يۈزىنى كامېراغا قارىتىپ تۇرۇپ پۈتۈن دۇنيادىكى تاماشىبىنلارغا يۈزلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۈزىدە چەكسىز خۇشاللىق ئەكس ئېتىۋاتاتتى. ئۇ : «كۆپچىلىكنىڭ مەن بىلەن بىرگە بۇ ھاياجانلىق دەقىقىلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن، بىز بۇنى تازا بىر تەبرىكلەيدىغان پەيت يېتىپ كەلدى!» دەيدۇ. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ بولۇپلا ھېلىقى بىرىنچى بولغۇچىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ كۆپچىلىك بىلەن قىزغىن ھالدا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ كېتىدۇ.

كىرىس شۇ ۋاقىتتا ئاران 14 ياشتا بولۇپ، بۇ بىر ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى بولۇپ، ئۇنىڭغىمۇ ئارانلا ئۈچ نەپەر ماھىر قاتناشقان ئىدى.

# 41. ھەرىكەتچان تەپەككۇر

ھەرىكەتچان تەپەككۇر بولسا دۇنيانى بىر خىل ئۆزگىرىشچان تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرى بىلەن كۆزىتىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇنى تونۇمۇشتا قوللانسىمۇ ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

مۇنداق بىر قىزىقارلىق ھېكايە بولۇپ، ئۇنىڭدا A,B دىن ئىبارەت ئىككى ئادەم مۇنداق بىر ئىش توغرىسىدا دو تىكىشىپتۇ. يەنى، ئىككى ئاي ئىچىدە A ھەر كۈنى B غا يۈز مىڭ يۈەن بېرىدىغان، B ھەر كۈنى A غا پەقەت بىر پۇڭلا بېرىدىغان، ئەمما چوقۇم ھەر كۈنى بىر ھەسسە بويىچە قوشۇپ بېرىشى كېرەكلىكى ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپتۇ. B پايدا ئالىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلاپ ئىچىدە خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ۋە بۇنىڭغا قوشۇلۇپتۇ. مۇشۇ بويىچە ئېلىم ـ بېرىم قىلىپ ئونىنچى كۈنىگە كەلگەندە B نىڭ يانچۇقى بىر مىليون يۈەنگە توشۇپتۇ، ئەمما ئۆزى چىقىم قىلغان پۇل بولسا ئاران 5 مو بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن B ئەگەر باشتا ئۈچ ئايلىق مۆھلەت بويىچە پۈتۈشۈشكەن بولسام تېخىمۇ كۆپ پايدا ئالار ئىكەنمەن، دەپ ئويلاپ ھەسرەت چېكىپتۇ. ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ھېساباتتا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ تەتۈرسىچە ئەھۋال كۆرۈلۈشكە باشلاپتۇ ھەمدە ئۇنى بارغانسېرى يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولماي قاپتۇ. سىز 60 ـ كۈنىگە كەلگەندە B نىڭ قانچە پۇل تۆلىشى كېرەكلىكىنى بىلەمسىز؟ نەق 25 تىرىليونمۇ يەتمىگۈدەك.

بۇ ھېكايە بىزگە تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىۋاتقان نەرسە بىلەن بىر ئىزىدا توختاپ قالغان نەرسىنىڭ ماھىيەت جەھەتتىكى پەرقىنى ھېس قىلدۇرۇپ قويىدۇ. ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋاقىت ناھايىتى سىرلىق بولۇپ، ۋايىغا يەتكەن بارلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.



مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەرىكەتچان تەپەككۇر بولسا دۇنيانى بىر خىل ئۆزگىرىشچان تەرەققىيات نۇقتىئىنەزەرى بىلەن كۆزىتىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇنى تۇرمۇشتا قوللانسىمۇ ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

بىر يىلى، مەلۇم بىر جايدىكى پەمىدۇرنىڭ باھاسى تۇيۇقسىزلا قىممەتلىشىپ كېتىپتۇ. بىر دېھقان شۇ يىلى خېلى كۆپ پەمىدۇر تېرىغان بولغاچقا نۇرغۇن پايدا ئاپتۇ. باشقىلار بۇنى كۆرۈپ ئۆزلىرىنىڭ نېمىشقا پەمىدۇر تېرىمىغانلىقىغا ئىچى ئاچچىق بوپتۇ ۋە كېلەر يىلى چوقۇم كۆپرەك پەمىدۇر تېرىشقا بەل باغلاپتۇ. نەتىجىدە ھەممە ئادەم پەمىدۇر تېرىغان بولغاچقا، ئىككىنچى يىلى پەمىدۇرلارنىڭ باھاسى زور دەرىجىدە چۈشۈپ كېتىپتۇ ـ دە، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى زور زىيان تارتىپتۇ. ئەمما بىر ئادەم ئەكسىچە پايدا ئاپتۇ، ئۇ بولسىمۇ ئالدىنقى يىلى پەمىدۇر تېرىغان ئادەم بولۇپ، ئۇ ئىككىنچى يىلى پەمىدۇر تېرىماستىن بەلكى پەمىدۇر مايسىسى يېتىشتۈرۈپ ساتقان ئىكەن. ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى دەل مۇشۇ يەردە. بەزى ئادەملەر بىر قەدەم ئالدىدىكى ئىشنى ئويلايدۇ، يەنە بەزى ئادەملەر ئىككى قەدەم ئالدىدىكى ئىشنى ئويلايدۇ. بەزىلەر بۈگۈنگە نەزەر سالسا، بەزىلەر ئەتىگە نەزەر سالىدۇ.

ھەرىكەتچان تەپەككۇرمۇ ئالدىن كۆرۈشتەك ئاكتىپ پوزىتسىيەنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئامېرىكىلىق كارسۇن1937 ـ يىلى ئىستاتىك ئېلېكترلىك مەتبەئە تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما شۇ ۋاقىتتىكى پەن ـ تېخنىكا ساھەسى ۋە كارخانا ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشەلمەيدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ قانداق قوللىنىش ئىستىقبالىنىڭ بارلىقىنى كۆرەلمەيدۇ. ئەمما، نيۇيورك ئىشتاتىدىكى خالشىر شىركىتىنىڭ رەھبەرلىرى بۇ كەشپىياتنىڭ ئىشلىتىلىش قىممىتىنى

كۆرۈپ يېتىدۇ. چۈنكى ئۇ موم قەغەزگە ئۈيۈپ يېزىشتىن ئىلغار بولۇپ، ئۇنى ماي مەتبەئەسىنىڭ ئورنىغا ئىشلەتكەندە ئىش بېجىرىش ئۈنۈمىنى كۆپ يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر شىركەت بەش مىليون دوللار مەبلەغ سېلىپ تېخنىكا كۈچىنى نۇسخىئالغۇ ياساشقا تەشكىللىدى. 10 يىللىق تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرى ئادەتتىكى قەغەزلەرنى ئىشلەتكىلى بولىدىغان «شىلى» ماركىلىق بىرىنچى نۇسخىئالغۇ دۇنياغا كېلىدۇ.

# 42. چوڭقۇرلاشتۇرۇلغان تەپەككۇر

چوڭقۇرلاشتۇرۇلغان تەپەككۇر بولسا قەتئىيلىك ۋە چىدامچانلىق بولۇپ، پەقەت قەتئىي چوڭقۇرلاشتۇرغاندىلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئەينى يىللىرى ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ ئېچىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش مەزگىلىدە، بىر ئالتۇن تاسقىغۇچى شېرىن خام خىياللار ئىلكىدە غەربىي قىسمىغا بېرىپ ئالتۇن تاسقىماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر جاينى تاللاپتۇ ۋە چېدىر تىكىپ ئالتۇن كولاشقا باشلاپتۇ. ئۇ كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك كولاۋېرىپتۇ. دەسلەپىدە ئۇ ناھايىتى ئىشەنچكە تولغان ئىكەن. كۈنلەر بىر كۈندىن - بىر كۈندىن ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. ئەمما ئۇ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەپتۇ. ئۇ پەقەت قەتئىي تىرىشساملا چوقۇم نەتىجىگە ئېرىشەلەيمەن، دەپ ئويلاپتۇ، شۇڭلاشقا نۇرغۇنلىغان ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئۈن - تىنسىز گۆھەر ئىزدەۋېرىپتۇ. نېمە ئىلاج، بەخت - تەلەي ئىلاھى ئۇنىڭغا ئىشىكىنى ھېچ ئېچىپ بەرگىلى ئۇنىماپتۇ. ئۇ ناھايىتى چارچاپ كېتىپتۇ. ئۇ بەرداشلىق بېرەلمەي، قىلىۋاتقان ئىشىدىن ۋاز كەچمەكچى بولۇپتۇ. بۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ناھايىتى ئازابلىق بولغان قارار ئىكەن. ئۇ ئۆزى قېزىپ چىققان ھېلىقى كاننى ناھايىتى تۆۋەن باھا بىلەن سېتىۋېتىپتۇ.

ھېلىقى كاننى ئۆتكۈزۈۋالغۇچى بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئورەكتىن بىر پارچە ئالتۇن پارچىسى تېپىۋاپتۇ. بۇ ئەسلىدە بىر مول كان ئىكەن.

ئالدىنقى ئالتۇن چايقىغۇچى ئەسلىدە مۇۋەپپەقىيەتكە بىر قەدەملا قالغان ئىكەن.

يەنە بىر ئۆزگىچە ئادەم بولۇپ، ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ سىچۈەن ئۆلكىسىدىكى ياۋروسوڭ ئىسىملىك بىر دېھقان ئىدى. ئۇ گەرچە باشلانغۇچ مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما تېزەكچى

قوڭغۇزنىڭ يەرنى تەۋرىتىپ يۇمشىتىۋاتقانلىقىدىن ئىلھام ئېلىپ، ئۇنىڭ بۇ خىل ئىپتىدائىي ھالدىكى تۇپراقنى يۇمشىتىش پىرىنسىپىنى قوللىنىپ دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى لايىھەلەپتۇ. ئۇ شۇ لايىھەلىگەنچە توپتوغرا16 يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، تالاي سىناقلاردىن كېيىن ئەڭ ئاخىرى تاغلىق رايونغا ماس كېلىدىغان تېزەكچى قوڭغۇز شەكلىدىكى يەر تېرىش ماشىنىسىنى كەشىپ قىلىپ چىقىدۇ.

بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، پەقەت قەتئىي چوڭقۇرلاشتۇرغاندىلا مۆۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

1564 ـ يىلى ئەنگىلاند بىر قېتىملىق قارا بورانىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. كۆمبېرلەندكە يېقىن ئەتراپتىكى بودايىر دېگەن جايدىكى بىر تۈپ دەرەخ يىلتىزى بىلەنلا قومۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، دەرەخنىڭ يىلتىزى قومۇرۇلغان جايدىن كۆمۈر رۇدىسى كانى كۆرۈنۈپ قالغان ئىدى. شۇ يەردىكى پادىچىلار ئۇنى قارا گىرافىت دەپ (ساپ قارا تاش)ئاتىشاتتى. ئۇنداقتا بۇ نەرسىنى نېمىگە ئىشلەتكىلى بولىدۇ. بۇ ئويلىنىپ ئىجاد قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بىر مەسىلە ئىدى. پادىچىلار ئۇنىڭ بىلەن قويلارنىڭ ئۈستىگە بەلگە سالاتتى، مانا بۇ بىرخىل ئىجادىيەت ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، شەھەردىكى كىشىلەر پادىچىلارنىڭ ئۇ نەرسە بىلەن قويغا بەلگە سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىلەن ئورالغان يەشىكلەرگە بەلگە سالسىمۇ بولىدىغانلىقىنى بايقايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ نەرسە ئۇششاق چوكا ھالىتىدە قىرىلىپ ياسالغاندى. كېيىن بۇ نەرسە لوندون كوچىلىرىدا سېتىلىشقا باشلايدۇ. شۇ ۋاقىتتا كىشىلەر بۇ خىل قارا گىرافىتنى «تامغا تېشى» دەپ ئاتايتتى. بۇ خىل قارا تاش ئاسانلىقچە سۇنۇپ كېتىدىغان بولغانلىقى، ھەم قولنىمۇ قارا قىلىۋېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، بەزىلەر بۇ مەسىلىدىنمۇ ئىجادىيەت خاراكتېرلىك ئىلھامغا ئىگە بولىدۇ. بۇ مەسىلىنى ئىجادىيەت خاراكتېرلىك ھەل قىلىش ئۇسۇلى بولسا، بۇ قارا تاشنى يىپ بىلەن



باغلاپ قويۇپ بىر بۆلەكنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بىر ئورام يىپنى يېشىۋېلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

مانا بۇ تەدرىجىي چوڭقۇرلاپ كىرىشتۇر.

ياپونىيەلىك سودىگەر كونوئىكې بولسا ئەسلىدە ئوساكا بىلەن توكيو ئارىسىدا قاتىراپ يۈرىدىغان بىر كىچىك سودىگەر ئىدى. بىر كۈنى، ئۇ مالىنى بىلەن سۈركىلىشىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى مالاي ئۆچكەن كۆل چوغىنى ئوغرىلىقچە ھالدا گۈرۈچ ھارىقىنىڭ ئىچىگە تۆكۈۋېتىپ قېچىپ كېتىدۇ.

توكۇگاۋانىڭ ئاخىرقى ۋە مېيجى يىللىرىدىن بۇرۇن، ياپونىيەنىڭ گۈرۈچ ھارىقى ئەسلىدە دۇغلۇق بولۇپ، ھازىرقى بازارلاردا سېتىلىۋاتقان ھاراقلاردەك سۈزۈك ئەمەس ئىدى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، كونوئىكې ھاراق كۆپى قويۇپ قويغان زاۋۇتقا بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئادەمنى ھەيران قالدۇرارلىق بىر ئىش يۈز بەرگەن بولۇپ، كۆپلەرنىڭ ئاستىدا بىر قەۋەت كۆل تۇراتتى، ئەمما ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھاراقلار بولسا خۇددى بىرسى سېھىرلەپ قويغاندەك سۈپسۈزۈك بولۇپ قالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوچاق كۆلىنىڭ دۇغ ھاراقنى سۈزۈش رولىنىڭ بارلىقىنى بايقايدۇ.

ئۇ بۇ ئىشنى تۇيۇقسىزلا بايقاپ قالغانلىقى ئۈچۈن خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كېتىدۇ ۋە مۇشۇ ئاساستا ھاراق سۈزۈلدۈرۈش تەتقىقاتىغا كىرىشىپ كېتىدۇ.

ئون نەچچە قېتىملىق ئۆزگەرتىشتىن كېيىن، گۈرۈچ ھارىقىنى سۈزۈلدۈرۈش ئۇسۇلى ئاخىر تېپىلىدۇ. مانا بۇ ياپونىيە سۈزۈك ھارىقىنىڭ كېلىپچىقىش تارىخى ئىدى.

بۇ ئەھۋالغا قاراپ چوڭقۇرلاشتۇرغانلىقتۇر.

مىڭ يىللار ئىلگىرى، مىسىردا موكرى ئىسىملىك بىر مۇزىكچى ئۆتكەن بولۇپ، بۇ پېژغىرىم ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ نىل دەرياسى بويىدا سەيلە قىلىۋاتاتتى. تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ پۇتى بىر نەرسىگە تېگىپ كېتىدۇ ۋە ناھايىتى يېقىملىق ئاۋاز چىقىرىدۇ. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، ئەسلىدە بىر تاشپاقا قېپى ئىكەن. موكرى بۇ تاشپاقا قېپىنى ئېلىپ خۇشال ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن ھېلىقى تاشپاقا قېپىغا زەن سېلىپ قاراپ قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ

ئۇزۇكسىز تەجرىبە قىپتۇ ۋە ئەڭ ئاخىرى تاشپاقا قېپىنىڭ ئىچىدىكى ئاۋازنىڭ تىترىشى ئارقىلىق ئاۋاز چىقىرىشتەك بۇ پىرىنسىپىغا ئاساسەن دۇنيادىكى تۇنجى ئىسكىرىپكىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىپتۇ.

موكرىنىڭ بۇ ئاڭسىز ھالدىكى ئىلھامغا ئېرىشكەن ۋاقتى سەھەر ۋاقتى بولۇپ، ئورنى دەريا بويى ئىدى، ئۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولسا پۈتىنىڭ بىر تال تاشپاقا قېپىغا تېگىپ كەتكەنلىكىدۇر. ئالامەتى بولسا تاشپاقا قېپىنىڭ يېقىملىق ئاۋاز چىقىرىدىغانلىقى بولۇپ، ئۇ بۇنى چالغۇ ساز بىلەن باغلاشتۇرۇپ ئويلىيالىغان.

بىر ئائىلە ئايالى بولۇپ، ئۇ بېلىق پىشۇرغان ۋاقىتتا بېلىق ھەمىشە قازاننىڭ ئاستىغا چاپلىشىپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن پىشۇرۇلغان بېلىقنىڭ بىر پارچىسى كەم بولۇپ قېلىپ ئېزىلىپ كېتەتتى ۋە ئۇنى كۆرسىمۇ ئادەمنىڭ يېگۈسى كەلمەيتتى. بۇ ئىشتىن ئۇ ناھايىتى ئەپسۇسلىناتتى. ئەمما ئۇ كېيىنچە ئەستايىدىل كۆزىتىش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرى بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ قازان قىزىغان ۋاقىتتا ماينىڭ قىزىتىلغان قازاننىڭ ئاستىغا تامچىشىدىن كېلىپچىقىدىغانلىقىنى بايقايدۇ.

بىر كۈنى، ئۇ قورۇما قورۇۋېتىپ تۇيۇقسىزلا، قازاننىڭ ئاستى تەرىپىنى قىزىتماي ئۈستى تەرىپىنى قىزىتىشقا بولامدىغاندۇ، دەپ ئويلايدۇ.

ئۇ مۇشۇ ئوي ـ خىيالى بويىچە ئۈستى تەرىپىدىن ئوت يېقىپ بېلىقنى ئاستىغا سېلىپ پىشۇرۇشتەك بىر قانچە خىل ئۇسۇلنى سىناپ بېقىپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەڭ ئاخىرى «تۇۋاقنىڭ ئىچىگە توك ئوچاق سىمىنى ئورنىتىش» تەك بۇ خىل ئۇستىدىن قىزدۇرۇش ئۇسۇلىنى ئويلاپ چىقىدۇ ۋە بۇ قېتىم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئايال ئەڭ ئاخىرىدا «بېلىق پىشۇرغاندا چاپلىشىپ قالمايدىغان قازان» نى ياساپ چىقىدۇ.

بۇ خىل قازاندا بېلىق پىشۇرغاندا، بېلىق قازان ئاستىغا چاپلىشىپ ئېزىلىپ، ئىسلىشىپ كەتمەسلىكتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ماي تېجىگىلىمۇ بولاتتى.

ئامېرىكىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق بولغان سۇنئىي ئۇسۇلدا ئۇرۇقلاندۇرۇش

مۇتەخەسسىسى سچېر، نۆۋەتتە تەتقىق قىلىۋاتقان «VIGRA» نىڭ بىر خىل يوشۇرۇن ئىقتىدارىنىڭ تۇغماسلىق كېسەلىگە گىرىپتار بولغان ئايال بىمارلارنىڭ ھامىلىدار بولۇشىغا ياردەم بېرىدىغان يوشۇرۇن ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىنى بايقايدۇ. ئۇ «VIGRA» قانىنىڭ ئايلىنىشىنى تېزلىتىش شەكلىدە ئەرلەرنىڭ، بولۇپمۇ ياشانغان ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئىقتىدارىنىڭ ئۇزاقراق داۋاملىشىشىغا ياردىمى بولغان ئىكەن، ئۇنداقتا، ئۇ ئاياللارغىمۇ ماس كېلىدۇ، دەپ كېسىپ ئېيتىدۇ. سچېر «VIGRA» نى ئىشلىتىپ تۇغماسلىق كېسەلىنى داۋالىغاندا ھەممىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولىۋەرمەيدىغانلىقىنى بايقايدۇ. بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ تېببىي ساھەدىكىلەر «VIGRA» نىڭ ئەرلەرنىڭ ئۇرۇق يىگلەپ قېلىش كېسەلىنى داۋالاشتىكى ئۈنۈمىگە قارىتا ئورتاق تونۇشقا كەلگەن بولۇپ، ئەمما ھېچكىممۇ ئۇنى ئىشلىتىپ ئاياللارنىڭ كېسەلىنى داۋالاپ باقمىغان ئىدى. ئەمما سچېر بۇ ئىشقا تەۋەككۇل قىلىپ بېقىشقا بەل باغلايدۇ. نەتىجىدە «VIGRA» نى ئىشلىتىش ئارقىلىق داۋالاشنى قوبۇل قىلغان 20 نەپەر ئايالنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ھامىلىدار بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە بىرەيلەن تېخى قوشكېزەك ھامىلىدار بولىدۇ. تېببىي مۇتەخەسسىسلەر بۇ ئىشنى بەك ماختايدۇ ۋە ئۇنى تۇغماسلىق كېسەلىنى داۋالاشتىكى بىر بۆسۈش، دەپ قارىشىدۇ. سچېر ئىپادە بىلدۈرۈپ: «گەرچە نەتىجە كىشىنى خۇشال قىلسىمۇ ئەمما، بۇ يەنىلا تەجرىبە قىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، «VIGRA»نى ئاياللارنىڭ تۇغماسلىق كېسەلىنى داۋالاشقا ئىشلىتىشتىن بۇرۇن، ئۇنى يەنە ئۇزاق مەزگىلگىچە تەتقىق قىلىشقا ۋە كىلىنىكىلىق سىناق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ» دەيدۇ.

ئامېرىكا دېنۋېر شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق رىگاس خانىم ئەزەلدىنلا ھېچقانداق تېببىي تەلىم ئېلىپ باقمىغان ئىكەن. ئۇنىڭ يولدىشى ھەر كۈنى شىركەتتىكى سۈت كالىسىنى كۆپەيتىش خىزمىتى بىلەن ئالدىراش ئۆتىدىغان بولۇپ، ئۇ سىيىرلارنىڭ ئوڭاي بوغاز بولۇشى ئۈچۈن ھەمىشە سىيىرلارنىڭ كۈيلەش ۋاقتىنى ھېسابلايدىكەن. ئۇنىڭ ھېسابلاش ئۇسۇلىمۇ ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، دورا قوشۇقچىلىك چوڭلۇقتىكى سېنزورنى سىيىرلارنىڭ ئېغىزىغا سېلىپ، ئۇنىڭدىكى شۆلگەي سۈيۇقلۇقىنىڭ تەركىبىدىكى ناترىيلىق كالىي تەركىبىنىڭ ئۆزگىرىشىگە

ئاساسەنلا ئۇنىڭ تۇخۇم چىقىرىش مەزگىلىگە ھۆكۈم قىلىدىكەن. بۇ سوئال ئاياللارنىڭ تۇخۇم چىقىرىش مەزگىلىنى بىلىشكىمۇ ئىشلىتىشتە بىر خىل ئىجادچانلىق ئۇسۇلىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بوپتۇ. رىگاس خانىم ئاياللارنىڭ تۇخۇم چىقىرىش مەزگىلىنىمۇ سىيىرلارنى ئۆلچىگەندەك ئۆلچەپ چىقىشقا بولامدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئۇسۇلنى ئۆزىدە يوشۇرۇنچە سىناق قىلىپ بېقىپتۇ، نەتىجىدە ئۆزىنىڭ تۇخۇم چىقىرىش ۋاقتىدىن 6 ـــ 7 كۈن بۇرۇن ناتىرىيلىق كالىينىڭ تەركىبىنىڭ دىياگراممىسىدىكى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەنلىكىنى بايقاپتۇ. ئەمما، ئەگەر تۇخۇم چىقىرىش ۋاقتىنى توغرا بىلمەكچى بولسا، ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدە يەرلىك ئەزانى سىناش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك بولىدىكەن. ئۇ مۇشۇ خىل ئۇسۇل بويىچە يەنە بىر نەپەر دوختۇر بىلەن ھەمكارلىشىپ ئاياللارنىڭ شۆلگەي سۇيۇقلۇقىنى ئۆلچەش سېنزورىنى ياساپ چىقىدۇ. قايتا ـ قايتا سىناق قىلىش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ ھەم بۇ ئۈسكۈنىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىمۇ 98% تىن يۇقىرى بولۇپ چىقىدۇ. مۇتەخەسسىسلەر بۇ كەشپىياتنى ئىنسانلارنىڭ كۆپىيىشىنى كونترول قىلىشتىكى بىر چوڭ بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش، دەپ باھا بېرىدۇ.

تەپەككۇردا بىر قەدەم چوڭقۇرلىيالىغاندا ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكىلى بولىدۇ.

بىر شىركەتنىڭ خىزمەتچىسى تىغلىق ئەسۋابلارغا ناھايىتى قىزىقىدىغان بولۇپ، ئىزچىل ھالدا باھاسى تۆۋەن ئەمما مەڭگۈ گاللاشمايدىغان بىر خىل پىچاق لايىھەلەپ چىقىشنى خىيال قىلىدىكەن. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى ناھايىتى مول بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ ھەر قېتىم پىچاق ئىشلەتكەن ۋاقىتتا يەنە شۇ خىيالنى قىلىدىكەن.

بىر قېتىم، ئۇ بىرسىنىڭ ئەينەك پارچىسى بىلەن ياغاچتىكى سىر يۇقۇندىلىرىنى قىرىپ چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ھېلىقى ئادەم ئەينەك پارچىسى سەل ـ پەل گاللىشىپ كەتكەندە ئۇنىڭ بىر بۆلەك قىسمىنى سۇندۇرۇپ چىقىرىۋېتىدىكەندە، يېڭى سۇنۇلغان جايدىن ھاسىل بولغان ئۆتكۈر قىسمى بىلەن يەنە داۋاملىق سىر يۇقۇندىلىرىنى قىرىۋېرىدىكەن.

ئۇ بۇ ھادىسىنى ئۆزى ئىجاد قىلماقچى بولغان پىچاق بىسىغا باغلاشتۇرۇپ مۇنداق ئويلاپتۇ: «ئەگەر پىچاق بىسى گاللىشىپ كەتسە، ئۇنىڭ ئاشۇ گاللىشىپ كەتكەن قىسمىنىلا چىقىرىۋېتىپ، يېڭى بىسىنى داۋاملىق ھالدا ئىشلەتكەندە بۇ مەڭگۈ گاللاشمايدىغان پىچاق بولماسمۇ؟». شۇنىڭ بىلەن ئۇ نېپىز كەلگەن پىچاق تىغىغا بەلگە ئۇيۇپ قويۇپتۇ ۋە پىچاق ئىشلىتىپ گاللاشقان ھامان ھېلىقى بەلگە بار جايدىنلا سۇندۇرۇپ چىقىرىۋېتىپ سىناپ بېقىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ھېلىقى سۇندۇرۇۋەتكەن جايدىن ھاسىل بولغان پىچاق بىسىنى يەنە ئىشلەتكىلى بولۇپتۇ.

بۇ ئىشچى ئەينەك پارچىسىنىڭ ياغاچ تاختاينى قىرىش جەريانىدىكى كۆرگەن ھادىسىسىنى پىچاق بىسىغا باغلاشتۇرۇپ ئويلىيالىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇدا ئىشلەتكىلى بولىدىغان پىچاق بىسىنى كەشىپ قىلىپ چىقىدۇ. ئۇ كېيىنچە مەخسۇس مۇشۇ خىلدىكى پىچاق ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتتىن بىرنى قۇرۇپ چىقىپ باي بولۇپ كېتىدۇ.

1965 ـ يىلى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئامېرىكا ئالاباما ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىيولوگىيە پروفېسسورى كلارك ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى تەجرىبىخانىدا تەجرىبە قىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ياردەمچىسى ئېھتىياتسىزلىقتىن تەجرىبىگە ئىشلىتىدىغان بىر چاشقاننى ناركوز قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كاربون فىتورد سۇيۇقلۇقى قاچىلانغان پىروبىركىغا چۈشۈرۈۋېتىدۇ. شۇ چاغدا ھېچكىممۇ بۇ ئىشقا دىققەت قىلمايدۇ، تەخمىنەن ئۈچ سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن تەجرىبە ئاياغلىشىدۇ، بۇ ۋاقىتتا كۆپچىلىك ھېلىقى چاشقاننى ئەسكە ئېلىشىدۇ. كلارك بۇ چاشقاننى ئاللىبۇرۇن ئۆلدى بولغاي دەپ ئويلايدۇ. ئەمما ئۇ سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن ھېلىقى چاشقاننىڭ ئۆلۈپ قالمىغانلىقىنى، ئەكسىچە سۇيۇقلۇق ئىچىدە ئۇياق ـ بۇياققا ئۈزۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرىدۇ. ھەممە ئادەم بېلىقنىڭ سۇدا تۇنجۇقۇپ قالماي ئۈزۈپ يۈرەلىشىدىكى سەۋەبنىڭ، بېلىق ساقىقىنىڭ سۇدىكى ئوكسىگېننى سۈمۈرۈش خۇسۇسىيىتىنىڭ بارلىقىدىن بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەمما چاشقاننىڭ ساقىقى بولمىسا، ئۇنداقتا كاربون فىتورد سۇيۇقلۇقىدىمۇ ئوكسىگېن بارمىدۇ؟ ئەگەر چاشقان سۇيۇقلۇقتىن يېتەرلىك ئوكسىگېنغا ئېرىشمىگەن بولسا، ئۇ چوقۇم ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتى. چاشقاننىڭ كاربون فىتورد

سۈيۈقلۇقىدا ئۆلۈپ قالمىغانلىق سەۋەبىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، كىلارك كاربون فىتورد سۈيۈقلۇقىغا قارىتا قايتا ـ قايتا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ئەڭ ئاخىرىدا كاربون فىتوردىنىڭ ئوكسىگېننى تېزلىكتە ئېرىتىدىغانلىقى ھەمدە كاربون تۆت ئوكسىد قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى بايقايدۇ. بۇ دەل ئادەم بەدىنىنىڭ قان سۈيۈقلۇقى ئىچىدىكى قان ھۈجەيرىسىنىڭ فۇنكسىيەسى بولۇپ، بۇ خىل بايقاش كىلاركنى: «بۇ نەرسىنى ئادەم قېنىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولامدىغاندۇ؟» دېگەن ئويغا كەلتۈرىدۇ.

كىلارك ئۆزىنىڭ بۇ خىل بايقىشىنى ۋە يۈرەكلىك ھالدىكى تەسەۋۋۇرىنى ژۇرنالدا ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ياپونىيەلىك بىر دوختۇرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. بۇ دوختۇرنىڭ ئىسمى نايتو ريو ئىچى بولۇپ، كاربون فىتورد سۈيۈقلۇقىنىڭ ئوكسىگېننى ئېرىتىدىغانلىقى ھەمدە كاربون تۆت ئوكسىد قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن دەرھال سۈنئىي ئۇسۇلدا قان يېتىشتۈرۈش تەتقىقاتىغا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇ نۇرغۇنلىغان كاربون فىتورد بىرىكمىلىرى ئىچىدىن ئادەم بەدىنىگە زىيانسىز بولغان كاربون فىتورد بىرىكمىسىنى تاللاپ چىقىدۇ. بۇ خىل كاربون فىتورد بىرىكمىسى قان ھۈجەيرىسىگە ئوخشاشلا ئوكسىگېن يەتكۈزۈپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا كاربون تۆت ئوكسىدىنى ئۆپكە ئارقىلىق تەن سىرتىغا چىقىرىۋېتەلەيتتى. بىخەتەرلىك نۇقتىسىدىن ئويلىشىپ تۇرۇپ، ئۇ بۇ خىل سۈنئىي قاننى ئۆزىنىڭ بەدىنىگە ئۇرۇپ سىناق قىلىدۇ، نەتىجىدە ئۇ ھېچقانداق غەيرىيلىك ئالامىتىنى ھېس قىلمايدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا 60 ياشتىن ئاشقان بىر ياشانغان كىشى ئېغىر دەرىجىدىكى ئاشقازان يارىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ ئاشقازىنىدىن نۇرغۇن قان چىقىپ كېتىپ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ قان تىپى بىر قەدەر ئالاھىدە بولغاچقا، دەماللىققا ئۇنىڭغا ماس كەلگۈدەك قان تاپقىلى بولمايدۇ. شۇ ۋاقىتتا بۇ كېسەلنى داۋالاشقا مەسئۇل بولغان دوختۇر دەل نايتو ريو ئىچى ئىدى. ئۇ ھېلىقى ياشانغان كىشىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن خەۋپ ـ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ ئۆزى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان كاربون فىتورد بىرىكمىسىنى قان سۈيۈقلۇقى ئورنىدا كېسەلنىڭ تېنىگە كىرگۈزىدۇ. 1000 مىللىلىتىر سۈنئىي قان ھېلىقى ياشانغان بىمارنىڭ بەدىنىگە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، بۇ كىشى ئاخىر قۇتقۇزۇپ قېلىنىدۇ.

بۇ 1979 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئىدى.

1977 ـ يىلى ياپونىيە كانون شىركىتىدىكى تەتقىقاتچى خادىملار بىر قېتىملىق تەجرىبىدە تاسادىپىي هالدا مۇنداق بىر هادىسىنى بايقايدۇ: «قىزىتىلغان داغمال سىياهنى ئوكۇل يىڭنىسىنىڭ ئۇچىدىن سىقىپ چىقىرىۋېتىدۇ». مۇشۇ خىل ئىلهامنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا، دۇنيا بويىچە تۇنجى BJ (يەل بېسىملىق سىياھ پۈركۈش) يۇقىرى سۈرئەتلىك، يۇقىرى سۈپەتلىك پۈركۈمە مەتبەئە تېخنىكىسى دۇنياغا كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كانون شىركىتى بۇ خىل تېخنىكىدىكى توسالغۇلاردىن يەنە هالقىپ ئۆتىدۇ ۋە1981 ـ يىلى دۇنيا بويىچە تۇنجى بولۇپ يەل ئارقىلىق سىياھ پۈركۈيدىغان پىرىنتېرنى ياساپ چىقىدۇ.

لىيېبىگ بولسا گېرمانىيەلىك ئاتالىق خىمىيە ئالىمى بولۇپ،19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۇ ئەنگلىيەگە بېرىپ تەكشۈرۈشكە قاتناشقان ئىدى.

بىر كۈنى، ئۇ « بېرلىن كۆكى» رەڭ ماتېرىيالى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىدۇ.

بىر ئىشچى ئۇنىڭغا، بۇ خىل رەڭ ماتېرىيالىنى ئىشلەپچىقارغان ۋاقىتتا، چوقۇم قازان ئىچىدىكى سۇيۇقلۇقنى كۈچەپ ئايلاندۇرۇش كېرەكلىكىنى، ئۇنىڭدىن چىققان ئاۋاز قانچە جاراڭلىق بولسا « بېرلىن كۆكى» نىڭ سۈپىتىمۇ شۇنچە ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. لىيېبىگ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇنىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمايدۇ.

ئاۋاز قانداقسىگە رەڭ ماتېرىيالىنىڭ سۈپىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ؟ لىيېبىگ بۇ ئىشقا ناهايىتى هەيران قالىدۇ ۋە بۇ توغرىسىدا ئىنچىك ئويلىنىدۇ.

تۆمۈر قازان؟ ئاۋاز؟ لىيېبىگ بۇ ئىككى نەرسىنى بىر ـ بىرىگە باغلاشتۇرۇپ ئويلايدۇ ۋە كۆڭلى بىردىنلا پاللىدە يورۇپ كېتىدۇ. ئىشچىلار تۆمۈر قازاندىكى سۇيۇقلۇقنى ئايلاندۇرغان ۋاقىتتا، ئۇلار قانچە كۈچىگەنسېرى تۆمۈر قازان بىلەن بولغان سوقۇلۇشتىن كېلىپچىققان ئاۋاز شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ هەم بۇنىڭدىن تۆمۈر قىرىندىلىرى ئۇۋۇلۇپ چۈشىدۇ، شۇنداق بولغاچقا « بېرلىن كۆكى» نىڭ سۈپىتىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. ئەسلىدە «بېرلىن كۆكى» نى ئىشلەپچىقارغاندا مۇئەييەن

مىقداردىكى تۆمۈر بىرىكمىسى قوشۇۋېتىش كېرەك ئىدى.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، نورۋېگىيەلىكلەر ساردىنا بېلىقى تۇتقان ۋاقىت، ئۇنىڭ ھايات قېلىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھەمىشە كېمە ئىچىگە بىر نەچچە تال نيەنيۇ بېلىقى تاشلاپ قويىدىكەن. بۇ بېلىقلار ئۇياق - بۇياققا ئۈزۈپ يۈرۈپ ساردىنا بېلىقىنىڭ ئارىسىدا سۈركىلىش پەيدا قىلىدىكەن. ئەمما ساردىنا بېلىقى بۇ سۈركىلىشلەردىن بىئاراملىق ھېس قىلىپ تەبىئىيلا ناھايىتى جىددىيلىشىپ كېتىدىكەن - دە، ئۈزۈش سۈرئىتىنى تېزلەشتۈرىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتىمۇ ئازىيىدىكەن.

ياپونىيە مىساۋا شىركىتى بۇ ئىشتىن ئىلھاملىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاتايىتەن بەزىبىر كەسىپ ئىگىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ھېلىقى نيەنيۇ بېلىقىنىڭ رولىنى ئوينىغۇزىدىكەن. بۇ كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ يېشى 25 ـ 35 ياش ئارىسىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى ئۆتكۈر، ھەرىكىتى چەبدەس، مەسىلىلەرنى كۆزىتىشىمۇ باشقىلاردىن ئەتراپلىق ئىدى. ئۇلار كارخانىنىڭ ھەرقايسى بۆلۈملىرىگە كەلگەندىن كېيىن ئۇياق - بۇياققا چېپىپ يۈرۈپ بىر مەھەل «قالايمىقانچىلىق» پەيدا قىلىدۇ، تەپەككۇردىكى مۇقىملىشىپ قالغان شەكلىنى بۇزۇپ تاشلاپ يېڭىچە كۆزىتىش نۇقتىسىنى يارىتىدۇ ۋە كارخانا ئىچىدە زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدۇ.

«گۈل كونسېرۋا» نى كەشىپ قىلغۇچى ياپونىيەلىك بىر ئائىلە ئايالى بولۇپ، بىر كۈنى ئۇنىڭ بىر قوشنىسى ياۋروپاغا بېرىپ ساياھەت قىلىپ كەلمەكچى بولىدۇ. ئۇ مېڭىشتىن بۇرۇن ئۆيىدىكى بىرنەچچە تەشتەك گۈلنى ئۇنىڭ قاراپ قويۇشىغا بېرىپ قويىدۇ. ئەمما بۇ ئايالنىڭ گۈل بېقىش تەجرىبىسى بولمىغانلىقتىن سۇ قۇيۇش ۋە ئوغۇتلاش ئىشلىرىنى جايىدا قىلالمايدۇ - دە، بۇ گۈللەر بىر قانچە كۈن ئۆتمەيلا قۇرۇپ كېتىدۇ.

«قانداق قىلغاندا سىرتقا چىققاندىمۇ گۈللەرنى پەرۋىش قىلغىلى بولىدۇ؟» دېگەن خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدا ئىزچىل ھالدا ئەگىپ يۈرىدىكەن. بىر كۈنى، ئۇ تۇيۇقسىزلا گۈل بىلەن كونسېرۋانى بىرلەشتۈرۈشنى ئويلاپ قاپتۇ. ئەگەر بۇ مۇمكىن بولۇپ قالسىلا بەك

قالتىس ئىش بولاتتى. بۇنداق بولغاندا خۇددى كونسېرۋا قۇتىسىغا ئوخشاش بولاتتى ـ دە، ئىچىگە ئالدىن تۇپراق ۋە گۈل ئۇرۇقى سېلىپ قويۇلغان كونسېرۋا قۇتىسىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپلا ئىچىگە ئازراق سۇ قۇيۇپ قويسىلا، سىرتقا چىققان ۋاقىتلاردىمۇ رەڭگارەڭ گۈللەرنى پەرۋىش قىلىپ ئېچىلدۇرغىلى بولاتتى.

ھەممە ئىش ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولغاندەك، ھېلىقى ئايال يولدىشىنىڭ ياردەم قىلىشى ئارقىسىدا، ئەڭ ئاخىرى ئۆزىنىڭ بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپتۇ. ئۇ ناھايىتى ئۆلچەملىك بولغان تەڭشەش رېتسېپىغا ئاساسەن كونسېرۋا قۇتىسى ئىچىگە بىرىكمە ئوغۇت، توپا ۋە ئۇرۇق سېلىپتۇ ۋە ئاغزىنى ھەم ئېتىپ بازاردا سېتىشقا باشلاپتۇ.

سىرتقا چىققان ھەرقانداق كىشى پەقەت ئازراق سۇ قۇيۇش ئارقىلىقلا ھەر خىل گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇشقا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىشى ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايال شۇ يىلىلا 20 مىليون يەن كىرىم قىلىپتۇ ۋە مۇشۇ مۇۋەپپەقىيىتى ئارقىلىقلا كىشىلەر ھەۋەس قىلغۇدەك كارخانىچىغا ئايلىنىپتۇ.

تۇرمۇشىمىزدىكى قارىماققا يەككە ـ يېگانىدەك تۇرغان نەرسىلەرنىڭ ئارقىسىدا ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان چىگىش مۇناسىۋەت بار بولىدۇ. شۇڭلاشقا، بىز ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ھېچقانچە مۇناسىۋىتى يوقتەك بولغان تاشقى ئىپادىسىگىلا دىققەت قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئاكتىپلىق بىلەن ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قېزىپ چىقىشىمىز ھەمدە بۇ خىل مۇناسىۋەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلالىساقلا ئاندىن باشقىلار بايقىيالمىغان تەرەپلەردىن ئويلىيالىغان ئۇنۇمگە ئېرىشەلەيمىز.

دۆلىتىمىز دۇنيا بويىچە شال ئىشلەپچىقىرىش مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، شال ئۆستۈرۈش تارىخى ئۇزۇن، شال ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ، ئەمما دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان شال تۈرىنىڭ ئىچىدە، ھەم يۇقىرى ھوسۇللۇق ھەم خۇش پۇراق بولغان شال تۈرى ساناقلىقلا ئىدى.

ۋۇيى يېنىك سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى ياۋخۇيىۋەن: «بىر خىل خۇش پۇراق دورىسى تەتقىق قىلىپ شالنى خۇش پۇراق قىلىش» نىيىتىگە كېلىدۇ.

1922 - يىلى يازدا، ياۋ پىروفېسسور تەكلىپكە بىنائەن يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ شىشۇاڭبەننا ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى سىماۋ رايونىغا بېرىپ، تېخنىكىلىق مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى ئېلىپ بارىدۇ. مېھماندوست كىشىلەر ئۇنىڭغا چاي دەملەپ كېلىدۇ. ئۇ چاينى ئىچىپلا ئۆزىگە تونۇش بولغان بىر خىل خۇش پۇراق ھىدنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ياۋ پىروفېسسور ئۆزىنىڭ كۆپ يىللىق گۈرۈچ بىلەن ھەپىلىشىش تەجرىبىسىگە ئاساسەن چايدىكى خۇش پۇراق تەمنىڭ تايلاند پۇراقلىق گۈرۈچىنىڭ پۇرىقى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. بىر خىل خۇش پۇراق چاي تەمى ئۇنىڭ كاللىسىدا يېڭى بىر تەتقىقات تېمىسىنى پەيدا قىلىدۇ. يەنىمۇ بىر قەدەم تەتقىق قىلىش ۋە تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئۇ ئاخىر ئۆسۈملۈكلەردىن گۈرۈچكە پۇراقلىق تەم قوشقۇچ دورىسىنى ياساپ چىقىدۇ.

قاتلىنىدىغان كۈنلۈكنىڭ ئىجادچىسى كىم؟ كۆپلىگەن كىشىلەر بۇ خىل كەشپىياتنىڭ ئىگىسىنىڭ جۇڭگولۇق ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن. بۇ جۇڭگولۇق 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىكى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى لاۋسېنرو ئىدى.

ئۇنىڭ ئوغلى لاۋجىچىڭ ھازىر جۇڭگو مۇزىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورىدۇر. بۇ داڭلىق مۇزىكانتنىڭ ئەسلىشىگە ئاساسلانغاندا، پېشقەدەم پىروفېسسور ئادەم بەدىنىدىكى ئېگىلىپ تۈزلىنەلەيدىغان جەينەك بوغۇمىنى كۆزىتىشتىن ئىلھاملىنىپ، قاتلاشقا بولىدىغان كۈنلۈك ئىجاد قىلىشنى ئويلاپ چىققان ئىكەن. كېيىن، ئۇ قاتلاشقا بولىدىغان كۈنلۈكنىڭ چېرتيوژىنى سىزىپ چىقىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھۈنەر - سەنئەت قوشۇش ھەمدە قېلىپ لايىھەسى قاتارلىقلارنى لايىھەلەپ چىقىپ بېيجىڭ شەھەرلىك قول سانائەت زاۋۇتىغا ياساشقا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا، پېشقەدەم پىروفېسسورنىڭ ھېلىقى قاتلاشقا بولىدىغان كۈنلۈكى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىلا بېيجىڭدا ئىشلەپچىقىرىلىپ سېتىلىشقا باشلىغان ئىدى.

1999 - يىلىنىڭ بىر كۈنى ئىدى، تېخى ھېلىلا ئوپېراتسىيە قىلىنغان ئەنگلىيەلىك بىمار بىروكس ياخشىراق بىر ئارام ئېلىۋېلىشنى

ئويلايدۇ، ئەمما باشقا بىمارلارنىڭ خورەك ئاۋازى ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزىدۇ. شۇ ۋاقىتتا تۇيۇقسىز سىرتتا چاقماق چاقىدۇ ـ دە، كېسەلخانىنىڭ ئىچىمۇ جىمجىت بولۇپ قالىدۇ. ئىككىنچى كۈنىمۇ بۇ خىل ئەھۋال يەنە يۈز بېرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا 57 ياشلىق بىروكس بۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ چاقماقلىق چىراغ ئارقىلىق خورەكنى داۋالاش ئويىغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېرىم يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ خورەكنى داۋالايدىغان بىر خىل چىراغ ساندۇقى كەشىپ قىلىپ چىقىدۇ. بۇ خىل چاقماقلىق چىراغنىڭ ئۇزۇنلۇقى 130 مىللىمېتىر، كەڭلىكى 80 مىللىمېتىر بولۇپ، ھەربىر بۆلەك ۋاقىتتا بەش سېكۇنت يورۇپ، ھەر سېكۇنتتا دېسكوخانىلارنىڭكىگە ئوخشاش 12 قېتىم چاقنايتتى. بىرىنچى تۈركۈم چاقماقلىق چىراغ سېتىلىپ بولغاندىن كېيىن سېتىۋالغۇچىلار بۇ چىراغقا ناھايىتى ياخشى باھا بېرىدۇ. خورەك داۋالاش مۇتەخەسسىسى ۋورتوننىڭ باھالىشىغا ئاساسلانغاندا بۇ خىل چىراغدا ھاسىل بولغان غىدىقلاش رولى، بىمارنى سەل يېنىكرەك بولغان ئويغىنىش ھالىتىگە كىرگۈزۈپ خورەك تارتىشنى توختىتالايدىكەن.

1925 ـ يىلى ئەنگلىيەلىك ئالىم باسىر ئېلىپ يۇرۇشكە بولىدىغان سوغۇق ساقلاش ماشىنىسىنى كەشىپ قىلىدۇ. ئېلىپ يۇرۇشكە بولىدىغان سوغۇق ساقلاش ماشىنا توغرىسىدا ئۇ مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇ ناھايىتى سوغۇق بولغان بىر قىش كۈنى بولۇپ، سىرتتا سۇ تامچىسى يەرگە چۈشكىچىلا مۇز بولۇپ قېتىپ قالاتتى. باسىرنىڭ ئايالى ئىلىنىنا يولدىشىغا چاقچاق قىلىپ: «قەدىرلىك كەشپىياتچى ئېرىم، سىز كۆكتاتلارنى ئۇزاقراق ساقلاشقا بىرەر ئامال تېپىپ چىقمامسىز» دەيدۇ. ئۇ كۈنى باسىر سىرتقا بىر ئىش بىلەن چىقىدۇ ۋە يەردىكى بىر ئويمان يەردە ئۆزى بىر ھەپتە ئىلگىرى تاشلاپ قويغان بېلىقنىڭ چىرىپ كەتمەي شۇنداق ئوبدان تۇرغانلىقىنى بايقايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئايالىنىڭ بايىلا قىلغان ھېلىقى سۆزىنى ئەسكە ئالىدۇ.

باسىر ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ كۆكتاتلارنى بىر دانە چېلەككە توڭلىتىپ ساقلاپ قويىدۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قارىسا كۆكتاتلار خۇددى يېڭى سېتىۋالغاندەك تۇرىدۇ. بۇ باسىرغا زور ئىلھام بېرىدۇ. ئۇ مۇشۇنى تېپ قىلىپ تۇرۇپ يېڭى ماللارنى تېز سۇرئەتتە

توختىتىش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولغان سوغۇق ساقلاش ماشىنىسىنى كەشىپ قىلىدۇ.

ئېلىپ يۈرۈشكە بولىدىغان سوغۇق ساقلاش ماشىنىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بېلىقچىلىق كەسپىنىڭ زامانىۋىلىشىشقا قاراپ مېڭىشىدىكى بىر باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ.

گېرمانىيەلىك داڭلىق ئالىم كرېمېر دوكتور دېڭىز دېلفىنىدىن ئىلھام ئېلىپ، شىددەتلىك ھاۋا ئېقىمىدا ئايروپىلان قانىتىغا كۆپۈك ئوراپ قېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلغان بولۇپ، ئاۋىياتسىيە قاتنىشى ۋە دېڭىز قاتنىشى ئىشلىرىدا ئون نەچچە يىلغىچە ھەل بولمىغان تېخنىكىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىۋېتىدۇ.

بىر قېتىم، كرېمېر دوكتور تەكلىپكە بىنائەن ئامېرىكىغا بارماقچى بولۇپ، ئاتلانتىك ئوكياندىن ئۆتۈۋاتقاندا، دېڭىز يولى ئەتراپىدا ئۈزۈپ يۈرۈشكەن دېلفىنلارنى توختىماستىن كۆزىتىپ ماڭىدۇ. ئۇ دېڭىز دېلفىنىنىڭ قايناملىق جىددىي ئېقىمنى تۈگىتەلەيدىغانلىقىنى بايقايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇشۇ ئاساستا دېڭىز دېلفىنىنىڭ تېرىسىنى تەتقىق قىلىپ ئايروپىلان، سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ جىددىي ئېقىمنى تۈگىتىش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىدۇ ۋە مۇشۇ ئاساستا زور كەشپىياتلارغا ئېرىشىدۇ.

ئامېرىكىدا ئاشخانا ھەربىر ئائىلىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاشخانا سايمانلىرىنى يۇيۇش مەھسۇلاتلىرىنىڭ سانىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى.

تازىلاش دورىسى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىنىڭ غوجايىنى مايك ئۇزاق مۇددەتلىك كۆزىتىش ئارقىلىق، تازىلاش دورىسى بىلەن ئاشخانا سايمانلىرىدىكى داغلارنى تازىلىغاندا ئۈنۈمى ياخشى بولمايلا قالماستىن بەلكى يەنە خېرىدارلارنىڭ ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىدىغانلىقىنى ھەم ئاۋارىچىلىك ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازراق ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارماقچى بولىدۇ.

بىر كۈنى، مايك ئايالىنىڭ يۈزلۈك بىلەن يۈزىنى تازىلاۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ ۋە بۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىپ: «ئەنئەنىۋى بولغان تازىلاش مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسى ‹يۇيۇش› ئۇسۇلىدىكى داغ يوقىتىش ئۈچۈن

ياسالغان، بىز نېمە ئۈچۈن داغدىن مۇداپىئەلىنىش نۇقتىسىدىن ئويلاشقان ئاساستا ئاشخانا سايمانلىرىنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلاپ قالمايمىز؟» دەپ ئويلايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن مايىكىنىڭ زاۋۇتى ناھايىتى تېزلا بىر خىل يېڭىچە بولغان تازىلاش ئەسۋابىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىدۇ. ئۇنى پەقەت ئاشخانا سايمانلىرىنىڭ ئۈستىگە ئازراق پۈركۈپ قويغاندا، بەش مىنۇتقا بارمايلا ئۇنىڭ يۈزىدە نېپىز بىر قەۋەت پەردە ھاسىل بولاتتى ـ دە، بۇ ئەسۋابلارغا يۇقماقچى بولغان چاڭ ـ توزانلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا توسۇپ قالاتتى. يەنە كېلىپ بۇ پەردىنىڭ ئۈستىدىكى چاڭ ـ توزانلار كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ كۆپىيىپ كەتكەن بولسىمۇ چوڭ تەسىرى يوق بولۇپ، ئىشلەتمەكچى بولغاندا ھېلىقى نېپىز پەردىنى سويۇپ ئېلىۋەتسىلا بولاتتى.

بۇ خىل ئالدىنى ئېلىش شەكلىدىكى چاڭ ـ توزاندىن مۇداپىئەلىنىش پەردىسى «يۇيۇش شەكلى» دە داغ چىقىرىدىغان مەھسۇلاتلار بازىرىدا ئۆز ئورنىنى تاپىدۇ ۋە كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلا ھەممە ئائىلىلەردە ئومۇملىشىپ كېتىدۇ.

شىۋېتسىيە خىمىيە ئالىمى سامبىرىن ئۆيىدىكى ئاشخانىدا تەجرىبە ئىشلىمەكچى بولۇۋېدى، ئۇنىڭ ئايالى بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىلاجسىز ئايالى سىرتقا چىقىپ كەتكەندە تەجرىبە ئىشلەشكە مەجبۇر بولىدۇ.

بىر قېتىم، ئۇ مەشتە سۇلفات كىسلاتاسى بىلەن ئازوت كىسلاتاسىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن شەكىللەنگەن سۇيۇقلۇقنى قىزىتىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئايالى سىرتتىن قايتىپ كېلىدۇ. سامبىرىن ئالدىراشلىق ئىچىدە ھېلىقى ئارىلاشما سۇيۇقلۇق قاچىلانغان بوتۇلكىنى چېقىپ سالىدۇ ـ دە، دەرھال ئايالىنىڭ پاختا رەختتىن ئىشلەنگەن پەرتۇقىنى ئېلىپ يەردىكى بۇ ئارىلاشما سۇيۇقلۇقنى سۈرتۈشكە باشلايدۇ. ئىشتىن كېيىن ئۇ ھېلىقى پەرتۇقنى ئوتتا قاقلاپ قۇرۇتۇۋاتقاندا، تۇيۇقسىز «چىرس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا ھېلىقى پەرتۇقتا ئوت تۇتىشىپ كېتىدۇ. ئەمما بۇ ئوت ناھايىتى پاكىز بولۇپ ئازراقمۇ ئىس چىقمايدۇ. كەسپىي سەزگۈرلۈكى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان سامبىرىن بۇ ئىشتىن زور ئىلھام ئالىدۇ ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «پوروخلۇق پاختا» نى كەشىپ قىلىپ چىقىدۇ.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئالىملارنىڭ ھەممىسى بىردەك ھالدا ھايۋانلار ئۆز تېنىدە كاربون سۇ بىرىكمىسى، ياغ ۋە ئاقسىل ماددىسى ئىشلەپچىقىرالمايدۇ، ھايۋانلار تېنىدىكى بۇ نەرسىلەرنى پەقەت ئۆسۈملۈكلەردىنلا قوبۇل قىلىش ئارقىلىق تولۇقلايدۇ ۋە ئۆز تېنىدە پارچىلايدۇ، دەپ قارايتتى. بۇ توغرىسىدا، بىيولوگىيە ئالىمى بىرنا ئىنچىكە تەجرىبە ئىشلەش ۋە كۆزىتىش ئېلىپ باردۇ. ئۇ ئىتقا يۇقىرى قەنتلىك يېمەكلىكنى بېرىدۇ، نەتىجىدە ئىتنىڭ جىگىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن قاندىكى قەنت ماددىسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ چىقىدۇ. ئېنىقكى بۇ خۇلاسە نۆۋەتتىكى مودا بولۇۋاتقان كۆزقاراشقا قىلىنغان بىر قېتىملىق «ئىسپاتلاش» بولۇپ قالاتتى. ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ تەجرىبە مۇشۇ يەردە ئاياغلىششى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇ بۇ توغرىسىدا تەتۈرسىچە خىيال قىلىدۇ ۋە بۇ خىيالىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يەنە بىر قېتىملىق «ئەنئەنىگە قارشى بولغان تەجرىبە» نى ئىشلەپ باقىدۇ. ئۇ قەنتسىز يېمەكلىكنى ئىتقا بېرىدۇ. ئۆلچەش نەتىجىسىدىن بۇ ئىتنىڭ جىگىرىدىن ئېلىنغان قاندىكى قەنت مىقدارى يەنىلا شۇنداق يۇقىرى بولۇپ چىقىدۇ. ئىككى خىل قارىمۇقارشى بولغان تەجرىبىدىن ئوخشاش بىر خىل نەتىجە كېلىپچىقىدۇ. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ئۇ دەرھال شۇنى ھېس قىلىدۇ، ھايۋانلارنىڭ جىگىرى بەلكىم قەنتسىز يېمەكلىكلەردىن قەنت ماددىسى ئىشلەپچىقىرالىشى مۇمكىن ئىدى. كېيىنكى بىر قاتار ئىنچىكە تەجرىبىلەر ئەڭ ئاخىرى، ھايۋانلار ئىچكى ئەزالىرىنىڭ قەنت ھاسىل قىلىش رولىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقىدۇ. ئەگەر بىرنا «ئەنئەنىگە قارشى بولغان تەجرىبە» نى ئىشلەپ باقمىغان بولسا ئۇ بۇ خىل زور بايقاشقا ئېرىشەلمىگەن بولاتتى.

ئەنگلىيەلىك خىمىيە ئالىمى پوئىرېت ئۆزىنىڭ ھويلىسىغا ئۈرغۈنلىغان گۈل ـ گىياھلارنى تېرىپ ئۆستۈرگەن بولۇپ، تەجرىبىخانىغا بېرىپ خىزمەت قىلىدىغان ۋاقتىدا ھەمىشە بىر دەستە گۈلنى ئالغاچ بېرىپ كولبىغا قىستۇرۇپ قوياتتى.

بىر كۈنى پوئىرېت بىر دەستە رۇخسارگۈلنى تەجرىبىخانىغا ئېلىپ باردۇ. ئۇنىڭ ياردەمچىسى تۇز كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈۋاتقان ۋاقىتتا ئېھتىياتسىزلىقتىن بىرنەچچە تامچە تۇز كىسلاتاسىنى گۈل بەرگىگە تېمىتىپ سالىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر غەلىتە ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. ھېلىقى رۇخسارگۇل قويۇق تۇز كىسلاتاسى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن بىنەپشە رەڭدىن تەدرىجىي ھالدا قىزىل رەڭگە ئۆزگىرىدۇ.

پوئىربېت مۇشۇنىڭغا ئاساسەن رۇخسارگۇلنىڭ سۇيۇقلۇقىنىڭ كىسلاتالىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش رولىنىڭ بارلىقىنى بايقايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، پوئىربېت يەنە باشقا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈلى، يوپۇرمىقى، غولى قاتارلىقلارغا قارىتا يۈز نەچچە قېتىمدەك تەجرىبە ئىشلەپ باقىدۇ ۋە ئەڭ ئاخىرى بۇنىڭ ئىچىدىكى پرىنسىپنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ مۇشۇ خىل پرىنسىپقا ئاساسەن لاكمۇس مۇخىدىن ئېلىنغان سۇيۇقلۇقتا چىلاپ قويغاندىن كېيىن قۇرۇتۇلغان قەغەزنى سۇيۇقلۇقنىڭ كىسلاتالىق خۇسۇسىيىتىنى تەكشۈرۈشكە ئىشلىتىدۇ. مانا بۇ بىز ھازىر كەڭ تۈردە ئىشلىتىۋاتقان لاكمۇس سىناق قەغىزىدۇر.

بىر يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش سودىگىرى بولۇپ، كېمە ياللاپ سىرتتىن زور مىقداردىكى شېكەر ۋە ئۇن سېتىۋاپتۇ. قايتىش يولىدا ئۇ دېڭىزدا بوران - چاپقۇنغا ئۇچراپتۇ ۋە ئۇنى تازا نەس بېسىپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ كېمىسىدىكى ھېلىقى شېكەر ۋە ئۇنلار سۇدا ھۆل بولۇپ «سۇلۇق شېكەر كەمپۈتى» ۋە «ئۇماچ» قا ئايلىنىپ قالغان ئىكەن.

ئۇ بۇ ئوڭۇشسىزلىقتا بەرداشلىق بېرەلمەي بىرنەچچە كۈنگىچە تاماق ۋە ئۇيقۇدىن قاپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئوڭۇشسىزلىقتا تەن بەرگۈسى يوق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئۇن ۋە شېكەرلەرنى قانداق ئىشلىتىش توغرىسىدا باش قاتۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ شۇ خىياللارنى قىلىۋاتقاچ كېمە غوجايىنىنىڭ سىياھ بېلىقنى كاۋاپ قىلىپ پىشۇرۇۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشۈپتۇ. پارچە - پارچە سىياھ بېلىقلىرى كاۋاپ قىلىنىپ مەززىلىك پۇرىقى تۆت ئەتراپقا تاراۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ سودىگەرنىڭ كاللىسىدا، بۇ نەم بولغان شېكەرلەر بىلەن ئۇماچ بولغان ئۇنلارنى قاقلاپ بىر خىل ئۆزگىچە بولغان يېمەكلىك ياساپ چىقىشقا بولارمۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ.

كېمە غوجايىنى ھېلىقى بېلىقلارنى كاۋاپ قىلىپ پىشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، سودىگەر ھېلىقى نەم شېكەر ۋە ئۇننى ئارىلاشتۇرۇپتۇ ۋە قىزىتىلغان تۆمۈر تاختىغا قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ. بۇ يامغۇر سۈيىگە ئارىلىشىپ ئازراق ئېچىپ قالغان بىرىكمە ماددا

ناھايىتى تېزلا قاقلىنىپ پىشىپتۇ ۋە تومپىيىپ كېتىپتۇ. ھېلىقى سودىگەر بۇنى ئېلىپ تېتىپ بېقىپتۇ ۋە خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كېتىپتۇ.... شۇنىڭدىن باشلاپ دۇنيادا تۇنجى بولۇپ بىر خىل چۇرۇك ۋە تاتلىق، تەمى ئۆزگىچە بولغان ھەمدە ساقلاش ۋە توشۇشقىمۇ قولايلىق بولغان يېڭىچە شەكىلدىكى بىر خىل يېمەكلىك بولغان پىرەنىك دۇنياغا كېلىدۇ.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى سوغۇق قىش كۈنلىرىنىڭ چۈشتىن كېيىنكى ۋاقتى ئىكەن. ئىسىيانكار دەپ ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان يېيوڭچىڭ بىر ۋەيرانە ئىبادەتخانىدا ئۆزىنىڭ سىر يۇقۇپ قالغان سەپەر خالتىسىنى يۇيۇشقا باشلايدۇ. ئۇ قەلىمىنىڭ ئۇچىدىكى ماي يۇقۇندىسىنى سۇغا قارىتىپ شۇنداق بىر سىلكىگەندىن كېيىن قولچىراغ يورۇتۇپ شۇنداق قارىسا، سۇ يۈزىدە دولقۇنسىمان ھالدىكى ھەر خىل رەڭلەر ھاسىل بولغان بولۇپ شۇنداق چىرايلىق ئىدى. بۇ دولقۇنلار سۇنىڭ ئاستا چايقىلىشىغا ئەگىشىپ ھەر خىل شەكىلگە ئۆزگىرىۋاتاتتى. بۇ خىل بايقاش ئۇنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى قوزغاپتۇ. ئۇ بىر ۋاراق ئاق قەغەزنى سۇ يۈزىگە قاپلىغان ئىكەن، مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ. ھېلىقى سۇ يۈزىدىكى رەڭلىك دولقۇنلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئاق قەغەزگە يېپىشىپ قالغان ئىكەن. بۇ بىر كۆرۈپلا بايقاپ قالغان ئىجادىيەت ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىملىق «سۇ رەسىمى» ئەسىرى بولۇپ قالىدۇ ۋە جۇڭگودىكى يېڭىچە رەسىم تۈرى، دەپ ئاتىلىدۇ. مانا بۇ سۇ رەسىمىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئىدى.

سۇ رەسىمى بولسا سۇ بىلەن مايىنىڭ ئۆزئارا ئارىلاشماسلىقىدەك پىرىنسىپقا ئاساسەن، سۇ ئىچىگە ئازراق سىرنى يېنىككىنە سىرغىتىپ سۇ يۈزىگە يېنىككىنە تەگكۈزگەندە، سىر دەرھال تۆت تەرەپكە تارقىلىپ كېڭىيىدۇ. ئاندىن كېيىن قەلەم سېپى، بارماق ۋە يەل توپى قاتارلىقلار بىلەن سۇ يۈزىنى قوچۇپ ياكى پۈۋلەپ ۋە ياكى چايقىتىپ ۋە ياكى سۇ ئوقۇرىنى لىڭشىتقاندىن كېيىن، بىر ۋاراق شۈمنزى قەغىزىنى سۇ يۈزىگە تەگكۈزۈپ، ئاندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرگەندە، ھەيۋەتلىك تاغ ـ تاشلار، ئەركىن ئۈزۈۋاتقان بۇلۇتلار ياكى ئوخچۇپ ئېقىۋاتقان سۇلار، قەدىمىي دەل ـ دەرەخلەرنىڭ رەسىملىرى قەغەز يۈزىدە ئەكس ئېتىدۇ.

## 43. ھالقىما تەپەككۇر

**ھالقىما تەپەككۇرنى بىر ئېغىز كونا گەپ بىلەن ئېيتقاندا، سۇ كېلىشتىن بۇرۇن توغان سېلىش بولۇپ، ئۇزاق مۇددەتلىك نۇقتىئىنەزەر بىلەن كەلگۈسى ئۈچۈن بۇرۇنراق تەييارلىق قىلىپ قويۇشتىن ئىبارەتتۇر.**

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئامېرىكىدىكى نۇرغۇنلىغان شىركەتلەر ئۇرۇشنىڭ تەسىرىدە ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قېلىش، يېرىم ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىشتەك ھالەتكە چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ھەربىي ئىشلەپچىقىرىش سانائىتىدىن باشقىلىرى ئاساسەن دېگۈدەك يۇرۇشمەي كېلىۋاتاتتى.



جېك بولسا تاقىلىپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان تىككۈچىلىك زاۋۇتىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئۇ كۆپ ئويلاش ئارقىلىق كەسىپ ئۆزگەرتىش ھەققىدە كەسكىنلىك بىلەن قارار چىقىرىدۇ. ئەمما ئۇ شۇ ۋاقىتتىكى باشقا كەسىپلەرگە قاراپ تەرەققىي قىلماستىن، بەلكى ھالقىما ئاڭ بىلەن ئۇرۇش ئېلىپ كەلگەن بازارنى يەنى، يارىلانغان ئەسكەرلەر ۋە يارىلانغان پۇقرالارنى كۆرۈپ يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قىسمەن ئۈسكۈنىلەرنى قايتىدىن قۇراشتۇرۇپ ۋە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ مېيىپلار ئىشلىتىدىغان چاقلىق ئورۇندۇق ئىشلەپچىقىرىدۇ. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقان ھامان، ھېلىقى يارىلانغان كىشىلەر بەس ـ بەس بىلەن چاقلىق ئورۇندۇق سېتىۋالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ نەرسىلەرمۇ بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتلارغا ئايلىنىدۇ. ئەمما بۇ

نەرسىلەر پەقەت جىكنىڭ زاۋۇتىدىلا زور مىقداردا بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ چاقلىق ئورۇندۇقلار ئامېرىكا بازىرىدا سېتىلىپلا قالماستىن، بەلكى دۆلەت سىرتىغىمۇ سېتىپ چىقىرىلدۇ. ھالقىما تەپەككۇر ئۇلارغا ئالدىن پۇرسەتكە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىنى ئاتا قىلغان ئىدى.

ياپونىيە سوني شىركىتىنىڭ باش لىدىرى ھالقىما تەپەككۇرغا ناھايىتى باي ئادەم ئىدى. ئامېرىكا بېل تەجرىبىخانىسىدىكى تەتقىقاتچى خادىملار 1947 ـ يىلى12 ـ ئايدا ئىككى تال يىڭنىنى گېرمانىي پىلاستىنكىسىنىڭ ئۈستىگە بېسىپ ئورنىتىپ، دۇنيا بويىچە تۇنجى كىرىستال لامپىلىق چوڭايتىش قۇرۇلمىسىنى ياساپ چىقىپ، ئاۋاز سىگنالىنى نەچچە يۈز ھەسسە چوڭايتىدۇ. ئالىم شوكلى بۇ خىل كونا تىپتىكى كىرىستال لامپىنىڭ خىزمەت پىرىنسىپىغا قارىتا تەھلىل ئېلىپ بېرىش ئاساسىدا،PN قۇرۇلما تىپلىق كىرىستال لامپىنى تەتقىق قىلىپ چىقىدۇ. ئامېرىكا غەربىي ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى ئۇنى ئاڭلاشقا ياردەم بېرىش ئۈسكۈنىسى ئورنىدا ئىشلىتىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئەمما يىراقنى كۆرەرلىككە ئىگە بولغان سوني شىركىتى لىدىرى مورىتا ئەپەندى كۆز ئالدىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ كەلگۈسىگە نەزەر سېلىشتەك ئالدىن كۆرەرلىكى بىلەن كىرىستال لامپىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تونۇپ يېتىدۇ ۋە دۇنيا مىكرو ئېلېكتىر سانائىتىگە بىر مەيدان ئىنقىلاب ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ كۆپچىلىكنى قايىل قىلىش ئارقىلىق، 1953 ـ يىلى 25 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق باھا بىلەن كىرىستال لامپا ئىشلەپچىقىرىش پاتېنتىنى سېتىۋالىدۇ. سوني شىركىتى كۆپ قېتىملىق سىناق قىلىش ئارقىلىق، 1957 ـ يىلى دۇنيا بويىچە تۇنجى يانچۇققا سېلىۋالغىلى بولىدىغان كىرىستال لامپىلىق رادىيونى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ياساپ چىقىدۇ. دەسلەپكى قەدەمدە ئىشلەپچىقارغان ئىككى مىليون دانە «سوني» ماركىلىق رادىيو بازارغا سېلىنىشى بىلەنلا سېتىلىپ تۈگەپ زور ئۈنۈم يارىتىدۇ. سوني شىركىتىنىڭ نامىمۇ مۇشۇ سەۋەبلىك پۈتۈن دۇنياغا داڭقى چىقىپ كېتىدۇ، ھەتتا مۇشۇ سەۋەبلىك ياپونىيەنىڭ مىكرو ئېلېكترون سانائىتىنىڭ دۇنيا بازىرىدا ئون نەچچە يىلغىچە مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا بىۋاسىتە ئاساس سالىدۇ.

# 44. نۇرلۇق تەپەككۇر

نۇرلۇق تەپەككۇر بولسا بىر خىل ئاكتىپ بولغان پىسخىكىلىق يېتەكلەش بولۇپ، ئۇ بىر خىل پايدىلىق بولغان ئىچكى بېشارەت ۋە ساغلام بولغان پسىخىكىلىق ھالەتتۇر. نۇرلۇق تەپەككۇر كەشپىياتچىلارنى ئۆز ـ ئۆزىنى كۈچەيتىشكە، ئاقىللاردىن ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىي ھاياتىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى ۋە ئىجاد قىلىش يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى نۇرلاندۇرۇشقا ئىلھام بېرىدۇ.

بىر قېتىم، 20 مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىر يولۇچىلار ئايروپىلانىدا كاشىلا كۆرۈلىدۇ. ئايروخانقىزلىرى يولۇچىلارغا ئەمەلىي ئەھۋالنى ئېيتىدۇ ۋە يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان بارلىق ئىشلارغا ئالدىن تەييارلىق قىلىپ قويۇشنى ئۇقتۇرىدۇ. شۇ ھامان يولۇچىلار بۆلۈمچىسى قالايمىقانچىلىققا تولىدۇ، بارلىق كىشىلەر بۇ تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئەھۋالدىن ساراسىمىگە چۈشۈپ پاتىپاراق بولۇپ كېتىشىدۇ، ھەتتا ئادەتتە شۇنچە ئېغىر ـ بېسىق تۇرىدىغان باستېرمۇ تېپىرلاپ كېتىدۇ. پەقەت بىر ياشانغان ئاياللا ناھايىتى تەمكىن بولۇپ، ئۇ ناھايىتى خاتىرجەم ھالدا كۆزىنى يۇمغىنىچە جىم ئولتۇراتتى. بەختكە يارىشا بۇ ئايروپىلان يەرگە سالامەت قونۇۋالىدۇ. ئايروپىلاندىن چۈشكەندىن كېيىن باستېر ھېلىقى ئايالدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورايدۇ. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ زادى نېمىنىڭ ھېلىقى ئايالنى بۇنداق تىنچ قىلالىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمىگەن ئىدى.

ھېلىقى ياشانغان ئايالنىڭ جاۋابىمۇ ناھايىتى ئاددىيلا بولۇپ، ئۇ: «مېنىڭ ئىككى قىزىم بار بولۇپ، چوڭ قىزىم ئالدىنقى يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن، ئىككىنچى قىزىم تېكساس ئىشتاتىدا تۇرىدۇ، مەن بۈگۈن شۇ يەرگە بارماقچى ئىدىم. ئايروپىلاندا مەسىلە كۆرۈلگەندە مەن ‹ئەگەر ئايروپىلاندىكى كاشىلا ئوڭشالسا مەن ئىككىنچى قىزىمنى كۆرەلەيمەن؛

ئەگەر ئايروپىلاندىكى كاشىلا ئوڭشالمىسا چوڭ قىزىمنى كۆرەلەيمەن. ئىشقىلىپ مەن بەربىر قايسىسى بولمىسۇن بىر قىزىمنى كۆرەلەيمەن،دەپ ئويلىدىم» دەيدۇ.

تۇرمۇشتىكى بارلىق ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ نۇرلۇق تەپەككۇر قىلىش ـ قىلماسلىقىڭىزغا باغلىق بولىدۇ. كونىلار: «دوزاختىمۇ جەننەتكە تۇتاشقان بىر يول بار بولغان بولىدۇ» دېگەن ئىكەن. مۇھىم بولغىنى سىزنىڭ بۇ يولنى كۆڭۈل قويۇپ ئىزدىشىڭىزدە.

تۆۋەندىكى بۇ ھېكايىمۇ خۇشاللىقنىڭ چەكسىز نۇرىغا تولغان ھېكايىدۇر:

بىر كىچىك بالا بىر تال چوڭ ماروژنىنى تۇتقىنىچە خۇشال ھالدا كېتىپ باراتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن يول ماڭغاچ بىر تەرەپتىن ماروژنى يەۋاتقان بولۇپ ناھايىتى خۇشال كۆرۈنەتتى. تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ ئېھتىياتسىزلىقىدىن ھېلىقى ماروژنى يەرگە چۈشۈپ يەرگە چېچىلىپ كېتىدۇ. بۇ بالا نېمە قىلارىنى بىلمەي جايىدا قېتىپ تۇرۇپلا قالىدۇ. ئۇ ھەتتا يىغلاشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان بولۇپ، كۆزىنى يوغان ئاچقىنىچە يەردىكى ماروژنىغا قاراپ تۇراتتى.

بۇ ۋاقىتتا بىر ياشانغان ئايال يېتىپ كېلىپ بالىغا قاراپ: «ھېچ ئىش يوق ـ ھە، سەن بۇ نەس باسقان ئىشقا يولۇققان ئىكەنسەن ئۇنداقتا ئايىغىڭنى سالغىن، مەن ساڭا بىر ئەھمىيەتلىك ئىشنى كۆرسىتىپ قوياي» دەيدۇ. ئۇ ياشانغان ئايال: «بۇ ماروژنىلارنى پۇتۇڭ بىلەن دەسسىگىن، قاتتىق دەسسە، قارا ماروژنىلار پۇتۇڭنىڭ ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىقتى» دەيدۇ.

بالا ھېلىقى ئايالنىڭ دېگىنىدەك قىپتۇ.

ھېلىقى ياشانغان ئايال خۇشال بولغان ھالدا: «مەن ھۆددە قىلالايمەن، بۇ يەردە سەندىن باشقا ھېچقانداق بالا ماروژنى دەسسەشتىن ھوزۇرلىنىپ باقمىغان! ھازىر ئۆيگە قايتىپ كەتكىن، ئاندىن بۇ قىزىقارلىق ئىشلارنى داداڭ ـ ئاپاڭغا ۋە دوستلىرىڭغا سۆزلەپ بەرگىن» دەيدۇ.

نۇرلۇق تەپەككۇر ئۈمىدۋارلىق نۇرىنى چاقنىتالايدۇ.

چارلىستۇن جەڭدە يارىلىنىپتۇ ۋە بىر پۇتى ئازراق مېيىپ بولۇپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بەدىنىنىڭ ھەممە جايلىرىدا يارىلانغان تاتۇقلار بار ئىكەن. ئەمما خۇشاللىنارلىق بولغىنى شۇكى، ئۇ يەنىلا ئۆزى ئەڭ ياخشى

كۆرىدىغان تەنھەرىكەت تۈرى سۇ ئۈزۈش بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ.

ئۇ دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىنكى بىر يەكشەنبە كۈنى، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئايالى دېڭىز بويىغا بېرىپ ساياھەت قىپتۇ. ئۇ ئاددىي بولغان دولقۇن بۆسۈش ھەرىكىتىنى ئىشلىگەندىن كېيىن قۇم بويىدا يېتىپ ئاپتاپقا قاقلىنىپتۇ. ئۈزۈن ئۆتمەي، ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ. ئۇ بۇرۇن ئۆزىنىڭ ھەممە جايلىرى يارا بولۇپ كەتكەن بۇ پۇتىغا ئانچە ئېرەن قىلمىغان ئىكەن. ئەمما ھازىر بۇ پۇتىنىڭ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى بەك قوزغايدىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ.

ئىككىنچى يەكشەنبە كۈنى، چارلىستۇننىڭ ئايالى دېڭىز ساھىلىغا بېرىپ ساياھەت قىلىپ كېلىش تەكلىپىنى بېرىپتۇ. ئەمما چارلىستۇن بۇنى رەت قىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئۆيدە بېكىنىپ تۇرۇشقا رازى بولغانىكى دېڭىز ساھىلىغا بېرىشقا رايى يوق ئىكەن. ئەمما ئۇنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا ئوخشىمايدىكەن.

«مەن سىزنىڭ نېمە ئۈچۈن دېڭىز ساھىلىغا بېرىشنى خالىمايدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن چارلىستۇن، سىز ئۆزىڭىزنىڭ پۇتىدىكى جاراھەتلەرگە قاراپ خاتا تۇيغۇغا كېلىپ قالدىڭىز» دەپتۇ ئايالى.

بۇنى ئاڭلىغان چارلىستۇن: «شۇنداق، مەن بۇنىڭغا ئىقرار» دەپتۇ.

ئايالى: «چارلىستۇن، سىزنىڭ پۇتىڭىزدىكى ئۇ جاراھەتلەر سىزنىڭ باتۇرلۇقىڭىزغا بېرىلگەن ئوردېن، سىزنىڭ باتۇرلۇقىڭىز دەل مۇشۇ تاتۇقلارنى ياراتقان. سىز ئۇلارنى يوشۇرىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. سىز ئۇلارغا قانداق ئېگە بولغانلىقىڭىزنى ئەستە تۇتۇشىڭىز كېرەك، يەنە سىز ئۇلاردىن پەخىرلىنىشىڭىز كېرەك. بىز ماڭايلى، بىز بېرىپ بىرلىكتە سۇ ئۈزۈپ كېلەيلى» دەپتۇ.

ئايالىنىڭ سۆزلىرى چارلىستۇننىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىۋېتىپتۇ ـ دە، ئايالى بىلەن بىرگە سۇ ئۈزگىلى بېرىپتۇ. ئايالىنىڭ ھېلىقى گەپلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى بارلىق تۇسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتى يەنە يېڭىباشتىن خۇشاللىق ۋە ئۈمىدكە تولۇپتۇ.

ھەممىسى ساغلام ۋاقتىلىرىڭىزغا ئوخشاش بولۇپ، پەقەت سىزدىكى بىر خىل كۆزقاراش ئۆزگەرگەن خالاس.

دەل تەبىئەتتىكى رەڭلەرمۇ ئىسسىق رەڭ ۋە سوغۇق رەڭ دەپ ئايرىلغانغا ئوخشاش، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر قىلىش شەكلىمۇ«نۇرلۇق»

بىلەن «قاراڭغۇلۇق» دەپ ئايرىلىدۇ. نۇرلۇق تەپەككۇر بولسا بىر خىل ئاكتىپ بولغان پىسخىكىلىق يېتەكلەش بولۇپ، ئۇ بىر خىل پايدىلىق بولغان ئىچكى بېشارەت، بىر خىل ساغلام بولغان پىسخىكىلىق ھالەتتۇر. نۇرلۇق تەپەككۇر كەشپىياتچىلارنى ئۆز ـ ئۆزىنى كۆچەيتىشكە، ئاقىللاردىن ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىي ھاياتىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى ۋە ئىجاد قىلىش يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى نۇرلاندۇرۇشقا ئىلھام بېرىدۇ.

كىشىلىك ھايات ئەگرى ـ توقاي بولىدۇ. ئەمما يۇكسەك نۇرلۇق تەپەككۇر قىلىش ساپاسىغا ئىگە بولغان ئادەمگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، قىيىنچىلىق بولسا كىشىلىك ھاياتتىكى زۆرۈر دەرسلىك بولۇپ، ئۇ بىر خىل تەستە ئېرىشكىلى بولىدىغان پۇرسەتتۇر. ئۇ تالانت ئىگىلىرىنى قابىللاردىن بولۇشقا يېتەكلىيەلەيدىغان، كامالەتكە يەتكەن ئىستېدات ئىگىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدىغان كۆيۈمچان ئۇستازدۇر. قىيىنچىلىق بولسا تالانت يېتىشتۈرىدىغان ئالاھىدە دەرسلىكتۇر. ئەلۋەتتە، بۇ دەرسلىك كۆپ ھاللاردا ئادىل بولمايدۇ.

ئۇلۇغ مۇزىكانت بېتخوۋېن دەل مۇشۇنداق بولغان ئىدى. بىر مۇزىكانتقا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بولۇپمۇ بىر پىيانىنو كومپوزىتورىغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، تۇيۇقسىزلا قۇلىقىنىڭ ئاڭلىماس بولۇپ قېلىشىدىن ئارتۇق زەربە بولمىسا كېرەك. ئەمما بېتخوۋېن تەقدىرنىڭ بىر قاتار ئادىلسىز بولغان زەربىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشاش چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پېتىپ قالمىغان، ئەكسىچە ئۇ باتۇرلۇق بىلەن «تەقدىرنىڭ گېلىدىن ئالغان»، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئەپچىل بىر جۈپ قولى ۋە دەرىجىدىن تاشقىرى مۇزىكا قىزغىنلىقىغا تايىنىپ قىيىنچىلىق ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ ۋە پىيانىنو مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرارلىق قەتئىيلىكى بىلەن «تەقدىر سىمفونىيەسى» قاتارلىق نادىر مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلىدۇ. ئۇنىڭ جۇشقۇن ھاياجانلىق مېلودىيەلىرى ئىچىدە كىشىلەر ئازاب ۋە ئاھۇ زارغا تولغان كۈيلەرنى ئاڭلىيالمايدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە مەۋج ئۇرۇۋاتقىنى ئۇلۇغ، يۇكسەك ئەمما يەنە قىزغىنلىق بىلەن جۇش ئۇرۇۋاتقان نۇرلۇق كۈيلەر بولۇپ، بۇ بىر قاتار مۇزىكا ئەسەرلىرى پۈتكۈل دۇنيا خەلقىگە، بىر تالانت ئىگىسىگە نىسبەتەن

ئېلىپ ئېيتقاندا، تەقدىرنىڭ ئۇنىڭغا ئادىل بولمىغان مۇئامىلىدە بولۇشىنىڭ ئۇنىڭ پولاتتەك مۇستەھكەم ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمەيدىغانلىقىنى، شۇم تەقدىر ۋە قىيىنچىلىقنىڭ ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتكە قەدەم باسقان ئىلگىرىلەش يولىنى توسۇپ قالالمايدىغانلىقىنى، ئوڭۇشسىزلىق ۋە زەربىنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئىگىلمەس ـ سۇنماس ئۇلۇغ ئېتىقادىنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن ئىدى. ئۇلۇغۋار تالانت ئىگىلىرىگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلاردا، شۇم تەقدىرنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇشتىكى قىممەتلىك دەرس قىلىدىغان، «پۇتقا چۇشەك» بولىدىغان توسالغۇلارنى «ئاستىغا تۆشەك» قىلىدىغان ئۇلۇغۋار خىسلەتلىك ئەقىل ـ پاراسەت ۋە دەرىجىدىن تاشقىرى ئىجادىيەت قىلىشتەك بىر خىل تەپەككۇر بار ئىدى.

دۇنياغا داڭلىق كەشپىياتچى ئېدىسوننىڭ كىشىلىك ھاياتىمۇ ئانچە ئوڭۇشلۇق بولمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ قۇلىقى ئاڭلاش سېزىمىنى يوقاتقاندىن كېيىنمۇ، ئۆزى قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان ئىجادىيەت ئىشلىرىنى تاشلاپ قويمىغان، ئەكسىچە، تەقدىرنىڭ ئادىل بولماسلىقى ئۇنىڭ كەشپىيات ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا كۆڭۈل بۆلۈش دەرىجىسىنى ئاشۇرۇۋەتكەن بولۇپ، قەتئىيانە بولغان يېڭىلىق يارىتىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ئۇ ئاخىر كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدىكى قەتئىيلىكى بىلەن1200 خىلدىن ئارتۇق كەشپىياتنىڭ پاتېنتىغا ئېرىشىپ دۇنيا خەلقى ئېتىراپ قىلغان «كەشپىيات شاھى» غا ئايلىنىدۇ.

ئۇلۇغ ئالىم ئېينشتېينمۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ئوقۇتقۇچىسى تەرىپىدىن دۆت ئوقۇغۇچى، دەپ قارالغان ئىدى. ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن بىر مەزگىل ئىشسىز قالىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە نىكاھ ۋە ئائىلىدىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارمۇ ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ فىزىكا ئىلمىگە بولغان ئوتتەك ئىشتىياقى ۋە ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىشتىكى قەتئىي ئىشەنچىسىنى تەۋرىتەلمەيدۇ. تىرىشقان تاپار دېگەندەك، ئېينشتېينمۇ ئەڭ ئاخىرى20 ـ ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىلىم ـ پەنشۇناسلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ.

نۇرلۇق تەپەككۇر بولسا ئىجادىي تەپەككۇرنى يېتىلدۈرۈش

جەريانىدىكى، ئۆزىنى باشتىن ـ ئاخىرى بىر خىل خۇشال ھالدىكى قايناق بولغان ئىنتىلىشكە چۆمۈلدۈرۈپ چوڭ مېڭىنى جانلاندۇرۇپ، ئۇنى توختاۋسىز ئىزدىنىشتىكى ئاكتىپ ھالەتكە كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تولۇق ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ھەمدە مۇۋەپپەقىيەتكە يېتەكلەيدىغان بىر خىلدىكى تەپەككۇر شەكلىدۇر.

ھاياتلىق ھەمىشە نۇرلۇق تەپەككۇرنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا بەخت ـ سائادەتكە تولغان بولىدۇ:

ئامېرىكىلىق بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئامراق قىزىدىن پەخىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ:

مېنىڭ 10 ياشلىق قىزىم سارا ماڭا تەسىرلىك بىر دەرس ئۆتۈپ بەردى: ئۇ تۇغۇلغاندا پۇتىدا بىر پارچە گۆش كەم تۇغۇلۇپ قالغان بولۇپ، ھەمىشە بىر پارچە تاختاي قىستۇرۇۋالاتتى. بىر گۈزەل باھار كۈنى، ئۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ «ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى» غا قاتناشقانلىقىنى ئېيتتى. تەنھەرىكەت يىغىنى ناھايىتى كۆپ تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇنىڭ پۇتى ياخشى بولمىغاچقا مەن خېلى باش قاتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭغا مەدەت بېرىدىغان بەزى گەپلەرنى قىلماقچى بولدۇم، بۇ گەپلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇنى ئۈمىدسىزلەنمەسلىككە ئۈندەش توغرىسىدىكى گەپلەر بولسا، يەنە بەزىلىرى مەغلۇپ بولغان تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ تەسىرلىك گەپلىرى ئىدى. ئەمما مەن ئەمدى ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشۇمغا، ئۇ ماڭا قاراپ تۇرۇپ: «دادا، مەن ئىككى تۈردىكى يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە غەلىبە قىلدىم!» دېدى، مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمەي قالدىم. سارا ئارقىدىنلا يەنە ماڭا قاراپ: «مەن ئازراق پايدىغا ئېرىش-



تىم» دېدى. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلۈمدە: «ھە، دېمىدىممۇ، مەن بۇرۇنلا بىلگەن، ئۇ چوقۇم ئالاھىدە مۇئامىلىگە ئېرىشتى، مەسىلەن: ئالدىن يۈگۈرۈۋېلىش، ياكى مەلۇم خىل ئەمەلىي بولغان پايدىلىق مۇئامىلىگە ئېرىشىش دېگەندەك» دەپ ئويلىدىم. ئەمما، مەن يەنە ئېغىزىمنى ئاچماي تۇرۇپلا ئۇ يەنە ماڭا: «دادا، مەن ئالدىن يۈگۈرۈۋالمىدىم، مەن ئېرىشكەن پايدا شۇكى، مەن پەقەت باشقىلاردىن بەكرەك تىرىشتىم خالاس!» دېدى. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەقىقەتەن بەك تەسىرلەندىم، مانا بۇ مېنىڭ قىزىم سارا.

يەنە بىر ئامېرىكىلىق ئايالمۇ ناھايىتى خۇشال بولغان ھالدا يەنە بىر بالىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتاتتى.

ھەر قېتىم مەن ئۆز ھاياتىمنىڭ كەمتۈك ئىكەنلىكىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن ۋاقتىمدا جىمىينى ئويلايمەن. جىمىي مەكتەپ تىياتىر ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىق نامزاتلىقىغا تاللانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ پۈتۈن ئەس - يادى بىلەن ئويۇن قويۇشنىلا ئويلايدىكەن. ئەمما ئۇ جىمىينىڭ چوقۇم تاللانمايدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. ئويۇن قويۇشقا قاتنىشىدىغانلارنىڭ ئىسىملىكى ئېلان قىلىنىغان كۈنى، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە مەكتەپكە جىمىينى قايتۇرۇپ كەلگىلى باردۇق. جىمىي يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئاپىسىنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە خۇشاللىق تولغان ھاياجانلىق ياشلىرى پىلدىرلايتتى. ئۇ ئۈنلۈك ئاۋازدا: «ئاپا، سىز چوقۇم خىيالىڭىزغىمۇ كەلتۈرمىگەن بولغىيتىڭىز، مەن مەدەت بېرىش ۋە ئالقىش ياڭرىتىشقا تاللاندىم!» دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى تا ھازىرغىچە مېنىڭ قەلبىمدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئالغا ئىنتىلىش كۈچىگە ئايلانغان بولۇپ، بۇ ئىككى بالىنىڭ ھەر ئىككىسىدە يالقۇنلۇق قەلب بار ئىدى.

# 45. هاماقەتلەرچە تەپەككۇر

هاماقەتلەرچە تەپەككۇر بولسا، سىرتقى جەھەتتىن قارىغاندا بىر خىل پاسسىپلاشتۇرۇلغان، ئەمما ئىچكى جەھەتتىن سەزگۈر بولغان شەكىلدۇر. ئەمما ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ خىل شەكىل كىشىلىك ھاياتقا بىر قاتلام باتۇرلۇق ئاتا قىلغان بولۇپ، تەمكىن ھالدا دۇنيانىڭ ماھىيىتىگە يۈزلىنىش، كىشىلىك ھاياتتىكى بارلىق ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا مەقسەتلىك ھالدا پەرۋا قىلماسلىقتۇر.

ئىلىمىزدىكى داڭلىق ئۆلىما جىن بەنچياۋنىڭ مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆزى بولۇپ: «ئەقىللىق بولۇش تەس، ھاماقەت بولۇش تېخىمۇ تەس». ئۇنداقتا ھاماقەت بولۇشنىڭ تەسلىكى قەيەردە؟ ئۇنىڭ تەسلىكى شۇ يەردىكى، ناھايىتى كۆپ ئىشلار سىزگە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ ئەمما ئۇنى كۆرمەسكە سالغانلىقىڭىز ئۈچۈن، سىزنىڭ ھەقىقىي ئىنكاسىڭىز مەجبۇرىي چەكلەشكە ئۇچرايدۇ، بۇ ناھايىتى ئازابلىق بىر ئىش. شۇڭا سىز چوقۇم سەۋر قىلىشنى، كەڭ قورساق بولۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز كېرەك. ئەمما، ئەگەر سىز بۇ خىل چەككە يېتەلىسىڭىز، ئۇنداقتا سىز قالتىس ئادەم بولغان بولىسىز. بەلكىم سىز تۆۋەندىكى ھېكايىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، هاماقەتلەرچە تەپەككۇرنىڭ ماھىيىتىنى ئاز ـ تولا چۈشىنىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.



ئامېرىكىنىڭ 9 ـ نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى ۋېلىيام ھېنرى خاررىسون بىر كىچىك بازاردا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلىسى ناھايىتى نامرات

ئىدى. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا جىمغۇر ۋە ئىچى كۆچلۈك بولۇپ، ناھايىتى تارتىنچاق ئىكەن. بازاردىكى كىشىلەرمۇ ئۇنى ئەخمەق قىلىشقا ئامراق بولۇپ، ھەمىشە قەستەن ھالدا بىر تال بىر موچەنلىك ۋە بىر تال بەش پۇڭلۇق تەڭگىنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ ئۇنى تاللىغىلى سالىدىكەن.

ۋىليام ھەمىشە ھېلىقى بەش پۇڭلۇق تەڭگىنى ئالىدىكەن ۋە ھەر قېتىمدا كىشىلەرنى كۈلدۈرۈۋېتىدىكەن.

بازاردىكى ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى بىر كالۋا، كالۋالىقىدىن ھەتتا بەش پۇڭلۇق تەڭگە پۇل بىلەن بىر موچەنلىك تەڭگە پۇلنىمۇ پەرق قىلالمايدۇ، دەپ قارايدىكەن.

ئەمما ۋىليام كالۋا بولمايلا قالماستىن بەلكى باشقىلار ئويلاپ يەتمىگۈدەك دەرىجىدە ئەقىللىق ئىدى.

بىر قېتىم، بىر ياشانغان ئايال ئۇنىڭغا: «ۋىليام! سەن نېمە ئۈچۈن بىر موچەننىڭ بەش پۇڭدىن چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن؟» دەپ سورايدۇ.

ۋىليام جاۋابەن: «ئەلۋەتتە بىلىمەن، ئەگەر مەن ھېلىقى بەش پۇڭلۇق تەڭگىنى ئالغان بولسام، ئۇلار يەنە ماڭا تەڭگە تاشلاپ بەرمەيتتى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ھاماقەتلەرچە تەپەككۇر بولسا، سىرتقى جەھەتتىن قارىغاندا بىر خىل پاسسىپلاشتۇرۇلغان، ئەمما ئىچكى جەھەتتىن سەزگۈر بولغان شەكىلدۇر. ئەمما ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ خىل شەكىل كىشىلىك ھاياتقا بىر قاتلام باتۇرلۇق ئاتا قىلغان بولۇپ، تەمكىن ھالدا دۇنيانىڭ ماھىيىتىگە يۈزلىنىش، كىشىلىك ھاياتتىكى بارلىق ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا مەقسەتلىك ھالدا پەرۋا قىلماسلىقتۇر.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئاخبارات سەزگۈرلۈكى ناھايىتى يۇقىرى بولغان بىر ئامېرىكىلىق مۇخبىر: «ئامېرىكىنىڭ ئەڭ ئالىي ئورگىنىدىكى بىر مەخپىي بۆلۈمنىڭ ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ ئوتتۇرا يول ئارىلىغا ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى بىر مەخپىي تېلېگراممىسىنىڭ مەخپىي شىفرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يېشىپ چىقىپ، ياپونىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ دېڭىز ئۇرۇشى قىلىش ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى بارلىق لايىھەسىنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشكەنلىكىنى،

بۇنىڭغا قارىتا ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ دېڭىزدا ئۇنىڭغا قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇش قىلغانلىقى» دەك ئاخباراتنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ.

مېكسىكىدىكى بىر گېزىتخانا بۇ مۇخبىر تەمىنلىگەن ئارگىنالغا ئاساسەن، ئۇنى مۇستەقىل ئاخبارات سۈپىتىدە گېزىتكە بېسىپتۇ.

ھەرقانداق بىر ئادەم، بۇنداق قىلىشنىڭ ياپونىيەلىكلەرنىڭ ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈۋېتىپلا قالماستىن بەلكى ئۇلار يەنە مەخپىي نومۇرنى ئۆزگەرتىۋېتىپ ئوتتۇرا يول ئارىلىدىكى ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەڭشىۋالىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ كۆرسەتكەن بارلىق تىرىشچانلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يوققا چىقىپ ئىنتايىن پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ.

بەزىلەر روزۋېلىت زۇڭتۇڭغا دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى مۇشۇنداق زور دەرىجىدە ئاشكارىلاپ قويۇش ئەھۋالىغا قارىتا قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈش تەكلىپى بېرىدۇ. ئەمما روزۋېلىت زۇڭتۇڭ دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلىدۇ. ئۇ ھەم مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرمەيدۇ، ھەم بۇ ئىشنىڭ راستلىقىغا قارىتامۇ رەددىيە بېرىپ ئولتۇرمايدۇ، ھەم مۇشۇ سەۋەبلىك ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەڭشىمەيدۇ. ئەكسىچە ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. نەتىجىدە، ئىش ناھايىتى تېزلا بېسىقىپ قالىدۇ، ھەتتا ياپونىيە ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭمۇ بۇنىڭغا دىققىتى قوزغالمايدۇ ۋە مۇناسىپ تەدبىرمۇ قوللانمايدۇ.

ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئوتتۇرا يول ئارىلى ئۇرۇشىدىكى ئەسلىدىلا بېكىتىلىپ بولۇنغان مەغلۇبىيىتى روزۋېلىت زۇڭتۇڭنىڭ يەم ـ پاراستى بىلەن مانا مۇشۇنداقلا بېسىقتۇرۇلىدۇ ۋە بىر مەيدان مەغلۇبىيەتلىك جەڭدىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

بىر يىلى، كارتىر فېدېراتسىيە پارلامېنتىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى ۋە گېئورگىيە ئىشتاتىنىڭ ئىشتات باشلىقى بولماقچى بولۇپتۇ. ئۇ مۇشۇ نىشان ئۈچۈن سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىپتۇ ۋە كۆپ ئەگرى ـ توقايلىقلارغا ئۇچراپتۇ. شۇ ۋاقىتتا، كارتىر پەقەتلا ئۆزىنىڭ يۇرتى بولغان

گېئورگىيە ئىشتاتىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدىكى سەيموت ناھىيەسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردىلا بىر ئاز نامى بار بولۇپ، پۈتۈن ئىشتات بويىچە ئانچە داڭدار شەخس ھېسابلانمايدىكەن.

بەزى خەۋەر مۇخبىرلىرى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ، ئاخبارات خەۋىرى بەرگەن ۋاقىتتا، ئىشتات باشلىقى سايلام نامزاتى جىممى. كارتېرنىڭ ئىسمىنى «جىممى.كىم» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ.

كارتېر دەسلىپىدە «جىممى. كىم» دېگەن بۇ لەقەمگە ناھايىتى ئاچچىقى كەپتۇ. ئەمما ئۇ ناھايىتى تېزلا ئۆزىنى ئوڭشىۋاپتۇ ۋە بۇ لەقەمدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى قارار قىلىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئازغىنە تاپقان ـ تەرگىنى بىلەن ناھايىتى زور مىقداردىكى تەشۋىقات رەسىمى ۋە كىتابچىلارنى باستۇرۇپ، ئۆزى ماشىنا ھەيدەپ يۈرۈپ پۈتۈن گېئورگىيە ئىشتاتىنىڭ ھەممە جايلىرىغا دېگۈدەك بېرىپ سايلىغۇچىلار ئارىسىدا «مەن جىممى بولىمەن» دەپ تەشۋىق قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ بارلىق ئائىلە ئەزالىرىنى ئۇنىڭ سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئانىسى لىلىيان خانىمنىڭ يېشى ئاللىقاچان 72 گە بېرىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇمۇ كارتېرنىڭ سادىق قوللىغۇچىسىغا ئايلىنىپتۇ. ئۇنىڭ ئايالى بىلەن ئوغلىمۇ ئۇنىڭ سايلام رىقابىتىدىكى ھەمراھلىرىغا ئايلىنىپتۇ. ئۇلار ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ ئالدى بىلەن زاۋۇتقا بېرىپ ئىشلەيدىكەن، ئاندىن كېيىن ھەربىر شىركەت، ماگىزىن ۋە ئولتۇراق ئۆي قاتارلىقلارغا بىر ـ بىرلەپ كىرىپ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قىزغىنلىق بىلەن ئەھۋاللىشىدىكەن ۋە ئۇلارنىڭ جىممى ئۈچۈن بېلەت تاشلاپ قويۇشنى ئۆتۈنىدىكەن. ئۇلار يەنە تەنتەربىيە مەركىزى، چارۋا ـ مال سودا بازىرى، تاماكا ئىسكىلاتى، بەيگە مەيدانى، ئىت تالاشتۇرۇش مەيدانى ھەمدە شۇ يەردىكى باشقا بارغۇدەك سورۇنلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك بېرىپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپتۇ، ھەمدە مال سېتىۋېلىش مەركىزىدىكى ئايلانما ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، كىرىپ ـ چىققان ھەربىر ئادەمگە ئىشىك ئېچىپ بەرگەچ كارتېرنىڭ تەشۋىقات رەسىملىرىنى ئۇلارغا تارقىتىپ بېرىپتۇ.

بىرىنچى قېتىملىق ئىشتات باشلىقلىق سايلىمىدا گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما «جىممى. كىم» دېگەن بۇ لەقەم ئۇنىڭ نامىنى

چىقىرىۋېتىپتۇ ۋە ئىككىنچى قېتىملىق سايلام ئۈچۈن زور ئاساس بوپتۇ.

قىسقا بىر مەزگىللىك ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشتىن كېيىن، كارتېر يەنە تۆت يىلدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ يەنىلا داۋاملىق تۈردە خاسىڭ تېرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ سايلامغا قاتنىشىش ئۈچۈن مەبلەغ توپلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە خەلقئارالىق ئويۇن كۆرسىتىش ئۆمىكىنىڭ پائالىيەتلىرىگە داۋاملىق هالدا قاتنىشىۋېرىپتۇ. ئۇ ئالاقە سورۇنىنى كېڭەيتىدىغان، ھېسسىيات ئالماشتۇرىدىغان، كۈچ توپلايدىغان سورۇن ئىدى. ئۇ يەنە خىرىستىيان دىنىنىڭ ھەر خىل يىغى پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپتۇ، ھەتتا يىراق يوللارنى بېسىپ دىن تارقىتىش ئىشلىرىنىمۇ قىپتۇ. بۇ بىر سايلامغا قاتنىشىدىغان نامزاتنىڭ سايلام بېلىتىنى تالىشىشىدىكى مۇھىم بىر ۋاستە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە ئىشتات باشلىقلىق سايلام رىقابىتىدە ئۇتۇپ چىقىشتىكى سىياسىي ئىستراتېگىيەسىنى ئىنچىكە هالدا پىلانلاپ چىقىپتۇ. سايلام ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى ئۇمۇ ئۆزىنىڭ سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىش قەدىمىنى تېزلىتىپتۇ. بۇ قىسقىغىنە تۆت يىل جەريانىدا، كارتېر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 1800 قېتىمدىن ئارتۇق نۇتۇق سۆزلەيدۇ،600 مىڭدىن ئارتۇق سايلىغۇچىلار بىلەن ئۆزى بىۋاستە قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ئاخىر مېۋە بېرىدۇ، شۇ يىلى ئۇ بۇ قېتىمقى سايلامدا غەلىبە قىلىدۇ.

# 46. ئوبرازلىق تەپەككۇر

**ئىجادىي تەپەككۇر نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئوڭ مېڭىنىڭ ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى ئوڭ مېڭىنى جانلاندۇرغاندا ھەر خىل شەكىلدىكى مۇقىملىشىپ قالغان تەپەككۇردىن ھالقىپ چىقىشقا، تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردىمى بولىدۇ.**

ئوبرازلىق تەپەككۇر يەنە ئوڭ مېڭە تەپەككۇرى دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئىجادىي تەپەككۇر نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئوڭ مېڭىنىڭ ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى ئوڭ مېڭىنى جانلاندۇرغاندا ھەر خىل شەكىلدىكى مۇقىملىشىپ قالغان تەپەككۇردىن ھالقىپ چىقىشقا، تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردىمى بولىدۇ.

چوڭ مېڭىنىڭ سول ۋە ئوڭ ئىككى تەرىپى ئايرىم - ئايرىم ھالدا سول مېڭە ۋە ئوڭ مېڭە دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ سىرتقى قىسمى تەخمىنەن ئۈچ مىللىمېتىر



قېلىنلىقتىكى چوڭ مېڭە پوستلاق ماددىسى ياكى پوستلاق قەۋەتتىن تۈزۈلىدۇ، ئىككى تەرىپى ئوتتۇرا قىسىمدىن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئامېرىكا نېرۋا فىزىيولوگىيەسى مۇتەخەسسىسى سپېررى، ئادەمنىڭ ئوڭ ۋە سول مېڭىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىقتىدارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىغان بولۇپ، ئوڭ مېڭە

ئاساسلىقى بىۋاسىتە سىزىم ۋە ئىجاد قىلىش كۈچى، يۈنىلىشكە ھۆكۈم قىلىش قاتارلىقلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدىكەن؛ بۇ ئوبرازلىق تەپەككۇرنى باشقۇرۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سول مېڭە ئاساسلىقى سۆزلەش ۋە ھېسابلاش ئىقتىدارىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدىغان بولۇپ، بۇ لوگىكىلىق تەپەككۇرنى باشقۇرۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە، سول مېڭە ئەۋزەل ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، ئوڭ مېڭە ئاساسەن دېگۈدەك تولۇق تەرەققىياتقا ئېرىشەلمەيدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

ئىجادىي تەپەككۇر نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئوڭ مېڭىنىڭ ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى ئوڭ مېڭىنى جانلاندۇرغاندا ھەر خىل شەكىلدىكى مۇقىملىشىپ قالغان تەپەككۇردىن ھالقىپ چىقىشقا، تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردىمى بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خېلى كۆپ كىشىلەر ئوڭ مېڭىنىڭ ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە چېنىقتۇرۇشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ، ئوڭ مېڭىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ، سول ۋە ئوڭ مېڭىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا ئېرىشىش، ئۆز-ئارا تولۇقلاشقا ئېرىشىپ ئادەم مېڭىسىنىڭ ئىقتىدارىنى ئەڭ زور چەكتە يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىمكانىيىتىنى تەكىتلىمەكتە.

ئوڭ تەرەپتىكى مېڭىنى ئىشلىتىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ تۆۋەندىكىسى بولسا ئوڭ تەرەپتىكى مېڭىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلىدۇر:

(1) شەيئىلەرگە قانداق قىلغاندا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارغىلى ياكى ياخشىلاش ئېلىپ بارغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە دائىم مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىپ، كۆرگىلى بولمايدىغان كەشپىياتلارنى ياكى كۆرگىلى بولىدىغان كەشپىياتلارنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىش كېرەك؛

(2) ھېسسىي جەھەتتىكى پائالىيەتلەرنى كۆپرەك ئېلىپ بېرىش، قىزىقىشنى يېتىلدۈرۈش، مەسىلەن: مۇزىكا ئاڭلاش، رەسىمگە تارتىش ھەمدە يات جىنسلىقلار بىلەن ئالاقە قىلىش قاتارلىقلار؛

(3) ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئەھمىيىتىگە ئىشىنىش، ئۆزىنىڭ كۈرەش نىشانىنى بېكىتىش، شۇ ئارقىلىق ئويغىنىش ياكى مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسىغا ئېرىشىش؛

(4) ئوڭ تەرەپتىكى مېڭىگە پايدىلىق بولغان يېمەكلىكلەرنى يەپ بېرىش (مەسىلەن: ئاقسىل قاتارلىق)، ماشىنا ئۇسكۈنىلىرىنى ۋە

مېخانىزملارنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىش قاتارلىقلار؛

(5) ئەقلىي پائالىيەت ۋە ئەقلىي كۈچ مەشقى ئارقىلىق ئوڭ مېڭىگە بىۋاسىتە تەسىر قىلغىلى بولىدۇ.

بۇ خىلدىكى مەشىق ۋە پائالىيەتلەر ئادەتتىكى ئەقلىي سىناشقا ئوخشىمايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا پىسخىكىلىق مۇقىم شەكىلنى بۇزۇپ تاشلاش، ئىدراك قىلىش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىشتىكى يوشۇرۇن كۈچنى قېزىپ چىقىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر سىزنى «ياغاچ نېمە ئىشقا ئىشلىتىلىدۇ؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىشكە تەكلىپ قىلغاندا، سىز پەقەت ياغاچنىڭ ئادەتتىكى ئىشلىتىلىشىنى مىسالغا ئالغان بولسىڭىز، بۇ سىزنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچىڭىزنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بىر قەدەر ئەتراپلىق بولغان چۈشەندۈرۈش شۇكى، ئۇنى ئادەتتىكى ئورۇنلارغا ئىشلەتكىلى بولۇشتىن باشقا، يەنە ئوتتۇرۇق قىلىشقا، سال ياساشقا، ياغاچ توقماق ياساشقا، ئىچىنى ئويغاندىن كېيىن كۆلدان قىلىشقا، ياغاچ ساپما ئاياغ قىلىشقا بولۇش قاتارلىقلار. بۇ خىلدىكى سىناق تېمىسى ناھايىتى كۆپ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئوڭ مېڭىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بولىدىغان ئۇسۇللاردىن تۆۋەندىكىلەر بار بولۇپ: ئاۋازسىز ھەرىكەت قىلىش، ئۇسسۇل ئويناش، گۈزەل ـ سەنئەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش، مۇزىكىدىن بەھرە ئېلىش، ئوت ـ چۆپ تىكىش، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، قورۇما قورۇش، كىيىم تىكىش قاتارلىقلار. ھەم سول مېڭىنى ئىشلىتىش ھەم ئوڭ مېڭىنى ئىشلىتىش كېرەك. مەسىلەن: ھەر كۈنى يېرىم سائەتتىن كۆپرەك بەدەن چېنىقتۇرۇش، تىكتاك توپ ئويناش، پەي توپ ئويناش قاتارلىقلار. بولۇپمۇ سول قول بىلەن ئوڭ پۇتنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ بېرىش كېرەك (سول مېڭە بەدەننىڭ ئوڭ يېنىنى باشقۇرىدۇ، ئوڭ مېڭە بەدەننىڭ سول تەرىپىنى باشقۇرىدۇ). بۇ خىلدىكى ھەرىكەت بولسا «سىرتىدىن ئىچىگە» بولغان يۆنىلىشتە چوڭ مېڭىگە تەسىر قىلىدىغان بولۇپ، بەزىلەر بۇنى ئوڭ مېڭىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۇسۇلى دەپ ئاتىغان.

ياپونىيەلىك بىر كىشى ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا بولىدىغان «سول يان تەرەپ گىمناستىكىسى» نى لايىھەلەپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى ئاساسى بولسا، ئوڭ ۋە سول يان تەرەپتىكى پائالىيەت ۋە ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى كۆپىنچە ھاللاردا تەڭپۇڭ بولمايدىغان بولۇپ،

كۆپىنچە ھاللاردا ئوڭ يان تەرەپتىكى ھەرىكەت سول يان تەرەپتىكى ھەرىكەتلەردىن كۆپرەك بولىدىكەن. شۇڭلاشقا سول يان تەرەپتىكى گىمناستىكا ھەرىكىتىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئوڭ مېڭىنىڭ ئىقتىدارىنى كۈچەيتكىلى بولىدىكەن. تونۇشتۇرۇشقا ئاساسلانغاندا، بۇ خىلدىكى سول يان تەرەپ گىمناستىكىسى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئوڭ مېڭىگە تەسىر قىلالايدىكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا بەدىنىمىزنىڭ سول يان تەرىپىنى ئىشلىتىپ بېرىشىمىزنىڭمۇ ناھايىتى چوڭ رولى بولىدۇ. بەدەننىڭ سول يېنى كۆپ ھەرىكەتلەنگەندە، ئوڭ يان تەرەپتىكى چوڭ مېڭىمۇ تەرەققىي قىلالايدۇ. ئوڭ يان تەرەپتىكى چوڭ مېڭىنىڭ ئىقتىدارى كۈچەيتىلسە، كىشىلەرنىڭ ئىلھام، تەسەۋۋۇر كۈچى قاتارلىقلارمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

مەسىلەن: قەلەمتىراش ۋە قايچا ئىشلەتكەن ۋاقىتتا ھەمىشە سول قولنى ئىشلىتىش، رەسىمگە تارتقاندا سول كۆزنى ئىشلىتىش، تېلېفون ئۇرغاندا سول قۇلاقنى ئىشلىتىش قاتارلىقلار.

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ۋاقىت بولسىلا سول قولنى ئىشلىتىپ بېرىش كېرەك. ئەگەر ھەر كۈنى كۆپ ۋاقىتىمىز ماشىنىدا ئۆتىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ بەدىنىمىزنىڭ سول يان تەرىپىنى چېنىقتۇرساق بولىدۇ. مەسىلەن: سول قولنىڭ بارمىقىنى ئىشلىتىپ نەرسىلەرنى ئېلىپ تۇتۇش ياكى تۇتقۇچنى تۇتۇش، سول پۇتىمىزغىلا تايىنىپ تۇرۇش قاتارلىقلار. پۇل - پۇچەكلەرنى كىيىملىرىمىزنىڭ سول يانچۇقىغا سېلىشقا ئادەتلىنىش، ئاپتوبۇسقا چىققاندىن كېيىن سول قولىمىز بىلەن پۇل ئېلىپ بېلەت سېتىۋېلىش قاتارلىقلار. بەزى كىشىلەر بىر خىل ئۇسۇلنى لايىھەلەپ چىققان بولۇپ، سول قول بېگىز بارماق بىلەن ئوتتۇرا بارماقنىڭ ئوتتۇرىسىغا رېزىنكە قىستۇرۇپ ئۇنىڭدىن سەككىز رەقىمىنى ھاسىل قىلغان، ئاندىن كېيىن بۇ رېزىنكىنىڭ سەككىز رەقەم شەكلىنى ئۆزگەرتمىگەن ئاساستا باش بارمىقىنى ئىشلىتىپ بۇ رېزىنكىنى نامسىز بارماققا يۆتكىگەن. مۇشۇ بويىچە يۆتكىگەن ئاساستا رېزىنكىنى كىچىك بارماققا يۆتكىگەن. مۇشۇ بويىچە كۆپ قېتىم تەكرارلاپ بەرگەندە ئوڭ مېڭىنى ئۈنۈملۈك ھالدا غىدىقلىغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئوڭ قول قىلىشقا ئادەتلەنگەن

ئىشلارنى سول قولدا قىلىپ بېرىش كېرەك. مەسىلەن: خەت يېزىش، تاماق چوكىسى ئىشلىتىش، چىش چوتكىلاش، چاچ تاراش قاتارلىقلار.

بۇ تۈردىكى ئۇسۇللار ئىچىدىكى ئۈنۈمى بىر قەدەر ياخشى بولىدىغانلىرى يەنىلا قول بارمىقى ئارقىلىق غىدىقلاش ئۇسۇلىدۇر. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ داڭلىق مائارىپشۇناسى سۇخوملىنسكىي «قول ھەرىكىتى مېڭىنى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ ھەم ئۇنى تېخىمۇ ئەقىللىق قىلالايدۇ» دېگەن ئىكەن. ئۇ يەنە: «ئۆسمۈر بالىلارنىڭ ئەقلى ئۇنىڭ قول بارمىقىدا بولىدۇ» دېگەن ئىكەن. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بالىلارغا پىيانىنو چېلىش، خەت ئۇرۇش، چوت سوقۇش قاتارلىقلارنى ئۆگىتىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئىككى قولنى ماسلاشتۇرۇپ ھەرىكەت قىلدۇرغىلى بولىدىغان بولغاچقا، چوڭ مېڭىنىڭ پوستلاق قەۋىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك ھۈجەيرىلەرنى قوزغاتقىلى بولىدۇ.

ھالقا توپ ئارقىلىق غىدىقلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ. ئىمكانىقەدەر قول بارمىقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ بېرىش ئارقىلىق ئوڭ مېڭىنىڭ ئىقتىدارىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: بەدەن ساغلاملاشتۇرۇش ھالقىسىنى ھەر قېتىم بېسىش ئۈچۈن100 كىلوگىرام سىقىش كۈچى كېتىدىغان بولۇپ، بەش بارماق بىلەن قىسىپ تۇتقاندا ئالىقاندىكى ھەرقايسى پەللىلەرنى غىدىقلاش، ئۇۋۇلاش مەقسىتىگە يەتكىلى، شۇ ئارقىلىق مېڭىدىكى قاننىڭ ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرغىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ سول قولدا قىسىپ تۇتۇپ بېرىش ئارقىلىق ئوڭ مېڭىنى غىدىقلىغىلى بولىدۇ. بەزى كىشىلەر «ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولغان بەدەن ساغلاملاشتۇرۇش ھالقىسى» نى ئون نەچچە يىلغىچە ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن بولۇپ، بوش ۋاقتى چىقسىلا قىسىپ ئايلاندۇرۇپ بەرگەن؛ ئۆيدە ئاليۇمىن شار ساقلاشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، ئوڭ ۋە سول قولنى ھەمىشە ھەرىكەتلەندۈرۈپ بەرگەن، مېڭىنى ساغلاملاشتۇرۇپ ئەقىل ـ پاراسەتتە تولۇپ تېشىشنى ئىشقا ئاشۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ياڭاقنى ئوڭ ۋە سول قولنى ئىشلىتىپ قاماللاپ تۇتۇپ بەرگەندە ئوخشاشلا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئوڭ مېڭىدىكى تەپەككۇرنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا ئوبرازلىق تەپەككۇر بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتىكى ئىجادىي تەپەككۇردا، ھەر خىل شەكىلدىكى «تېمىدىن چەتنىگەن خىياللار» نى ھەر

دائىم سۇرۇپ بېرىش كېرەك.

قانداق شەكىلدىكى تېمىدىن چەتنىگەن خىياللارنى تاللاشتا، شۇ ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىنىڭ تەلىپىگە ئاساسلىنىش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان خەۋپ ـ خەتەر ۋە ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللارنىمۇ ئالدىن ئويلىشىش كېرەك. ئامېرىكىلىق ئالىم خىككىس ئىككى خىل شەكىلدىكى چەتنىگەن تېمىنى پەرقلەندۈرگەن بولۇپ، بىرىنچى خىلى«تەسەۋۋۇر قىلىش خاراكتېرىدىكى ياكى خام خىيال قىلىش خاراكتېرىدىكى تېمىدىن چەتنەش»، يەنە بىر خىلى بولسا «دەلىل ـ ئىسپات كۆرسىتىش شەكلىدىكى تېمىدىن چەتنەش» تۇر. تەسەۋۋۇر قىلىش خاراكتېرىدىكى تېمىدىن چەتنەش بولسا بىرلىككە كەلمىگەن بىر خىل تېمىدىن چەتنەش شەكلى بولۇپ، ئۇ ئىدىيەسى قاتمال بولغان كىچىك گۇرۇپپىلارغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا ناھايىتى قىيىن بولغان بىر خىل ئۇسۇلدۇر. ئەمما بۇ خىل ئۇسۇل كۆپ ھاللاردا كومېدىيەلەرچە رول ھاسىل قىلىپ قويىدۇ. بولۇپمۇ كىشىلەر ھېچقانداق ئۈمىد كۈتمىگەن ئەمما ئۇ ئەڭ يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرىدىكى ئىدىيەگە ئىگە بولغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ بۇ خىل رولى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.

خام خىيال قىلىش شەكلىدىكى تېمىدىن چەتنەش ياكى تەسەۋۋۇر قىلىش شەكلىدىكى تېمىدىن چەتنەشكە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، تۆۋەندىكى چۈشەندۈرۈش ئۇنىڭ رولىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

تەتقىقات گۇرۇپپىسى ئەزالىرىنى بىر پارچە پىكىر رەسىمى سىزىپ بېقىشقا ياكى بىر خىيالىي ھېكايە ئېيتىپ بېقىشقا تەكلىپ قىلىڭ. ئالدى بىلەن بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەيلەن باشلاپ بەرسۇن، ئاندىن كېيىن گۇرۇپپىدىكى ئەزالارنىڭ ھەممىسى چوقۇم بۇ ھېكايىگە تۆۋەت بىلەن بىر بۆلەك ۋەقەلىك قوشۇپ ماڭسۇن. ئۇلار ھەر ۋاقىت قىستۇرۇلۇپ كىرىلسە بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇلارغا، ئۇلار قىستۇرغان ۋەقەلىك قانچە مول رەڭدار، ئاجايىپ ـ غارايىپ، بىمەنە، ھېسسىياتقا باي بولغانسېرى بۇ ھېكايىنىڭ شۇنچە قىزىقارلىق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇش كېرەك. ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر مۇمكىن بولسا، ھېكايە ئىمكانقەدەر مۇئەييەن باغلىنىشچانلىققا ئىگە بولسا بولىدۇ، بۇنداق بولغاندا ھېكايە تەسەۋۋۇرغا تېخىمۇ بەكرەك باي بولۇپ چىقىدۇ. ھەربىر ئادەم ھېكايە ئۈچۈن بىر مىنۇت ئۇزۇنلۇقتىكى ۋەقەلىك قىستۇرىدۇ، ئاندىن كېيىن

باشقىلارمۇ مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملاشتۇرىدۇ. سۆز تېمىسىنى قاچان يۆتكەشنى رىياسەتچىلىك قىلغۇچى ئۆزى قارار قىلسا بولىدۇ.

ئەگەر ھېكايە مەلۇم بىر خىل ئالاھىدە ۋەقەلىك ئۈستىدىكى تەپسىلاتتا توختاپ قالغان بولسا، رىياسەتچى بىر نەپەر ئەزانى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر خىل ھادىسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىشقا تەكلىپ قىلسا بولىدۇ. ئەكسىچە بولۇپ، ئەگەر تەسەۋۋۇر قىلىش تولۇق قانات يايدۇرۇلمىغان بولسا، ئۇ ھالدا رىياسەتچىلىك قىلغۇچى كىشىلەرنى مەلۇم بىر خىل ۋەقەلىككە مەركەزلەشتۈرسە بولىدۇ. ئۇ تېخىمۇ تەپسىلىي بولغان ۋەقەلىكنى ئېيتىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. ئەگەر ھېكايە ۋەقەلىكىنى سۆزلىگۈچىنىڭ ۋەقەلىكنى يۆتكىشى تېز بولۇپ كەتسە، ۋەقەلىك تولۇق بولماسلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ قالىدۇ. كۆپچىلىك بەلكىم كۆپچىلىك ئالدىدا كاللا قاتۇرۇپ كۆرۈنۈش ئويدۇرۇپ چىقارغان ۋاقىتتا جەددىيلىشىپ كېتىشى مۇمكىن، ھەم ئۇلارمۇ ئۆزىنىڭ ھېكايىگە ۋەقەلىك قوشۇش ئىقتىدارىدىن ئەنسىرىسە بولىدۇ. ئەمما، دەل مۇشۇنداق شەكىلدىكى نىشاننى كۈچلۈك ھالدا يۆتكەش، ھەمدە نۆۋەتتىكى ۋەقەلىك ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن يېڭى ۋەقەلىك ئويلاپ چىقىش تەلىپى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھېكايە تەسەۋۋۇر كۈچىگە تېخىمۇ باي بولىدۇ، ئۇ ھەم يەنە ئويغىتىش خاراكتېرىدىكى ۋەقەلىككە تېخىمۇ باي بولغان بولىدۇ.

ھەربىر ئەزانىڭ ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ بىر قېتىم ھېكايە ۋەقەلىكى قوشۇش پۇرسىتى بولغان ۋاقىتتا، رىياسەتچى تەسەۋۋۇر قىلىش پائالىيىتىنى توختىتىپ، كۆپچىلىكنى ھېكايە ۋەقەلىكىنى چوڭ مېڭىسىدە يەنە بىر قېتىم ئويلىنىپ بېقىشقا تەكلىپ قىلسا، ھەمدە ئىمكانقەدەر ھەقىقەتەن بىمەنە ياكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى ئويلاپ چىقىشقا تەكلىپ قىلسا بولىدۇ. ئاندىن كېيىن بىمەنە بولغان تەسەۋۋۇرنى قەغەزگە يېزىپ چىقسا بولىدۇ.

تېمىدىن چەتنەش ئارقىلىق، نۆۋەتتىكى مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان مەسىلە تېمىدىن ئاللىبۇرۇن يىراقلاپ كەتكەن بولىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا، كىشىلەر ھەقىقىي دۇنياغا قايتىپ كېلىشكە تەقەززا بولىدۇ، ياكى ئەڭ باشتىكى مەسىلىگە قايتىپ كەلمەكچى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ئاساسىي تېمىغا قەدەممۇ قەدەم قايتىپ كېلىشكە بولىدۇ. ئۇنداقتا،

بىرىنچى قەدەمدە بىمەنە بولغان ھەل قىلىش ئۇسۇلى تېپىلىپ چىقىلىدۇ. ئەگەر مەلۇم ئەزا بىردىنلا ھەم ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان، ھەم يېڭىچە بولغان ھەل قىلىش لايىھەسىنى تېپىپ چىقالىسا، ئۇ ھالدا بىز ئاشكارا ھالدا رەت قىلساق بولمايدۇ.

رىياسەتچى مەسىلىگە ئىگە بولغۇچى بىلەن بىرگە تەكشۈرۈپ تەھلىل قىلىش ئېلىپ بېرىپ، بۇ خىل بىمەنە لايىھەلەر ئىچىدە ئۇلارغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا قىزىقتۇرۇش كۈچى بولغان، ياكى ئاجايىپ ـ غارايىپ بولغان، ياكى ناھايىتى قىزىقارلىق بولغان ھەرقانداق كۆزقاراشلارنى بىلىشى كېرەك. مەسىلىگە ئىگە بولغۇچى تاللىغاندىن كېيىن، رىياسەتچى گورۇپپا ئەزالىرىنى تاللانغان بۇ بىمەنە ئۇسۇللارنى تەكشۈرۈشكە تەكلىپ قىلىشى ھەمدە ئىمكانقەدەر ئۇنى تېخىمۇ ئەمەلىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان شەكىلگە ئايلاندۇرۇشى ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان ئۇسۇللارنى تېپىپ چىقىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولسا، ئۇلار ئاللىقاچان ئېرىشكەن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە دەسلەپكى ئىجادىي خاراكتېرىگە ئىگە بولغان كۆزقاراش بولۇشى كېرەك. ئەڭ ياخشىسى بىر قەدەم بىلەنلا مەسىلىنى ھەل قىلىۋېتىشنى ئويلىماسلىق كېرەك. يەنى، بۇنداق نىشانغا بىردىنلا يېتىشنى ئويلىماسلىق ئەكسىچە مۇئەييەن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۇنىڭغا قارىتا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش كېرەك. چۈنكى، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئالدىرىغاندا، بىمەنە ھەل قىلىش ئۇسۇلى ئىچىدىكى ئۆزگىچە يېڭى بولغان ياخشى ئۇسۇللارغا سەل قاراپ قېلىشتەك ئەھۋال كېلىپچىقىدۇ.

مۇشۇ خىلدىكى شەكىلدە «تېمىدىن چەتنەپ» كەتكەندىن كېيىن، كاللىمىز سەگەكلىشىپ قالىدۇ، ھەر خىل بىمەنە كۆزقاراشلارمۇ پەيدا بولىدۇ، مانا مۇشۇ چاغدا ئاندىن باشقا قايتىپ يولۇققان ھېلىقى مەسىلىنى تەتقىق قىلغاندا، بەلكىم يېڭىلىق يارىتىشتىكى جاۋابقا ناھايىتى ئاسانلا ئېرىشىشىمىز مۇمكىن.

ئامېرىكىلىق بىر ئالىم تەپەككۇر يېتىلدۈرۈش مەشىقى ئېلىپ بارغاندا، ھەمىشە ئەزالاردىن بەش مىنۇت ۋاقىت ئىچىدىلا بىر كۇپلېت قىسقا ئەمما ناھايىتى ئەستايىدىل بولغان مۇھەببەت شېئىرى يېزىپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدىكەن، ئاندىن كېيىن بۇ شېئىرنى باشقىلارغا ئوقۇپ بېرىدىكەن. ئۇ، بىزنىڭ ئەقلىي مەسىلىگە بولغان ئىنكاسىمىزنىڭ مۇشۇ

مەسىلىنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىمىزغا ۋەكىللىك قىلالىشى ناتايىن، ھەر خىل شەكىلدىكى ۋاقتى ئۆتكەن ئۇسۇللار ۋە ئەنسىزلىكنىڭ ھەممىسى بىزگە تەسىر قىلىدۇ، دەپ قارايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئامېرىكىلىق ئالىم شېئىر يېزىشتەك بۇ ئۇسۇلنى ئىشچى، سودىگەر، ئوقۇغۇچىلار، كەسپىي ئىنژېنېرلار، دىرېكتورلار ھەمدە كارخانا باشقۇرغۇچىلارغا ھەممىشە ئىشلىتىدىكەن. بۇ كىشىلەرنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلغا بولغان ئەڭ دەسلەپكى ئىنكاسى بولسا، بەزىلىرى جىددىيلىشىپ نېمە قىلارىنى بىلمىگەن، بەزىلىرى بۇ سىناقتىن چېكىنىپ چىقىشنى ئويلاشقان. ئەمما ئۇلار شېئىر يېزىشقا باشلىغاندىن كېيىن، بۇ خىل سىناقنىڭ ئۆزلىرى تەسەۋۋۇر قىلغاندىكىدەك ئۇنچىلىك ئازابلىق ئەمەسلىكىنى بايقاشقان. ئەينى ۋاقىتتا مەكتەپ ئىچىدە دەرقەمدە تۇرۇپ شېئىر يېزىشتەك بۇ خىل ئۇسۇل تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ، تەسىرى ھېلىمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە.

شېئىر يازغان ھېلىقى ئوقۇغۇچىلارمۇ، گەرچە بۇ خىل ئۇچۇرلارنىڭ ئىچكى مەزمۇنى ئۇلارنىڭ دائىملاشقان ئادىتىنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئوخشاش بولمىغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ھېسسىياتىنى ئەركىن ھالدا ئىزھار قىلسا بولىدىغانلىقىنى بايقاشقان. ئەمما، ئۇلار شېئىردىن باشقىلار بىلەن بىرلىكتە بەھرىلەنگەن ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئازابى يەنە پەيدا بولغان. ئۇلار شېئىرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆزلىرى ئوقۇغان شېئىرىدىن رازى بولمىغانلارنى قول كۆتۈرگۈزۈپتۇ. نەتىجىدە قارىسا ھەممە ئادەم دېگۈدەك قولنى كۆتۈرۈپتۇ. ئەمما ئوقۇتقۇچى ئۇلارغا ئۆزلىرى ياخشى چىقىپتۇ دەپ قارىغان باشقىلارنىڭ شېئىرلىرىغا قارىتا باھا بېرىپ قول كۆتۈرۈشنى ئېيتقان ئىكەن، نەتىجىدە يەنىلا ھەممە ئادەم دېگۈدەك قول كۆتۈرۈپتۇ. يەنى مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرى توقۇپ چىققان شېئىرنى ناچار دەپ قارىغان، ئەمما باشقىلارنىڭ توقۇپ چىققان شېئىرلىرىنى بولسا ناھايىتى ياخشى چىقىپتۇ دەپ قارىغان.

شېئىر يېزىشتا تايىنىدىغىنىمىز لوگىكا ئەمەس بەلكى تەسەۋۋۇر بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ ئوڭ مېڭىسىنى مەشىق قىلدۇرۇشتىكى ناھايىتى ياخشى بولغان بىر خىل مەشىق. كىشىلەر ھەممىشە رېئاللىقنىڭ قولى بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار رېئاللىقتىكى بارلىق ئىشلار ئۇچۇن پايپېتەك

بولىدۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر دۇنياسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە، تەسەۋۋۇرىمىزدىكى دۇنيا ۋە رېئاللىقتىكى دۇنيا ئۆزئارا قارىمۇقارشى بولۇپ قالغان ۋاقىتتا، پەقەت سىز ھەرىكەت قىلىسىڭىزلا ئالدىنقىسى كېيىنكىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدۇ.

بىر ياش پەھلىۋانلار توغرىسىدىكى رومانلارنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، ھەمىشە رومانلاردىكى ئاشۇ خىل پەھلىۋانلاردىن بولۇپ چىقىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن، ئەمما ئۇ ئازراقمۇ گۇمپا بىلمەيدىكەن. شۇڭا ئۇ پەقەت ئاشۇ خام خىيال دۇنياسى ئىچىدىلا تۇرۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى، بىر قاراقچى ئۇنىڭ ئۆتەر يولىنى توسۇپتۇ ھەمدە ئۇنى ناھايىتى تار بولغان بىر ئېغىزغىچە قىستاپ ئاپىرىپتۇ. ئەگەر ئۇ ئەمدى قارشىلىق بىلدۈرمىسە يېنىدىكى مال ــ مۈلكى ۋە ھاياتى خەۋپكە ئۇچرايدىكەن. بۇ خەتەرلىك پەيتتە ئۇ ئۆزى ئوقۇغان ھېلىقى رومانىدىكى بىر پەھلىۋان پېرسوناژنىڭ ماھارىتىنى ئەسكە ئاپتۇ. ئۇ ئالدى بىلەن بۇ ھەرىكەتنى تەسەۋۋۇرىدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئىككى قولى بىلەن تامنى تۇتۇپ تۇرۇپ بىر ئىرغىپلا ھېلىقى قاراقچىنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ قېچىپ كېتىپتۇ. كېيىن ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئاشۇنداق قىلىشنى ئويلىيالىغانلىقى ئۈچۈنلا شۇنداق قىلالىغان ئىكەن.

ئۆزىڭىزنىڭ ھەرىكىتى ياكى تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل بولسا سىزنىڭ تەسەۋۋۇر ئىشىكىڭىزنى ئېچىشتۇر. ئۇ خۇددى بىر دانە موتورغا ئوخشاش سىزنىڭ ھەرىكىتىڭىزنى كونترول قىلىپ سىزنى سىز ئويلاپ باقمىغان ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرىدۇ. ئىجادىي ھەرىكەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ تەپەككۇر ئوبرازىنى ھاسىل قىلالايدۇ، ئاندىن كېيىن سىزگە بۇيرۇق قىلىپ سىزنى ئۆزىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلدۇرىدۇ. ھەمىشە ئادەم ئۆلتۈرۈشنى تەسەۋۋۇر قىلىدىغانلار كېيىنكى كۈنلەردە بەلكىم جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، ئەمما زۇڭتۇڭ بولۇشنى تەسەۋۋۇر قىلغانلار بەلكىم ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ كەنت باشلىقى بولالىشى مۇمكىن، بۇنىڭدا مۇھىم بولغىنى يەنىلا سىزنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىگە بويسۇنۇش ياكى بويسۇنماسلىقىڭىزدا.

ھەر كۈنى ئورنىڭىزدىن تۇرۇشتىن ئاۋۋال، ئالدى بىلەن پۇت ــ قولىڭىزنى سۇنۇپ مۇسكۇللىرىڭىزنى بوشىتىڭ، ئاندىن كېيىن سىز بۇ

بىر كۈن ئىچىدە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭىزنى خۇددى تېلېۋىزور كۆرگەندەكلا تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ، ئەگەر سىزنىڭ تەسەۋۋۇرىڭىزدا سىز ھاماقەتلەرچە ئىش قىلغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا سىز تەسەۋۋۇرىڭىزدا تاكى بۇ ئىشنى ناھايىتى ياخشى قىلغانغا قەدەر ئۇنى ئۆزگەرتىڭ. ئاخشىمى ئۇخلاشتىن بۇرۇنمۇ بۇنى بىر قېتىم ئىشلەڭ. ئالدى بىلەن تەسەۋۋۇرىڭىزدا بۈگۈن قىلغان ئىشلىرىڭىز بىلەن تەسەۋۋۇرىڭىزدا قىلغان ئىشلارنىڭ پەرقىنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى بىر قېتىم سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ، ئاندىن كېيىن ئىككىنچى كۈنى تېخىمۇ ياخشى قىلىدىغانلىقىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ، بۇ خىل مەشىقنى مانا مۇشۇنداق ھەر كۈنى تەكرار ھالدا ئىشلەپ بەرگەندە، سىز تەسەۋۋۇر كۈچىڭىزنىڭ ھاياتىڭىزنى ئۆزگەرتىۋاتقانلىقىڭىزنى بايقايسىز.

# 47. تەسەۋۋۇرلۇق تەپەككۇر

تەسەۋۋۇر بولسا ئىنسانلارنىڭ چوڭ مېڭىسىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەقىل ـ پاراسەت كانىدۇر. تەسەۋۋۇر كۈچى تەپەككۇرغا ئىجادىيەتلىك ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتەلەيدۇ. شائىرلارنىڭ نەزىرىدە ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئەقىل ـ پاراستى ئىچىدە، روھ بىلەن ئەڭ يېقىن بولغىنى دەل تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچىدۇر.

تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچى بىر خىل ئالاھىدە بولغان ئىجاد قىلىش كۈچىدۇر. تەسەۋۋۇر بولسا ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتى بىلەن ئىجادىي تەپەككۇرنى يېتىلدۈرۈش جەريانىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئىقتىداردۇر. تەسەۋۋۇر كۈچى كەمچىل بولغان ئادەم كۆپ ھاللاردا پەقەت كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەرنى كۆرىدۇ، ئەمما تەن سەزگۈسى ھېس قىلالمايدىغان ۋاقىت بوشلۇقى ياكى شەيئىلەرنى تونۇش ۋە چۈشىنىشتە كۆپ ھاللاردا توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. تەسەۋۋۇر كۈچى كەمچىل بولغاندا كەڭ تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ ماھىيىتىنى بىلىش قىيىنغا توختايدۇ.

تەسەۋۋۇر بولسا ئىنسانلارنىڭ چوڭ مېڭىسىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەقىل ـ پاراسەت كانىدۇر. تەسەۋۋۇر كۈچى تەپەككۇرغا ئىجادىيەتلىك ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتەلەيدۇ. شائىرلارنىڭ نەزىرىدە ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئەقىل ـ پاراستى ئىچىدە، روھ بىلەن ئەڭ يېقىن بولغىنى دەل تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچىدۇر.



تەپەككۇرنىڭ نېرۋا فىزىيو ـ لوگىيە ئىلمىدىن قارىغاندا، تە ـ

پەككۇر بولسا سىگنالنى چوڭ مېڭە ھۆجەيرىسىدىن يەنى، نېۋروندىن ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر. تەسەۋۋۇرلۇق تەپەككۇر بولسا ئادەم مېڭىسىنىڭ ئالاھىدە بولغان يېڭىلىق يارىتىش يوشۇرۇن ئىقتىدارى ۋە ئەۋزەل بولغان يوشۇرۇن ئىقتىدارىدۇر.

ئىنسانلارنىڭ چوڭ مېڭىسى بىلەن كومپيۇتېرنى سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ ھەم ئۆزىگە خاس ئەۋزەل بولغان تەرەپلىرىمۇ بار، ھەم كەمچىلىك تەرەپلىرىمۇ بار. چوڭ مېڭىنىڭ تەپەككۇر قىلىش سۈرئىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنى ئائىلىدە ئىشلىتىدىغان ئادەتتىكى كومپيۇتېر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ تەپەككۇر قىلىش سۈرئىتى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ. چوڭ مېڭە ھەر قېتىم سىگنال تارقاتقاندىن كېيىن، ھەربىر نېۋرون بىرنەچچە دەقىقىدىن كېيىن ئاندىن ئەسلىگە كېلەلەيدۇ. شۇڭلاشقا، ھەربىر نېۋرون بىر سېكۇنت ئىچىدە پەقەت بىرنەچچە يۈز دانىلا سىگنالنى تارقىتالايدۇ، بۇ سۈرئەت پەقەت بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر ئىشلىتىۋاتقان كومپيۇتېرنىڭ ئۆزەك سۈرئىتىنىڭ بىرنەچچە مىليوندىن بىرىگىلا تەڭ بولۇپ، ھازىرقى ھەربىر سېكۇنتلۇق ھېسابلاش سۈرئىتى بىرنەچچە مىليارد ھەتتا ئون نەچچە مىليارد بولغان كومپيۇتېرغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ ئاستا. ئەمما، مۇشۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، ئادەم مېڭىسى بەزى جەھەتلەردە يەنىلا ئەڭ تېز بولغان كومپيۇتېردىن ئېشىپ كېتىدۇ. چۈنكى چوڭ مېڭە ئوخشاش بىر ۋاقىتتىلا سانسىزلىغان نېۋروننى ئىشلىتىپ مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىدىغان بولغاچقا، ھەربىر قېتىم پەقەت بىر دانىلا نېۋروننى ئىشلەتمەيدۇ. بولۇپمۇ چوڭ مېڭىنىڭ تەسەۋۋۇرلۇق پىكىر قىلىشى ئەڭ ئىلغار بولغان كومپيۇتېردىن تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

دۆلىتىمىزدىكى داڭلىق ئەسەر بولغان «غەربكە ساياھەت» ئەپسانە ھېكايە بولۇپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە.

ئەمما «غەربكە ساياھەت» نىڭ ئاپتورى ۋۇچېڭئېن ھەرگىزمۇ ئۆزى بىۋاستە نوم ئالغىلى بېرىپ باقمىغان، ھەم ئۇنىڭ ئەرىش ئوردىسىغا چىقىپ ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنى كۆرۈش ئىقتىدارىمۇ يوق. ئۇنداقتا ئۇ قانداقسىگە بۇ كىشىلەرنىڭ غەربكە نوم ئالغىلى بېرىش جەريانىدىكى

ھەرىكەتلىرىنى شۇنچە ئەينەن تەسۋىرلەپ چىقالايدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، ئۇنىڭ ناھايىتىمۇ مول بولغان ئەدەبىي تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچى بار ئىدى.

تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچى ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئىجادىيەت ۋە يېڭىلىق يارىتىش ساھەسىدە مەۋجۇت بولىدۇ.

فىرىموس «شائىر ۋە شېئىر» دېگەن ئەسىرىدە: «چىرايلىق سۆز ـ ئىبارىلەر شېئىرنىڭ جاھازىسى بولۇپ، تەسەۋۋۇر ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىدۇر» دەپ يازغان ئىكەن.

ئەنگلىيەلىك شائىر شىللى «شائىر نىداسى» دېگەن ئەسىرىدە: «تەسەۋۋۇر بولسا قەلبكە مەدەت بېرىدىغان ئۇلۇغ مۇزىكا» دېگەن ئىكەن.

شائىر ئوردىس ۋوردمۇ: «تەسەۋۋۇر بولسا روھىي دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك بولغان پىشاڭ» دەپ قارىغان ئىكەن.

ئۇلۇغ ئالىم ئېينىشتېيىنمۇ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا: «تەسەۋۋۇر بىلىمگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم» دەپ كۆرسەتكەن ئىكەن.

18 ـ ئەسىردە كىشىلەر ئېلېكتىر ھادىسىسى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىگە قارىتا مۇكەممەل بولغان ئېنىق ئىلمىي خۇلاسە چىقارمىغان ئىدى. فىرانكلىن ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ئىجادىي ھالدا پىكىر قىلىدۇ ۋە ئېلېكتىرنى بىر خىل ئاقما جىسىمدۇر، بۇ خىل ئاقما جىسىم بارلىق جىسىملاردا بار بولىدۇ، ئۇ تىنچ ھالەتتە تۇرغان ۋاقىتتا جىسىمدا توك بولمايدۇ، ئاقما جىسىم ھەددىدىن ئارتۇق بولغان ۋاقىتتا مۇسبەت ئېلېكتىر يۈكلىنىدۇ، ھەددىدىن ئاز بولغاندا مەنپىي ئېلېكتىر يۈكلىنىدۇ؛ ئاقما جىسىم مۇقىم يۆنىلىشتە تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ خىل يۆنىلىشى ئۇنىڭ تارتىش كۈچىدە ئىپادىلىنىدۇ، تارتىش كۈچى بەك زور بولغاندا ئۇچقۇن چاقناش ياكى ئېلېكتىر تەۋرىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. فىرانكلىنىنىڭ بۇ مول تەسەۋۋۇرى ئېلېكتىر ئىلمىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئالىملار كېيىنكى كۈنلەردە، فىرانكلىن قىياس قىلغان ئېلېكتىر ئېقىمىنىڭ زەرەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل دەرىجىدىن تاشقىرى بولغان تەسەۋۋۇرى بىلەن ھازىرقى زاماندىكى ئېلېكتىر ئىلمىنىڭ پرىنسىپلىرى ئادەمنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە ماس بولۇپ چىقىدۇ.

تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچى بىر خىل ئالاھىدە بولغان ئىجاد قىلىش

كۆچىدۇر.

تەسەۋۋۇر بولسا ئىلىم - پەن تەتقىقاتى بىلەن ئىجادىي تەپەككۇرنى يېتىلدۈرۈش جەريانىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئىقتىداردۇر. تەسەۋۋۇر كۈچى كەمچىل بولغان ئادەم كۆپ ھاللاردا پەقەت كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەرنى كۆرىدۇ، ئەمما تەن سەزگۈسى ھېس قىلالمايدىغان ۋاقىت بوشلۇقى ياكى شەيئىلەرنى تونۇش ۋە چۈشىنىشتە كۆپ ھاللاردا توسالغۇغا ئۇچرايدۇ.

19 - ئەسىردىكى ئاتاقلىق خىمىيە ئالىمى ۋانىت خوف ئىلگىرى «تەسەۋۋۇر قىلىش» تەك بۇ خىل ئالاھىدە بولغان يېڭىلىق يارىتىش كۈچى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان ئالىملارغا قارىتا تەكشۈرۈش تەتقىق قىلىش ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەرلىرىنىڭ ئەڭ يۈكسەكلىكتە تەرەققىي قىلغان تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ بارلىقىنى بايقايدۇ. ئۇ ئامستېردام ئۇنىۋېرسىتېتىدا خىمىيە پروفېسسورلۇق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ۋاقىتىدىكى تۇنجى سائەتلىك دەرسىدە، تەبىئىي پەنلەر تەتقىقاتىدا، تەسەۋۋۇر قىلىش خۇددى كۆزىتىشكە ئوخشاشلا مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ئىجادچانلىق خاراكتېرىنىڭ بىر ئالىمغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا بىر ئەدەبىياتشۇناسقا ئوخشاشلا مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ھەتتا تېخىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. گېرمانىيەلىك ئاتاقلىق ماتېماتىكا ئالىمى ھىبىرت ئىلگىرى ناھايىتى قىزىقارلىق ھالدا ئۆزىنىڭ نەتىجىسى ناھايىتى ناچار بولغان بىر ئوقۇغۇچىسىنى تىلغا ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىر ئاللىبۇرۇن بىر شائىر بولغانلىقىنى، ماتېماتىكىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ ناھايىتى كەمچىل ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى. ئەنگلىيە ھازىرقى زامان ئاتاقلىق ماتېماتىكا ئالىمى بىرونفىسمۇ «تەسەۋۋۇر دۇنياسى» ناملىق نۇتقىدا: «بارلىق مەشھۇر ئالىملارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئەركىن يۈرگۈزىدۇ ھەمدە ئاشۇ تەسەۋۋۇردا كەلتۈرۈپ چىقارغان بارلىق تەلۋىلەرچە خۇلاسىلىرىگە ئىشىنىدۇ، ئەمما ئۇنى ‹توختاپ تۇر› دەپ تۇۋلاپ سالمايدۇ!...» دېگەن ئىدى.

# 48. ئىلھاملىق تەپەككۇر

ئىلھاملىق تەپەككۇر بولسا، بىلىم، ئۆچۈر قاتارلىق ئامىللارنى چوڭ مىڭىنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا تەپەككۇر قىلىپ قوزغاتقاندىن كېيىن، نىشان ئېھتىياجلىق بولغان جاۋاب ئۇچۇرىغا تېز سۈرئەتتە ئېرىشىدىغان ھەمدە يوشۇرۇن ئاڭ ئاشكارا ئاڭغا چاقماق تېزلىكىدە ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان يېڭىلىق يارىتىش تەپەككۇرىدۇر.

ئىلھامنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يېرى يۇقىرى ئۈنۈم يارىتىش، يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرى ۋە ئىجاد قىلىش خاراكتېرى جەھەتتە ناھايىتى گەۋدىلىك ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. ئىلھامنىڭ يۇقىرى ئىقتىدار، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىجادىيەت خاراكتېرلىكى، كىشىلەرنىڭ دائىم يولۇقىدىغان ئەمما ئۇزاققىچە ھەل قىلالمايدىغان قىيىن مەسىلىلەر ياكى ئۇزاققىچە ھەل قىلىنمىغان مەسىلىلەرنىڭ، ئىلھامنىڭ تۇيۇقسىز قوزغىلىشى بىلەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ھەل بولۇپ كېتىشىنى، ئادەمنىڭ پىكىر يولىنىڭ بىردىنلا ئۆتكۈرلىشىپ، كۆز ئالدى يورۇپ كەتكەندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قېلىشىنى، قانچە ئويلىسىمۇ ھەل قىلىنمىغان مەسىلىلەرنىڭ جاۋابىنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆز ئالدىدا نامايان بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ.



ئىلھاملىق تەپەككۇر بولسا، بىلىم، ئۇچۇر قاتارلىق ئامىللارنى چوڭ مىڭىنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا تەپەككۇر قىلىپ قوزغاتقاندىن كېيىن، نىشان ئېھتىياجلىق بولغان جاۋاب ئۇچۇرىغا تېز سۈرئەتتە ئېرىشىدىغان ھەمدە

يوشۇرۇن ئالغ ئاشكارا ئاڭغا چاقماق تېزلىكىدە ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان ئىجادىي تەپەككۇردۇر.

ئىلھام مۇئەييەن ئۇچۇرلارنى ۋاستىتە قىلىش ئارقىلىق قوزغىلىدۇ ۋە ئۇشتۇمتۇت پارتلاپ چىقىدىغان بولۇپ، قاتمۇقات تۇسالغۇلار ئىچىدىن تۇيۇقسىز جاۋاب ئۇچۇرىغا ئېرىشىشتە ئىپادىلىنىدۇ. ئىلھام بولسا ئىجاد قىلغۇچى يۇقىرى ھالدىكى تەپەككۇرنىڭ يۇكسەك نۇقتىسىدا تۇرغاندا، ھەتتا ئۇزاق مۇددەتلىك ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىقمۇ جاۋابقا ئېرىشەلمەي گاڭگىراش ئىچىدە تۇرغاندا پەيدا بولىدۇ. ئىلھامنىڭ يېتىپ كېلىشى ئىجاد قىلغۇچىنىڭ ئەقلىي كۈچىنى ئەڭ زور دەرىجىدە تەڭشەپ ۋە ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ، ئۇنىڭ كاللىسى تەپەككۇر دانچىلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت نۇرىنى خۇددى توك ئۆتكۈزۈلگەن ئېلېكتىر لامپىسىغا ئوخشاش ناھايىتى تېزلىكتە چاقنىتىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئىجاد قىلغۇچىنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ تەپەككۇرنى ئادەتتىن تاشقىرى ئۆتكۈر قىلىپ ئىجاد قىلىش كۈچىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ. تالانتلىقلارنىڭ ھەممىسى مانا مۇشۇ خىل قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە كەلگەن ئىلھامنى تۇتۇشقا ماھىر كېلىدۇ.

ئىلھام ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاجايىپ، ئەڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە ھەم يەنە ناھايىتى سىرلىق بولغان يۇقىرى ئىقتىدارلىق يېڭىلىق يارىتىش تەپەككۇرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ پارتلاپ چىقىشى خۇددى تەبىئەتتىكى چاقماق چاققانغا ئوخشاش تېز ۋە قىسقا بولىدۇ. شۇڭا بۇنى ئۆز ۋاقتىدا تۇتۇۋالغانلار ۋە خاتىرىلىۋالغانلارلا تەلەي ئىگىسىگە ئايلىنالايدۇ، ئەگەر ئازراقمۇ تەييارلىق بولمىغاندا، ئىلھام كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدۇ ھەمدە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يەنە قايتا پەيدا بولمايدۇ، بەزىلىرى ھەتتا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدىمۇ قايتا پەيدا بولمايدۇ.

مەسىلەن: ئاۋستىرىيەلىك ئاتاقلىق كومپوزىتور جۇھان ستىرائۇس تۇيۇقسىز كەلگەن ئىلھامنى خاتىرىلەشكە ماھىر ئادەم ئىدى. بىر قېتىم، ستىرائۇس ناھايىتى گۈزەل بىر مۇھىت ئىچىدە ئارام ئېلىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز بىر ئىلھام چاقماق تېزلىكىدە پەيدا بوپتۇ، شۇ ۋاقىتتا ئۇ قەغەز ئېلىۋالمىغان ئىكەن. ئالدىراشلىق ئىچىدە ئەقلىنى تاپقان ستىرائۇس دەرھال كۆڭلىكىنى سالىدۇ ـ دە، قەلىمى بىلەن كىيىمىنىڭ

ئۈستىگە نوتىلارنى خاتىرىلىۋالىدۇ. مانا بۇ كېيىنكى كۈنلەردە دۇنياغا تونۇلغان «گۈزەل دوناي دەرياسى» مۇزىكىسىدۇر.

ئىجاد قىلىش ئىلمىي تەتقىقاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، تەپەككۇر قابىلىيىتى نورمال بولغان بارلىق ئادەملەرنىڭ كاللىسىدا، ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا چوڭ ـ كىچىك ئىلھاملار پەيدا بولىدىكەن، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇنى تۇتۇۋېلىشقا ئالدىن تەييارلىقى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ناھايىتى زور مىقداردىكى ئىلھاملىق كۆزقاراش، ئىجادىيەت، ئەپچىل پىلان، ئوي ـ خىيال، ئىدىيە قاتارلىقلار ھەتتا ھەيران قالارلىق بايقاشلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ ئېتىبار بەرمىگەنلىكى، ئالدىن تەييارلىقى بولمىغانلىقى، ئۇنى تۇتۇۋېلىشقا ۋە خاتىرىلەشكە ئۈلگۈرەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولۇپ كېتىدىكەن. ماتېماتىكا تەرەققىيات تارىخىدىكى ئاتاقلىق فىرمانتىس چوڭ تېئورېمىسى دەل مۇشۇنداق بولغان ئىكەن.

1621 ـ يىلى داڭلىق ماتېماتىكا ئالىمى فىرمانتىس تۇيۇقسىز ئىلھامغا كېلىپ، ناھايىتى ئاددىي، ئەمما يېشىمى بولغان مۇنداق بىر ماتېماتىكا تېئورېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

پۈتۈن سان2< n بولغان ۋاقىتتا، تەڭلىمە:

«x+y=z»نىڭ پۈتۈن سان يېشىمى بولمايدۇ.

يەنى بۇ دېگەنلىك، x,y,z لىك يۇقىرىقى تەڭلىمىنى قانائەتلەندۇرگىدەك بىر گۇرۇپپا پۈتۈن سان بولمايدۇ. فىرمانتىس بۇ تېئورېمىنى كىتابنىڭ بىر ۋارىقىنىڭ ئاستىغا يېزىۋالىدۇ ھەمدە پەخىرلەنگەن ھالدا: «مەن بۇ ھۆكۈمنى ئىسپاتلايدىغان ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئىسپاتقا ئېرىشتىم، ئەمما بۇ كىتابنىڭ ۋارىقى بەك تار ئىكەن، مېنىڭ ئۇ ئىسپاتلاشنى يېزىشىمغا يەتمەيدىكەن» دەيدۇ.

فىرمانتىس بۇ ئىشنى تاشلاپ قويىدۇ. ئەمما كېيىن ھەرقانچە ئويلىسىمۇ بۇ ئىلھام كاللىسىغا كەلمەيدۇ، نەتىجىدە300 نەچچە يىلغىچە كىشىلەر مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ئۆتىدۇ، تاكى1994 ـ يىلىغا كەلگەندە، يەنى فىرمانتىس ئالەمدىن ئۆتۈپ300 نەچچە يىلدىن كېيىنلا ئاندىن ئەنگلىيەلىك ئالىم ۋېيلىس فىرمانتىسنىڭ بۇ تېئورېمىسىنى ئىسپاتلاپ چىقىدۇ. بىر قېتىملىق ئىلھامنى كەتكۈزۈۋەتكەنلىكتىن بۇ ئىسپاتلاش300 يىل كېچىكىپ كېتىدۇ. مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كەلگەن ئىلھامنى ئۆز ۋاقتىدا

تۇتۇۋېلىش بەكمۇ مۇھىم.

ئىلھامنىڭ پەيدا بولۇشى تۇيۇقسىز، تېز سۈرئەتتە بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى تۇتۇۋېلىشمۇ ئاسان ئەمەس بولۇپ، ئۇنى تۇتالايدىغانلارمۇ ھەر ۋاقىت تەييارلىق ھالىتىدە تۇرىدىغانلاردۇر، پەقەت ئالدىن تەييارلىق بولغان كاللا ۋە كەلگەن ئىلھامنى تېز سۈرئەتتە خاتىرىلەشتەك تەييارلىق بولغاندىلا ئاندىن ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا تۇتۇۋالغىلى ۋە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ئىش قوشقىلى بولىدۇ. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ۋاقىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈدەك زور كەشپىياتلارغا ۋە بايقاشقا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئىجادىي تەپەككۇرنى يېتىلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭدىكى ئەڭ زور ئىسراپچىلىق بولسا ئىلھاملىق تەپەككۇردىن ئىبارەت يېڭىلىق يارىتىش مەنبەسىنى ئىسراپ قىلىۋېتىشتۇر. چۈنكى ئۇنى تۇتۇۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان ئۇلۇغ ئىدىيەلەر مۇجەسسەملەنگەن ئاشۇ خىل ئىلھاملار كىشىلەرنىڭ دىققەت قىلمىغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ يىراقلارغا قېچىپ ئىز - دېرەكسىز غايىب بولىدۇ. شۇڭلاشقا، تۇيۇقسىز كەلگەن ئىلھامنى تۇتۇۋېلىشقا ماھىر بولۇش بولسا ئىجادىي تەپەككۇردىكى بىر تۈرلۈك ئاساسلىق ساپا ۋە ماھارەتتۇر.

ئىلھامنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئۇ يۇقىرى ئۈنۈم يارىتىش، يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرى ۋە ئىجاد قىلىش خاراكتېرىدە ناھايىتى گەۋدىلىك ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. ئىلھامنىڭ يۇقىرى ئىقتىدار، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىجادىيەت خاراكتېرلىكى، كىشىلەرنىڭ دائىم يولۇقىدىغان ئەمما ئۇزاققىچە ھەل قىلالمايدىغان قىيىن مەسىلىلەر ياكى ئۇزاققىچە ھەل قىلىنمىغان مەسىلىلەرنىڭ، ئىلھامنىڭ تۇيۇقسىز قوزغىلىشى بىلەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ھەل بولۇپ كېتىشىنى، ئادەمنىڭ پىكىر يولىنىڭ بىردىنلا ئۆتكۈرلىشىپ، كۆز ئالدى يورۇپ كەتكەندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قېلىشىنى، ھېلىقى قانچە ئويلىسىمۇ ھەل قىلىنمىغان مەسىلىلەرنىڭ جاۋابىنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆز ئالدىدا نامايان بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ئىلھامنىڭ پەيدا بولۇشى ھەم كىشىلەرنى ھاياجانلاندۇرىدۇ ھەم كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدۇ. چۈنكى ئىلھام تەمىن ئەتكەن جاۋابلار كۆپ ھاللاردا كىشىلەر ئۇزاق ۋاقىت ئويلىنىش ئارقىلىقمۇ

جاۋابىنى تاپالمىغان مەسىلىلەر بولۇپ، بەزىلىرىگە ھەتتا ئون نەچچە يىل بولغان بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق مەسىلىلەرنىڭ جاۋابى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە پەيدا بولىدىغان بولۇپ، يوشۇرۇن ئاڭ بىلىم ۋە ئۇچۇر قاتارلىق ماتېرىياللارنى قوزغىتىش جەريانىدا، ئۇزاق ۋاقىتقىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تەپەككۇر ئېنېرگىيەسى ئەڭ ئاخىرى ھەر خىل تەپەككۇر توسالغۇسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ «ئىلھام يانار تېغى» شەكلىدە پارتلاپ چىقىدۇ، ئىلھام يانار تېغى پارتلىغان ۋاقىتتا كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنىڭغا روھنى جانلاندۇرۇش، كەيپىياتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىرگە ھەمراھ بولىدىغان بولۇپ، ئۇ كىشىلەرگە يېڭىلىق يارىتىش مۇۋەپپەقىيىتىدىكى ئەڭ زور خۇشاللىقنى ئاتا قىلىدۇ.

ئىلھامنىڭ قىسقا ۋاقىتتا پارتلاپ چىقىشى بولسا ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق ئىزدىنىش، ئۇزاق مۇددەتلىك ئويلىنىپ مۇلاھىزە قىلىشنى ئاساس قىلغان بولىدۇ. ئىلھامنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىدىن قارىغاندا، ئىلھامنىڭ شەكىللىنىشى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئادەمگە قاراپ پەرقلىق بولۇپ، ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ئوخشاش بولماسلىقتەك بىر يوشۇرۇن دەۋرى بولىدۇ. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ چاقماق تېزلىكىدە ھېس قىلىشتىكى ئىلھامنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشىنى بەلگە قىلىدۇ. يەنى: بىر مەسىلىنى ھەرقانچە ئويلاپ تېگىگە يېتەلمىگەن، كېيىن تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ بىر خىل ئەپچىل جاۋابى ياكى ھەل قىلىش ئۇسۇلى پەيدا بولىدۇ. ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتساق، قىيىن مەسىلىنى ئويلىنىشتىن تارتىپ چاقماق تېزلىكىدىكى ئويغىنىشقىچە بولغان ئارىلىقتا، ئاشكارا ئاڭ «پىكىر قىلىش» ۋە «پىكىر قىلىش ئۈزۈلۈپ قېلىش» تەك ئىككى باسقۇچنى باشتىن كەچۈرىدىغان بولۇپ، لوگىكىلىق پىكىر قىلىشنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى ئەمەلىيەتتە بولسا پەقەت ئاشكارا ئاڭ تەپەككۇرنىڭ «ئۇخلاپ قېلىشى» بولۇپ، ئەمەلىيەتتە يوشۇرۇن ئاڭ تەپەككۇرى يەنىلا ئاستىرتتىن خىزمەت قىلىۋاتقان بولىدۇ. بۇ خىل يوشۇرۇن ئاڭ تەپەككۇرىدا ئىلھام پەيدا بولۇشنىڭ ۋاقىت باسقۇچى بىرنەچچە كۈن، بىرنەچچە ئاي، ھەتتا بىرنەچچە يىلغىچە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن بولىدۇ.

ئىلگىرى بىر مۇخبىر مېندېلېيېۋدىن: «سىز قانداقلارچە ئېلېمېنتلار دەۋرىيلىك قانۇنىنى بايقىدىڭىز؟» دەپ سورىغان ۋاقىتتا، ئۇ جاۋابەن: «مەن بۇ مەسىلىنى مۇلاھىزە قىلىۋاتقىلى تەخمىنەن 20 نەچچە

يىل بولغان، ئەمما سىز بۇنى ناھايىتى ئاسانلا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى دەپ قاراۋاتىسىز، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس!» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن.

مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىلھامنىڭ قىسقا ۋاقىتتا پارتلاپ چىقىشى بولسا ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق ئىزدىنىش، ئۇزاق مۇددەتلىك ئويلىنىپ مۇلاھىزە قىلىشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، بىۋاستە سېزىمنىڭ دەرھاللىق خاراكتېرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يوشۇرۇن تىپتىكى ئىلھام ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن ئاندىن يۈز بېرىدۇ. يوشۇرۇن دەۋرى ئۇزۇن بولغان ئىلھام ھەمىشە ھەر ۋاقىت تۇتۇۋېلىنىشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ؛ يوشۇرۇن دەۋرى قىسقا بولغان ئىلھام، يەنى يېقىنلىق يارىتىش ئىلھامىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پەيدا بولۇش مۇمكىنچىلىكى بىر قەدەر زور بولىدىغان بولۇپ، ئۇنى تۇتۇۋېلىشقا تېخىمۇ پۇختا تەييارلىق قىلىش كېرەك.

ئىلھام تەپەككۇرى قىسقا ۋاقىتلىق خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. ئىلھامنىڭ قىسقا ۋاقىتلىق خاراكتېرلىكى بولسا ئۇنىڭ پەيدا بولۇشتىكى داۋاملىشىش ۋاقتىنىڭ ئىنتايىن قىسقىلىقىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇ خۇددى تەپەككۇر دۇنياسىدىكى چاقماقتا ئوخشايدۇ. ئۇ نۇر كەبى تېز بولۇپ، توسقۇنسىز كېلىپ، توسقۇنسىزلا كېتىپ قالىدۇ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلا غايىب بولىدۇ. ئىلھامنىڭ پارتلاپ چىقىشى بىلەن ئادەمنىڭ كەيپىياتى ۋە روھىي ھالىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىلھامنىڭ پارتلاپ چىقىشى كەيپىيات ۋە باشقا ئىشلارنىڭ دەخلى قىلىشىغا ئۇچرىغاندا، ئۇ بەلكىم ھەر ۋاقىت يوقىلىپ ئۈزۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن، ھەمدە ئىلھام يوقىلىپ ئۈزۈلۈپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قايتىدىن پەيدا بولمىقى ناھايىتى تەس بولىدۇ ھەم ئۇنى ئىزدەپ تېپىشمۇ تەسكە توختايدۇ. شۇڭلاشقا، ئىلھام پەيدا بولغان ۋاقىتتا ئەگەر ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا تۇتۇۋالمىغاندا، ئۇ خۇددى يۇزىمىزنى سىيپاپ ئۆتكەن شامالغا ئوخشاشلا ھەش - پەش دېگۈچە غايىب بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.

ئىلھامنى تۇتۇۋېلىشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇل بولسا، ئالدىن ھەر خىل مېخانىكىلىق شەكىلدىكى تېز سۈرئەتتە خاتىرىلەش تەييارلىقىنى ياخشى قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئالىم بېۋرىدگىنىڭ قارىشىچە، ھەر ۋاقىت قەلەم ۋە قەغەز ئېلىپ يۈرۈشلا «ئىلھامنى تۇتۇۋېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى» ئىكەن.

ئامېرىكىلىق ئاتاقلىق پسىخولوگىيە ئالىمى كەننون مۇنداق دېگەن ئىكەن: «مەن قەلەم ۋە دەپتەرنى يېنىمدا ئېلىۋېلىش ئارقىلىق ھەر ۋاقىت يۈز بېرىدىغان ئىدىيەلەرنى خاتىرىلىۋېلىپ ئۇنى ئۇنتۇپ قېلىشتىن ساقلىنىمەن.»

مۇشۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىلھامنى تۇتۇۋالماقچى بولساق، ئىلھامنى خاتىرىلەشكە ماھىر بولغان تېز خاتىرىلىگۈچى بولۇشىمىز كېرەك.

گېرمانىيەلىك ئالىم كىكۇلى مۇگدەپ قېلىپ ئاتوملارنىڭ يىلان شەكىللىك سەپ تۈزۈپ كۆز ئالدىدا ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. تۇيۇقسىز بىر يىلان ئۆزىنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەپ ھالقا شەكىلگە كەپتۇ، ئۇ بۇنى كۆرۈپ دەرھال بېنزول مولېكۇلىسىنىڭ ئالتە بۇلۇڭلۇق شەكلىنى ئەسكە ئاپتۇ ھەمدە ئەڭ تېز سۈرئەتتە بۇنى خاتىرىلىۋالغاندىن كېيىن تېز سۈرئەتتە تەتقىق قىلىپ ئىسپاتلاپ چىقىپتۇ ـ دە، بېنزول مولېكۇلىسىنىڭ ھالقىسىمان شەكىلدە بولىدىغانلىقىدەك قىياسنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. ئەگەر ئۇ ئۇيقۇسىنى تولۇق ئۇخلاپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بۇ ئىلھامنى ئەسلىگەن بولسا بۇ خىل قىممەتلىك ئىجادىيەتلىك ئىلھامنى ئۇنتۇپ قالغان بولاتتى. ئىلھامنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشچانلىقى، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۈز بېرىشچانلىقى، كەشپىياتچىلاردىن ئىلھامنى تېز سۈرئەتتە خاتىرىلىۋالغۇچى بولۇشنى، ئىلھامنى ھەر ۋاقىت خاتىرىلىۋېلىش ئىستىلىنى يېتىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىلھام بىلەن ئادەمنىڭ بىۋاستە سېزىمى زىچ ئايرىلماس مۇناسىۋەتكە ئىگە، بىۋاستە سېزىم بولسا ئادەمنىڭ ئالدىن بىلىش ئىقتىدارى بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ. ناھايىتى كۆپ ئادەملەر ئەمەلىيەتتە بىۋاستە سېزىمگە ئاساسەن ئىش بېجىرىدۇ. ئادەم ھەرقانداق ۋاقىتتا ئالدىن سېزەلەيدۇ، ئەمما ھەمىشە بۇنىڭغا سەل قارايدۇ ۋە ياكى ئۇنى كارغا كەلمەيدۇ دەپ قاراپ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ.

كۆپ قىسىم ئىجادىي تەپەككۇر قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىۋاستە سېزىمنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىدۇ. ئۇلار ئالدى بىلەن بەزى روشەن ھالدىكى كېرەكسىز بولغان ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىۋەتكەندىن كېيىن،

زىددىيەت بار بولغان تەرەپكە يۈزلىنىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە سېزىمىگە ئاساسەن خۇلاسە چىقىرىدۇ. قارىماققا تاللاش بىر قەدەر سىرلىقتەك قىلاتتى، ئەمەلىيەتتە بۇ دەل بىۋاسىتە سېزىمنىڭ ئىجاد قىلىش كۈچىدىكى ئەڭ تەسىر كۆرسىتىدىغان ۋاقتىدۇر.

بىۋاسىتە سېزىمگە بىر قەدەر مول بولغان كاللىنىڭ تۆۋەندىكىدەك توققۇز خىل ئالاھىدىلىكى بولىدۇ:

(1) دەرىجىدىن تاشقىرى ئىندۇكسىيە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ؛

(2) ئىلگىرى مەلۇم ئىشقا يولۇقۇشتىن بۇرۇن ئالدىن ھېس قىلغانلىقىدەك تەجرىبىسى بولغان بولىدۇ؛

(3) زور مەسىلىلەرگە يولۇققاندا قەلبىدە كۈچلۈك ھاياجانلىنىش بولىدۇ؛

(4) قىلغان بارلىق ئىشلىرىنى سېزىمگە تايىنىپ قىلغان بولىدۇ؛

(5) باشقىلار مەسىلىنى بايقاشتىن بۇرۇنلا مەسىلىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ؛

(6) پىسخىكىلىق تەسىرلەنگەندەك بىرەر ئىش بولغان بولىدۇ؛

(7) چۈشىدە مەسىلىنىڭ ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى كۆرگەن بولىدۇ؛

(8) باشقىلار مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىغان ئىشلارنى ھەمىشە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تاماملىيالايدۇ؛

(9) كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى مەلۇم خىل كۆزقاراشنى قوللىغان ۋاقىتتا، ئۇ ھەمىشە قارشى پىكىردە بولىدىغان، ئەمما ئۆزىنىڭ نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان ئادەم دەل بىۋاسىتە سېزىمگە ئىشىنىدىغان ئادەمدۇر.

خىمىيە ئالىمى گوت بولسا بىۋاسىتە سېزىمى ناھايىتى كۈچلۈك ئادەم ئىدى. بىر كۈنى، ئۇ تەجرىبىخانىسىدا ئادەتتىكىگە ئوخشاش تىرىشىپ تەجرىبە ئېلىپ بېرىۋاتاتتى، ئېھتىياتسىزلا تەجرىبىدە ئىشلىتىلىدىغان كاۋچۇكنى ئۇستەل ئاستىدىكى باشقا ئىشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان گۈڭگۈرتنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈۋېتىدۇ. ئۇ ناھايىتى ئەپسۇسلانغان ھالدا: «سىڭدۈرگەن بارلىق ئەجىرلىرىمنىڭ ھەممىسى يوق بولدى» دەپ ئاھ ئۇرىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن غودۇرىغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن كاۋچۇكقا يېپىشىپ قالغان گۈڭگۈرتنى تازىلايدۇ. ئەمما گۈڭگۈرت ئاللىبۇرۇنلا كاۋچۇكنىڭ ئىچىگە كىرىپ بولغان بولۇپ، ئۇنى

چىقارماق ناھايىتى تەسكە توختايدۇ. ئۇ ئۆزىنى تاشلىۋەتمەكچى بولىدۇ، ئەمما شۇنچە تەستە ئېرىشكەن نەرسىنى تاشلىۋەتكۈسى كەلمەيدۇ ۋە ئۇستەلنىڭ بىر چېتىگە تاشلاپ قويىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۈستەل يېنىدىكى مەشىنىڭ ئوتى ناھايىتى يالقۇنلاپ كۆيۈۋاتاتتى. ئۇ بۈگۈن قىلغان ئىشلىرىنىڭ بىكارغا كەتكەنلىكىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئۆزىنى تۆكۈۋەتمەكچى بولىدۇ، ئەمما ئۇ ئۈستەل ئۈستىدىكى كاۋچۇكنى مەقسەتسىزلا سىيلاپ باققان ئىكەن، ئۇنىڭ باشقىچە تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ. كاۋچۇك تۇيۇقسىزلا ناھايىتى ئەۋرىشىم بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ بىۋاسىتە سېزىمى ئۇنىڭغا بۇ ئىشنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سەل سەگەكلىشىپ قالىدۇ ۋە ئىككى قولى بىلەن كاۋچۇكنى ئىككى تەرەپكە تارتىپ سوزۇپ باقىدۇ. كاۋچۇكنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ھالدىكى ئەۋرىشىمچانلىقى ئۇنى ناھايىتى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇ كاۋچۇكنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ ئىككى تەرەپكە تارتقان بولسىمۇ ئەمما كاۋچۇك ئۈزۈلۈپ كەتمەيدۇ، ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا كاۋچۇكنى بۇنداق تارتقاندا خۇددى شاكىلاتنى ئۈزگەندەك ئۈزۈۋەتكىلى بولاتتى. نەتىجىدە، ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان بىر خىل دەرىجىدىن تاشقىرى ئەۋرىشىم بولغان كاۋچۇك مانا مۇشۇنداق مەيدانغا كېلىدۇ.

مۇتەپەككۇر رۇسسېل ئىلگىرى مۇنداق دېگەن ئىدى: «پۇرسەت ھەمىشە ئاشۇ خىل تەييارلىقى بولغان كاللىغىلا يۈگۈرەيدۇ». ئىلىم ـ پەن تارىخىدا، بەزى تاساددىپىي ئىشلار يۈز بېرىپ بەزى زور بايقاشلارغا ئېرىشىشكە تۈرتكە بولغان. بىزنىڭ بۇلارنى بىلىشىمىزنىڭ ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىدا ئاز ـ تولا پايدىلىنىش قىممىتى بولۇپ، بۇ يەردە ئېھتىياجلىق بولغىنى دەل ئىلھامدۇر.

ئىلمىي تەتقىقاتلاردا بايقىلىشىچە، ئادەم مېڭىسى ھەر مىنۇتتا تەخمىنەن 60 مىليون دانە ئۇچۇرنى قوبۇل قىلالايدىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 24 مىليونى كۆرۈش سېزىمىدىن كېلىدىكەن، 3مىليون دانىسى تېگىشىش سېزىمىدىن كېلىدىكەن، 6 مىليون دانىسى ئاڭلاش، پۇراش، تېتىش سېزىمىدىن كېلىدىكەن. خېلى كۆپ ئالىملارنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇنداق بىر ئورتاق تەسىراتى بولۇپ، ئۇخلاشتىن بۇرۇن ياكى يېڭى ئويغانغان ۋاقىتتا ئىلھام ناھايىتى ئاسان پەيدا بولىدىكەن. چۈنكى

قاپقاراڭغۇ كېچىدە كۆزنى يۇمۇپ پىكىر يۈرگۈزگەنلىكىمىز ئۈچۈن، كۆرۈش سېزىمى ئارقىلىق چوڭ مېڭىگە يەتكۈزۈلىدىغان ئۇچۇرلار ئاساسەن دېگۈدەك چوڭ مېڭىنى غىدىقلىيالمايدىغان بولۇپ، كارىۋات ئۈستىدە جىم ياتقاندا، تېگىشىش سېزىمىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ تەپەككۇرغا تەسىر قىلىشىمۇ ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشىدىكەن، بۇ چوڭ مېڭە تەپەككۇرنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى ئەڭ چوڭ چەكتە جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپ، مۇئەييەن مەسىلە توغرىسىدىكى مۇلاھىزىدە ئەڭ ئاسانلا بۆسۈش هاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر بۇ ۋاقىتتا تاسادىپىي ياكى ئالاھىدە ئامىللارنىڭ غىدىقلىشىغا ئۇچرايدىغان بولسا، ئۇ هالدا چوڭ مېڭىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى دەرىجىدىن تاشقىرى هالدا جارى قىلدۇرۇلىدۇ يەنى، «ئىلھام» غا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، ئادەم ياتقان ۋاقىتتا، چوڭ مېڭىگە تەمىنلىنىدىغان قاندا روشەن ياخشىلىنىش بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ هەم يەنە چوڭ مېڭىگە ئەڭ ياخشى هالدىكى ئاسراش كاپالىتى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئەگەر ئۇخلاپ ئويغانغاندا، چوڭ مېڭە بىر مەزگىللىك ئارام ئېلىشتىن كېيىن تولۇپ تاشقان هالەتكە كىرىدۇ، بۇلارمۇ ئىلھام ئۇچقۇنلىرىنىڭ كېچىدە پارتلاپ چىقىشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. مېڭە تەتقىقات مۇتەخەسسىسلىرى ئېلېكترونېيىنسېفالوگراممىسى ئارقىلىق شۇنى بايقايدۇ، كۆپ سانلىق مېڭە هۈجەيرىلىرىنىڭ هەرىكىتى كېچىدە ماس قەدەملىك هالەتكە ئۆتىدىغان بولۇپ، بۇمۇ چوڭ مېڭىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى ئەڭ زور چەكتە جارى قىلدۇرۇشىغا ياخشى شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىدۇ.

سىنغا ئېلىش تېخنىكىسىنى فىرانسىيە فىزىكا ئالىمى داگۇر ئىجاد قىلغان بولۇپ، ئىلگىرى كىشىلەر ئوپتىكا ئىلمىنىڭ پىرىنسىپىغا ئاساسەن سىنغا ئېلىش ئۇسۇلىنى بىلىپ بولغان بولسىمۇ ئەمما تەسۋىرنى مۇقىملاشتۇرالمىغان ئىدى. داگۇرمۇ مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىزچىل هالدا ئويلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇ نۇرغۇنلىغان خىمىيەلىك ۋە فىزىكىلىق ئۇسۇللارنى سىناپ باققان بولسىمۇ هېچقايسىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمايدۇ.1938 ـ يىلىنىڭ بىر كۈنى ئاخشىمى، ئۇ تاسادىپىي هالدىلا بىر تەسۋىرنىڭ پىليونكىدا قېپقالغىنىنى بايقايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خىمىيەلىك بۇيۇملارنى يۆتكىۋېتىپ زادى قايسى نەرسىنىڭ بۇ خىل هادىسىنى پەيدا قىلغانلىقىغا قاراپ باقماقچى بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرى

ئۇ بۇنىڭ سىمابنىڭ تۆھپىسى ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئالدىنقى كۈنى ئۇ مەقسەتسىزلا بىر دانە تېرمومېتىرنى چېقىپ سالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بىر قىسىم سىمابلار پىلىۋنكىغا ئېقىپ چۈشۈپ تەسۋىر مۇقىملاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان ئىكەن. سىنغا ئېلىش تېخنىكىسى مانا مۇشۇنداق قىلىپ مەيدانغا كېلىدۇ. نۆۋەتتىكى سىنغا ئېلىش تېخنىكىسىدا گەرچە سىمابنى تەسۋىر مۇقىملاشتۇرغۇچ ئورنىدا ئىشلەتمەيدىغان بولسىمۇ، ئەمما خىمىيەلىك ئۇسۇل بىلەن تەسۋىر مۇقىملاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى داگۇر كەشىپ قىلغان ئىدى.

بىر تەپەككۇر مەشقى قىلدۇرغۇچى كۆرسەتمە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ، ھېكايە يازغاندا يېڭى ئىلھامنى قوزغاتقىلى بولىدۇ. مەسىلىگە ئاز ـ تولا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاددىي ھېكايە يېزىش ئارقىلىق، بەزى يېڭىچە ئۇسۇللارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇ ئۇسۇللارغا قارىتا تەتقىق ۋە تەھلىل قىلىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ.

بۇنىڭ كونكرېت قەدەم ـ باسقۇچلىرى مۇنداق بولىدۇ:

(1) مەسىلىنى ئاساس قىلىپ تۈرۈپ بىر ھېكايە توقۇپ چىقىلىدۇ. ھېكايىنىڭ ئۇزۇنلۇقى1000 خەت ئەتراپىدا بولسا بولىدۇ. ھېكايە توقۇپ چىققان ۋاقىتتا، مەسىلىنى بىۋاسىتە ھالدىلا ھېكايە ئىچىگە كىرگۈزۈشتىن ساقلىنىش كېرەك، ئەكسىچە ھېكايە ئىمكانقەدەر تەسەۋۋۇرلۇق رەڭدارلىققا تولغان بولۇشى كېرەك؛

(2) ئاندىن كېيىن ھېكايە ۋەقەلىكىنى ئىنچىكە ھالدا تەكشۈرۈش ھەمدە، ئاساسلىق پرىنسىپ، ھەرىكەت، خاراكتېر، ھادىسە، ئاساسىي تېما، ئىپادىلەش ھەمدە ماددىي ئامىل قاتارلىقلارنى تىزىپ چىقىش كېرەك؛

(3) مۇشۇ ماتېرىياللارنى ئاساس قىلغان ھالدا مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تەسەۋۋۇر قىلىش كېرەك. ھېكايىنى بىر پارچە ئېلىپىس شەكىللىك جەدۋەلنىڭ ئىچىگە يېزىۋېلىشقىمۇ بولىدۇ. كونكرېت ئۇسۇلى بولسا كىچىك گۇرۇپپىدىكى ھەربىر ئەزا تەرتىپ بويىچە بىر جۈملىدىن قوشۇپ ماڭىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قوللىنىشقا بولىدىغان يەنە بىر خىل شەكىل بولسا بىر ئادەمنى مۇستەقىل ھالدا ھېكايە توقۇپ چىقارغۇزۇش، ئاندىن كېيىن ئۇنى بۇ ھېكايىنى باشتىن ـ ئاخىرغىچە چۈشەندۈرگۈزۈش

كېرەك. بۇ جەريان گۇرۇپپىنى بىرلىك قىلىپ تاماملانسىمۇ بولىدۇ.

بۇ خىل ئۇسۇل ناھايىتى مول بولغان ئىدىيە بايلىق مەنبەسىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا بۇ خىل غىدىقلاشلارنىڭ كۆپىنچىسى خېلى مۇكەممەل بولغان مۇناسىۋەتسىز ئۇچۇرلار بولۇپ، بۇنداق بولغاندا ئۆزگىچە بولغان ئۇسۇللارنى ئەڭ ئاسان قوزغىتىپ چىقىشقا بولىدۇ. يەنە كېلىپ بۇنداق قىلغاندا تېخىمۇ دائىملاشقان تېخنىكىنى ئىشلەتكەن ۋاقىتتا ئوخشىلا سەل قارىلىپ قالىدىغان ئىجادىي كۆزقاراشلار ۋە بايقاشلارنى ئىشلىتىشكە پايدىلىق بولىدۇ.

يەنە بەزى تەپەككۇرشۇناسلار مۇنداق قارايدۇ، «نېلۇپەر گۈلىنى ئېچىلدۇرۇش ئۇسۇلى» مۇ مېڭىدىكى ئىلھاملارنى قوزغىتالايدۇ. بۇ خىل تەپەككۇر قىلىش تېخنىكىسىنى ياپونىيەلىك كەشىپ قىلغان ئىدى. ئۇ «يادرولۇق ئىدىيە» نى باش تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ، بۇ خىل ئىدىيەنى كۆزقاراشنى كېڭەيتىدىغان ئاساس قىلغان. مۇشۇ تەرىقىسىدە كېڭەيتكەندە، ئەتراپىدىكى ئۇنى مەركەز قىلىدىغان ئىدىيە كۆزنەكلىرىگە ياكى ئىدىيە گۈللىرىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. مەركەزلىك، يادرولۇق كۆز قاراشلار سەككىز رامكىلىق دېرىزە تەرىپىدىن ئورىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر رامكا يەنە باشقا بىر گۇرۇپپىدىكى سەككىز رامكىنىڭ يادروسىغا ئايلىنىدۇ.

(1) ئىككى ياكى ئىككى خىلدىن كۆپ بولغان ئوبيېكتلار ئارىسىدىكى ئورتاق بولغان خاراكتېرنى ئىمكانقەدەر كۆپرەك تېپىپ چىقىش كېرەك. ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تۇر نىسبەتەندىكى ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئوبيېكت ئارىسىدىكى ئورتاقلىق قانچە كۆپ بولغانسېرى، كەلتۇرۇپ چىقىرىلغان خۇلاسىنىڭ ئىشەنچلىكلىكى شۇنچە زور بولىدۇ.

مەسىلەن: ئامېرىكىلىقلار كالىفورنىيە ئىشتاتى بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى جېجياڭ ئۆلكىسىدە چىقىدىغان سىترۇس ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئورغۇنلىغان ئوخشاشلىقلىرى بارلىقىنى بايقايدۇ يەنى، ئۇلارنىڭ تېمپېراتۇرا، نەملىك، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى، يەر شەكلى، تۇپراق ۋە سۇ قاتارلىق ئامىللار ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كالىفورنىيە ئىشتاتىدىمۇ سىترۇس ئۆسۈملۈكلىرىنى ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدۇ دەپ خۇلاسە چىقىرىلغان. دەرۋەقە ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنى يۆتكەش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان.

(2) تۈر نىسبىتىدىكى ئورتاقلىق چوقۇم ماھىيەتلىك خاسلىق بولۇشى كېرەك. ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق تۈر نىسبىتىدىكى ئورتاق خاسلىق ماھىيەتلىك خاسلىقتا قانچە يېقىن بولغانسېرى، ئۇنىڭدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلىدىغان خۇلاسىنىڭ ئىشەنچلىكلىك دەرىجىسىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. چۈنكى ماھىيەت بولسا ئوبيېكتنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئۇ ئوبيېكتنىڭ تۈپ خاسلىقىدۇر. ئۇ، مۇقەررەرلىك، قانۇنىيەتلىك بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ ئوبيېكتنىڭ باشقا خاسلىقىنى بەلگىلەيدۇ ياكى بېكىتىدۇ. شۇڭا ماھىيەتلىك خاسلىقىدىن چىقىرىلغان خۇلاسە بىر قەدەر ئىشەنچلىك بولىدۇ.

مەسىلەن: گېرمانىيەلىك جانلىقشۇناس سىچېۋان جانلىقلار بىلەن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئورگانىزمىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوخشاشلىقىنىڭ ماھىيەتلىك بولىدىغانلىقىنى بايقىغان بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى كۆپ بولغان ئورتاق ماھىيەتلىك خاسلىققا ئىگە ئىكەن. يەنى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۈجەيرىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. ئۇ گېرمانىيە ئۆسۈملۈكشۇناسلىق ئالىمى سىچىلىيدىنىنىڭ ئۆسۈملۈكلەر ھۈجەيرىسىدىن ھۈجەيرە يادروسىنى بايقىغانلىقىغا ئاساسەن، جانلىقلارنىڭ ھۈجەيرىسىدىمۇ ھۈجەيرە يادروسى بارلىقىغا ھۆكۈم قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا دەرۋەقە ئۇنىڭ ھۆكۈمىنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلىنىپ چىقىدۇ.

(3) تۈر نىسبىتىدىكى ئوبيېكتلارنىڭ ئورتاق خاسلىقى بىلەن ئوخشىتىلغان خاسلىق ئارىسىدا ماھىيەتلىك ۋە مۇقەررەرلىك باغلىنىشى بولغان بولىدۇ. ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتساق، تۈر نىسبىتىدىكى ئوبيېكتلارنىڭ ئورتاق خاسلىقى بىلەن ئوخشىتىلغان خاسلىق ئارىسىدا ماھىيەتلىك ۋە مۇقەررەرلىك باغلىنىشى بولغاندا، كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان خۇلاسىنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىمۇ بىر قەدەر يۇقىرى بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا خۇلاسىنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى تۆۋەن بولىدۇ.

مەسىلەن: جانلىقلارنىڭ پىسخىكىلىق ئەقلىي پائالىيىتى ئۇنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ تەرەققىي قىلىش دەرىجىسى بىلەن ماھىيەتلىك ۋە مۇقەررەر ھالدىكى باغلىنىشى بولىدۇ. ئومۇمەن چوڭ مېڭىسى تەرەققىي قىلغان جانلىقلار بولىدىكەن، ئۇنىڭدا چوقۇم مۇرەككەپ بولغان پىسخىكىلىق پائالىيەت ۋە ئەپلىك بولغان ئەقلىي پائالىيەت بولىدۇ. ئادەمسىمان

مايمۇننىڭ چوڭ مېڭىسى تەرەققىي قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇتلەق ئېغىرلىقىمۇ چوڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بەدەن ئېغىرلىق نىسبىتىدىكى نىسپىي ئېغىرلىقىمۇ چوڭ بولىدۇ. شۇڭا ئادەمسىمان مايمۇننىڭ مۇرەككەپ بولغان پىسخىكا ۋە ئەپلىك بولغان ئەقلى بولىدۇ. نۆۋەتتە دېڭىزدا ياشايدىغان دېلفىننىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭمۇ ئادەمسىمان مايمۇن بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى بايقالغان بولۇپ، مۇتلەق ئېغىرلىقىمۇ چوڭ بولغان ئىكەن، نىسپىي ئېغىرلىقىمۇ چوڭ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دېڭىز دېلفىنىنىڭمۇ مۇرەككەپ بولغان پىسخىكا ۋە ئەپلىك بولغان ئەقلى بولىدىغانلىقى خۇلاسە قىلىپ چىقىرىلغان. بۇ خىلدىكى خۇلاسىنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى يۇقىرى دېيىشكە بولىدۇ، چۈنكى ئوخشىتىلغان خاسلىق بىلەن ئورتاق خاسلىق ئارىسىدا ماھىيەتلىك مۇقەررەر باغلىنىش بولىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ نۇقتىغا خىلاپلىق قىلىنغاندا، «تۇرلەرنى مېخانىكىلىق ھالدا سېلىشتۇرۇش» تەك لوگىكىلىق خاتالىق كېلىپچىقىدۇ. ئاتالمىش «تۇرلەرنى مېخانىكىلىق ھالدا سېلىشتۇرۇش» بولسا ئىككى ياكى ئىككى خىلدىن ئارتۇق خاسلىقى ئوخشاش بولمىغان، پەقەت بەزى تاشقى ئىپادىسى ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئوبيېكتلارنى، تۈر نىسبىتى بويىچە سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان لوگىكىلىق خاتالىقنى كۆرسىتىدۇ.

# 49. خىيالىي تەپەككۇر

كۆپ سانلىق ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا خىيالىي تەپەككۇردا تىلغا ئالغۇدەك ھېچقانچىلىك ئەقىل - پاراسەت بولمايدۇ، ئەمما بەزى ئالىملار، كەشپىياتچىلار، ئەدەبىياتشۇناسلار، سەنئەتشۇناسلار ھەمدە باشقا ھەر تۈرلۈك ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئادەمگە ئويغىنىش ئاتا قىلىپ ئەقىل - پاراسەت مېۋىسى پەيدا قىلالايدۇ.



ئادەم ئۇخلاۋاتقاندا خىيالىي تەپەككۇر ئېلىپ بارسا بولىدۇ. بۇ گەپ ئاڭلىماققا خۇددى مۇمكىن بولمايدىغاندەك ياكى ئەقىلگە سىغمايدىغاندەك بىلىنىدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. تەنچىنىڭ ئۇخلاش ھالىتىدە تۇرۇشى ھەرگىزمۇ ئورگانىزملارنىڭ مۇتلەق تىنچ ھالەتكە ئۆتكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتىكى تەنچە يەنىلا ماددا ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان بولۇپ، ئۇ پەقەت نىسپىي ئاستا بولغان ماددا ئالماشتۇرۇش ھالىتىگە ئۆتىدۇ خالاس. ئوخشاشلا، تەنچىنىڭ ئۇخلاش ھالىتىگە ئۆتكەن ۋاقتى ھەرگىزمۇ تەپەككۇرنىڭمۇ مۇتلەق ھالدا توختاپ قالغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ، چۈنكى بۇ ۋاقىتتىكى تەنچىنىڭ ئاشكارا ئېڭى گەرچە چەكلىنىش ھالىتىدە تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما يوشۇرۇن ئاڭ يەنىلا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بولىدۇ.

ئادەم مېڭىسى دۇنيادىكى ئەڭ مۇرەككەپ بولغان نېرۋا تور

سىستېمىسى بولۇپ، ئۇ ئاشكارا ئاڭ ۋە يوشۇرۇن ئاڭدىن ئىبارەت ئىككى سىستېمىدىن تۈزۈلىدۇ. ئۇ ئىككى خىل سىستېما ھەم قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىردەكلىكىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. ئاشكارا ئاڭ سىستېمىسى خىزمەت قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، يەككە ئويغاق ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئاڭلىق ھالدا سۆزلەش ۋە ھەرىكەت قىلىش پائالىيەتلىرىنى باشقۇرىدۇ، بۇ ۋاقىتتا يوشۇرۇن ئاڭ چەكلىنىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان بولىدۇ؛ ئاشكارا ئاڭ سىستېمىسى چەكلەش ھالىتىدە تۇرغان ۋاقىتتا، يوشۇرۇن ئاڭ سىستېمىسى ھەرىكەت قىلىشنى باشلىغان بولىدۇ؛ ئۇ چوڭ ھەرىكەتلەرنى ۋە سۆزلەشنى ئۆزلۈكىدىن باشقۇرۇپ، پەقەت ئاڭ ساھەسى تەۋەسىدىلا پائالىيەت قىلىپ كۆزقاراش شەكلىدە ئادەم ھەرىكىتى ۋە گەپ - سۆزلىرىنى باشقۇرىدۇ. ئەگەر يوشۇرۇن ئاڭ سىستېمىسى چەكلەش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان ئاشكارا ئاڭ سىستېمىسىنىڭ مەلۇم بىر قىسمى بىلەن باغلىنىش ھاسىل قىلالىسا، بۇ ۋاقىتتا خىيالىي تەپەككۇر پەيدا بولىدۇ.

ئاشكارا ئاڭ سىستېمىسى ۋە يوشۇرۇن ئاڭ سىستېمىسى ئۆزئارا باغلىنىشچانلىقا، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشچانلىققا، ئۆزئارا ئالمىشىپ خىزمەت قىلىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، ئادەم مېڭىسىنىڭ ئاڭ سىستېمىسىنىڭ ئاساسلىق خىزمەت قىلىش شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بۇ خىل خىزمەت شەكلى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا، ئۇ ھالدا ئادەمنىڭ نورمال تەپەككۇر پائالىيىتى تەسىرگە ئۇچراپ، خىلمۇخىل شەكىلدىكى نورمالسىز ئاڭ ۋە غەيرىي ھەرىكەتلەر يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن: ئاڭنىڭ غەيرىي بولۇپ قېلىشى، تەپەككۇرنىڭ خىرە بولۇپ قېلىشى، ئاڭنىڭ غۇۋا بولۇپ قېلىشى، خىيالىي سەيلە كېسىلى قاتارلىقلار....

يوشۇرۇن ئاڭ سىستېمىسىنىڭ پائالىيىتى ئۇخلاش ھالىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئامېرىكا چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتى پىسخىكىشۇناسلىق پىروفېسسورى كىلومان بىلەن دەئىمىي، نورمال ئادەملەرنىڭ ئۇيقۇ ھالىتىگە كىرىشى يەككە ھالدىكى ئاددىي جەريان بولماستىن بەلكى مۇقىم تەرتىپلىك قانۇنىيەتلىك جەريان بولۇپ، يەنى، «ئاستا دولقۇنلۇق ئۇيقۇ» بىلەن «تېز دولقۇنلۇق ئۇيقۇ» نىڭ تەكرار ئالمىشىش جەريانى، دەپ قارىغان.

«ئاستا دولقۇنلۇق ئۇيقۇ» بولسا مېڭە ئېلېكتىر دولقۇنىدا ئاستا

دولقۇن شەكلى كۆرۈلىدىغان ئۇيقۇ ھالىتى بولۇپ، ئۇنى تۆت باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. يەنى، ئاستا دولقۇن1،2،3، 4مەزگىلى قاتارلىقلار.

(1) ئاستا دولقۇن 1 مەزگىلى، ئۇخلاشقا باشلايدۇ، ئاشكارا ئاڭ غۇۋا ھالەتكە ئۆتىدۇ؛

(2) ئاستا دولقۇن 2مەزگىلى، يېنىك دەرىجىدىكى ئۇخلاش ھالىتىگە ئۆتىدۇ، ئەگەر بىرەر شەپە بولسا دەرھال ئويغىنىدۇ؛

(3) ئاستا دولقۇن3 مەزگىلى، ئۇيقۇ بىر قەدەر قاتتىق بولىدۇ.

(4) ئاستا دولقۇن 4 مەزگىلى، ئۇيقۇ ناھايىتى قاتتىق بولىدۇ.

ئاستا دولقۇن مەزگىلىدە، يوشۇرۇن ئاڭ سىستېمىسى پائالىيەت قىلىشنى باشلايدۇ، ئەمما چەكلىنىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان ئاشكارا ئاڭ بىلەن باغلىنىش ھاسىل قىلمايدۇ، شۇڭا خىيالىي تەپەككۇر بولمايدۇ. تېز دولقۇنلۇق ئۇيقۇ يەنە غەيرىي فازىلىق ئۇيقۇ دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، مېڭە ئېلېكتىر دولقۇنى تېز دولقۇن شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ئۇيقۇدا يوشۇرۇن ئاڭ جانلىق ھالەتتە تۇرىدۇ ھەمدە قىسمەن ئاشكارا ئاڭ بىلەن مەلۇم خىل باغلىنىش ھاسىل قىلغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خىيالىي تەپەككۇر يۈز بېرىدۇ.

كۆپ سانلىق ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا خىيالىي تەپەككۇردا تىلغا ئالغۇدەك ھېچقانچىلىك ئەقىل - پاراسەت بولمايدۇ، ئەمما بەزى ئالىملار، كەشپىياتچىلار، ئەدەبىياتشۇناسلار، سەنئەتشۇناسلار ھەمدە باشقا ھەر تۈرلۈك ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئادەمگە ئويغىتىش ئاتا قىلىپ ئەقىل - پاراسەت مېۋىسى پەيدا قىلالايدۇ.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، خەن سۇلالىسى مەزگىلىدە ئەمىر لەشكەر شياڭرۇ، خەن ۋۇدىغا سوۋغات ھەدىيە قىلماقچى بولۇپتۇ، ئەمما نېمىنى سوۋغا قىلسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەپتۇ. ئۇنىڭ چۈشىدە بىر سېرىق ساقاللىق بوۋاي ئۇنىڭغا: «‹ئۇلۇغلارغا خىتاب›(رەسىملىك نەزمە)نى سوۋغا قىلىڭ» دەپتۇ. ئەمىر لەشكەر ئويغانغاندىن كېيىن چۈشىدىكى ھېلىقى بوۋاينىڭ دېگىنى بويىچە ئىش تۇتۇپتىكەن، نەتىجىدە خەن ۋۇدىنىڭ ئىنئامىغا نائىل بولۇپتۇ.

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شائىر لويوۋ «چۈش خاتىرىسى»، «چۈشتىكى ئەسەر» تېمىلىرىدا شېئىر يازىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ پۇتكۇل

ئەسەرلىرىدە بۇ خىلدىكى شېئىرلار 90 كۇپلېتتىن ئارتۇقراق ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر كۇپلېت شېئىرنىڭ تېمىسى بولسا: «ماي ئېيىنىڭ11 ى يېرىم كېچە، چۈشۈمدە تەختىرىۋانغا ئولتۇرۇپ سەپەر قىپتىمەن، خەن ـ تاڭ ئېلىنىڭ زېمىنلىرىنى قايتۇرۇپ ئالغاندا، پۈتكۈل ئاۋام شاد ـ خۇرام باياشات بولدى، يۈنشىلىياڭ مەھكىمىسىمۇ شۇنچىلىك ئاۋات، بىر ئۇزۇن نەزمە بىلەن تەرىپلەي دېسەم، بايانىمنىڭ ئايىغى چىقمىدى شۇنچە، شۇل ئۇچۇن ئۇشبۇ يەردە توختىدى دۇۋەت» دەپ يازغان بولۇپ، بىز ئۇنىڭ بۇ شېئىرى ئارقىلىق، ئۇنىڭ چۈشىدە شېئىر يېزىپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

سۇدۇڭپۇمۇ چۈش كۆرۈش ئارقىلىق خېلى كۆپ ئېسىل ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ، پەقەت«دۇڭپۇ ئەسەرلىرى» ناملىق بىر كىتابىدا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇنىڭ چۈش كۆرۈش ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان شېئىر، ماقالە يازغانلىقى توغرىسىدىكى بايانلار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «سۇشىنىڭ چۈشىدە شېئىر يېزىشى»، «سۇشىنىڭ چۈشىدەيارۇ ـ بۇرادەرلىرى بىلەن شېئىرۋازلىق قىلىشى›»، «سۇشىنىڭ چۈشىدە تەزىيەنامە يېزىشى»، «سۇشىنىڭ شېئىر يېزىشى» قاتارلىقلار.

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شۇيەنجوۋ «شېئىرىي ـ نەسرىي رومان» ىدا: «چۈشلىرىمدە ھەمىشە شېئىر تەقدىم قىلارمەن» دەپ يازغان بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى نۇرغۇنلىغان شائىرلار، ئەدىبلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ چۈشىدە شېئىر يازغانلىقى، شېئىر ئۆزگەرتكەنلىكى، ماقالە يازغانلىقى، تەقرىز ماقالىسى يازغانلىقى ھەققىدىكى خاتىرىلەر بار. پەقەت ئەدەبىي ئىجادىيەتلەردىلا مۇشۇنداق بولۇپلا قالماي، باشقا سەنئەت ئىجادىيەتچىلىرىمۇ چۈشىدە كۆرگەنلىرىدىن پايدىلانغان.

پادىشاھ تاڭمىڭ بولسا ئۆز زامانىسىدا كامالەتكە يەتكەن سەنئەتكار بولۇپ، ئۇ مۇزىكىنى پىششىق بىلەتتى، رەسساملىقتا كامالەتكە يەتكەن ئىدى. ئۇمۇ چۈشىدە نۇرغۇنلىغان سەنئەت ئىجادىيەتلىرىنىڭ ئىلھامىغا ئېرىشكەن.

بىر يىلى كۈز كېچىسى تاڭمىڭ چۈش كۆرىدۇ. ئۇ چۈشىدە ئاي ئوردىسىدا سەيلە قىلىدۇ، دارچىن دەرىخىنىڭ ئاستىدا نۇرغۇنلىغان ھۆر ـ پەرىلەر رەڭگەر رەڭلىك كىيىم ۋە ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك كىيىپ لەرزان

ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. تاڭمىڭنىڭ قۇلىقى تۇۋىدە «زىيون نەغمىسى» ياڭرايدۇ، ئۇ مۇزىكىغا مەست بولۇپ چاۋاك چېلىپ ئالقىشلاپ كېتىدۇ، ئەمما ئىچىدە ھېلىقى مۇزىكىلارنىڭ نوتىسىنى خاتىرىلىۋالىدۇ. ئۇ ئويغانغاندىن كېيىن، چۈشىدە كۆرگەن ھېلىقى «پەرى نەغمىسى» ئاساسىدا ھىندىستاندىن كىرگۈزۈلگەن «تيەنجۇ نەغمىسى» (يەنە «پولومىن نەغمىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)دىن پايدىلىنىپ «نىيشاڭيۇ نەغمىسى» نى ئىجاد قىلىپ چىقىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۇسسۇل ماسلاشتۇرۇپ خانىش ياڭگۇيفېيگە سوۋغا قىلىدۇ.

چەت ئەللەردىمۇ چۈشىدە ئىلھامغا ئېرىشكەنلىك توغرىسىدىكى مىساللارمۇ ئاز ئەمەس. نۇرغۇنلىغان ئالىملارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت ۋە كەشپىياتلىرىدا، چۈشىدىن ئىلھام ئالغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

روسىيەلىك خىمىيە ئالىمى مېندىلېيېۋنىڭ ئېلېمېنتلار دەۋرىي جەدۋىلىنى تەتقىق قىلىۋاتقىلى ناھايىتى ئۇزۇن بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇ خىمىيەلىك ئېلېمېنتلارنى قانداق تەرتىپتە تىزىشنى ھېچ بىلەلمەيدۇ. ئۇ دەل مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە تازا بېشى قېتىپ تۇرۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە كېچىسى چۈش كۆرۈپ، چۈشىدە ھېلىقى ئېلېمېنتلار دەۋرىي جەدۋىلىنى كۆرىدۇ، بۇ جەدۋەلدە ھەر خىل ئېلېمېنتلار ناھايىتى توغرا ۋە مۇۋاپىق ھالەتتە تىزىلىپ تۇرغان ئىدى.

نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى گېرمانىيەلىك دورىگەرلىك پىروفېسسورى لاۋرى، ئۆزىنىڭ چۈش كۆرگەن ۋاقىتتا ئىلھامغا ئېرىشكەنلىكىدەك بىر مىسالنى خاتىرىلەپ قويغان بولۇپ، بىر كۈنى كېچىدە، ئۇ رومان ئوقۇۋاتقاچ ئۇخلاپ قالىدۇ. يېرىم كېچىدە ئۇ چۈشىدىكى مەنزىرىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چۈشىدە كۆرگەن ھېلىقى ناھايىتى قىممەتلىك بولغان ئۇسۇلنى خاتىرىلىۋالىدۇ. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغان ۋاقتىدا، ئۇ ھەر قانچە قىلىپمۇ يېرىم كېچىدە خاتىرىلىۋالغان نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ئۇ چۈشىدىكى ھېلىقى مەنزىرىنى ھەر قانچە قىلسىمۇ ئېسىگە ئالالمىغان ئىدى. شۇ كۈنى كېچىدە يەنە ئۇخلاۋاتقاندا ھېلىقى مەنزىرە يەنە قايتا كۆرۈنىدۇ. ئۇ بۇ قېتىم ئالدىنقى تەجرىبىنى خۇلاسىلىگەن ئاساستا، بۇ مەنزىرىنى ناھايىتى تەپسىلىي قىلىپ خاتىرىلىۋالىدۇ. كېيىن ئۇ تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئېنىق سانلىق

مەلۇماتلارغا ئېرىشىپ چۈشىدە بايقىغان ھېلىقى نەتىجىنى ئىسپاتلاپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ چۈشىدە ئېرىشكەن ئىلھامى بولسا، ئەگەر ئىككى تال پاقىنى بىرلىكتە تەجرىبە قىلغاندا، نېرۋا يەتكۈزۈشتىكى خىمىيەلىك ماددا توغرىسىدىكى مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ بۇ بايقىشى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ.

خىيالىي تەپەككۇر ئىلمىي تەتقىقات، ئىجادىيەت ۋە كەشپىيات، ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن بەكمۇ مۇھىمدۇر. ئەگەر خىيالىي تەپەككۇرنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا، ئامېرىكا يازغۇچىسى دىۋىرسىننىڭ «جېكىل دوكتور بىلەن ھەيدى ئەپەندىنىڭ سەرگۈزەشتىسى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ تاماملىشى تەسكە توختىغان بولاتتى؛ ئىتالىيەلىك داڭلىق ئىسكىرىپكىچى تارتىنىنىڭ «ئىبلىسنىڭ تىترەڭگۈ ئاۋازلىق سوناتا مۇزىكىسى» ئىجاد قىلىنمىغان بولاتتى؛ گېرمانىيەلىك كومپوزىتور ۋاگنېر، خايدىن، رۇسىيەلىك كومپوزىتور سىچېۋنىس ھەمدە ئاۋستىرىيەلىك كومپوزىتور مۇزات قاتارلىق نۇرغۇنلىغان كومپوزىتورلارنىڭ نامىمۇ چىقمىغان بولاتتى.

ئەگەر خىيالىي تەپەككۇرنىڭ ئۇيغىتىشى بولمىغان بولسا، فىرانسىيەلىك پەلسەپشۇناس، ئىدراكشۇناس، ماتېماتىك دىكارت، ئەنگلىيەلىك پەلسەپشۇناس، ماتېماتىك، لوگىكىشۇناس رۇسسېل قاتارلىقلارنىڭ مۇپەسسەل ھالدىكى پەلسەپە ئىدىيەلىرى بولمىغان بولاتتى؛ خىيالىي تەپەككۇرنىڭ ئۇيغىتىشى بولمىغان بولسا، بەلكىم نيۇتون، ئېدىسون قاتارلىق ئالىملارنىڭمۇ نۇرغۇنلىغان كەشپىياتلىرى ۋە بايقاشلىرىمۇ بولمىغان بولاتتى.

بەزىلەر نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى سېيىسشيۇ، جېئوۋىرلاردىن ئۇلارنىڭ تەتقىقات ئىدىيەسىنىڭ قانداق كەلگەنلىكىنى سورىشاندا، ئۇلار جاۋاب بېرىپ: «ئۇخلاۋېتىپ سەھەر سائەت ئۈچتىن تۆتكىچە بولغان ۋاقىت ئارىلىقىدا ئويغىنىپ كەتكەن ۋاقتىمىدا، ياكى ئۇخلاۋاتقان چاغدىكى بىز ئۆزىمىزمۇ بىلمىگەن ۋاقىتتا، مېڭىمىز زور مىقداردا ئاڭسىز ھالدىكى خىزمەت قىلىدۇ، بىزنىڭ ناھايىتى كۆپ مەسىلىلىرىمىز مانا مۇشۇنداق ھەل بولغان» دېگەن ئىكەن.

ئامېرىكىلىق بىيولوگىيە ئالىمى كەننون ياش ۋاقىتلىرىدا ھەمىشە

چۈشىدە ئېرىشكەن ئىلھاملىرى ئارقىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىكەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى، مەن ئاڭسىز رەۋىشنىڭ تەسىر جەريانى ئارقىلىق ئۆزۈمگە ياردەم بېرىپ كەلدىم ھەم بۇنى ئادەت قىلىۋالدىم. مەسىلەن: مەن نۇتۇق سۆزلەشكە تەييارلىق قىلىۋاتقان ۋاقىتىمدا، ئالدى بىلەن بىرنەچچە نۇقتىنى ئويلىنىۋېلىپ ئاساسىي قۇرۇلمىسىنى يېزىۋالىمەن، شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە كېچە ئىچىدە، مەن دائىم تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كېتىمەن، شۇ چاغدا كاللامدا پەيدا بولغىنىنىڭ ھەممىسى ھېلىقى نۇتۇق تېكىستى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مىساللار، مۇۋاپىق سۆز - جۈملىلەر ۋە يېڭىچە پىكىرلەر بولىدۇ. مەن قەلەم - قەغەزنى يېنىمدا قويۇپ ئۇخلايمەن ۋە ھېلىقى يېڭىچە پىكىرلەر، سۆز - جۈملىلەرنى خاتىرىلىۋالىمەن.»

كېكۇلىنىڭ مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆزى بار، ئۇ بولسىمۇ: «چۈش كۆرۈشنى ئۆگىنىڭلار ئەپەندىلەر!» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ بۇ گەپنى دېيىش ئارقىلىق كەشپىيات ئىجادىيەت يولىغا قەدەم باسقان ئاشۇ كىشىلەرگە خىيالىي تەپەككۇرنىڭ ئويغىتىش خاراكتېردىكى ئىلھام ئاتا قىلالايدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن ئىدى.

# 50. ئۆزئارا ھەرىكەتلەندۈرۈش شەكلىدىكى تەپەككۇر

ئۆزئارا ھەرىكەتلەندۈرۈش شەكلىدىكى تەپەككۇر بىر خىل كوللېكتىپ ئىجادىيەت خاراكتېرىدىكى پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى بولسا، بىر گۇرۇپپا ئادەملەر يىغىن ئېچىش شەكلىدە مەلۇم مەسىلە ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ تەدبىر كۆرسىتىدىغان، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى ئىشقا سېلىپ مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان ئۇسۇلدۇر.

ئۆزئارا ھەرىكەتلەندۈرۈش شەكلىدىكى تەپەككۇر يەنە مېڭە بورىنىنى قوزغىتىش ئۇسۇلى دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئىنگلىزچە «brain storming» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى بولسا مېڭە كۈچى بىلەن مەلۇم مەسىلىگە ھۇجۇم قىلىش دېگەنلىكتۇر.

ئۇ بىر خىل ئىجاد قىلىش ئۇسۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مىرىيان ۋېبىستىر خەلقئارالىق چوڭ لۇغىتىدە مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: ئۆزئارا ھەرىكەتلەندۈرۈش شەكلىدىكى تەپەككۇر، بىر خىل كوللېكتىپ ئىجادىيەت خاراكتېرىدىكى پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى بولسا، بىر گۇرۇپپا ئادەملەر يىغىن ئېچىش شەكلىدە مەلۇم مەسىلە ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ تەدبىر كۆرسىتىدىغان، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى ئىشقا سېلىپ مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان ئۇسۇلدۇر. مېڭە بورىنىمۇ بىر خىل كوللېكتىپ ئىجادىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئامېرىكىلىق كارخانىچى، كەشپىياتچى ئوسبىرن ئىجاد قىلغان ئىدى.

ئالدىنقى بابلاردا تىلغا ئېلىنغان تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك يەككىلەرنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدۇر، ئەمما مېڭە بورىنى ئۇسۇلىدا بولسا كۆپچىلىك تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق مەسىلىگە قارىتا مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇ نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيا بويىچە قوللىنىلىش دەرىجىسى ئەڭ كەڭ، ئەڭ ئومۇملاشقان ھالدىكى، كوللېكتىپ ئەقىل ـ پاراستىنى قوزغىتىش ئۇسۇلىدۇر.

بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا: پىسخىكا توسالغۇ تۈگىتىلىدىغان بولۇپ، تەپەككۇر ئەركىن يۈرگۈزۈلىدۇ. ئادەتتىكى قائىدىدىن ھالقىپ چىقىپ ئىجادىي خاراكتېرگە ئىگە بولغان تەپەككۇرلار قوزغىتىلىدۇ ھەمدە مەسىلە ئىجادىي ئۇسۇلدا ھەل قىلىنىدۇ.

ئوسبىرن ئەڭ دەسلەپتە بۇ ئۇسۇلنى ئېلان لايىھەلەش پائالىيىتىدە ئىشلىتىپ ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن ئىدى. كېيىنچە ئۇنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلنى ئۈزۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشى ھەمدە تايلور، پانسىن، جوردىن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئۈزۈكسىز ھالدا تولۇقلىشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشى نەتىجىسىدە، ئەڭ ئاخىرىدا دۇنيا مىقياسىدا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىدىغان، ئەڭ ئومۇملاشقان ھالدىكى كوللېكتىپ ئىجاد قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ قالىدۇ. تېخنىكىنى ئىسلاھ قىلىش، باشقۇرۇشنى ئىسلاھ قىلىش، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ئالدىن ئۆلچەش، پىلانلاش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ساھەلەردە ئۇنىڭ سېھرىي كۈچى نامايان قىلىنماقتا.

بىر يىغىلىق يارىتىش كوللېكتىپىدا، ئۆزئارا ھەرىكەتلەندۈرۈش شەكلىدىكى تەپەككۇرنىڭ بولۇشى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئادەم ئۆز مېڭىسىدە يىغىنچە بىر خىل ئۇسۇلنى ئويلاپ چىقالىغان ۋاقىتتا، بۇ خىل ئۇسۇل باشقىلارنىڭ مېڭىسىدىمۇ قوزغىتىش رولىغا ئىگە بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسىنىڭ تەپەككۇرى جانلىنىدۇ. مېڭە بورىنىنى قوزغىتىش ئۇسۇلى قانداقلارچە ئىجادىي تەپەككۇرنى قوزغىتالايدۇ؟ ئوسبىرن ھەمدە تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ كۆزقارىشىغا ئاساسلانغاندا، ئۇ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدىكەن:

(1) بىرلەشتۈرۈپ ئويلاش شەكلىدىكى ئىنكاس پەيدا قىلىدۇ. بىرلەشتۈرۈپ ئويلاش بولسا يىغىنچە كۆزقاراشنى شەكىللەندۈرۈشتىكى ئاساسلىق جەرياندۇر. مەسىلىلەرنى كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىش جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەربىر يىغىنچە كۆزقاراشنىڭ ھەممىسى باشقىلارنىڭ شۇنىڭغا ماس ھالدىكى تەپەككۇرىنى قوزغاپ، بىر قاتار يىغىنچە كۆزقاراشلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ زەنجىرسىمان ئىنكاس پەيدا قىلىدۇ ۋە يىغىنچە كۆزقاراشنى شەكىللەندۈرىدۇ ھەمدە مەسىلىنى ئىجادىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ مۇمكىنچىلىك يارىتىدۇ.

(2) قىزغىنلىقى تەسىر قىلىدۇ. ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان

ئەھۋال ئاستىدا، مەسىلىنى كوللېكتىپ مۇلاھىزە قىلىش ئېلىپ بېرىلغاندا، شەخسنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغاشقا پايدىلىق بولىدۇ. ھەممە ئادەم ئەركىن ھالدا پىكىر قىلىپ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىپ قىزغىن كەيپىيات شەكىللىنىدۇ ۋە بۇرۇن بار بولغان كۆزقاراشلارنىڭ ئاسارىتىدىن ھالقىپ چىقىلىدۇ، مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئىجادىي خاراكتېردىكى تەپەككۇر ئەڭ چوڭ چەكتە جارى قىلدۇرۇلىدۇ.

(3) رىقابەت ئېڭىنى قوزغىتىدۇ. رىقابەت ئېڭى قوزغىتىلغان ئەھۋال ئاستىدا، ھەممە ئادەم بەس ـ بەستە پىكىر قاتناشتۇرۇپ، تەپەككۇرى بارغانسېرى تېزلىشىدۇ ۋە ئۆزگىچە بولغان كۆز قاراشقا ئېرىشىلىدۇ. پسىخىكىشۇناسلىقنىڭ ئىلمىي پرىنسىپلىرى بىزگە شۇنى ئېيتىپ بېرىدۇكى، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىدە كۈچلۈكلۈكنى تالىشىش پسىخىكىسى بولىدۇ. رىقابەتلىشىش ئېڭى بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئادەمنىڭ پسىخىكا پائالىيىتىنىڭ نىسبىتىنى ئەسلىدىكى ھالەتتىن50% چە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

(4) شەخسنىڭ ئارزۇسىنى قوزغىتىدۇ. مەسىلىنى كوللېكتىپ ھالدا مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىش جەريانىدا، شەخسنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەركىن بولۇپ ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىماسلىقى ناھايىتى مۇھىمدۇر. مېڭە بورىنىنى قوزغىتىش ئۇسۇلىنىڭ مۇنداق بىر پرىنسىپى بولۇپ، باشقىلارنىڭ قىلغان سۆزىنى تەنقىدلەشكە بولمايدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ قىلغان سۆزىگە قارىتا قىلچىلىك گۇمان ئارىلاشقان چىراي ئىپادىسى، ھەرىكەت، ھالەتتە بولۇشقا بولمايدۇ. شۇڭلاشقا بۇ خىل ئۇسۇل ھەربىر ئادەمنى بەھۇزۇر ھالدا پىكىر قىلىپ ئۆز كۆز قاراشلىرىنى يۇرەكلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويغۇزالايدۇ.

مېڭە بورىنىنى قوزغىتىش ئۇسۇلىنىڭ تەرتىپى، تەييارلىق قىلىش، ئالدىن مەشىق قىلىش، مەسىلىنى بېكىتىش، بىرلەشتۇرۇپ ئويلاپ كەڭ ـ كۇشادە سۆھبەتلىشىش، قىياسلارغا قارىتا ئانالىز قىلىپ بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق بەش باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۆۋەندە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز:

1. تەييارلىق باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا ئىشلەشكە تېگىشلىك بولغان خىزمەتلەر تۆۋەندىكىچە:

1) كۆڭۈلدىكىدەك رىياسەتچىنى تاللاپ چىقىش كېرەك. رىياسەتچى بۇ

خىل ئۇسۇلنى پىششىق بىلىدىغان بولۇشى كېرەك.

2) رىياسەتچى بىلەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى بىرلىكتە ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىشى كېرەك. بۇ خىل ئۇسۇل بەك كۆپ ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان بولۇپ، پەقەت بىر قەدەر ئاددىي، نىشانى ئېنىق بولغان مەسىلىلەرگە ياكى تۈرلەرگە ئاجرىتىپ بىر قەدەر ئاددىيلاشتۇرۇلغان كىچىكرەك مۇرەككەپ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

3) يىغىنغا قاتنىشىدىغانلار بېكىتىلىدۇ، ئادەتتە 5 ـــ 10 ئادەمگىچە بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. ئەمما يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ كۆپ ساندىكىسىنىڭ مەزكۇر مەسىلىنى پىششىق بىلىشىگە ياكى مەلۇم جەھەتلەردىن ئارتۇقچىلىقى بولغان كەسىپ ئىگىسى ياكى مۇتەخەسسىس بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئومۇمەن مەسىلە چېتىشلىق بولغان ساھەگە مۇناسىۋەتلىك مۇناسىپ ئارتۇقچىلىقى بولسىلا قاتنىشىشقا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئىككى نەپەر «باشقا كەسىپتىكى» كەسىپ ئىگىسىنى قاتناشتۇرۇش كېرەك. ئەڭ ئاخىرىدا مۇشۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ئەمەلىيىتىنى پىششىق بىلىدىغان مۇئەييەن ساندىكى خادىملارنى قاتناشتۇرۇش كېرەك.

4) يىغىن ئېچىلىشتىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن يىغىنغا قاتناشقۇچىلارغا يىغىننىڭ ۋاقتى، ئورنى، ھەل قىلىدىغان مەسىلە ھەمدە شۇ مەسىلىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش كېرەك.

2. ئالدىن مەشىق قىلىش. بۇ باسقۇچتا يېتىدىغان ئاساسلىق مەقسەت ۋە ئۇنىڭ رولى بولسا، يىغىنغا قاتناشقۇچىلار بىلەن بىرلىكتە «رول»لارغا بۆلۈنۈپ قىزغىن كەيپىيات يارىتىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭغا ئادەتتە بىرنەچچە مىنۇت بولسىلا كۇپايە بولۇپ، ئۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى بولسا، يىغىنغا قىلچىلىكمۇ مۇناسىۋەتسىز بولغان مەسىلىدىن بىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىبارەت.

3. مەسىلىنى بېكىتىش. بۇ باسقۇچتا يېتىدىغان نىشان بولسا، مەسىلىنى تەھلىل قىلغان ئاساستا بايان قىلىش ئارقىلىق، مەسىلىنى پۈتۈن يىغىن قاتناشچىلىرىغا ئۇقتۇرۇش، ئۇلارنىڭ پىكىر يولىنى

كېڭەيتىش بولۇپ، ئۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) مەسىلىنى تونۇشتۇرۇش. رىياسەتچىلىك قىلغۇچى ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىنى ئەڭ ئىخچام ۋە مېغىزلىق ھالدا ئۇنىڭ مەركىزىي مەزمۇنىنىلا يىغىنغا قاتناشقۇچىلارغا چۈشەندۈرىدۇ، ئاندىن كېيىن قىسقىغىنە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، بارلىق يىغىن قاتناشچىلىرى مەسىلىگە قارىتا بىردەك تونۇشقا ئىگە بولغاندىن كېيىن ئاندىن كېيىنكى باسقۇچقا ئۆتۈلىدۇ.

2) مەسىلىنى يېڭىباشتىن بايان قىلىش. يەنى، مەسىلىنى ئىپادىلەش شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، ھەربىر تۈرلۈك ئىپادىلەش شەكلىنى «قانداق.......» دېگەن جۈملە شەكلى بىلەن ئىپادىلەش، تەخىرسىزلىك بىلەن ئۆز قىياسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك.

3) ئوتتۇرىغا قويۇلغان بارلىق مەسىلىلەرنى قايتىدىن بايان قىلىش، تەرتىپ بويىچە رەتكە تىزىش كېرەك. ئويغىتىشچانلىقى كۈچلۈك بولغان، مەسىلىنى ئەڭ ئىجادىي ئۇسۇلدا ھەل قىلىش مۇمكىنچىلىكى بار بولغان يېڭىباشتىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنى ئالدىنقى رەتكە تىزىش كېرەك.

4. كەڭ ـ كۇشادە سۆھبەتلىشىش. بۇ باسقۇچ يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ پىسخىكا توسالغۇسىنى تۈگىتىدىغان، تەپەككۇرنى ئەركىن قاناتلاندۇرىغان، كۆپچىلىكنىڭ بىلىمىنى ئۆزئارا تولۇقلايدىغان، ئۇچۇرلار ئارقىلىق غىدىقلاش ئېلىپ بارىدىغان ۋە كەيپىياتىغا ئىلھام بېرىدىغان، بىرلەشتۇرۇپ ئويلاش ئارقىلىق زور مىقداردىكى ئىجادىيلىققا ئىگە بولغان قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان باسقۇچتۇر. بۇ بولسا مەزكۇر باسقۇچتىكى ماھىيەتلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغان باسقۇچ بولۇپ، بۇ باسقۇچ ئاياغلاشقان ۋاقىتتا رىياسەتچى يىغىننىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى جاكارلىسا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ يىغىندىن تارقىغاندىن كېيىنمۇ يەنە داۋاملىق ھالدا مۇلاھىزە قىلىپ چىقىپ، ئىككىنچى كۈنى ئۆزى ئويلاپ چىققان قىياسلارغا تولۇقلاش ئېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىش كېرەك.

5. قىياسلارغا قارىتا ئانالىز قىلىپ بىر تەرەپ قىلىش ئېلىپ بېرىش

كېرەك. يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قىياسلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىنچىكە مۇلاھىزە قىلىش ۋە باھا بېرىشتىن ئۆتكۈزۈلمىگەن بولۇپ، ئۇنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئانالىز قىلىپ تەھقىقلىغاندىن كېيىن ئاندىن ئىشلىتىش قىممىتى بولىدۇ. بۇ باسقۇچ تۆۋەندىكى ئۈچ تەرتىپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) قىياسنى ئاشۇرۇش. بەھۇزۇر سۆزلەشكەندىن كېيىنكى ئىككىنچى كۈنى، رىياسەتچى ياكى كاتىپنىڭ تېلېفون زىيارىتى قىلىشى ئارقىلىق يىغىنغا قاتناشقۇچىلاردىن يىغىندىن كېيىنكى يېڭى قىياسلىرى قوبۇل قىلىنىۋېلىنىدۇ.

2) باھا بېرىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش. باھا بېرىشتىن ئاۋۋال ئەڭ ياخشىسى بىر كۆرسەتكۈچ بېكىتىۋېلىش كېرەك، مەسىلەن: ئاددىي بولۇپ قالدىمۇ ـ يوق؟ مۇۋاپىقمۇ؟ باشقىلار ئىشلەتكەنمۇ؟ ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولامدۇ؟ تەننەرخى بىر قەدەر تۆۋەنمۇ؟ قاتارلىقلار.

3) مۇشۇ كۆرسەتكۈچلەرگە ئاساسەن سېلىشتۇرۇش، باھالاش ئارقىلىق بىر قانچە خىل ئەڭ ياخشى بولغان قىياس تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ چىقىلىدۇ. قىياسلارنى باھالىغان، تەرەققىي قىلدۇرغان خادىملار شۇ خىل قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى بولسىمۇ ھەم بولمىسىمۇ بولىدۇ، ئەمما ئۇ چوقۇم مەزكۇر مەسىلىدىكى ئىچكى كەسىپ ئەھلى بولۇشى كېرەك، ئادەتتە 5 ـــ 7 گىچە ئادەم بولسا بىر قەدەر مۇۋاپىق.

يۇقىرىقىسى مېڭە بورىنىنى قوزغىتىش ئۇسۇلىنىڭ ئادەتتىكى تەرتىپى بولۇپ، ئۇنى كونكرېت يۈرگۈزگەن ۋاقىتتا ئەھۋالنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. باشقىچە چۈشەندۈرگەندە، بۇ تەرتىپلەر مۇقىم ئەمەس بولۇپ، ئۇنى جانلىق قوللىنىشقا بولىدۇ. مېڭە بورىنىنى قوزغىتىش ئۇسۇلىنى يۈرگۈزۈشتىكى پرىنسىپ تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرلۈك بولۇپ:

(1) ئەركىن ھالدا پىكىر يۈرگۈزۈش پرىنسىپى. تارقىلىشچان تەپەككۇرنى قوللىنىشقا پىششىق ۋە ماھىر بولۇش كېرەك. مەسىلەن: توغرا يۆنىلىشلىك تەپەككۇر، ئۇزۇن يۆنىلىشلىك تەپەككۇر، يان يۆنىلىشلىك تەپەككۇر، تەتۈر يۆنىلىشلىك تەپەككۇر قاتارلىقلار.

(2) تەنقىد قىلىشنى چەكلەش پرىنسىپى. بۇ يەنە تەنقىدىنى ساقلاپ قېلىش پرىنسىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بالدۇرلا قىلىنغان تەنقىد ۋە ئۆزئارا

قىلىنغان تەنقىدلەرنىڭ ھەممىسى قىممەتكە ئىگە بولغان ناھايىتى كۆپلىگەن قىياسلارنى يوقىتىپ تاشلايدۇ. تەنقىد، ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ۋە ئۆزئارا تەنقىد قىلىش، مۇئەييەنلەشتۈرۈپ تەنقىد قىلىش ۋە ئىنكار قىلىپ تەنقىد قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(3) سان مىقدارىنى تەلەپ قىلىش پرىنسىپى. بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە زور مىقداردىكى كۆزقاراش، قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك، قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ. بۇنىڭدا مىقدارنى ئاساس قىلغان ھالدا سۈپەت جەھەتتىن ئىزدىنىش كېرەك. بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى كۆزقاراشلار ۋە قىياسلار بەلكىم بىمەنە كۈلكىلىك بولۇشى مۇمكىن، ئەمما مەيلى ئۇنىڭ قانداق شەكىلدىكى قىياس بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىنى تولۇق خاتىرىلەش، كېيىنكى قەدەمدە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھا بېرىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئاساس قىلىشى ئۈچۈن تەمىن ئېتىش كېرەك.

(4) بىرلەشتۈرۈپ مۇكەممەللەشتۈرۈش پرىنسىپى. بۇ، يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ باشقىلار ئوتتۇرىغا قويغان قىياسلارنى تىرىشىپ بىرلەشتۈرۈشنى، مۇكەممەللەشتۈرۈشنى، يېڭى قىياسلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ چىقىش ياكى بىرلەشتۈرۈپ مۇكەممەللەشتۈرۈش پىكىر يولىنى تىرىشىپ ئوتتۇرىغا قويۇشنى كۆرسىتىدۇ.

مېڭە بورىنىنى قوزغىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشتىمۇ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل تەلەپ بار بولۇپ:

(1) يىغىن رىياسەتچىسىگە بولغان تەلەپ. يىغىن رىياسەتچىسى ھەربىر يىغىنغا قاتناشقۇچىغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. جىددىي كەيپىيات پەيدا قىلىنىۋېتىشكە بولمايدۇ. يىغىنغا قاتناشقۇچىلار ئوتتۇرىغا قويغان لايىھەنى ياخشى - يامان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىردەك خاتىرىلىشى ھەمدە تەرتىپى بويىچە رەت نومۇرى سېلىشى، قوزغىتىش خاراكتېردىكى يېتەكلەشكە ماھىر بولۇپ، سۈرئەتنى ئىگىلىشى، كەيپىياتنى بوشاشتۇرماقچى بولغاندا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ياكى كۆپچىلىكنى بىر - ئىككى مىنۇت ئىچىدە ئويلىنىۋېلىشقا تەشكىللىشى لازىم.

(2) يىغىنغا قاتناشقۇچىلارغا بولغان تەلەپ. يىغىنغا قاتناشقۇچى پىچىرلىشىپ پاراڭلاشماسلىقى ياكى باشقىلارغا ۋاكالىتەن سۆز

قىلماسلىقى، باشتىن - ئاخىر يىغىنىدىكى بىر مەركەزنى يەنى، باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. قىياسنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا تىلى ئاددىي بولۇشى، پىكىر قىلىشتا يۇمۇرىستىك بولۇشى كېرەك.

(3) يىغىن ۋاقتى توغرىسىدىكى تەلەپ. تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مۇستەقىللىق خاراكتېرى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان قىياسلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا 15 ـــ 20 مىنۇتتىن كېيىن پەيدا بولىدىغان بولۇپ، 30 مىنۇت بولغاندا ئەڭ يۇقىرى نۇقتىغا يېتىدۇ. شۇڭلاشقا، يىغىن 20 ـــ60 مىنۇتقىچە بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. ئالاھىدە چۈشەندۈرۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، يىغىننىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى توغرىسىدا يىغىن رىياسەتچىسىنىڭ كۆڭلىدە سان بولۇشى ۋە ئۇنى جانلىق ھالدا كونترول قىلىشى كېرەك، ئەكسىچە يىغىن باشلىنىشتىن بۇرۇنلا يىغىن ۋاقتىنى ئېلان قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ.

ئەمەلىيەت ئاللىبۇرۇنلا شۇنى ئىسپاتلىغانكى، مېڭە بورىنىنى قوزغىتىش ئۇسۇلى ناھايىتى كەڭ ۋە ئەمەلىي بولغان ئىشلىتىلىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، دەل ئىستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى ئارنولدىست ئېيتقاندەك: ئىجادىي پائالىيەتلەرگە تەشكىللەش، بولۇپمۇ كوللېكتىپ خاراكتېردىكى ئىجادىي پائالىيەتلەرگە تەشكىللەشتىكى ئەڭ ئەمەلىي قوللىنىشچانلىققا ئىگە بولغىنى يەنىلا مېڭە بورىنىنى قوزغىتىش ئۇسۇلىدۇر.

ئامېرىكىلىق ئالىم گوركىنىڭ قارىشىچە، ئادەتتىكى «مېڭە بورىنى» دا، كۆپ سانلىق يىغىنغا قاتناشقۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىدىكى سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئېيتالمايدىغانلىقى ئۈچۈن، مېڭە بورىنى ئۇسۇلىنى قوللىنىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە رول قوشۇش شەكلىدىكى مېڭە بورىنى ئۇسۇلىنى قوشۇش ئارقىلىق بەزى بىر ئۆزگىچە بولغان ئۇسۇللارنى كۆپەيتىش كېرەك. بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ قەدەم - باسقۇچلىرى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

(1) ئەنئەنىۋى ھالدىكى مېڭە بورىنى ئۇسۇلىنى ئىشلىتىپ 20 ـــ30 قىچە ئىجادىي تەپەككۇر ھاسىل قىلىنىدۇ؛

(2) ھەربىر ئادەم ئۇن - تىنسىز ھالدا بىردىن رولنى ئويناپ چىقىدۇ. تاللانغان روللار چوقۇم مۇلازىمەت قىلىنىدىغان ئاپپارات

سىرتىدىكى بولغان ئادەم بولۇشى كېرەك. مەسىلەن: خېرىدار، تەكشۈرگۈچى، رەقىب، دۈشمەن قاتارلىقلار؛

(3) تاللانغان ئادەملەرنىڭ پوزىتسىيەسى، قىزىقىشى، پايدا - زىيان مۇناسىۋىتىدە بولۇشقا تېگىشلىك بولغان پىكرى قاتارلىقلارنى چىقىش قىلغان هالدا ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن سۆز قىلىش كېرەك. سۆز قىلغان ۋاقىتتا تۆۋەندىكى بىر قانچە خىل ئۇسۇل ئارقىلىق باشلاپ بېرىلسە بولىدۇ: «مېنىڭ ئادىمىم........»، «مېنىڭ ئادىمىم مۇنۇلارنى ياخشى كۆرەتتى..........» قاتارلىقلار؛

(4) ئورۇندىغان بارلىق روللاردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئەگەر پۇرسەت بولۇپ قالسا ئۇچىنچى باسقۇچتا كېلىپچىققان مۇۋاپىق بولمىغان روللار كۆرسەتكەن پىكىرلەرنى مۇشۇ باسقۇچتا ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ؛

(5) قوللىنىشقا بولىدىغان پىكىرلەرنى باهالاش ۋە تاللاپ چىقىش. مۇشۇ باسقۇچلار ئارقىلىق «ئادەتتىكى مېڭە بورىنى ئۇسۇلى» نىڭ كەمچىلىكىنى مۇئەييەن دەرىجىدە تولۇقلىغىلى بولىدىغان بولۇپ، يىغىنغا قاتناشقۇچىلار مەسىلىنى كۆپرەك مۇلاهىزە قىلىپ كۆپ نۇقتىدىن ئويلىشى، شۇ ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى بولغان پىكىرلەرگە ئېرىشىشى كېرەك.



本书根据金城出版社,2011年8月第一版,2013年6月第二次印刷版本翻译而出版。

بۇ كىتاب جىنچېڭ نەشرىياتىنىڭ 2011 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، 2013 - يىل 6 - ئاي 2 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

# دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ 50 خىل تەپەككۇر

تەرجىمە قىلغۇچى: مەمەت ئىمىن

---

پىلانلىغۇچى: شىرىنجان ئەيسا
مەسئۇل مۇھەررىرى: شىرىنجان ئەيسا، زۇلپىيە ئەمەر
مەسئۇل كوررېكتورى: ماينۇر تۇرسۇن
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ئەنۋەر قاسىم
بەت ياسىغۇچى: ئابدۇغېنى ئابباس
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 - قورۇ
تور ئادرېسى: http://www.xjpsp.com
باسقۇچى: شىنجاڭ شىڭخۇاشىيا رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
نەشرى: 2015 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2016 - يىلى 6 - ئاي 4 - باسمىسى
فورماتى: 787 × 1092 م م 1/16 كەسلەم
باسما تاۋىقى: 21.625
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5372 - 6211 - 8
تىرىژى: 8001 — 10000
باھاسى: 45.00 يۈەن

---

تارقىتىش بۆلۈمى تېلېفون نومۇرى: (0991) 2500384 پوچتا نومۇرى: 830001